ئىمام زەھەبى

# چوڭ گۇناھلار

سۇتۇق بۇغراخان مائارىپ نەشرىياتى
2012 – يىل، ئىستانبۇل

# چوڭ گۇناھلار


مۇئەللىپ: ئىمام زەھەبى

تەرجىمە قىلغۇچى: خېلىل ھاجىم ئابىد ھاجىم

تەرجىمە تەھرىرى: مۆمىنجان سىدىق

كوررېكتورى: مۆمىنجان سىدىق

بەتچىك: ئىبراھىم بۇغرا

## مۇندەرىجە

**كىرىش سۆز ..................................................................... 11**
**مۇئەللىپىنىڭ تەرجىمىھالى ...................................................... 15**

**بىرىنچى چوڭ گۇناھ**

اللەقا شېرىك كەلتۈرۈش ....................................................... 17

**ئىككىنچى چوڭ گۇناھ**

ئادەم ئۆلتۈرۈش .................................................................... 23

**ئۈچىنچى چوڭ گۇناھ**

سېھىرگەرلىك........................................................................ 29

**تۆتىنچى چوڭ گۇناھ**

نامازنى تەرك ئېتىش .............................................................. 33
كىچىك بالا ناماز ئوقۇشقا قاچان بۇيرۇلىدۇ؟ ..................................... 39
قىسسە ............................................................................... 43
يەنە بىر قىسسە..................................................................... 43
قىسسە ............................................................................... 54

**بەشىنچى چوڭ گۇناھ**

زاكات بەرمەسلىك ................................................................. 57
ۋەز – نەسىھەت.................................................................... 61
63...........................................

**چى چوڭ گۇناھ**

رامىزان روزىسىنىڭ بىرەر كۈنىنى شەرئى ئۆزرىسى بولماستىن تۇتماسلىق
ياكى بۇزىۋېتىش ................................................................... 67

**يەتتىنچى چوڭ گۇناھ**

ھەج قىلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق ھەج قىلماسلىق ..................................... 69

**سەككىزىنچى چوڭ گۇناھ**

قىسسە ............................................................................... 81

**توققۇزىنچى چوڭ گۇناھ**

ئۇرۇق - تۇغقانچىلىقنى ئۈزۈش ........................................85

ئونىنچى چوڭ گۇناھ

زىنا قىلىش .........................................................91

ئون بىرىنچى چوڭ گۇناھ

بەچچىۋازلىق .........................................................101

ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئۆزىنى لىۋاتە قىلدۇرغان كىشىنىڭ جازاسى..........107

ئون ئىككىنچى چوڭ گۇناھ

جازانە، ئۆسۈم يېيىش ................................................111

ئون ئۈچىنچى چوڭ گۇناھ

يېتىمنىڭ مېلىنى يەۋېلىش ۋە ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلىش ........................117

ئون تۆتىنچى چوڭ گۇناھ

الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى نامىدا يالغان سۆزلەش ...........................127

ئون بەشىنچى چوڭ گۇناھ

جەڭ مەيدانىنى تاشلاپ قېچىش ...................................................129

ئون ئالتىنچى چوڭ گۇناھ

باشلىقنىڭ خەلقنى ئالدىشى ۋە ئۇلارغا زۇلۇم قىلىشى ...........................131

ئون يەتتىنچى چوڭ گۇناھ

كىبىرلىك ...................................................................137

ئون سەككىزىنچى چوڭ گۇناھ

يالغان گۇۋاھلىق بېرىش ........................................................141

ئون توققۇزىنچى چوڭ گۇناھ

ھاراق ئىچىش .......................................................................143

«ھاراق ئىچكۈچى ھاراق ئىچكەندە مۇئمىن ھالەتتە ھاراق ئىچمەيدۇ» دېگەن سۆزنىڭ بايانى ........................................................................147

ھاراق سەۋەبىدىن لەنەتكە ئۇچرىغان كىشىلەرنىڭ بايانى ...........................148

ھاراقكەش كېسەل بولۇپ قالسا، ئۇنى يوقلىماسلىق ۋە ئۇنىڭغا سالام

ھاراق ھەققىدە رىۋايەت قىلىنغان بىر قانچە ھەدىسنىڭ بايانى ...................150

سەلەف ئۆلىمالىرىنىڭ ھاراق ھەققىدىكى سۆزلىرىنىڭ بايانى ......................152

قىسسە ........................................................................156

**يىگىرمىنچى چوڭ گۇناھ**

قىمار ئويناش ...............................................................159

**يىگىرمە بىرىنچى چوڭ گۇناھ**

ئىپپەتلىك ئاياللارغا قارا چاپلاش .................................................165

**يىگىرمە ئىككىنچى چوڭ گۇناھ**

غەنىيمەتكە خىيانەت قىلىش .................................................169

**يىگىرمە ئۈچىنچى چوڭ گۇناھ**

ئوغرىلىق قىلىش ...............................................................175

**يىگىرمە تۆتىنچى چوڭ گۇناھ**

قاراقچىلىق قىلىش ...............................................................179

**يىگىرمە بەشىنچى چوڭ گۇناھ**

يالغان قەسەم ...............................................................183

**يىگىرمە ئالتىنچى چوڭ گۇناھ**

زۇلۇم قىلىش ...............................................................189

ۋەز - نەسىھەت ...............................................................208

**يىگىرمە يەتتىنچى چوڭ گۇناھ**

باج - سېلىق ئالغۇچىلارنىڭ قىلمىشى .................................................211

ۋەز - نەسىھەت...............................................................213

ۋەز - نەسىھەت...............................................................213

**يىگىرمە سەككىزىنچى چوڭ گۇناھ**

ھارام يېيىش ...............................................................215

ۋەز – نەسىھەت ...............................................................221

**يىگىرمە توققۇزىنچى چوڭ گۇناھ**

ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش...............................................................223

ۋەز – نەسىھەت...............................................................226

[illegible] ...............................................................

ۋەز - نەسىھەت...............................................................232

**ئوتتۇز بىرىنچى چوڭ گۇناھ**

ناھەق ھۆكۈم چىقارغۇچى قازىنىڭ قىلمىشى ......................................233
ۋەز – نەسىھەت ..........................................................................236

## ئوتتۇز ئىككىنچى چوڭ گۇناھ

بىراۋنىڭ پايدىسىغا ھۆكۈم چىقىرىپ بېرىش ئۈچۈن پارا ئېلىش ...............237
ھېكايە ....................................................................................239
ۋەز – نەسىھەت ..........................................................................239

## ئوتتۇز ئۈچىنچى چوڭ گۇناھ

كىيىنىش، ياسىنىش ۋە باشقا جەھەتلەردە ئاياللارنىڭ ئەرلەرگە، ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا ئوخشىۋېلىشى ..........................................................241
ۋەز – نەسىھەت .......................................................................... 244

## ئوتتۇز تۆتىنچى چوڭ گۇناھ

دۆيۈزلۈك (خوتۇن - قىزلىرىنىڭ يامان ئىشلىرىغا كۆز يۇمۇش) ۋە ئىككى كىشى ئارىسىنى بۇزۇشقا ھەرىكەت قىلىش ..........................................247
ۋەز - نەسىھەت..........................................................................248

## ئوتتۇز بەشىنچى چوڭ گۇناھ

ھالاللىغۇچى ۋە ھالاللانغۇچى ..............................................................251
ۋەز – نەسىھەت ..........................................................................255

## ئوتتۇز ئالتىنچى چوڭ گۇناھ

سۈيدۈكتىن ساقلانماسلىق ..................................................................257
ۋەز - نەسىھەت..........................................................................259

## ئوتتۇز يەتتىنچى چوڭ گۇناھ

رىياكارلىق قىلىش ..........................................................................261
ۋەز – نەسىھەت ..........................................................................265

## ئوتتۇز سەككىزىنچى چوڭ گۇناھ

ئىلىمنى مال - دۇنيا ئۈچۈن ئۆگىنىش ۋە ئىلىمنى يوشۇرۇش ...................267
ۋەز – نەسىھەت ..........................................................................271

[illegible] ..........................................................................[illegible]
ۋەز – نەسىھەت ..........................................................................276

## قىرىقىنچى چوڭ گۇناھ

مىننەت قىلىش ........................................ 277
ۋەز – نەسىھەت ........................................ 279

**قىرىق بىرىنچى چوڭ گۇناھ**

تەقدىرنى يالغانغا چىقىرىش ........................................ 281
پايدىلىق مەلۇماتلار ........................................ 288
ۋەز – نەسىھەت ........................................ 290

**قىرىق ئىككىنچى چوڭ گۇناھ**

كىشىلەرنىڭ مەخپىي ئىشلىرىنى سۈرۈشتە قىلىش ........................................ 293
ۋە - نەسىھەت ........................................ 294

**قىرىق ئۈچىنچى چوڭ گۇناھ**

چېقىمچىلىق قىلىش ........................................ 295
قىسسە ........................................ 299
ۋەز – نەسىھەت ........................................ 300

**قىرىق تۆتىنچى چوڭ گۇناھ**

لەنەت قىلىش ........................................ 301
ۋەز - نەسىھەت ........................................ 308

**قىرىق بەشىنچى چوڭ گۇناھ**

ئەھدىگە خىلاپلىق قىلىش ۋە ۋەدىگە ۋاپا قىلماسلىق........................................ 309

**قىرىق ئالتىنچى چوڭ گۇناھ**

پالچى ۋە مۇنەججىملەرنىڭ سۆزلىرىنى تەستىقلاش........................................ 313
ۋەز – نەسىھەت ........................................ 316

**قىرىق يەتتىنچى چوڭ گۇناھ**

ئايالنىڭ ئېرىگە سەركەشلىك قىلىشى ........................................ 319
ئېرىگە ئىتائەت قىلغان ئايالنىڭ پەزىلىتى ۋە قارشى چىققان ئايالنىڭ كۆرىدىغان
ئازابى ھەققىدە ........................................ 324

**قىرىق سەككىزىنچى چوڭ گۇناھ**

**قىرىق توققۇزىنچى چوڭ گۇناھ**

ئۆلگەن كىشى ئۈچۈن يۈزنى كاچاتلاش، قوشاق قېتىپ يىغلاش، ياقا يىرتىش، چاچنى چۇشۇرۇۋېتىش، چاچ يۇلۇش، ئۆزىگە ئۆلۈم ۋە ھالاكەت تىلەش.........339
پەتە قىلىش ھەققىدە .............................................................347
ھېكايە ..........................................................................366

**ئەللىكىنچى چوڭ گۇناھ**

ھەددىدىن ئېشىپ، يوغانچىلىق قىلىش ۋە پىتنە – پاسات تېرىش.............371

**ئەللىك بىرىنچى چوڭ گۇناھ**

ئاجىزلارغا، قۇل - چۆرىلەرگە، ئۆزىنىڭ ئاياللىرىغا ۋە ھايۋانلارغا ئەزىيەت يەتكۈزۈش ..........................................................375
قۇل ئازات قىلىشنىڭ پەزىلىتى ...........................................387

**ئەللىك ئىككىنچى چوڭ گۇناھ**

قوشنىغا ئازار بېرىش ........................................................389

**ئەللىك ئۈچىنچى چوڭ گۇناھ**

مۇسۇلمانلارغا ئازار بېرىش ۋە ئۇلارنى ھاقارەتلەش ..............................393
مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بۇزۇش ..................................395
كىشىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشقا رىغبەتلەندۈرۈش توغرىسىدا..397

**ئەللىك تۆتىنچى چوڭ گۇناھ**

الله نىڭ مۇئمىن بەندىلىرىگە ئازار بېرىش .....................................401

**ئەللىك بەشىنچى چوڭ گۇناھ**

ئىشتان، پەلتو ۋە باشقا كىيىملىرىنى ماختىنىش، كۆز – كۆز قىلىش، پەخىرلىنىش ۋە چوڭچىلىق قىلىش مەقسىتىدە سۆرىلىپ قالغىدەك دەرىجىدە ئۇزۇن كىيىش ...407

**ئەللىك ئالتىنچى چوڭ گۇناھ**

ئەرلەرنىڭ يىپەك كىيىم كىيىشى ۋە ئالتۇن تاقىشى ..................................411

**ئەللىك يەتتىنچى چوڭ گۇناھ**

قۇلنىڭ خوجايىنىدىن قېچىشى ............................................413

**ئەللىك سەككىزىنچى چوڭ گۇناھ**

اللەتىن باشقىسىنىڭ نامىنى ئاتاپ مال بوغۇزلاش .......................415

[illegible]

**ئاتمىشىنچى چوڭ گۇناھ**

تەنە قىلىش، گېپىدە چىڭ تۇرۇپ جېدەل قىلىش ۋە قاتتىق مۇنازىرە قىلىش ...420

**ئاتمىش بىرىنچى چوڭ گۇناھ**

ئارتۇق سۇنى بەرمەسلىك ........................................................427

**ئاتمىش ئىككىنچى چوڭ گۇناھ**

ئۆلچەمدە، تارازىدا، مېتىر ۋە شۇنىڭدەك ئۆلچەش ئەسۋاپلىرىدا كەم بېرىش ...429

**ئاتمىش ئۈچىنچى چوڭ گۇناھ**

اللە نىڭ تۇيۇقسىز تۇتۇشىدىن خاتىرجەم بولۇپ كېتىش ........................433

**ئاتمىش تۆتىنچى چوڭ گۇناھ**

اللە نىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلىنىش ..........................................441

**ئاتمىش بەشىنچى چوڭ گۇناھ**

ئۆزرىسىز تۇرۇپ جامائەتكە چىقماي، نامازنى يالغۇز ئوقۇش ......................443

**ئاتمىش ئالتىنچى چوڭ گۇناھ**

جۈمە نامىزىنى ئۆزرىسىز تەرك ئېتىشنى داۋاملاشتۇرۇش ........................445

**ئاتمىش يەتتىنچى چوڭ گۇناھ**

ۋارىسلارغا زىيانلىق ۋەسىيەت قالدۇرۇش ..........................................451

**ئاتمىش سەككىزىنچى چوڭ گۇناھ**

ھىيلە - مىكىر ۋە ئالدامچىلىق قىلىش ...........................................453

**ئاتمىش توققۇزىنچى چوڭ گۇناھ**

مۇسۇلمانلارغا قارشى جاسۇسلۇق قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئاجىز نۇقتىلىرىنى دۈشمەنلەرگە كۆرسىتىپ قويۇش ........................................................453

**يەتمىشىنچى چوڭ گۇناھ**

ساھابىلەرگە تىل تەككۈزۈش ........................................................455

# بسم الله الرحمن الرحيم

## كىرىش سۆز

جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللهقا خاس، بەخت – سائادەت اللهنىڭ تەقۋادار قۇللىرىغا مەنسۇپ. رەھمەت، مەغپىرەت ۋە دۇرۇد ئەھلى جاھانغا رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىگە ۋە قىيامەتكىچە ئۇنىڭ ئىزىدىن ماڭغانلارغا بولسۇن!

قولىڭىزدىكى «چوڭ گۇناھلار»ناملىق بۇ كىتابنىڭ مۇئەللىپى ئىمام زەھەبى مىلادىيە 13 – ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 14 – ئەسىرنىڭ بېشىدا ياشىغان داڭلىق ئۆلىمالارنىڭ بىرىدۇر. ئۇ پۈتۈن ئۆمرىنى ئىلىم تەھسىل قىلىش، ئوقۇ – ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنىش ۋە ئىسلام تارىخى، ھەدىسشۇناسلىق، ھەدىس تەتقىقاتى قاتارلىق نۇرغۇن ساھەلەردە ئەسەر يېزىشقا ئاتىغان بولۇپ، ئۆلمەس ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان.

ئىسلام دىنى ئۆزىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىدىن ھەرگىزمۇ قارىغۇلارچە ئەگىشىشنى تەلەپ قىلمايدۇ، ئەكسىچە، پەرز قىلغان، چەكلىگەن، ھالال ۋە ھارام قىلغان ئىشلارنى ئالدى بىلەن ئېنىق بىلىۋېلىشنى، ئاندىن ئۇنىڭغا تولۇق ئەمەل قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىمام زەھەبى بۇ نۇقتىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىسلام ئۇممىتىگە چوڭ گۇناھلارنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تونۇتۇشقا تىرىشقان. چۈنكى الله تائالا چوڭ گۇناھلاردىن ۋە ھارام قىلىنغان ئىشلاردىن ساقلانغان كىشىلەرنىڭ كىچىك گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**إِن تَجْتَنِبُواْ كَبَآئِرَ مَا تُنْهَوْنَ عَنْهُ نُكَفِّرْ عَنكُمْ سَيِّئَاتِكُمْ وَنُدْخِلْكُم مُّدْخَلاً كَرِيمًا**﴾ «ئەگەر سىلەر مەنئى قىلىنغان چوڭ گۇناھلاردىن ساقلانساڭلار، (كەرىمىمىزگە ئېلىپ) كىچىك گۇناھلىرىڭلارنى يوققا

چىقىرىمىز ۋە سىلەرنى ئېسىل ماكانغا (يەنى جەننەتكە) كىرگۈزىمىز﴾[1].

ئۇ بۇ كىتابتا ھەربىر چوڭ گۇناھ ئۈستىدە ئالاھىدە توختىلىپ، شۇ گۇناھقا مۇناسىۋەتلىك ئايەت ۋە ھەدىسلەرنى ھەم چۈشىنىشلىك ھەم تەرتىپلىك ئۇسلۇبتا بايان قىلغان. ئۇ يەنە ھەربىر چوڭ گۇناھنىڭ ئاخىرىدا شۇ گۇناھقا مۇناسىۋەتلىك ھېكايە ۋە قىسسەلەرنى بايان قىلغان. ئۇنىڭ بۇ كىتابى ئىسلام دۇنياسىدا كەڭ تارقالغان ۋە ئالاھىدە شۆھرەت قازانغان. چۈنكى مۇئەللىپ داڭلىق ئالىم بولغانلىقى ۋە بۇ كىتابنى تەسنىپ قىلىشتا تەقۋالىقتا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن، مەزكۇر كىتابنى مەخسۇس دەۋەتچىلەر ۋە تالىپلارلا مۇتالىئە قىلىپ قالماستىن، ئاۋام مۇسۇلمانلارمۇ كەڭ كۆلەمدە مۇتالىئە قىلماقتا.

بۇ كىتاب، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ناھايىتى ياخشى ۋە پايدىلىق. ئۇنىڭدا بايان قىلىنغان ھەدىس ۋە ئەسەرلەر (ساھابە ۋە تابىئىنلارنىڭ سۆزلىرى)نىڭ سانى 600 دىن ئاشىدۇ. ئۇنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى سەھىھ بولسىمۇ، بىراق، ئاز بىر قىسمى زەئىپ، ساناقلىق بىر قىسمى بولسا، مەۋزۇ (توقۇلما) ھەدىسلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، مۇئەللىپ ھەربىر چوڭ گۇناھنىڭ ئاخىرىدا بەزى قىسسە ۋە ھېكايىلەرنى بايان قىلغان بولۇپ، ئۇنى قوبۇل قىلىش، كىشىلەرگە ئۆگىتىش ۋە ۋەز — نەسىھەت شەكلىدە سۆزلەشكە توغرا كەلگەندە، تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىش كېرەك:

1 — زەئىپ ھەدىسكە ئەمەل قىلىش قىلماسلىقتا ئۆلىمالار مۇنداق ئۈچ خىل قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان:

1) زەئىپ ھەدىسكە ھەرقانداق شارائىتتا ئەمەل قىلىشقا بولمايدۇ.

2) ھەرقانداق شارائىتتا ئەمەل قىلىشقا بولىدۇ.

2 — مەۋزۇ دەپ باھا بېرىلگەن ھەدىسلەرنى ھەدىس دەپ ئەمەل قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئۇنى رىۋايەت قىلىشقىمۇ بولمايدۇ. پەقەت

[1] سۈرە نىسا، 31 ـ ئايەت.

ئۇنىڭ مەۋزۇ ئىكەنلىكىدىن باشقىلارنى ۋاقىپلاندۇرۇش ئۈچۈنلا تىلغا ئېلىپ ئۆتتۇشكە بولىدۇ.

3 – بۇ كىتابتا سەنەدسىز بايان قىلىنغان قىسسە ۋە ھېكايىلەرمۇ بار بولۇپ، ئۇنى كىمنىڭ ئېيتقانلىقى نامەلۇم بولغانلىقتىن «سەھىھ – زەئىپلىقىغا» ھۆكۈم قىلىش مۇمكىن ئەمەس. شۇ ۋەجىدىن ئەمەللىرىمىزدە بۇ تۈردىكى قىسسە - ھېكايىلەرنى ئاساس قىلىشقا بولمايدۇ. شۇنداقلا، ئۇنى ئاۋام خەلق ئارىسىدا تەشۋىق قىلىپ يۈرۈشمۇ توغرا بولمايدۇ.

4 – بۇ كىتابتا بايان قىلىنغان ئايەتلەرنىڭ قايسى سۈرە ۋە قانچىنچى ئايەت ئىكەنلىكى ئىزاھاتتا بېرىلدى.

5 – ھەدىس ۋە ئەسەرلەرنىڭ قايسى كىتابتىن ئېلىنغانلىقى ۋە ئۇنىڭ دەرىجىلىرى ئىزاھاتتا ئېنىق بېرىلدى.

ئاخىرىدا، الله تائالادىن بۇ كىتابنى بارلىق ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا پايدىلىق قىلىشىنى ۋە ئۇلارنى ئېزىپ كېتىشتىن ساقلىشىنى تىلەيمىز، ئامىن!

نەشرىياتتىن

2012- يىل، ئىستانبۇل

# مۇئەللىپنىڭ تەرجىمىھالى

ھەدىسشۇناس، تەتقىقاتچى، ئىسلام تارىخچىسى ئىمام زەھەبىنىڭ تولۇق ئىسمى شەمسۇددىن ئەبۇ ئابدۇللاھ مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد ئىبنى ئوسمان ئىبنى قايماز ئىبنى ئابدۇللاھ تۈركمەنى بولۇپ، ھىجرىيە 673 – يىلى رەبىئۇسسانى ئېيىنىڭ 1 – ياكى 3 – كۈنى (مىلادىيە 1274 – يىلى 10 – ئاينىڭ 5 – ياكى 7 – كۈنى) دەمەشقتە دۇنياغا كەلگەن.

ھىجرىيە 690 – يىلى ھەدىس ئوقۇشقا باشلىغان. دەمەشقتە ئۆمەر ئىبنى قەۋاس، ئەھمەد ئىبنى ھەيبەتۇللاھ ئىبنى ئەساكىر قاتارلىق ئۆلىمالاردا ئىلىم تەھسىل قىلغاندىن كېيىن، بەئلەبەككە شەھرىدە ئابدۇلخالىق ئىبنى ئەلۋان ۋە زەينەب بىنتى ئۆمەر ئىبنى كىندى قاتارلىق ئۆلىمالاردا ئوقۇغان. ئۇ يەنە ھەلەب، نابلۇس، مەككە، ئىسكەندەرىيە، قاھىرە قاتارلىق شەھەرلەردە كۆپلىگەن داڭلىق ئۇستازلاردىن دەرس ئالغان.

ئىمام زەھەبى ئىلىم تەھسىل قىلىپ بولغاندىن كېيىن، بىر ياندىن ئوقۇ – ئوقۇتۇش ئىشى بىلەن شۇغۇللانسا، يەنە بىر ياندىن كىتاب تەسنىپ قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ ھاياتىنى ئىلىمگە بېغىشلاپ، ھەدىس ئىلمى، ھەدىس تەتقىقاتى، ئىسلام تارىخى، ئۆلىمالارنىڭ تارىخى قاتارلىق ساھەلەردە نۇرغۇن ئۆلمەس ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. قولۇڭىزدىكى بۇ كىتابمۇ ئۇنىڭ جاپالىق ئەمگەكلىرىدىن بىرىدۇر.

ئىمام زەھەبى ھىجرىيە 748 – يىلى زۇلقەئىدە ئېيىنىڭ 3 - كۈنى دەمەشقتە ۋاپات بولغان. ﷲ ئۇنىڭ ياتقان يېرىنى جەننەت قىلسۇن!

# بىرىنچى چوڭ گۇناھ:

## اللهقا شېرىك كەلتۈرۈش

گۇناھلارنىڭ ئەڭ چوڭى اللهقا شېرىك كەلتۈرۈشتۇر. شېرىك كەلتۈرۈش ئىككى خىل بولىدۇ:

بىرىنچىسى، تاش، دەرەخ، قۇياش، ئاي، پەيغەمبەر، ئەۋلىيا، يۇلتۇز، پەرىشتە قاتارلىقلارغا ئوخشاش بىرەر نەرسىنى اللهقا شېرىك قىلىپ، اللهقا ئىبادەت قىلغاندا (مىنى اللهقا يېقىنلاشتۇرىدۇ، دېگەن ئۈمىد بىلەن) ئاشۇ نەرسىگىمۇ چوقۇنۇشتۇر. مانا بۇ، الله تائالا بايان قىلغان ئەڭ چوڭ شېرىكتۇر.

الله تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ اللهَ لاَ يَغْفِرُ أَن يُشْرَكَ بِهِ وَيَغْفِرُ مَا دُونَ ذَلِكَ لِمَن يَشَاء﴾ ﴿الله ھەققەتەن اللهقا شېرىك كەلتۈرۈش گۇناھىنى مەغپىرەت قىلمايدۇ، خالىغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ﴾[1]؛ ﴿إِنَّ الشِّرْكَ لَظُلْمٌ عَظِيمٌ﴾ ﴿شېرىك كەلتۈرۈش ھەققەتەن زور گۇناھتۇر﴾[2]؛ ﴿إِنَّهُ مَن يُشْرِكْ بِاللهِ فَقَدْ حَرَّمَ اللهُ عَلَيهِ الْجَنَّةَ وَمَأْوَاهُ النَّارُ﴾ ﴿كىمكى اللهقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن (يەنى اللهتىن غەيرىيگە ئىلاھ دەپ ئېتىقاد قىلىدىكەن) الله ئۇنىڭغا جەننەتنى ھارام قىلىدۇ، ئۇنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ﴾[3].

بۇنىڭغا ئوخشىغان ئايەتلەر قۇرئان كەرىمدە ناھايىتى كۆپتۇر. كىمكى اللهقا شېرىك كەلتۈرسە ۋە مۇشرىك ھالىتىدە ئۆلسە، شەك ـ شۈبھىسىز دوزاخ ئەھلىدىن بولىدۇ. شۇنىڭدەك، اللهقا ئىمان كەلتۈرگەن ۋە مۇئمىن ھالىتىدە ئۆلگەن كىشى، گەرچە دوزاختا گۇناھىغا چۇشلۇق ئازابلانغان تەقدىردىمۇ، جەننەت ئەھلىدىن بولىدۇ.

---

[1] سۈرە نىسا، 48 ـ ئايەت.

[2] سۈرە لۇقمان، 13 ـ ئايەت.

[3] سۈرە مائىدە، 72 ـ ئايەت.

سەھىھ بۇخارى ۋە مۇسلىمدا رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلىرىغا ئۈچ قېتىم:

ـــ سىلەرگە گۇناھلارنىڭ ئەڭ چوڭلىرىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ ـ دېدى. شۇ چاغدا ساھابىلەر:

ـــ ھەئە، ئېيتىپ بەرگىن، ئى ﷲنىڭ پەيغەمبىرى! ـــ دېيىشتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ﷲقا شېرىك كەلتۈرۈش، ئاتا ـ ئانىنى قاقشىتىش، ـ دېدى. ئۇ بۇ سۆزنى قىلىۋاتقاندا يۆلىنىپ ئولتۇرغان يېرىدىن قەددىنى رۇسلاپ ئولتۇرۇپ:

ـ يالغان سۆزلەشتىن ساقلىنىڭلار، يالغان گۇۋاھلىق بېرىشتىن ساقلىنىڭلار! ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ سۆزنى توختىماي تەكرارلاۋەردى. بىز (ساھابىلەر): كاشكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ سۆزنى تەكرارلاشتىن توختاپ قالسىكەن!؟ ـ دەپ كەتتۇق[1]. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ھالاكەتكە ئېلىپ بارغۇچى يەتتە چوڭ گۇناھتىن ساقلىنىڭلار...»[2] دېگەن ھەدىستە ئاشۇ يەتتە گۇناھتىن بىرىنچىسىنىڭ ﷲقا شېرىك كەلتۈرۈش ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان ئىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە: «كىمكى دىنىنى ئۆزگەرتسە، ئۇنى ئۆلتۈرۈڭلار!»[3] دېگەن.

ئىككىنچىسى، ئەمەللەردىكى رىياخورلۇقتۇر. ﷲ تائالا قۇرئاندىكەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَمَن كَانَ يَرْجُو لِقَاء رَبِّهِ فَلْيَعْمَلْ عَمَلًا صَالِحًا وَلَا يُشْرِكْ بِعِبَادَةِ رَبِّهِ أَحَدًا﴾ ﴿كىمكى پەرۋەردىگارىغا مۇلاقەت بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن (يەنى ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ، ئازابتىن قورقىدىكەن)، ياخشى ئىش قىلسۇن. پەرۋەردىگارىغا قىلىدىغان ئىبادەتكە ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمىسۇن﴾[4] يەنى ئەمەلنى ھېچكىمگە رىيا قىلمىسۇن.

---

[1] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

[2] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

[3] بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسائى، ئىبنى ماجە ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

[4] سۈرە كەھف، 110 ـ ئايەت.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەقتە توختىلىپ: «كىچىك شېرىكتىن ساقلىنىڭلار!» دېگەن. ساھابىلەر: ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! كىچىك شېرىك دېگەن نېمە؟ - دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «رىيادۇر، الله تائالا بەندىلىرىنى قىلغان ئەمەللىرىگە يارىشا مۇكاپاتلايدىغان كۈندە (ئىبادىتىنى رىيا قىلغانلارغا): ھاياتى دۇنيادا ئەمەلىڭلارنى كىمگە رىيا قىلغان بولساڭلار، شۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ قاراپ بېقىڭلار، ئۇلارنىڭ يېنىدا سىلەر ئۈچۈن مۇكاپات بارمىكەن؟ - دەيدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن[1].

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ھەدىس قۇدسىدا مۇنداق دەيدۇ: «الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: كىمكى ماڭا قىلغان بىر ئەمەلدە مەندىن باشقا بىرىنى شېرىك قىلسا، ئۇنىڭ ئۇ ئەمەلى شېرىك قىلغان شۇ نەرسىسى ئۈچۈندۇر، مەن ئۇنىڭدىن ئادا - جۇدامەن»[2].

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى (قىلغان ئىشىنى باشقا بىرىگە) ئاڭلىتىشنى خالىسا، الله ئۇنىڭ ئىشىنى ئاڭلىتىپ قويىدۇ، كىمكى (قىلغان ئىشىنى باشقا بىرىگە) كۆرسىتىشنى خالىسا، الله ئۇنىڭ ئىشىنى كۆرسىتىپ قويىدۇ (يەنى ئۇ بۇ ئەمەلى ئۈچۈن ساۋابقا ئېرىشەلمەيدۇ)»[3].

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «قانچىلىغان روزىدارلار باركى، ئۇلار ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن باشقا ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەيدۇ، كېچىسى قىيامدا تۇرىدىغان قانچىلىغان كىشىلەر باركى، ئۇلار ئۇيقۇسىزلىقتىن باشقا ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەيدۇ»[4]. يەنى الله رىزاسى ئۈچۈن ئوقۇلمىغان ناماز ۋە تۇتۇلمىغان روزىدا ھېچقانداق ساۋاب يوقتۇر.

---

[1] ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەنىدى ياخشى، - دېگەن.

[2] بۇ ھەدىس، ھەدىس قۇدسىنىڭ بىر پارچىسى بولۇپ، سەھىھ مۇسلىمنىڭ زۆھد بابىدا رىۋايەت قىلىنغان.

[3] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

[4] ئىبنى ماجە، ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، ھاكىم ۋە دارىمى رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

يەنە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئىبادەتنى كۆرسىتىش ۋە ئاڭلىتىش ئۈچۈن قىلغان كىشىنىڭ مىسالى، خۇرجۇنغا تاش تولدۇرۇپ، نەرسە سېتىۋېلىش ئۈچۈن بازارغا بارغان كىشىنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇكى، مال ساتقۇچىنىڭ ئالدىغا بېرىپ خۇرجۇننى ئاچقاندا، ساتقۇچى خۇرجۇندىكى تاشنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ يۈزىگە ئاتىدۇ، ھېچ نەرسە بەرمەيدۇ. كىشىلەرنىڭ: ئۇنىڭ خۇرجۇنى لىق تولۇپتۇ، - دېگەن سۆزلىرىدىن باشقا ئۇنىڭغا ھېچقانداق پايدىسى يوقتۇر. شۇنىڭدەك، ئىبادەتنى كۆرسىتىش ۋە ئاڭلىتىش ئۈچۈن قىلغان كىشىمۇ باشقىلارنىڭ سۆزىدىن باشقا ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەيدۇ، ئۇنىڭغا ئاخىرەتتە ھېچقانداق ساۋاب بېرىلمەيدۇ»[1].

الله تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَقَدِمْنَا إِلَى مَا عَمِلُوا مِنْ عَمَلٍ فَجَعَلْنَاهُ هَبَاء مَّنثُورًا﴾ ﴿بىز ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ، ئۇنى ئۇچۇپ يۈرگەن توزاندەك قىلىۋېتىمىز (يەنى ئۇلار ئىمانسىز بولغانلىقتىن قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى يوققا چىقىرىمىز)﴾[2]. يەنى الله تائالانىڭ رىزاسىنى كۆزلىمەستىن ئىبادەت قىلغانلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ ساۋابلىرىنى يوققا چىقىرىپ، ئۇچۇپ يۈرگەن ۋە قۇياش نۇرىدا كۆرۈنىدىغان چاڭ - توزاندەك قىلىۋېتىمىز.

ئەدى ئىبنى ھاتەم تائيي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنى بىر گۇرۇھ ئىنسانلار جەننەتكە كىرىشكە ئەمر قىلىنىدۇ. ئۇلار جەننەتكە يېقىنلاشقان، جەننەتنىڭ خۇش ھىدىنى ئالغان، جەننەتتىكى ئالىي قەسىرلەرنى ۋە الله تائالا جەننەت ئەھلىگە تەييارلاپ قويغان نازۇنېمەتلەرنى كۆرگەن چاغدا، پەرىشتىلەرگە:

[1] ئىبنى ھەجەر ھەيسەمى «ئەززەۋاجىر» ناملىق كىتابتا بۇنىڭ ھەدىس ئەمەس، بەلكى دانالار سۆزى ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان.

[2] سۈرە فۇرقان، 23 ـ ئايەت.

— ئۇلارنى جەننەتتىن ئۇزاقلاشتۇرۇڭلار، ئۇلارنىڭ جەننەتتە ھېچ نېسىۋىلىرى يوقتۇر، - دەپ نىدا قىلىنىدۇ. بۇ كىشىلەر ھەسرەت ۋە نادامەت بىلەن قايتىۋېتىپ:

— ئى رەببىمىز! بىزنى دوستلىرىڭ ئۈچۈن تەييارلىغان مۇكاپاتنى كۆرسەتمەستىن جەھەننەمگە كىرگۈزسەڭ ئىدىڭ، بۇ بىز ئۈچۈن بىرئاز يەڭگىل بولاتتى، - دەيدۇ. الله تائالا بۇنىڭغا جاۋابەن:

— بۇ جازانى مەن سىلەرگە راۋا كۆردۈم. چۈنكى سىلەر يالغۇز قالغان چېغىڭلاردا مەندىن قىلچە تەپ تارتماي چوڭ گۇناھلارنى قىلاتتىڭلار، ئىنسانلار بىلەن ئۇچراشقان چېغىڭلاردا بولسا، اللهتىن قورققاندەك قىياپەتكە كىرىۋالاتتىڭلار. چىن كۆڭلۈڭلار بىلەن ماڭا ئىبادەت قىلىشنىڭ ئورنىغا، بۇ ئىبادەتنى ئىنسانلارغا رىيا قىلىپ كۆرسىتەتتىڭلار، ئىنسانلاردىن قورقۇپ، مەندىن قورقمىدىڭلار. ئىنسانلارنى چوڭ بىلىپ، مېنى چوڭ بىلمىدىڭلار. بەزى نەرسىلەرنى خەلقنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن تەرك ئەتتىڭلار - يۇ، مېنىڭ رازىلىقىم ئۈچۈن تەرك ئەتمىدىڭلار. مانا بۈگۈن، مەن تەييارلىغان كۆپ ساۋابتىن سىلەرنى مەھرۇم قىلىش بىلەن بىرگە ئازابىمنىڭ ئەڭ يامىنىنى سىلەرگە تېتىتىمەن، - دەيدۇ»[1].

بىر كىشى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن: نىجاتلىق دېگەن نېمە؟ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «اللهنى ئالدىماسلىقىڭ» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇ: اللهنى قانداق ئالدايدۇ؟ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بۇيرىغان ئىشلارنى ئۇنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن قىلماسلىقىڭدۇر. رىيادىن ساقلانغىن، چۈنكى ئۇ كىچىك شېرىكتۇر. رىياكار كىشى قىيامەت كۈنى خالايىقنىڭ ئالدىدا: ئى رىياكار! ئى خىيانەتخور! ئى گۇناھكار! ئى زىيان تارتقۇچى! دېگەن تۆت ئىسىم بىلەن چاقىرىلىپ: ئىبادىتىڭ زايا كەتتى، ساۋابىڭ قالمىدى، بىزنىڭ ھوزۇرىمىزدا ساڭا بېرىلىدىغان مۇكاپات يوقتۇر. ئى ئالدامچى! يوقال، كىم ئۈچۈن

---

[1] سۈيۈتى بۇ ھەدىسنى «مەسنۇئە» ناملىق كىتابىدا رىۋايەت قىلغان. ئىبنى ھىببان: بۇ، ئەسلى يوق، توقۇلما ھەدىستۇر، - دېگەن.

ئىبادەت قىلغان بولساڭ مۇكاپىتىنى شۇنىڭدىن ئالغىن! - دېيىلىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن[1].

بىر دانادىن[2] (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن): ئىخلاسمەن كىشى كىم؟ دەپ سورالغاندا، ئۇ: ياخشىلىقىنى خۇددى يامانلىقىنى يوشۇرغاندەك يوشۇرغان كىشىدۇر، دەپ جاۋاب بەرگەن ئىكەن. يەنە بىرىدىن: ئىخلاسنىڭ غايىسى نېمە؟ دەپ سورىغاندا، ئۇ: ئىنسانلارنىڭ ماختىشىنى ياقتۇرماسلىقىڭ، - دەپ جاۋاب بەرگەن ئىكەن.

فۇزەيل ئىبنى ئىياز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ[3]: كىشىلەرنى رازى قىلىش ئۈچۈن ئەمەلنى تەرك ئېتىش رىيادۇر، ئۇلارنى رازى قىلىش ئۈچۈن ئەمەل قىلىش شېرىكتۇر، ئىخلاس بولسا، اللە تائالانىڭ سېنى ھەر ئىككىسىدىن سالامەت ۋە ئامان قىلىشىدۇر، - دېگەن.

ئى اللە! بىزنى رىيا ۋە كىچىك شېرىكتىن ئامان قىلغىن! بىزنى مەغپىرەت قىلغىن!

---

[1] ئىراقى بۇ ھەدىسنىڭ سەنەدىنى ئىبنى ئەبۇ دۇنياغا نىسبەت بەرگەن بولۇپ، سەنەدى زەئىپتۇر.

[2] غەززالى «ئىھيا» ناملىق كىتابىدا ئۇ كىشىنىڭ يەئقۇب مەكفۇف ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان.

[3] ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى فۇزەيل ئىبنى ئىياز ئىبنى مەسئۇد تەمىمى، مەشھۇر زاھىدلاردىن، ئەسلى خۇراسانلىق، ئىمام، ھىجرىيە 187 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

# ئىككىنچى چوڭ گۇناھ:

## ئادەم ئۆلتۈرۈش

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَن يَقْتُلْ مُؤْمِنًا مُّتَعَمِّدًا فَجَزَآؤُهُ جَهَنَّمُ خَالِدًا فِيهَا وَغَضِبَ اللّهُ عَلَيْهِ وَلَعَنَهُ وَأَعَدَّ لَهُ عَذَابًا عَظِيمًا﴾ ﴿كىمكى بىر مۇئمىننى قەستەن ئۆلتۈرىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسى جەھەننەم بولىدۇ، ئۇ جەھەننەمدە مەڭگۈ قالىدۇ، اللەنىڭ غەزىپىگە ۋە لەنىتىگە دۇچار بولىدۇ. اللە ئۇنىڭغا (ئاخىرەتتە) قاتتىق ئازاب تەييارلايدۇ﴾[1].

﴿وَالَّذِينَ لَا يَدْعُونَ مَعَ اللَّهِ إِلَهًا آخَرَ وَلَا يَقْتُلُونَ النَّفْسَ الَّتِي حَرَّمَ اللَّهُ إِلَّا بِالْحَقِّ وَلَا يَزْنُونَ وَمَن يَفْعَلْ ذَلِكَ يَلْقَ أَثَامًا يُضَاعَفْ لَهُ الْعَذَابُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَيَخْلُدْ فِيهِ مُهَانًا إِلَّا مَن تَابَ وَآمَنَ وَعَمِلَ عَمَلًا صَالِحًا﴾ ﴿ئۇلار اللەقا ئىككىنچى بىر مەبۇدنى شېرىك قىلمايدۇ. اللە ھارام قىلغان ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش ئىشىنى قىلمايدۇ. زىنا قىلمايدۇ. كىمكى بۇ (گۇناھلار)نى قىلىدىكەن، (ئاخىرەتتە) ئۇ جازاغا ئۇچرايدۇ. قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا ھەسسىلەپ ئازاب قىلىنىدۇ، ئۇ مەڭگۈ ئازاب ئىچىدە خارلانغان ھالدا قالىدۇ. پەقەت (ئۇلارنىڭ ئىچىدىن) (بۇ دۇنيادىكى چېغىدا) تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارلا بۇ ھالدا قالمايدۇ﴾[2].

﴿مِنْ أَجْلِ ذَلِكَ كَتَبْنَا عَلَى بَنِي إِسْرَائِيلَ أَنَّهُ مَن قَتَلَ نَفْسًا بِغَيْرِ نَفْسٍ أَوْ فَسَادٍ فِي الأَرْضِ فَكَأَنَّمَا قَتَلَ النَّاسَ جَمِيعًا وَمَنْ أَحْيَاهَا فَكَأَنَّمَا أَحْيَا النَّاسَ جَمِيعًا﴾ ﴿شۇ (يەنى قابىلنىڭ ھابىلنى ناھەق ئۆلتۈرگەنلىكى) سەۋەبتىن (تەۋراتتا) ئىسرائىل ئەۋلادىغا ھۆكۈم قىلدۇقكى، كىمكى ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمىگەن ياكى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلمىغان بىر ئادەمنى ئۆلتۈرسە، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنى ئۆلتۈرگەندەك بولىدۇ، كىمكى بىر ئادەمنى تىرىلدۈرسە (يەنى قۇتقۇزسا ياكى ھايات

---

[1] سۈرە نىسا، 93 ـ ئايەت.

[2] سۈرە فۇرقان، 68 ـ ئايەتتىن 70 ـ ئايەتكىچە.

قىلىشقا سەۋەبچى بولسا)، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنى تىرىلدۈرگەندەك بولىدۇ﴾[①].

﴿وَإِذَا الْمَوْؤُودَةُ سُئِلَتْ بِأَيِّ ذَنبٍ قُتِلَتْ﴾ ﴿تىرىك كۆمۈۋېتىلگەن قىزدىن: سەن قايسى گۇناھ بىلەن ئۆلتۈرۈلدۈڭ؟ - دەپ سورالغان چاغدا﴾[②].

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ھالاكەتكە ئېلىپ بارغۇچى يەتتە چوڭ گۇناھتىن ساقلىنىڭلار» دېگەن ھەدىسىدە ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش گۇناھىمۇ تىلغا ئېلىنغان ئىدى. بىر كىشى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

_ اللهنىڭ نەزىرىدە قايسى گۇناھ ئەڭ چوڭ؟ - دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

_ سېنى ياراتقان اللهقا شېرىك كەلتۈرۈشۈڭ، - دەپ جاۋاب بەردى.

_ ئاندىن قايسىچۇ؟

_ پەرزەنتىڭنى تاماقىڭغا تەڭ شېرىك بولۇشىدىن قورقۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىشىڭ.

_ ئاندىن قايسىچۇ؟

_ قوشناڭنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلىشىڭ»[③].

الله تائالا يۇقىرىدىكى ھەدىسنى تەستىقلاپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالَّذِينَ لَا يَدْعُونَ مَعَ اللَّهِ إِلَٰهًا آخَرَ وَلَا يَقْتُلُونَ النَّفْسَ الَّتِي حَرَّمَ اللَّهُ إِلَّا بِالْحَقِّ وَلَا يَزْنُونَ﴾ ﴿ئۇلار اللهقا ئىككىنچى بىر مەبۇدنى شېرىك قىلمايدۇ. الله ھارام قىلغان ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش ئىشىنى قىلمايدۇ. زىنا قىلمايدۇ﴾[④].

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئىككى مۇسۇلمان بىر بىرىگە قىلىچ كۆتۈرسە، ئۆلتۈرگۈچىمۇ، ئۆلگۈچىمۇ دوزاخقا كىرىدۇ» دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ساھابىلەر: ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى!

[①] سۈرە مائىدە، 32 ـ ئايەت.
[②] سۈرە تەكۋىر، 8 - ۋە 9 ـ ئايەتلەر.
[③] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.
[④] سۈرە فۇرقان، 68 ـ ئايەت.

ئۆلتۈرگۈچىنىڭ دوزاختا كىرىدۇ، ئەمما ئۆلگۈچىنىڭ گۇناھى نېمە؟ - دەپ سورىغاندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «چۈنكى ئۇمۇ ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە ھېرىسمەن ئىدى»[1] دەپ جاۋاب بەردى.

ئىمام ئەبۇ سۇلايمان خەتتابى (اﷲ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دەيدۇ: ئىككى كىشى بىر - بىرىگە دۈشمەنلىك قىلىش ياكى تەرەپبازلىق قىلىش ياكى دۇنيا تالىشىش ياكى مەنسەپكە ئېرىشىش ۋەياكى ئۈستۈنلۈكنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلغان بولسا، جەھەننەمى بولىدۇ. ئەمما ئىسلام دۆلىتىنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە دۆلەتكە قارشى چىققان دۈشمەنلەرگە قارشى (گەرچە ئۇلار مۇسۇلمان بولغان تەقدىردىمۇ) ئۇرۇش قىلغان ياكى جىنىنى ۋە بالا - چاقىلىرىنى قوغداش يولىدا ئۇرۇش قىلغان بولسا، بۇ ھۆكۈمنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ. چۈنكى ئۇ بۇنداق شارائىتتا قارشى تەرەپنى ئۆلتۈرۈشنى قەست قىلماستىن، جىنىنى قوغداش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇلغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇ قارشى تەرەپنى (ئاجىز ھالغا چۈشۈرۈپمۇ) ئۆلتۈرۈشكە قىزىققان بولسا، دۇرۇس بولمايدۇ. كىمكى ئىسلامي ھۆكۈمەتكە قارشى چىققانلارغا ۋەياكى مۇسۇلمان تۇرۇپمۇ، قاراقچىلىق قىلىدىغانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلغان بولسا، ئۇنى ئۆلتۈرۈشنى قەست قىلماستىن، ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلغان بولىدۇ. ئەگەر قارشى تەرەپ ئۇرۇش قىلىشتىن يانسا، ئۇنى قوغلاشقا بولمايدۇ. مەزكۇر ھەدىس بۇ سۈپەتلەرگە ئىگە بولغانلار ئۈچۈن بايان قىلىنمىغان. ئەمما كىمكى بۇ سۈپەتكە خىلاپلىق قىلسا، ئۇ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھەدىسنىڭ ھۆكمىگە كىرىدۇ.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «مەندىن كېيىن بىر - بىرىڭلارنىڭ بوينىنى چېپىپ كاپىر بولۇپ كەتمەڭلار!»[2]؛ «بەندە ناھەق قان تۆكمىسىلا، دىنىدا راھەت

[1] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

[2] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

ياشايدۇ»[1]؛ «قىيامەت كۈنى ئىنسانلار ئارىسىدا بىرىنچى بولۇپ (ناھەق تۆكۈلگەن) قان ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ»[2]؛ «بىر مۇئمىننى ئۆلتۈرۈش اللهنىڭ نەزىرىدە دۇنيانى يوق قىلىشتىنمۇ چوڭ گۇناھتۇر»[3]؛ «چوڭ گۇناھلار اللهقا شېرىك كەلتۈرۈش، ئادەم ئۆلتۈرۈش ۋە چۆكتۈرگۈچى قەسەمدۇر (يەنى يالغان قەسەمدۇر)»[4]. يالغان قەسەم چۆكتۈرگۈچى دەپ ئاتالدى، چۈنكى ئۇ ئىگىسىنى دوزاخقا چۆكتۈرىدۇ.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى بىرىنچى بولۇپ ئادەم ئۆلتۈرۈش يولىنى ئاچقانلىقى ئۈچۈن، كىمكى ناھەق قان تۆكسە، ئۇنىڭ گۇناھىنىڭ ئوخشىشى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلىنىڭ ئۈستىگىمۇ يېزىلىدۇ»[5]؛ «قانداق بىر (مۇئمىن) كىشى زىممىي (يەنى ئىسلام ھاكىمىيىتى ئاستىدا ياشايدىغان غەيرى مۇسۇلمان) نى ئۆلتۈرسە، جەننەتنىڭ پۇرىقىنى پۇرىيالمايدۇ. ھالبۇكى، جەننەتنىڭ پۇرىقىنى قىرىق يىللىق ئۇزاق مۇساپىدىنمۇ پۇرىغىلى بولىدۇ»[6].

ئىسلام دىيارىدا ياشاش ئۈچۈن ئامانلىق سورىغان بىر يەھۇدىي ۋەياكى بىر خرىستىئان زىممىينى ئۆلتۈرگەن كىشىنىڭ گۇناھى شۇنچىلىك بولىدىغان بولسا، بىر مۇسۇلماننى ئۆلتۈرگەن كىشىنىڭ جازاسى قانچىلىك چوڭ بولار؟

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئاگاھ بولۇڭلار! كىمكى مۇسۇلمانلار بىلەن ئەھدۇپەيمان قىلىشقان، الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ھىمايىسىگە ئۆتكەن بىر زىممىينى ئۆلتۈرسە، اللهنىڭ ھىمايىسىنى دەپسەندە قىلغان بولىدۇ.

[1] بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

[2] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

[3] نەسائى رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىسنىڭ سەنەدىدە ئىبراھىم ئىبنى مۇھاجىر ئىسىملىك بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەستە قالدۇرۇش قۇۋۋىتى كۈچلۈك ئەمەس.

[4] بۇخارى، نەسائى، تىرمىزى، دارىمى ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

[5] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

[6] بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، دارىمى ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

جەننەتنىڭ پۇرىقىنى پۇرىيالمايدۇ. ھالبۇكى، جەننەتنىڭ پۇرىقىنى ئەللىك يىللىق ئۇزاق مۇساپىدىنمۇ پۇرىغىلى بولىدۇ»①.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دەيدۇ: «قانداق بىر كىشى بىر مۇسۇلماننىڭ ئۆلتۈرۈلىشىدە ئىلپىنىڭ سۇنۇقچىلىك ياردەم قىلسا، قىيامەت كۈنىدە ئىككى كۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ″ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن كىشى″ دەپ يېزىقلىق ھالەتتە ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا بارىدۇ»②.

مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئۈمىدكى، ئاللاھ تائالا كاپىر ھالەتتە ئۆلگەن كىشىنىڭ ۋە بىر مۇئمىننى قەستەن ئۆلتۈرگەن كىشىنىڭ گۇناھىدىن باشقا بارلىق گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ»③. ئاللاھ تائالاغا سېغىنىپ بۇنداق ھالەتتە ئۆلۈشتىن پاناھ تىلەيمىز!

① تىرمىزى رىۋايەت قىلغان ۋە: سەھىھ، - دېگەن.

② ئىبنى ماجە ۋە ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: زەئىپ، - دېگەن.

③ ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم، نەسائى ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

## ئۈچىنچى چوڭ گۇناھ:

## سېھىرگەرلىك

سېھىرگەرنىڭ كاپىر بولۇشىدا شەك يوقتۇر. اﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَكِنَّ الشَّيْاطِينَ كَفَرُواْ يُعَلِّمُونَ النَّاسَ السِّحْرَ﴾ ﴿لېكىن شەيتانلار كىشىلەرگە سېھىر ئۆگىتىپ كاپىر بولدى﴾[①].

لەنىتى شەيتاننىڭ ئىنسانلارغا سېھىر ئۆگىتىشتىكى مەقسىتى ئىنسانلارنىڭ اﷲقا شېرىك كەلتۈرۈشىدىن ئىبارەتتۇر. اﷲ تائالا ھارۇت ۋە مارۇت توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا يُعَلِّمَانِ مِنْ أَحَدٍ حَتَّى يَقُولاَ إِنَّمَا نَحْنُ فِتْنَةٌ فَلاَ تَكْفُرْ فَيَتَعَلَّمُونَ مِنْهُمَا مَا يُفَرِّقُونَ بِهِ بَيْنَ الْمَرْءِ وَزَوْجِهِ وَمَا هُم بِضَآرِّينَ بِهِ مِنْ أَحَدٍ إِلاَّ بِإِذْنِ اللهِ وَيَتَعَلَّمُونَ مَا يَضُرُّهُمْ وَلاَ يَنفَعُهُمْ وَلَقَدْ عَلِمُواْ لَمَنِ اشْتَرَاهُ مَا لَهُ فِي الآخِرَةِ مِنْ خَلاَقٍ﴾ ﴿(بۇ ئىككى پەرىشتە) بىز كىشىلەرنى سىنايمىز، كاپىر بولمىغىن، دېمىگىچە ھېچ كىشىگە سېھىر ئۆگەتمەيتتى. ئۇلار بۇ ئىككىسىدىن ئەر - خوتۇننى بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىدىغان نەرسىلەرنى (يەنى سېھىرگەرلىكنى) ئۆگىنەتتى. ئۇلار (سېھىر ئارقىلىق) اﷲنىڭ رۇخسىتىسىز ھېچ كىشىگە زىيان يەتكۈزەلمەيتتى. ھالبۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىگە زىيىنى بار، پايدىسى يوق نەرسىنى ئۆگىنەتتى. يەھۇدىيلار (تەۋراتنى تاشلاپ) سېھىرنى سېتىۋالغۇچىغا ئاخىرەتتە (اﷲنىڭ رەھمىتىدىن ۋە جەننەتتىن) ھېچ نېسىۋە يوق ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى﴾[②].

نۇرغۇن ئازغۇن كىشىلەرنىڭ سېھىرگەرلىك يولىغا كىرىپ قالغانلىقىنى ۋە بۇنى پەقەت ھارام دەپ ئويلايدىغانلىقىنى كۆرىسىلەر. بىراق ئۇلار ئۇنىڭ كۇپرلۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلمايدۇ. ئۇلار سېھىرگەرلىكنى ئۆگىنىپ، سېھىرگەرلىك قىلىشقا باشلايدۇ. تولىسى شېرىك ۋە زالالەتتىن ئىبارەت چۈشىنىكسىز

---

[①] سۈرە بەقەرە، 102 ـ ئايەت.

[②] سۈرە بەقەرە، 102 ـ ئايەت.

سۆزلەرنى ئىشلىتىپ، ئەرنى ئايالى ئالدىدا سۆزى ئۆتمەس، روھسىز ۋە ئىرادىسىز قىلىپ قويۇش، ئەرنى ئايالىغا ئامراق قىلىش، ئايالنى ئېرىگە ئۆچ قىلىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن سېھرگەرلىك قىلىدۇ.

سېھرگەرنىڭ جازاسى ئۆلۈمدۇر. چۈنكى ئۇ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈردى ياكى شېرىك ۋە كۇپرىغا ئېلىپ بارىدىغان ئىشنى قىلدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ھالاكەتكە ئېلىپ بارغۇچى يەتتە چوڭ گۇناھتىن ساقلىنىڭلار»[①] دېگەن ھەدىستە سېھرگەرلىكنىمۇ سانىغان ئىدى. شۇنداق ئىكەن، ئىنسان رەببىدىن قورقسۇن! دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان تارتىدىغان ئىشنى قىلمىسۇن. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ھەدىستە: «سېھرگەرلىكنىڭ جازاسى قىلىچ بىلەن چېپىپ تاشلاشتۇر» دېگەن[②]. ئەمما ھەدىس ئالىملىرى: بۇ ھەدىس پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزى بولماستىن، ئەكسىچە جۇندۇبنىڭ سۆزى، دەپ قارىغان.

بەجالە ئىبنى ئەبدە: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆلۈمىدىن بىر يىل بۇرۇن: "بارلىق ئەر ۋە ئايال سېھرگەرلەرنى ئۆلتۈرۈڭلار!" دەپ يارلىق چۈشۈرگەن ئىدى، - دەيدۇ[③]. ۋەھب ئىبنى مۇنەببەھ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئوقۇغان كىتابلاردىن بىرىدە، ئاللاھ تائالا: "مەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، سېھرگەرلىك قىلغان ۋە قىلدۇرغان، پال ئاچقان ۋە ئاچتۇرغان، شۇم پال ئالغان ۋە ئالدۇرغان كىشىلەر مەندىن ئەمەس" دەيدۇ، دەپ يېزىلغان ئىكەن[④].

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: "پال ئاچقۇچى سېھرگەردۇر، سېھرگەر بولسا كاپىردۇر" دېگەن. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

---

① بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

② تىرمىزى، ھاكىم ۋە دارۇقۇتنى رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: زەئىپ، - دېگەن.

③ ئەبۇ داۋۇد ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

④ ئەسلىدە بۇ، ھەدىس قۇددۇسى ئەمەس، بەلكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەدىسى بولۇپ، بەززار ۋە تەبەرانى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

مۇنـــداق دېـــگەن: «مۇنـــداق ئـــۈچ تۈرلـــۈك كىشـــى جەنـــنەتكە كىرمەيـــدۇ: داۋاملـــق ھـــاراق ئىچـــدىغان كىشـــى؛ ســـىلە - رەھىمنـــى ئـــۈزگەن كىشـــى؛ سېھىرگەرنى تەستىقلىغان كىشى»[1].

ئىبنـــى مەســـئۇد رەزىيەللاھـــۇ ئەنھـــۇدىن رىـــۋايەت قىلىنـــدۇكى، پەيغەمـــبەر ســـەللاللاھۇ ئەلەيھـــى ۋەســـەللەم مۇنـــداق دېـــگەن: «دەم ســـېلىش، تۇمـــار ئېســـىش ۋە (ئەر - ئايـــاللار ئارىســـىدا) ئىسســـىق - ســـوغۇق قىلىـــش شـــېرىكتۇر»[2]. تۇمـــار _ نـــادان ئىنســـانلار ئـــۆزلىرىگە، بالىلىرىغـــا ۋە ھايۋانلىرىغـــا كـــۆز تېگىشـــتىن ســـاقلىنىش ئۈچـــۈن ئېســـىپ قويىـــدىغان نەرســـىنى كۆرســـىتىدۇ. بـــۇ، جـــاھىلىيەت دەۋرىـــدىن قالغـــان يامـــان ئـــۆرپ - ئـــادەت بولـــۇپ، كىمكـــى بۇنىڭغـــا ئېتىقـــات قىلســـا، شـــېرىك كەلتـــۈرگەن بولىـــدۇ. ئىسســـىق - ســـوغۇق قىلىـــش _ ســـېھىرنىڭ بىـــر تـــۈرى بولـــۇپ، ئايـــالنى ئېـــرىگە ياخشـــى كۆرســـىتىش ئۈچـــۈن قىلىنغـــان ئىشـــتۇر. تۇمـــار ئېســـىش ۋە ئىسســـىق – ســـوغۇق قىلىـــش شـــېرىك كەلتـــۈرۈش قاتارىـــدىن قىلىنـــدى. چـــۈنكى جـــاھىللار: بـــۇ الله تائالانىـــڭ ئەزەلىي تەقدىرى[3]گە تەسىر كۆرسىتىدۇ، - دەپ ئېتىقاد قىلاتتى.

خەتتـــابى (الله ئۇنىڭغـــا رەھـــمەت قىلســـۇن) مۇنـــداق دەيـــدۇ: قۇرئـــان كەرىـــم ۋە الله تائالانىـــڭ گـــۈزەل ئىســـىملىرى بىـــلەن دەم ســـېلىش جـــايىزدۇر، چـــۈنكى پەيغەمـــبەر ســـەللاللاھۇ ئەلەيھـــى ۋەســـەللەم نەۋرىلىـــرى ھەســـەن ۋە ھۈســـەيىن رەزىيەللاھـــۇ ئەنھۇماغـــا دەم ســـېلىپ مۇنـــداق دەيتتـــى: «اللهنىـــڭ مـــۇكەممەل كەلىمىلىـــرىگە ســـېغىنىپ، ســـىلەرگە بـــارلىق شـــەيتان ۋە زەھەرلىـــك ھايۋانلارنىـــڭ يامـــانلىق قىلىشـــىدىن، شـــۇنداقلا، بـــارلىق يامـــان كۆزلەرنىـــڭ تېگىشـــىدىن پانـــاھ تىلەيـــمەن»[4]. اللهتىـــن يـــاردەم تىلەيمـــىز ۋە ئۇنىڭغـــا تەۋەككـــۈل قىلىمىز!

[1] ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ يەئلا ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: زەئىپ، - دېگەن.

[2] ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، ئەھمەد ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

[3] ھەربىر مۇئمىن الله تەقدىر قىلغان بارلىق ياخشىلىق ۋە يامانلىققا ئىمان كەلتۈرۈشى لازىم. ئىمـان بىـلەن ئىبـادەت ئۇنىڭغـا اللهنىڭ تەقدىر قىلغان نەرسىسى ھەممىدىن ۋە بارلىق سەۋەبلەردىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى ئۈختۈرىدۇ.

[4] ئىمام بۇخارى، ئىبنى ماجە ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

## تۆتىنچى چوڭ گۇناھ:

## نامازنى تەرك ئېتىش

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَخَلَفَ مِن بَعْدِهِمْ خَلْفٌ أَضَاعُوا الصَّلَاةَ وَاتَّبَعُوا الشَّهَوَاتِ فَسَوْفَ يَلْقَوْنَ غَيًّا إِلَّا مَن تَابَ وَآمَنَ وَعَمِلَ صَالِحًا﴾ ﴿ئۇلار كەتكەندىن كېيىن (ئۇلارنىڭ) ئورنىنى باسقان ئورۇنباسارلار نامازنى تەرك ئەتتى. نەپسى - خاھىشلىرىغا ئەگەشتى. ئۇلار (قىيامەتتە) گۇمراھلىقنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ. تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا﴾[1].

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بۇ ئايەتتىكى "نامازنى تەرك ئەتتى" دېگەن جۈملە ئۈستىدە توختىلىپ: ئۇ، نامازنى پۈتۈنلەي تاشلىدى، - دېگەن مەنىنى ئەمەس، بەلكى ئۆز ۋاقتىدا ئادا قىلالمىدى، - دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ، دەپ تەپسىر قىلغان.

تابىئىنلارنىڭ بۈيۈك ئىمامى سەئىد ئىبنى مۇسەييەب (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن): "نامازنى تەرك ئەتتى" دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى: پېشىن نامىزىنى ئەسىرگە، ئەسىرنى شامغا، شامنى خۇپتەنگە، خۇپتەننى بامداتقا، بامداتنى كۈن چىققىچە كېچىكتۈرۈپ، نامىزىنى ۋاقتىدا ئۆتىمەيدىغانلار، - دەپ تەپسىر قىلغان ۋە: كىمكى ھەمىشە مۇشۇنداق قىلىپ، تەۋبە قىلماستىن ئۆلسە، اللە تائالا ئۇنىڭغا "غەي" دېگەن جىلغىنى تەييارلاپ قويىدۇ. ئۇ، دوزاختىكى ناھايىتى چوڭقۇر ۋە پۇرىقى ناھايىتى سېسىق جايدۇر، - دېگەن.

اللە تائالا باشقا بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَوَيْلٌ لِّلْمُصَلِّينَ الَّذِينَ هُمْ عَن صَلَاتِهِمْ سَاهُونَ﴾ ﴿شۇنداق ناماز ئوقۇغۇچىلارغا ۋايكى، ئۇلار

[1] سۈرە مەريەم، 59 - ۋە 60 - ئايەتلەر.

نامازنى غەپلەت بىلەن ئوقۇيدۇ﴾[1]. يەنى نامازغا ئالدىرىماي، ھورۇنلۇق قىلغانلارنىڭ ھالىغا ۋاي بولسۇن!

سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن: ﴿ئۇلار نامازلىرىنى غەپلەت بىلەن ئوقۇيدۇ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە سورىغىنىمدا، ئۇ: «نامازنىڭ ۋاقتىنى كېچىكتۈرۈپ ئوقۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن ئىدى[2]. ئۇلار نامازنى ئۆز ۋاقتىدىن كېچىكتۈرۈپ ئوقۇغان بولسىمۇ، الله تائالا ئۇلارنى يەنىلا ناماز ئوقۇغۇچىلار دەپ ئاتىدى. ئەمما ھورۇنلۇق قىلىپ، نامازنى كېچىكتۈرگەنلىكى ئۈچۈن قاتتىق ئازابنى ۋەدە قىلدى. ئېيتىلىشىچە، جەھەننەمدىكى بىر ۋادىنىڭ ئىسمى ۋەيل بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە پۈتۈن دۇنيا تاغلىرى ماڭدۇرۇلسا، ھارارىتىنىڭ يۇقىرىلىقىدىن ئېرىپ كېتىدۇ. ئۇ يەنە شۇنداق ۋادىكى، نامازغا سەل قاراپ، ئۆز ۋاقتىدىن كېچىكتۈرۈپ ئوقۇيدىغانلارنىڭ تۇرالغۇ جايىدۇر. ئەمما اللهقا تەۋبە قىلىپ، زايا قىلغىنىغا پۇشايمان قىلغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر.

الله تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تُلْهِكُمْ أَمْوَالُكُمْ وَلَا أَوْلَادُكُمْ عَنْ ذِكْرِ اللَّهِ وَمَنْ يَفْعَلْ ذَلِكَ فَأُولَئِكَ هُمُ الْخَاسِرُونَ﴾ ﴿ئى مۇئمىنلەر! ماللىرىڭلار ۋە بالىلىرىڭلار سىلەرنى اللهنىڭ زىكرىدىن (يەنى اللهنىڭ تائەت - ئىبادىتىدىن) غەپلەتتە قالدۇرمىسۇن. كىملەركى شۇنداق قىلىدىكەن، ئۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر﴾[3]. تەپسىرشۇناسلار بۇ ھەقتە توختىلىپ: بۇ ئايەتتىكى اللهنىڭ زىكرىدىن مەقسەت، بەش ۋاخ نامازدۇر. كىمكى ناماز ۋاقتىدا مال دۇنيا، سودا - سېتىق ۋە بالا - چاقىلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ، نامازنى ئۆز ۋاقتىدا ئادا قىلمىسا، زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىدۇ، - دېگەن.

[1] سۈرە مائۇن، 4 - ۋە 5 - ئايەتلەر.

[2] تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ھەدىسنى ئىنتايىن زەئىپ بىرى بار.

[3] سۈرە مۇنافىقۇن، 9 - ئايەت.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «قىيامەت كۈنى بەندىنىڭ ئەمەلىدىن ھېساب - كىتاب قىلىنىدىغان بىرىنچى نەرسە، نامازدۇر. ئەگەر نامىزى تولۇق بولسا، نىجات تاپىدۇ ۋە قۇتۇلىدۇ. تولۇق بولمىسا، زاۋاللىققا يۈزلىنىدۇ ۋە زىيان تارتىدۇ»[1].

الله تائالا دوزاخ ئەھلى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مَا سَلَكَكُمْ فِي سَقَرَ قَالُوا لَمْ نَكُ مِنَ الْمُصَلِّينَ وَلَمْ نَكُ نُطْعِمُ الْمِسْكِينَ وَكُنَّا نَخُوضُ مَعَ الْخَائِضِينَ وَكُنَّا نُكَذِّبُ بِيَوْمِ الدِّينِ حَتَّى أَتَانَا الْيَقِينُ فَمَا تَنفَعُهُمْ شَفَاعَةُ الشَّافِعِينَ﴾ ﴿ئۇلار (يەنى سائادەتمەن مۇئمىنلەر) جەننەتلەردە بولۇپ، گۇناھكارلاردىن: «سىلەرنى دوزاخقا كىرگۈزگەن نېمە؟» دەپ سورايدۇ، ئۇلار (جاۋابەن) ئېيتىدۇ: بىز ناماز ئوقۇمىدۇق، مىسكىنلەرگە تائام بەرمىدۇق، بىز بىھۇدە سۆز قىلغۇچىلار بىلەن بىھۇدە سۆز قىلاتتۇق، قىيامەت كۈنىنى ئىنكار قىلاتتۇق، تاكى بىز ئۆلگۈچە (شۇنداق قىلدۇق). شاپائەت قىلغۇچىلارنىڭ شاپائىتى ئۇلارغا پايدا بەرمەيدۇ (يەنى ئۇلارنى اللهنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزىدىغان شاپائەتچى بولمايدۇ، ئۇلارغا پۈتۈن ئەھلى زېمىن شاپائەت قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ شاپائىتى قوبۇل قىلىنمايدۇ)﴾[2].

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «بىز (مۇئمىنلەر) بىلەن ئۇلار (كاپىرلار) ئارىسىدىكى پەرق نامازدۇر. نامازنى تەرك ئەتكەن كىشى كاپىر بولىدۇ»[3]؛ «(مۇئمىن) بەندە بىلەن كۇپرى ئارىسىدىكى پەرق نامازنى تەرك ئېتىشتۇر»[4]. ھەر ئىككىلى ھەدىس سەھىھتۇر.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ئەسىر نامىزىنى (قەستەن) تەرك ئەتسە، ئەمەلى بىكار بولۇپ كېتىدۇ»[5]؛ «كىمكى نامازنى قەستەن تەرك ئەتسە، اللهنىڭ

[1] ترمىزى ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.
[2] سۈرە مۇددەسسىر، 42 - ئايەتتىن 48 ـ ئايەتكىچە.
[3] ترمىزى، نەسائى، ئىبنى ماجە، ھاكىم ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.
[4] مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ترمىزى، ئىبنى ماجە، دارىمى، ئەھمەد ۋە دارۇقۇتنى رىۋايەت قىلغان.
[5] بۇخارى، نەسائى ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

ھمايىسىدىن ئادا - جۇدا بولۇپ كېتىدۇ»[1]؛ «مەن ئىنسانلار بىلەن تاكى ئۇلار: لائىلاھە ئىللاللاھ (بىر اللهتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق)، دەپ شاھادەت ئىيتقان، ناماز ئوقۇغان ۋە زاكات بەرگەنگە قەدەر ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇلدۇم. ئەگەر ئۇلار ئۇنى ئەنە شۇنداق ئادا قىلسا، مەندىن جانلىرىنى ۋە ماللىرىنى ساقلاپ قالىدۇ، پەقەت ئىسلامدىكى (يەنى ئىسلامدا ئادەم ئۆلتۈرۈشتەك جىنايەت سادىر قىلغان بولسا) تېگىشلىك جازاسىنى تارتىدۇ. قالغان ھېسابى اللهقا تېگىشلىكتۇر»[2]؛ «كىمكى ھەمىشە نامازنى تەرك ئەتمەي ئوقۇسا، قىيامەت كۈنى ناماز ئۇنىڭغا نۇر، دەلىل ۋە نىجاتلىق يولى بولىدۇ. كىمكى نامازنى تەرك ئەتسە، ئۇنىڭغا نۇر، دەلىل ۋە نىجاتلىق يولى بولمايدۇ. قىيامەت كۈنى پىرئەۋن، قارۇن، ھامان ۋە ئۇبەي ئىبنى خەلەف بىلەن بىرگە بولىدۇ»[3].

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: نامازنى تەرك ئەتكەن كىشىنىڭ ئىسلامدا نېسىۋىسى يوقتۇر[4]، - دېگەن.

بەزى ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: نامازنى تەرك ئەتكۈچى مەھشەرگاھتا يۇقىرىدىكى تۆت كىشى بىلەن بىرلىكتە يىغىلىدۇ. چۈنكى ئۇ يا مال – مۈلكى بىلەن، يا پادىشاھلىقى بىلەن، يا ۋەزىرلىكى بىلەن، يا تىجارىتى بىلەن مەشغۇل بولۇپ ناماز ئوقۇمايدۇ. ئەگەر ئۇ مال - مۈلكى بىلەن مەشغۇل بولۇپ ناماز ئوقىيالمىغان بولسا، قارۇن بىلەن؛ پادىشاھلىقى بىلەن مەشغۇل بولۇپ ناماز ئوقىيالمىغان بولسا، پىرئەۋن بىلەن؛ ۋەزىرلىكى بىلەن مەشغۇل بولۇپ ناماز ئوقىيالمىغان بولسا، ھامان بىلەن؛ تىجارىتى بىلەن مەشغۇل بولۇپ ناماز ئوقىيالمىغان بولسا، مەككىدىكى ئەڭ چوڭ تىجارەتچى ئۇبەي ئىبنى خەلەف بىلەن بىرگە يىغىلىدۇ.

مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق

---

[1] ئەھمەد رىۋايەت قىلغان. ئىبنى ماجەمۇ مۇشۇ مەزمۇندا ھەدىس رىۋايەت قىلغان.

[2] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

[3] دارىمى، ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان.

[4] ئىمام مالىك رىۋايەت قىلغان.

دېگەن: «كىمكى پەرز نامازنى قەستەن تەرك ئەتسە، اللەنىڭ ھىمايىسىدىن ئادا - جۇدا بولۇپ كېتىدۇ»[1]. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ: ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى! ئىسلامدا اللە ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىبادەت قايسى؟ - دەپ سورىغاندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ۋاقتىدا ئوقۇلغان ناماز. كىمكى نامازنى تەرك ئەتسە، ئۇنىڭ دىنى يوقتۇر، ناماز دىنىنىڭ تۈۋرۈكىدۇر»[2] دەپ جاۋاب بەردى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۇيقەستكە ئۇچراپ يارىدار ھالدا ياتقاندا، ھەمراھلىرى ئۇنىڭغا: «ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! ناماز ۋاقتى بولدى» دېگەندە، «توغرا دەيسەن، نامازنى تەرك ئەتكەن كىشىنىڭ ئىسلامدا نېسىۋىسى يوقتۇر» دېدى ۋە جاراھىتىدىن قان ئېقىۋاتقان ھالەتتە نامىزىنى ئوقۇدى[3]. ئابدۇللاھ ئىبنى شەقىق تابىئى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرى نامازدىن باشقا ئەمەلنى تەرك ئېتىشنى كۇپرى دەپ سانىمايتى، - دېگەن[4].

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ناماز ئوقۇمايدىغان ئايالنىڭ ھۆكمى ھەققىدە سورالغاندا، ئۇ: كىمكى ناماز ئوقۇمىسا، كاپىر بولىدۇ، - دەپ جاۋاب بەرگەن[5]. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: كىمكى ناماز ئوقۇمىسا، ئۇنىڭ دىنى يوق، - دېگەن[6]. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: كىمكى بىر ۋاخ نامازنى قەستەن تەرك ئەتسە، اللەنىڭ ھۇزۇرىغا اللە ئۇنىڭغا غەزەپ قىلغان ھالدا بارىدۇ، - دېگەن[7]. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى

---

[1] ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

[2] بەيھەقى زەئىپ سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان.

[3] ئىمام مالىك رىۋايەت قىلغان.

[4] تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

[5] مۇنزىرى نەقىل قىلغان. ئەلبانى: بۇ ھەدىسنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى دېيىش توغرا ئەمەس. چۈنكى سەنەدىدە مەئقەل ئىسىملىك كىملىكى ناتونۇش بىرى بار، - دېگەن.

[6] مۇنزىرى نەقىل قىلغان.

[7] بەززار ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان.

نامازنى تەرك ئەتكەن ھالدا اللەنىڭ ھۇزۇرىغا بارسا، الله ئۇنىڭ باشقا ياخشى ئەمەللىرىگە ئېتىبار بەرمەيدۇ»[1] دېگەن.

ئىبنى ھەزم: شېرىكتىن قالسا نامازنى ۋاقتىدىن كېچىكتۈرۈپ ئوقۇش ۋە ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن چوڭراق گۇناھ يوقتۇر، - دېگەن. ئىبراھىم نەخەئى: كىمكى نامازنى تەرك ئەتسە، ھەقىقەتەن كاپىر بولىدۇ، - دېگەن. ئەييۇب سەختىيانىمۇ شۇنداق دېگەن. ئەۋن ئىبنى ئابدۇللاھ: بەندە قەبرىگە قويۇلغاندا بىرىنچى بولۇپ سوراقتا تارتىلىدىغان ئەمەل نامازدۇر. ئەگەر نامىزى تولۇق بولسا، باشقا ئەمەللىرىگە قارىلىدۇ. نامىزى تولۇق بولمىسا، باشقا ئەمەللىرىگە قارالمايدۇ، - دېگەن.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «بەندە نامىزىنى ۋاقتىدا ئادا قىلسا، نامىزى نۇرلۇق ھالدا ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ، ئەرشكىچە ئۆرلەيدۇ. مۇنداق ناماز ئىگىسىگە قىيامەتكىچە مەغپىرەت تىلەيدۇ ۋە: "سەن مېنى زايا قىلماستىن قوغدىغىنىڭدەك، الله سېنى قوغدىسۇن" دەيدۇ. ئەگەر بەندە نامىزىنى ۋاقتى ئۆتكەندىن كېيىن ئادا قىلسا، نامىزى قاراڭغۇلۇق باسقان ھالدا يۇقىرىغا ئۆرلەيدۇ. ئاسمانغا يەتكەندە، ئەسكى چاپان يۆرگىگەندەك يۆرلىنىپ، ئۇنىڭ يۈزىگە تاشلىنىدۇ، ناماز ئۇنىڭغا: سەن مېنى زايا قىلغىنىڭدەك، الله سېنى زايا قىلسۇن» دەيدۇ[2].

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «الله تائالا مۇنداق ئۈچ كىشىنىڭ نامىزىنى قوبۇل قىلمايدۇ: بىرى، جامائەت ياقتۇرمىسىمۇ ئۇلارغا ئىمام بولىۋالغان كىشى؛ يەنە بىرى، ئۆزى ئازات قىلغان قۇلنى زورلاپ ئىشلەتكەن كىشى؛ ئۈچىنچىسى، نامازنى قەستەن قازا قىلىپ، كېيىن ئادا قىلغان كىشى»[3].

[1] غەززالى نەقىل قىلغان.

[2] تەبەرانى رىۋايەت قىلغان. سەنەدىدە ھەدىسى زەئىپ بىرى بار.

[3] ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: زەئىپ ھەدىس، - دېگەن.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئىككى نامازنى ئۆزرىسىز بىرلەشتۈرۈپ ئوقۇغان كىشى شەك ـ شۈبھىسىز چوڭ گۇناھلارنىڭ ئىشىكلىرىدىن بىرىگە كەلگەن بولىدۇ»[①]. ئاللاھتىن تەۋپىق ۋە ياردەم تىلەيمىز، شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئۇ ناھايىتى سېخىي، ناھايىتى كەرەملىك ۋە ناھايىتى مېھرىباندۇر.

*****

## كىچىك بالا ناماز ئوقۇشقا قاچان بۇيرۇلىدۇ؟

ئەبۇ داۋۇد «سۇنەن» ناملىق كىتابىدا رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىچىك بالا يەتتە ياشقا كىرگەندە نامازغا ئوقۇشقا بۇيرۇڭلار، ئون ياشقا كىرگەندە (ئەگەر ئوقۇمىسا) ئۇنى ئۇرۇڭلار (يەنى نامازغا كۆندۈرۈش ئۈچۈن قورقۇتۇڭلار)»[②]. يەنە بىر رىۋايەتتە: «يەتتە ياشقا كىرگەندە بالىلارنى ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇڭلار، ئون ياشقا كىرگەندە (ئەگەر ئوقۇمىسا) ئۇرۇڭلار، ياتىدىغان جايلىرىنى ئايرىم قىلىپ بېرىڭلار» دېيىلگەن[③].

ئىمام ئەبۇ سۇلايمان خەتتابى: بۇ ھەدىس شەرىپ كىچىك بالا بالاغەتكە يەتكەندە ناماز ئوقۇمىسا، ناھايىتى قاتتىق جازالىنىشىنىڭ لازىملىقىغا دالالەت قىلىدۇ، ـ دەيدۇ. ئىمام شافىئىنىڭ ھەمراھلىرىدىن بىرى بۇ ھەدىسنى دەلىل قىلىپ: بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن نامازنى قەستەن تەرك ئەتكەنلەرنى ئۆلتۈرۈش كېرەك دەپ قارايدۇ ۋە: بالاغەتكە يەتمىگەن بالىنى (نامازنى تەرك ئەتكەنلىكى ئۈچۈن) ئۇرۇشنىڭ لازىملىقى بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن ئۇرۇشتىنمۇ ئېغىرراق جازاغا لايىق بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇرۇشتىن قالسا، ئۆلتۈرۈشتىن باشقا ئېغىرراق جازا يوقتۇر، ـ دەيدۇ.

---

[①] تىرمىزى ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: ئىنتايىن زەئىپ ھەدىس، ـ دېگەن.

[②] ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، ـ دېگەن.

[③] ئەبۇ داۋۇد ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: ھەسەن، ـ دېگەن.

ئۆلىمالار نامازنى تەرك ئەتكۈچىلەرنىڭ ھۆكمى ھەققىدە ئوخشىمىغان قاراشلارنى يەكۈنلىدى. ئىمام مالىك، شافئى ۋە ئەھمەد (اللە ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن) قاتارلىقلار: نامازنى ئوقۇمايدىغانلارنىڭ بويىنى قىلىچ بىلەن چېپىلىدۇ، - دېدى. ئالىملار يەنە نامازنىڭ ۋاقتىنى شەرئى ئۆزرىسى بولماستىن ئۆتكۈزىۋېتىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ كاپىرلىقى ھەققىدىمۇ ئوخشىمىغان قاراشلارنى يەكۈنلىدى. ئىبراھىم نەخەئىي، ئەييۇب سەختىيانى، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك، ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل ۋە ئىسھاق ئىبنى راھىۋەيھى قاتارلىقلار: ئۇنداق كىشى كاپىردۇر، - دېدى. ئۇلار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «بىز (مۇئمىنلەر) بىلەن ئۇلار (كاپىرلار) ئارىسىدىكى پەرق نامازدۇر، نامازنى تەرك ئەتكەن كىشى كاپىر بولىدۇ»[1]؛ «(مۇئمىن) بەندە بىلەن كاپىر ئارىسىدىكى پەرق نامازنى تەرك ئېتىشتۇر»[2] دېگەن ھەدىسلىرىنى دەلىل كەلتۈردى.

*****

بىر ھەدىستە مۇنداق رىۋايەت قىلىنغان: «كىمكى پەرز نامازلارنى تاشلىماستىن ھەر دائىم ئادا قىلسا، اللە ئۇنىڭغا مۇنداق بەش كارامەتنى ئىنئام قىلىدۇ: بىرىنچى، ئۇنىڭدىن تۇرمۇش قىيىنچىلىقلىرىنى كۆتۈرىۋېتىدۇ؛ ئىككىنچى، قەبرە ئازابىنى كۆتۈرىۋېتىدۇ؛ ئۈچىنچى، نامە - ئەمالىنى ئوڭ قولىغا بېرىدۇ؛ تۆتىنچى، پۇلسىرات كۆۋرۈكىدىن چاقماق تېزلىكىدە ئۆتۈپ كېتىدۇ؛ بەشىنچى، جەننەتكە ھېساب - كىتابسىز كىرىدۇ.

كىمكى نامازغا سۇسلۇق قىلسا، اللە ئۇنى ئون تۆت ئازاب بىلەن ئازابلايدۇ. بۇ ئازابنىڭ بەشى دۇنيادا، ئۈچى سەكراتتا، ئۈچى قەبرىدە، ئۈچى قەبرىدىن چىققاندا بولىدۇ. دۇنيادا بولىدىغان ئازابقا كەلسەك، بىرىنچى، اللە ئۇنىڭ ئۆمرىدىن بەرىكەتنى كۆتۈرىۋېتىدۇ؛ ئىككىنچى، ئۇنىڭ يۈزىدىن سالىھ كىشىلەرنىڭ ئالامىتىنى ئۆچۈرۈپ

[1] تىرمىزى، نەسائى، ئىبنى ماجە، ھاكىم ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

[2] مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، دارىمى، ئەھمەد ۋە دارۇقۇتنى رىۋايەت قىلغان.

تاشلايدۇ؛ ئۈچىنچى، ئۇنىڭ ھېچبىر ئەمەلىگە ساۋاب بەرمەيدۇ؛ تۆتىنچى، ئۇنىڭ دۇئاسى ئاسمانغا ئۆرلىمەيدۇ؛ بەشىنچى، ياخشىلارنىڭ دۇئاسىدا ئۇنىڭ نېسىۋىسى بولمايدۇ. سەكراتتا بولىدىغان ئازابقا كەلسەك، بىرىنچى، ئۇ خارلانغان ھالدا ئۆلىدۇ؛ ئىككىنچى، ئاچ ھالدا ئۆلىدۇ؛ ئۈچىنچى، ئۇسسۇز ھالدا ئۆلىدۇ. گەرچە ئۇ دۇنيا دېڭىزلىرى بىلەن سۇغىرىلسىمۇ، ئۇسسۇزلۇققا قانمايدۇ.

قەبرىدە بولىدىغان ئازابقا كەلسەك، بىرىنچى، قەبرە ئۇنى قىستاپ، پۈتۈن ئەزالىرىنى بىر - بىرىگە كىرىشتۈرىۋېتىدۇ؛ ئىككىنچى، قەبرىسىگە يېقىلغان ئوت ئۇستىدە كېچە - كۈندۈز ئۇياق - بۇياققا ئۆرىلىپ ئازابلىنىدۇ؛ ئۈچىنچى، قەبرىدە ئۇنىڭغا "شۇجائۇل ئەقرەئ" ئىسىملىك بىر يىلان يۆگىشىۋالىدۇ. يىلاننىڭ كۆزلىرى ئوت، تىرناقلىرى تۆمۈر بولۇپ، ھەربىر تىرنىقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىر كۈنلۈك مۇساپىگە تەڭ كېلىدۇ. يىلان ئۆلۈككە گەپ قىلىپ: مەن "شۇجائۇل ئەقرەئ" بولىمەن، - دەيدۇ. ئۇنىڭ ئاۋازى گۈلدۈرمامىدەك چىقىدۇ. ئۇ سۆزىنى داۋام قىلىپ: سەن بامدات نامىزىنى كۈن چىققانغا قەدەر ئوقۇمىغانلىقىڭ ئۈچۈن رەببىم مېنى سېنى چېقىشقا بۇيرىدى. پېشىننى ئەسىرگە، ئەسىرنى شامغا، شامنى خۇپتەنگە ۋە خۇپتەننى بامداتقا كېچىكتۈرۈپ ئوقۇغانلىقىڭ ئۈچۈن رەببىم مېنى سېنى چېقىشقا بۇيرىدى، - دەيدۇ. ئۇنى ھەربىر چاققاندا يەرنىڭ ئاستىغا يەتمىش گەز كىرىپ كېتىدۇ. ئۇ تاكى قىيامەتكىچە يەر تېگىدە ئازابلىنىدۇ. قەبرىدىن چىقىپ، مەھشەرگاھتا توپلانغاندا بولىدىغان ئازابقا كەلسەك، بىرىنچى، ھېساب - كىتابى ئېغىر بولىدۇ؛ ئىككىنچى، اللەنىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ؛ ئۈچىنچى، جەھەننەمگە تاشلىنىدۇ».

يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «نامازغا سەل قارىغان كىشى يۈزىگە ئۈچ قۇر خەت يېزىلغان ھالەتتە مەھشەرگاھقا كېلىدۇ. بىرىنچى قۇرغا: ئى اللەنىڭ ھەققىنى زايا قىلغۇچى! ئىككىنچى قۇرغا: ئى اللەنىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغۇچى! ئۈچىنچى قۇرغا: دۇنيادا اللەنىڭ ھەققىنى زايا قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن بۈگۈن سەن

اللهنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدىڭنى ئۈزگىن! - دېگەن خەتلەر يېزىلغان بولىدۇ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: قىيامەت كۈنى بىر كىشى اللهنىڭ ھۇزۇرىغا كەلتۈرۈلگەندە دوزاخقا تاشلاشقا بۇيرۇلىدۇ. ئۇ: ئى رەببىم! نېمە ئۈچۈن؟ - دەپ سورىغاندا، الله: نامازنى كېچىكتۈرۈپ ئوقۇغانلىقىڭ ۋە مېنىڭ ئىسمىم بىلەن يالغان قەسەم ئىچكەنلىكىڭ ئۈچۈن، - دەپ جاۋاب بېرىدۇ[1].

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كۈنى ساھابىلىرىگە قاراپ: «ئى الله! ئارىمىزدا شەقى ۋە مەھرۇملارنى قويما!» دېدى. ئاندىن: «شەقى ۋە مەھرۇملارنىڭ كىملىكىنى بىلەمسىلەر؟» دەپ سورىدى. ساھابىلەر:

_ ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇ كىمدۇر؟ - دەپ سورىغاندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

_ نامازنى تەرك ئەتكۈچى، - دەپ جاۋاب بەردى[2].

قىيامەت كۈنى يۈزلىرى ئەڭ بۇرۇن قارىداپ كېتىدىغانلارنىڭ نامازنى تەرك ئەتكۈچىلەر ئىكەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. دوزاختا يىلان بىلەن تولغان «مەلھەم» ئىسىملىك بىر ۋادى بار. بۇ ۋادىدىكى ھەربىر يىلاننىڭ بوينى تۆگە بوينىدەك يوغان، ئۇزۇنلۇقى بىر ئايلىق مۇساپىگە تەڭ كېلىدۇ. ئۇ، نامازنى تەرك ئەتكۈچىلەرنى چاقىدۇ، ئۇنىڭ زەھىرى دوزىخنىڭ بەدىنىدە يەتمىش يىل قاينايدۇ، كېيىن ئۇنىڭ بەدىنى پارچىلىنىپ كېتىدۇ[3].

**قىسسە:** بەنى ئىسرائىل قەۋمىدىن بىر ئايال مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

_ ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! مەن بىر چوڭ گۇناھ قىلدىم. ئەمما پۇشايمان قىلىپ اللهقا تەۋبە قىلدىم. اللهقا دۇئا قىلغىن! گۇناھىمنى

[1] بۇ ھەدىسنىڭ سەنەدى ئېنىق ئەمەس ھەم مەشھۇر ھەدىس كىتابلىرىدا تېپىلمايدۇ.

[2] ھەيسەمى نەقىل قىلغان.

[3] ئەھمەد، تەبەرانى ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان.

كەچۈرۈپ، تەۋبەمنى قوبۇل قىلسۇن! - دېدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن:

_ گۇناھىڭ نېمە؟ - دەپ سورىغانىدى، ئۇ:

_ ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! مەن زىنا قىلدىم، بىر بالام بولدى. كېيىن بۇ بالىنى ئۆلتۈردۈم، - دەپ جاۋاب بەردى. بۇنى ئاڭلىغان مۇسا ئەلەيھىسسالام:

_ ئى گۇناھكار! تاشقىرىغا چىق، سېنىڭ شۇملۇقۇڭدىن ئاسماندىن ئوت چۈشۈپ بىزنى كۆيدۈرۈۋەتمىسۇن، - دېدى. ئايال مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدىن كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا چىقىپ كەتتى. شۇ ھامان جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا چۈشۈپ:

_ ئى مۇسا! الله تائالا ساڭا: نېمە ئۈچۈن ئۇ ئايالنىڭ تەۋبىسىنى رەت قىلدىڭ؟ ئۇنىڭدىنمۇ يامان گۇناھ قىلغان كىشىنى بىلمەمسەن؟ دەۋاتىدۇ، - دېدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام:

_ ئى جىبرىئىل! ئۇنىڭدىنمۇ يامان گۇناھ قىلغان كىشى كىم؟
- دەپ سورىغانىدى، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام:

_ بىلىپ تۇرۇپ نامازنى قەستەن تەرك قىلغان كىشى، - دەپ جاۋاب بەردى[1].

*****

**يەنە بىر قىسسە:** ئىلگىرى ئۆتكەن ئۇلۇغلاردىن بىرىنىڭ ھەمشىرىسى ۋاپات بولغان بولۇپ، مېيىتنى كۆمۈش ئەسناسىدا ئۇنىڭ ھەميانى قەبرىگە چۈشۈپ قاپتۇ، ئۇنى ھېچكىم سەزمەپتۇ. ئۇ كىشى ئۆيگە كەلگىنىدە ھەميانىنىڭ چۈشۈپ قالغىنىنى بىلىپ، قەبرىگە قايتىپ كەپتۇ. ئىنسانلار كەتكەندىن كېيىن قەبرىنى ئېچىپ قارىسا، قەبرە ئىچىنىڭ ئوت بىلەن تولغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، قەبرىنى ئېتىۋېتىپ، يىغلىغىنىچە ئانىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ - دە:

[1] ھەيسەمى نەقىل قىلغان. ئەمما ئۇ ئىسرائىلىيات رىۋايەتلىرىدىندۇر.

_ ئـــى ئانـــا! ھەمشـــــرەمنىڭ ئەھـــۋالىنى ۋە نـــېمە ئـــش قىلغانلىقىنى ماڭا ئېيتىپ بەرگىن؟ - دەپتۇ. ئانىسى:

_ نېمە ئۈچۈن مۇنداق سورايسەن؟ - دېگەن ئىكەن، ئۇ:

_ ئـــى ئانـــا! ئۇنـــڭ قەبرىســـدە ئـــوت كۆيۋاتقـــانلىقىنى كـــۆردۈم، - دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئانا يىغلاپ تۇرۇپ:

_ ئـــى ئوغلـــۇم! ھەمشـــرەڭ نامازغـــا ســـەل قـــارايتتى، ۋاقتـــدا ئوقۇمايتتى، - دەپ جاۋاب بېرىپتۇ[1].

نامـــازنى ۋاقتـــدىن كېچىكتـــۈرۈپ ئوقۇيـــدىغانلارنىڭ ھـــالى بـــۇ بولســـا، ئوقۇمايـــدىغانلارنىڭ ھـــالى نـــېمە بـــولار؟! الله تائـــالادىن نامـــازلىرىمىزنى ھەمىشـــە ئـــۆز ۋاقتـــدا ئـــادا قىلىشـــىمىزغا يـــاردەم بېرىشـــنى ســـورايمىز. الله ھەقـــقەتەن ناھـــايىتى ســـېخىي، ناھـــايىتى كەرەملىكتۇر.

*****

نامازنىـــڭ رۇكـــۇ ۋە ســـەجدىلىرىنى تولـــۇق ئـــادا قىلمـــاي، توخـــۇ دان چوقۇغانـــدەك ئـــادا قىلىـــدىغانلارنىڭ جازاســـى ھەققـــدە الله تائـــالا مۇنـــداق دەيـــدۇ: ﴿فَوَيْلٌ لِّلْمُصَلِّينَ الَّذِينَ هُمْ عَن صَلَاتِهِمْ سَاهُونَ﴾ ﴿شـــۇنداق نامـــاز ئوقۇغۇچىلارغـــا ۋايكـــى، ئـــۇلار نامـــازنى غەپـــلەت بـــىلەن ئوقۇيـــدۇ﴾[2]. تەپسىرشۇناســـلارنىڭ بـــۇ ئـــايەتنى: «ئـــۇلار نامـــازنى توخـــۇ دان چوقۇغانـــدەك ئوقۇيـــدىغان، رۇكـــۇ ۋە ســـەجدىلىرىنى تولـــۇق ئـــادا قىلمايدىغانلار» دەپ تەپسىر قىلغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان.

ئەبـــۇ ھـــۇرەيرە رەزىيەللاھـــۇ ئەنھـــۇ مۇنـــداق دەيـــدۇ: بـــىر كىشـــى مەســـجىدكە كـــىردى. ئـــۇ چاغـــدا پەيغەمـــبەر ســـەللەللاھۇ ئەلەيھـــى ۋەســـەللەممۇ مەســـجىدتە نامـــاز ئوقـــۇپ ئولتـــۇراتتى. ئـــۇ كىشـــى نامـــاز ئوقـــۇدى، ئانـــدىن پەيغەمـــبەر ســـەللەللاھۇ ئەلەيھـــى ۋەســـەللەمگە ســـالام بەردى. پەيغەمـــبەر ســـەللەللاھۇ ئەلەيھـــى ۋەســـەللەم ئۇنىـــڭ ســـالىمىغا جـــاۋاب قـــايتۇردى ۋە: «نامـــازنى قايتـــدىن ئوقـــۇ، چـــۈنكى ســـەن نامـــاز ئوقۇمىـــدىڭ» دېـــدى. ئـــۇ كىشـــى قايتـــپ بېرىـــپ نامـــازنى ئالـــدىنقىغا

---

[1] ئىبنى قەييۇم نەقىل قىلغان. ئەمما ئۇمۇ ئىسرائىلىيات رىۋايەتلىرىدىندۇر.

[2] سۈرە مائۇن، 4 - ۋە 5 ـ ئايەتلەر.

ئوخشاش ئوقۇدى. ئاندىن قايتىپ كېلىپ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سالام بەردى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ سالىمىغا جاۋاب قايتۇرۇپ بولۇپ: «نامازنى قايتىدىن ئوقۇ، چۈنكى سەن ناماز ئوقۇمىدىڭ» دېدى. بۇ ئىش ئۈچ قېتىم تەكرارلاندى. ئۈچىنچى قېتىم ئۇ كىشى: سېنى ھەق بىلەن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن زات بىلەن قەسەمكى، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مەن بۇنىڭدىن ياخشى ئوقۇيالمايمەن، ماڭا سەن ئۆگىتىپ قويغىن، - دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا: «ناماز ئوقۇشقا تۇرغان چېغىڭدا تەكبىر ئېيتقىن (يەنى الله ئەكبەر دېگەن ھالدا قول قاققىن). كېيىن قۇرئاندىن ئۆزۈڭگە ئاسان بولغان ئايەتنى ئوقۇغىن، كېيىن ئالدىرىماي ئارامخۇدا ھالەتتە رۇكۇ قىلغىن. كېيىن رۇكۇدىن بېشىڭنى كۆتۈرۈپ راۋۇرۇس تۇرغىن. كېيىن ئالدىرىماستىن ئارامخۇدا ھالدا سەجدە قىلغىن. كېيىن ئالدىرىماستىن ئارامخۇدا ھالدا ئولتۇرغىن. كېيىن ئالدىرىماستىن ئارامخۇدا ھالدا ئىككىنچى سەجدىنى قىلغىن. باشقا نامازلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى مانا مۇشۇنداق ئوقۇغىن»[1] دېدى.

ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «رۇكۇ ۋە سەجدىدە بېلىنى راۋۇرۇس تۈز قىلمىغان كىشىنىڭ نامىزى تولۇق ئادا تاپمايدۇ»[2] دېگەن. يەنە بىر رىۋايەتتە: «رۇكۇ ۋە سەجدىدە دۈمبىسىنى راۋۇرۇس تۈز قىلمىغىچە»[3] دېيىلگەن. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەرىپىدىن كەلگەن بۇ دەلىل پەرز نامازلاردا رۇكۇ ۋە سەجدىدىن كېيىن قەددىنى رۇس تۇتمىغان كىشىنىڭ نامىزىنىڭ باتىل بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئارامخۇدا دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى: سەجدە قىلغاندا، ئولتۇرغاندا ۋە رۇكۇدىن تۇرغاندا بارلىق ئەزالارنىڭ ئۆز ئورنىغا تولۇق قايتىشى دېمەكتۇر.

[1] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

[2] ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسائى، ئىبنى ماجە ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

[3] ئەبۇ داۋۇد، ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

پەيغەمـــبەر ســـەللاللاھۇ ئەلەيھـــى ۋەســـەللەم: «ئوغرىنىـــڭ ئەڭ يـــامىنى نامـــاز ئوغرىســـدۇر» دېگەنىـــدى، ســـاھابىلەر: نامـــازنى قانـــداق ئوغرىلايـــدۇ؟ - دەپ ســـورىدى. پەيغەمـــبەر ســـەللاللاھۇ ئەلەيھـــى ۋەســـەللەم: «رۇكـــۇ، ســـەجدە ۋە قىرائەتنـــى مـــۇكەممەل ئـــادا قىلمايدۇ»[1] دەپ جاۋاب بەردى.

ئەبـــۇ ھـــۇرەيرە رەزىيەللاھـــۇ ئەنھـــۇدىن رىـــۋايەت قىلىنىـــدۇكى، پەيغەمـــبەر ســـەللاللاھۇ ئەلەيھـــى ۋەســـەللەم مۇنـــداق دېـــگەن: «الله تائـــالا رۇكـــۇ بىـــلەن ســـەجدە ئارىســـىدا قەددىنـــى رۇس تۇتمىغـــان كىشـــىگە رەھـــمەت نەزىـــرى بىـــلەن قارىمايـــدۇ»[2]؛ «ئـــۇ، مۇناپىقنىـــڭ نامىزىـــدۇر، ئولتـــۇرۇپ قۇياشـــنى كۈزىتىـــدۇ، ھەتتـــا قۇيـــاش شـــەيتاننىڭ ئىككـــى مۈڭگـــۈزى ئارىســـىغا كەلـــگەن چاغـــدا ئورنىـــدىن تـــۇرۇپ، (توخـــۇ دان چوقۇغانـــدەك) تـــۆت رەكـــئەت نامـــاز ئوقۇيـــدۇ، ئـــۇ بـــۇ نامـــاز ئىچـــدە اللهنى بەكمۇ ئاز ئەسلەيدۇ»[3].

ئەبـــۇ مۇســـا رەزىيەللاھـــۇ ئەنھـــۇ مۇنـــداق دەيـــدۇ: بىـــر كـــۈنى پەيغەمـــبەر ســـەللاللاھۇ ئەلەيھـــى ۋەســـەللەم ســـاھابىلىرىگە نامـــاز ئوقـــۇپ بەرگەنـــدىن كېـــيىن ئولتۇرغانـــدى، بىـــر كىشـــى كىرىـــپ كەلـــدى ۋە نامازغـــا تـــۇرۇپ، رۇكـــۇ - ســـەجدىنى توخـــۇ دان چوقۇغانـــدەك تېـــز ئوقـــۇدى. پەيغەمـــبەر ســـەللاللاھۇ ئەلەيھـــى ۋەســـەللەم: «بـــۇنى كۆرىۋاتامســـىلەر؟ بۇنـــداق ھالـــدا ئۆلســـە، مـــۇھەممەد ســـەللاللاھۇ ئەلەيھـــى ۋەســـەللەمنىڭ مىللىتىنىـــڭ ســـىرتىدا ئـــۆلگەن بولـــدۇ. چـــۈنكى توخۇ دان چوقۇغاندەك ناماز ئوقۇۋاتىدۇ» دېدى[4].

ئـــۆمەر ئىبنـــى خەتتـــاب رەزىيەللاھـــۇ ئەنھـــۇدىن رىـــۋايەت قىلىنىـــدۇكى، پەيغەمـــبەر ســـەللاللاھۇ ئەلەيھـــى ۋەســـەللەم مۇنـــداق دېـــگەن: «ھەرقانـــداق نامـــاز ئوقۇغۇچىنىـــڭ ئـــوڭ تەرىپىـــدە بىـــر، ســـول تەرىپىـــدە بىـــر پەرىشـــتە بولـــدۇ. ئەگەر ئـــۇ نامـــازنى (تەئـــدىل ئەركـــانلىرى بىـــلەن) تولـــۇق ئـــادا قىلســـا، پەرىشـــتىلەر ئۇنىـــڭ نـــامىزنى

---

[1] ئىمام ئەھمەد، دارىمى ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

[2] ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

[3] ئىمام مۇسلىم، تىرمىزى، نەسائى، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد ۋە مالىك رىۋايەت قىلغان.

[4] ئەبۇ بەكر ئىبنى خۇزەيمە، تەبەرانى ۋە ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان.

اللهنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ چىقىدۇ، ئەگەر تولۇق ئادا قىلمىسا، پەرىشتىلەر ئۇنىڭ نامىزىنى ئۆزىنىڭ يۈزىگە ئۇرىدۇ»[1].

ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى تاھارەتنى كامىل ئېلىپ، ئاندىن نامازغا تۇرسا، رۇكۇ ۋە سەجدىلىرىنى تولۇق ئادا قىلىپ، قىرائەتنى مۇكەممەل قىلسا، ناماز ئۇنىڭغا: سەن مېنى زايا قىلماستىن قوغدىغىنىڭدەك، الله سېنى قوغدىسۇن، - دەيدۇ. ئاندىن يورۇغان ۋە نۇر چاچقان ھالدا ئاسمانغا ئۆرلەيدۇ. ئاسمان ئىشىكلىرى ئۇنىڭغا ئېچىلىدۇ. تاكى اللهنىڭ ھۇزۇرىغا بارغاندا، ئىگىسىگە شاپائەت تىلەيدۇ. ئەگەر رۇكۇ، سەجدە ۋە قىرائەتلىرىنى مۇكەممەل قىلمىسا، ناماز ئۇنىڭغا: سەن مېنى زايا قىلغىنىڭدەك، الله سېنى زايا قىلسۇن، - دەيدۇ. ئاندىن قاراڭغۇلۇق باسقان ھالدا ئاسمانغا ئۆرلەيدۇ، ئەمما ئاسماننىڭ ئىشىكلىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن تاقىلىدۇ، كېيىن ناماز ئەسكى كىيىم پۇرلاپ تاشلانغاندەك، ئىگىسىنىڭ يۈزىگە پۇرلاپ تاشلىنىدۇ»[2].

سەلمان فارىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ناماز تارازىغا ئوخشايدۇ، كىمكى تولۇق ئادا قىلسا، ئۇنىڭغىمۇ تولۇق ئادا قىلىنىدۇ، كىمكى كەم ئادا قىلسا (يەنى تارازىنى كەم تۇتسا)، الله تائالانىڭ ئۆلچەمدە ۋە تارازىدا كەم بەرگۈچىلەرگە نېمە دېگەنلىكىنى بىلىسىلەر، الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَيْلٌ لِّلْمُطَفِّفِينَ﴾ ﴿(ئۆلچەمدە ۋە تارازىدا) كەم بەرگۈچىلەرگە ۋاي!﴾[3]».

"مۇتەففىف" دېگەن سۆز: ئۆلچەمدە، كەمچىدە ۋە تارازىدا كەم بەرگۈچى، نامىزىنى مۇكەممەل ئادا قىلمىغۇچى، دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. الله مۇنداق كىشىلەرگە ۋەيلۇن دېگەن دوزاخنى ۋەدە قىلدى. ۋەيلۇن دوزىخى دوزاختىكى بىر ۋادى بولۇپ،

[1] دارۇقۇتنى رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: زەئىپ، - دېگەن.

[2] تەبەرانى ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان، ھەدىسشۇناسلار ئۇنىڭ زەئىپ ھەدىس ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

[3] سۈرە مۇتەففىفىن، 1 ـ ئايەت.

دوزاخنىڭ ئۆزىمۇ اللهقا سىغىنىپ ئۇنىڭ ھارارىتىدىن پاناھ تىلەيدۇ. بىزمۇ اللهقا سىغىنىپ ئۇنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمىز[①].

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «قايسى بىرىڭلار سەجدە قىلسا، يۈزىنى، بۇرنىنى ۋە ئىككى قولىنى يەرگە قويسۇن. الله تائالا ماڭا يەتتە ئەزايىمنى يەرگە تەككۈزۈپ سەجدە قىلىشىمنى بۇيرىدى. (بۇ يەتتە ئەزا): پېشانە ۋە بۇرۇن، ئىككى ئالقان، ئىككى تىز، ئىككى پۇتنىڭ ئۇچلىرىدۇر. ئۇ يەنە چېچىمنى ۋە كىيىمىمنى يىغىۋالماسلىقنى بۇيرىدى. كىمكى ناماز ئوقۇغاندا ھەربىر ئەزانىڭ ھەققىنى تولۇق ئادا قىلمىسا، ئاشۇ ئەزا، ئۇ كىشى نامازنى ئوقۇپ بولغىچە، ئۇنىڭغا لەنەت ئوقۇيدۇ»[②].

ھۇزەيفە ئىبنى يەمانى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رۇكۇ ۋە سەجدىنى تولۇق ئادا قىلماي ناماز ئوقۇغان بىر كىشىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا: سەن ناماز ئوقۇمىدىڭ، سەن نامازنى مۇشۇنداق ئوقۇپ ئۆلسەڭ، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دىنىنىڭ سىرتىدا ئۆلگەن بولىسەن، - دېدى[③].

ئەبۇ داۋۇدنىڭ رىۋايىتىدە، ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭدىن: قانچە يىلدىن بۇيان مۇشۇنداق ناماز ئوقۇۋاتىسەن؟ - دەپ سورىغانىدى، ئۇ: 40 يىلدىن بۇيان، - دېدى. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا: سەن 40 يىلدىن بېرى ناماز ئوقۇماپسەن، ئۆلسەڭ، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دىنىنىڭ سىرتىدا ئۆلگەن بولىسەن، - دېدى[④].

ھەسەن بەسرى رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى ھەر دائىم: «ئى ئادەم بالىسى! قىيامەت كۈنى بىرىنچى بولۇپ سورىلىدىغان ناماز سەندىن يۈز ئۆرىسە، ئۇنىڭدىن باشقا قايسى ئەمەل سېنى اللهنىڭ غەزىپىدىن قۇتقۇزۇپ قالالايدۇ؟» دەيتتى.

---

① غەززالى نەقىل قىلغان.

② بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسائى، ئىبنى ماجە ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

③ بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

④ نەسائى، ئەھمەد ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنى بەندە بىرىنچى بولۇپ نامازدىن سورىلىدۇ. ئەگەر نامىزى تولۇق بولسا، نىجات تاپىدۇ ۋە قۇتۇلىدۇ. تولۇق بولمىسا، زاۋاللىققا يۈزلىنىدۇ ۋە زىيان تارتىدۇ. ئەگەر پەرز ناماز كەملەپ قالسا، الله تائالا: قاراپ بېقىڭلار! بەندەمنىڭ نەپلە نامازلىرى بارمىكىن؟ - دەيدۇ. پەرز نامازنىڭ كەم قالغانلىرىنى نەپلە ناماز بىلەن تولۇقلايدۇ. بەندىنىڭ باشقا ئەمەللىرىمۇ مۇشۇنداق بولىدۇ»[1]. شۇنداق ئىكەن، بەندە كەم قالغان پەرز ئىبادەتلىرىنىڭ نەپلە ئىبادەتلىرى بىلەن تولۇقلىنىشى ئۈچۈن نەپلە ئىبادەتلەرنى كۆپ قىلىشى لازىم. اللهتىن مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمىز.

*****

الله تائالا جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشقا قادىر تۇرۇقلۇق، جامائەتنى تەرك ئەتكەن كىشىنىڭ جازاسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَوْمَ يُكْشَفُ عَن سَاقٍ وَيُدْعَوْنَ إِلَى السُّجُودِ فَلَا يَسْتَطِيعُونَ خَاشِعَةً أَبْصَارُهُمْ تَرْهَقُهُمْ ذِلَّةٌ وَقَدْ كَانُوا يُدْعَوْنَ إِلَى السُّجُودِ وَهُمْ سَالِمُونَ﴾ ﴿ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە) ئىش قىيىنلىشىدۇ. ئۇلار (ئىماننى سىناش ئۈچۈن) سەجدە قىلىشقا چاقىرىلىدۇ. ئۇلار سەجدە قىلالمايدۇ. ئۇلار (قورقۇنچتىن) تىكىلىپ قارىيالمايدۇ. ئۇلارغا خارلىق يۈزلىنىدۇ. ئۇلار (دۇنيادا) ساغلام چاغلىرىدا سەجدىگە دەۋەت قىلىنغان ئىدى (ئۇلار سەجدىدىن باش تارتتى)﴾[2].

ئۇلار ھاياتى دۇنيادا سەجدە قىلىشقا چاقىرىلغاندا، سەجدە قىلمىغانلىقى ئۈچۈن قىيامەت كۈنى ئۇلارنى نادامەت خارلىقى ئورىۋالغان بولىدۇ. ئىبراھىم تەيمى: ئايەتتىكى سەجدىدىن ئەزان ۋە ئىقامەت بىلەن چاقىرىلغان پەرز ناماز مەقسەت قىلىنىدۇ، - دېگەن. سەئىد ئىبنى مۇسەييەب: بۇلار «نامازغا ئالدىراڭلار! نىجاتلىققا ئالدىراڭلار» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلىغان چاغدا ساق -

---

[1] تىرمىزى ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

[2] سۈرە قەلەم، 42 - ۋە 43 - ئايەتلەر.

سالامەت تۇرۇپمۇ، ئىجابەت قىلمىغان (يەنى جامائەت نامىزىغا كەلمىگەن) كىشىلەردۇر، - دېگەن. كەئب ئەھبار: اللە بىلەن قەسەمكى، بۇ ئايەت جامائەتكە چىقمىغان كىشىلەر ھەققىدە نازىل قىلىنغان، - دېگەن. جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇش ئۈچۈن كېلىشكە قادىر تۇرۇپمۇ مەسجىدكە كەلمەي، جامائەتنى تەرك ئەتكەنلەر ئۈچۈن بۇنىڭدىنمۇ قاتتىق تەھدىت بولۇشى مۇمكىنمۇ؟[1]

ئەمما سۈننەتكە نەزەر سالىدىغان بولساق، ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن جامائەتنى ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇسام، تەكبىر ئېيتىلسا، ئاندىن بىر كىشىنى جامائەتكە ئىمام بولۇشقا بۇيرۇسام، ئاندىن بىر قىسىم كىشىلەرگە بىر باغلامدىن ئوتۇن كۆتەرتىپ، جامائەت نامىزىغا كەلمىگەنلەرنىڭ ئۆيلىرىگە بارسام ۋە ئۇلارنى ئۆيلىرى بىلەن قوشۇپ كۆيدۈرۈۋەتسەم دەپ ئويلاپ كېتىمەن»[2]. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازغا چىقمىغان ئەنە شۇ كىشىلەرنى، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىدە مال - ماتالىرى ۋە بالا - چاقىلىرى تۇرسىمۇ، بىر ۋاجىپنى تەرك ئەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۆيلىرى بىلەن قوشۇپ كۆيدۈرۈۋېتىشنى ئويلىغانلىقى بىلەن ئاگاھلاندۇرغان. (مانا بۇ، جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشنىڭ ۋاجىپلىقىغا دەلىلدۇر).

بىر قارىغۇ كىشى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ: ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى! قولۇمدىن تۇتۇپ مەسجىدكە يېتىلەپ بارىدىغان ئادەم يوق، دېدى ۋە نامازنى ئۆيدە ئوقۇشقا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن رۇخسەت سورىدى. ئۇ ئۇنىڭغا رۇخسەت بەردى. ئۇ كىشى ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ كېتىۋاتقاندا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى چاقىرىپ: «نامازغا ئېيتىلغان ئەزاننى ئاڭلامسەن؟» دەپ

[1] سۈيۈتى «ئەددۇررۇل مەنسۇر» ناملىق كىتابىدا: تەۋراتنى مۇساغا، ئىنجىلنى ئىيساغا، زەبۇرنى داۋۇدقا ۋە فۇرقاننى مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە نازىل قىلغان اللەنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇ ئايەت پەرز نامازلار توغرىسىدا نازىل قىلىنغان، - دېگەن.

[2] بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

سورىغانىدى، ئۇ: ھەئە، - دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۇنداقتا ئىجابەت قىلغىن (يەنى جامائەتكە كەلگىن)» دېدى.

ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلىدۇكى، ئەمر ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ: ئى اﷲنىڭ پەيغەمبىرى! مەدىنىدە زەھەرلىك ۋە يىرتقۇچ جانلىقلار كۆپ، مەن بولسام كۆزى ئاجىز ئادەممەن، ئۆيۈم مەسجىدتىن ناھايىتى يىراق، مېنى يېتىلەيدىغان ئادەم بەزىدە يوق بولۇپ قالىدۇ، شۇڭا نامازنى ئۆيۈمدە ئوقۇشقا رۇخسەت بارمۇ؟ - دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئەزاننى ئاڭلامسەن؟» دەپ سورىغانىدى، ئۇ: ھەئە، - دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۇنداقتا ئىجابەت قىلغىن (يەنى مەسجىدكە كەلگىن). مەن ساڭا ئۇچۇن رۇخسەت بېرەلمەيمەن» دېدى[1].

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆزى كۆرمەيدىغانلىقىدىن شىكايەت قىلغان، مەسجىدكە كېلىش ئەسناسىدا مۇشەققەت چېكىپ قالىدىغان، مەسجىدكە يېتىلەپ كېلىدىغان ئادىمى بولمىغان بۇ كىشىگە ئۆيىدە ناماز ئوقۇشقا رۇخسەت بەرمىگەن تۇرسا، كۆزى ۋە تېنى ساغلام، ھېچقانداق ئۆزرىسى يوق كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى قانداق بولار؟!

شۇڭا، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن كۈندۈزى روزا تۇتۇپ، كېچىسى قىيامدا تۇرىدىغان، ئەمما جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇمايدىغان ۋە جامائەتكە ئارىلاشمايدىغان كىشىنىڭ ھالى ھەققىدە سورالغاندا، ئۇ: ئەگەر ئۇ مۇنداق ھالەتتە ئۆلۈپ كەتسە، دوزاختا كىرىدۇ، - دەپ جاۋاب بەرگەن[2].

---

[1] ئىمام مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسائى رىۋايەت قىلغان.

[2] ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئادەم بالىسىنىڭ ئەزانى ئاڭلاپ تۇرۇپ، ئىجابەت قىلمىغىنىدىن قۇلىقىغا ئېرىتىلگەن قوغۇشۇن قويۇلىشى ياخشىراقتۇر، - دېگەن[1].

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى نامازغا چاقىرغان ئەزاننى ئاڭلىسا، ئۇنى ئۆزرىدىن باشقا نەرسە نامازغا كېلىشتىن توسۇپ قالالمايدۇ» دېدى. ساھابىلەر: ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! قانداق نەرسە ئۆزرە بولىدۇ؟ - دەپ سورىغاندى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بىرەر خېيىم – خەتەردىن قورقۇش ياكى كېسەللىك. بۇنىڭدىن باشقا ھالدا (ئۆيدە) ناماز ئوقۇغان كىشىنىڭ نامىزى قوبۇل قىلىنمايدۇ» دەپ جاۋاب بەردى[2].

ئىمام ھاكىم «مۇستەدرەك» ناملىق كىتابىدا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىشىچە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «الله تائالا ئۈچ تۈرلۈك كىشىگە لەنەت قىلىدۇ. بىرى، جامائەت ياقتۇرمىسىمۇ ئۇلارغا ئىمام بولىۋالغان كىشى؛ يەنە بىرى، ئېرىنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ تاڭ ئاتقۇزغان ئايال؛ ئۈچىنچى، "نامازغا ئالدىراڭلار! نىجاتلىققا ئالدىراڭلار!" دېگەن ئەزاننى ئاڭلاپ تۇرۇپ، ئىجابەت قىلمىغان كىشى»[3].

ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: مەسجىدكە قوشنا ئولتۇرغان كىشىنىڭ مەسجىدتىن باشقا يەردە ئوقۇغان (پەرز) نامىزى قوبۇل قىلىنمايدۇ، - دېگەنىدى، ھەمراھلىرى: قانداق كىشى مەسجىدكە قوشنا ئولتۇرغان بولىدۇ؟ - دەپ سورىدى. ئۇ: ئەزاننى ئاڭلىغان كىشى، - دەپ جاۋاب بەردى[4].

---

[1] ئىراقى نەقىل قىلغان.

[2] ئەبۇ داۋۇد ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: زەئىپ، - دېگەن.

[3] تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

[4] دارۇقۇتنى رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەنەدى زەئىپ، - دېگەن.

سەھىھ بۇخارىدا ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: قىيامەت كۈنى قانداق كىشىنى ئاللاھقا مۇسۇلمان ھالدا يولۇقۇش خۇرسەن قىلسا، ئەنە شۇ بەش ۋاخ نامازنى ھەمىشە ئەزان چىققان ھامان ئادا قىلىشقا رىئايە قىلسۇن، ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىڭلارغا ھىدايەت يوللىرىنى بىلدۈردى. بەش ۋاخ نامازمۇ ھىدايەت يوللىرىدىندۇر. ئەگەر سىلەر نامازنى جامائەتكە چىقماي، ئۆيدە ئوقۇيدىغان ئادەمگە ئوخشاش ئۆيۈڭلاردا ئوقۇساڭلار، پەيغەمبىرىڭلارنىڭ يولىنى تەرك ئەتكەن بولىسىلەر. ئەگەر پەيغەمبىرىڭلارنىڭ يولىنى تەرك ئەتسەڭلار، ئەلۋەتتە ئېزىپ كېتىسىلەر. مەن بىزنىڭ دەۋرىمىزدە ئاشكارا مۇناپىق ياكى كېسەل كىشىدىن باشقىلارنىڭ جامائەتتىن قالمايدىغانلىقىنى كۆرەتتىم. ھەتتا كېسەل كىشىمۇ جامائەت نامىزىنى دەپ، ئىككى ئادەمنىڭ قولتۇقلىشىدا مەسجىدكە ئېلىپ كېلىپ سەپكە تۇرغۇزۇپ قويۇلاتتى[①].

رەبىئ ئىبنى خەيسەم پالەج بولۇپ قالغانىدى. ئۇ شۇنداق تۇرۇپمۇ، ئىككى كىشىنىڭ قولتۇقلىشىدا مەسجىدكە كېلەتتى. ئۇنىڭغا: ئى رەبىئ! سەن ئۆزرىلىكسەن، نامازنى ئۆيىڭدە ئوقۇشۇڭ ئۈچۈن رۇخسەت بېرىلگەن دېيىلگەندە، ئۇ: ھەئە دېگىنىڭلار توغرا، ئەمما مەن مۇئەززىننىڭ «نامازغا ئالدىراڭلار! نىجاتلىققا ئالدىراڭلار!» دېگەنلىكىنى ئاڭلاۋاتىمەن. شۇڭا، ئۆمىلەپ بولسىمۇ كېلىشكە قادىر بولالىغان كىشى كەلسۇن، - دېدى.

ھاتەم ئەسەم: «مەن بىر قېتىم جامائەت نامىزىنى قولدىن بېرىپ قويدۇم. پەقەت ئەبۇ ئىسھاق بۇخارىلا ماڭا تەسەللى بەردى. ئەگەر بىر بالام ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئون مىڭدىن كۆپ ئىنسان پەتىگە كەلگەن بولاتتى، چۈنكى خەلق نەزىرىدە دىنغا كەلگەن مۇسىبەت دۇنيالىققا كەلگەن مۇسىبەتتىن يەڭگىلراقتۇر» دېگەن ئىكەن.

ئىبنى ئۆمەر مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىگە قاراشلىق خورمىزارلىققا بېرىپ قايتىپ كەلسە، جامائەت

① ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسائى، ئىبنى ماجە ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

ئەسىر نامىزنى ئوقۇپ بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، مۇسىبەت يەتكەندە ئوقۇلىدىغان: «ئىننا لىللاھى ۋە ئىننا ئىلەيھى راجىئۇن (بىز اللهنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز، چوقۇم ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز)» دېگەن ئايەتنى ئوقۇپتۇ ۋە: ئەسىر نامىزنى جامائەت بىلەن ئوقۇيالمىدىم، ھەممىڭلارنى گۇۋاھ قىلىمەنكى، قىلمىشىمغا كەففارەت بولۇش ئۈچۈن بېغىمنى كەمبەغەللەرگە سەدىقە قىلىۋېتىمەن، - دەپتۇ[1].

*****

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خۇپتەن ۋە بامدات نامىزنى جامائەت بىلەن ئوقۇشقا قاتتىق ئەھمىيەت بېرەتتى. شۇڭا ئۇ: «خۇپتەن بىلەن بامداتتىن ئىبارەت بۇ ئىككى ناماز مۇناپىقلارغا ئەڭ ئېغىر كېلىدۇ. ئەگەر (كىشىلەر) بۇ ئىككى نامازنىڭ جامائەتتىكى ساۋابىنى بىلسە ئىدى، ئۇنىڭغا ئۆمىلەپ بولسىمۇ كەلگەن بولاتتى»[2] دېگەن. ئىبنى ئۆمەر مۇنداق دەيدۇ: «بىزدىن بىرەر كىشى خۇپتەن بىلەن بامدات نامىزىغا قاتنىشالمىسا، بىز: ئۇ مۇناپىق ئوخشايدۇ، دەپ ئۇنىڭ ھەققىدە يامان گۇمان قىلاتتۇق»[3].

*****

**قىسسە:** ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر قەۋارىيرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: خۇپتەن نامىزنى جامائەت بىلەن ئوقۇشنى ھېچقاچان قولدىن بەرمىگەن ئىدىم. بىر ئاخشىمى مېھمان كېلىپ قالدى، مەن ئۇنىڭ بىلەن مەشغۇل بولۇپ قېلىپ، خۇپتەن نامىزنى جامائەت بىلەن ئوقۇيالماي قالدىم. شۇڭا مەن بەسرە مەسجىدلىرىدىن بىرىدە تېخى خۇپتەن نامىزنى جامائەت بىلەن ئوقۇۋاتقان كىشىلەر بولسا ئەجەپ ئەمەس، دېگەن ئۈمىتتە ئىزدەشكە باشلىدىم. ئەمما تولىمۇ ئەپسۇسكى، ھەممە ئىنسانلار نامىزنى ئوقۇپ، مەسجىدلەر تاقىلىپ بولغان ئىدى. ئۆيۈمگە قايتىپ كېلىپ، ئۆز ـ ئۆزەمگە: ھەدىستە جامائەت بىلەن ئوقۇلغان

[1] ھەيسەمى نەقىل قىلغان.
[2] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.
[3] ھەيسەمى: بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان، - دېگەن.

نامازنىڭ ساۋابى يالغۇز ئوقۇلغان نامازدىن 27 ھەسسە ئارتۇق دېيىلگەن ئەمەسمۇ؟ دەپ خۇپتەن نامىزىنى 27 قېتىم ئوقۇدۇم. كېيىن ياتتىم، چۈشۈمدە گويا مەن ئاتلىقلار ئارىسىدا بىر ئاتنىڭ ئۈستىدە تۇراتتىم. مۇسابىقە قىلىۋاتاتتۇق، مەنمۇ ئېتىمنى چاپتۇرىۋاتاتتىم، ئەمما ئۇلارغا يېتىشەلمەيتتىم، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرسى ماڭا:

— ئېتىڭنى قىينىما، بىزگە يېتىشەلمەيسەن، - دېدى. مەن:

— نېمە ئۈچۈن؟ - دېدىم. ئۇ:

— چۈنكى بىز خۇپتەن نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇدۇق، سەن بولساڭ يالغۇز ئوقۇدۇڭ، - دېدى. شۇ چاغدا مەن ئويغىنىپ كەتتىم. ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆڭلۈم تولىمۇ يېرىم بولدى[1]. الله تائالادىن ياردەم ۋە تەۋفىق تىلەيمىز. ئۇ ناھايىتى سېخىي، ناھايىتى كەرەملىكتۇر.

[1] بۇنىڭغا ئوخشاش قىسسىلەرگە ئەمەل قىلىشقا بولمايدۇ.

## بەشىنچى چوڭ گۇناھ:

# زاكات بەرمەسلىك

ﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلاَ يَحْسَبَنَّ الَّذِينَ يَبْخَلُونَ بِمَا آتَاهُمُ اللّهُ مِن فَضْلِهِ هُوَ خَيْرًا لَّهُمْ بَلْ هُوَ شَرٌّ لَّهُمْ سَيُطَوَّقُونَ مَا بَخِلُواْ بِهِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ﴾ ﴿ﷲ ئۆز پەزلىدىن بەرگەن نەرسىلەرگە (يەنى پۇل ـ مالغا) بېخىللىق قىلىدىغانلار بېخىللىقنى ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ گۇمان قىلمىسۇن، ئەمەلدە بۇ ئۇلار ئۈچۈن زىيانلىقتۇر. ئۇلارنىڭ بېخىللىق قىلغان نەرسىسى قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ بوينىغا تاقاق قىلىپ سېلىنىدۇ﴾[1]؛ ﴿وَوَيْلٌ لِّلْمُشْرِكِينَ الَّذِينَ لَا يُؤْتُونَ الزَّكَاةَ﴾ ﴿مۇشرىكلارغا ۋاي! ئۇلار زاكات بەرمەيدۇ﴾[2]. ﷲ تائالا بۇ ئايەتتە زاكات بەرمىگەنلەرنى مۇشرىكلار دەپ ئاتىدى.

ﷲ تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالَّذِينَ يَكْنِزُونَ الذَّهَبَ وَالْفِضَّةَ وَلاَ يُنفِقُونَهَا فِي سَبِيلِ اللّهِ فَبَشِّرْهُم بِعَذَابٍ أَلِيمٍ يَوْمَ يُحْمَى عَلَيْهَا فِي نَارِ جَهَنَّمَ فَتُكْوَى بِهَا جِبَاهُهُمْ وَجُنوبُهُمْ وَظُهُورُهُمْ هَذَا مَا كَنَزْتُمْ لأَنفُسِكُمْ فَذُوقُواْ مَا كُنتُمْ تَكْنِزُونَ﴾ ﴿ئالتۇن ـ كۈمۈش يىغىپ، ئۇنى ﷲنىڭ يولىدا سەرپ قىلمايدىغانلارغا (دوزاختا بولىدىغان) قاتتىق ئازاب بىلەن بىشارەت بەرگىن. ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) ئۇ ئالتۇن ـ كۈمۈشلەر جەھەننەمنىڭ ئوتىدا قىزىتىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ پېشانىلىرى، يانلىرى ۋە دۈمبىلىرى داغلىنىدۇ. ئۇلارغا: «بۇ سىلەرنىڭ ئۆزەڭلار ئۈچۈن يىغقان ئالتۇن ـ كۈمۈشۈڭلار (سىلەر بۇ دۇنيايىڭلاردىكى ﷲنىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىدىڭلار). يىغقان ئالتۇن ـ كۈمۈشۈڭلارنىڭ ۋابالىنى تېتىڭلار» دېيىلىدۇ﴾[3].

---

[1] سۈرە ئالى ئىمران، 180 ـ ئايەت.
[2] سۈرە فۇسسىلەت، 6 ـ ۋە 7 ـ ئايەتلەر.
[3] سۈرە تەۋبە، 34 ـ ۋە 35 ـ ئايەتلەر.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «زاكىتى بېرىلمىگەن ئالتۇن - كۈمۈش قىيامەت كۈنى ئوتتىن ياپىلاق تاش ھالىتىگە كەلتۈرۈلۈپ، جەھەننەم ئوتىدا قىزىتىلىدۇ. ئاندىن ئىگىسىنىڭ (زاكات بەرمىگەن كىشىنىڭ) پېشانىسى، ئىككى بىقىنى ۋە دۈمبىسى داغلىنىدۇ. بۇ ياپىلاق تاشلار ھەر قېتىم سوۋۇشقا باشلىسا، قايتا قىزىتىلىپ، مىقدارى دۇنيا كۈنلىرىدىن 50 مىڭ يىلغا تەڭ كېلىدىغان قىيامەت كۈنىدە الله تائالا خەلق ئارىسىدا ھۆكۈم چىقارغان ۋە ئاشۇ ئالتۇن – كۈمۈشنىڭ ئىگىسى يولىنىڭ يا جەننەت، يا دوزاخ ئىكەنلىكىنى كۆرگەنگە قەدەر داۋاملىق داغلىنىپ تۇرىدۇ» دېدى. شۇ چاغدا ساھابىلەر: ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى! تۆگە (ئىگىسى)چۇ؟ - دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ھەرقانداق تۆگە ئىگىسى تۆگىسىنىڭ زاكىتىنى بەرمىسە، قىيامەت كۈنىدە تۈپتۈز بىر يەرگە ياتقۇزۇلىدۇ. ئاندىن تۆگىلەر بىرىمۇ قالماي كېلىپ تۇياقلىرى بىلەن ئۇ كىشىنى دەسسەيدۇ، چىشلىرى بىلەن چىشلەيدۇ. ئالدىنقىسى دەسسەپ ۋە چىشلەپ ئۆتۈپ بولسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە قايتۇرۇلىدۇ. بۇ ھالەت دۇنيا كۈنلىرىدىن 50 مىڭ يىلغا تەڭ كېلىدىغان قىيامەت كۈنىدە الله ئىنسانلار ئارىسىدا ھۆكۈم چىقارغانغا قەدەر داۋام قىلىدۇ. (ھۆكۈم چىقىرىلىپ بولغاندىن كېيىن) يولىنىڭ يا جەننەت، يا دوزاخ ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. ساھابىلەر يەنە: ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى! كالا بىلەن قوي (ئىگىلىرى)چۇ؟ - دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كالا ۋە قوي ئىگىلىرىمۇ زاكىتىنى بەرمىسە، قىيامەت كۈنىدە تۈپتۈز بىر يەرگە ياتقۇزۇلىدۇ. ئاندىن ئۇ ھايۋانلار ئىگىلىرىنى ئۈسىدۇ، تۇياقلىرى بىلەن پېتىقلايدۇ، ئۇلارنىڭ مۈڭگۈزلىرى ئەگرى ۋە چولاق ئەمەس (يەنى ھەممىسىنىڭ مۈڭگۈزلىرى ساغلام ۋە ئەيىبسىزدۇر)، ئالدىنقىسى ئۆتۈپ بولسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە قايتۇرۇلىدۇ. بۇ ھالەت دۇنيا كۈنلىرىدىن 50 مىڭ يىلغا تەڭ كېلىدىغان قىيامەت كۈنىدە الله ئىنسانلار ئارىسىدا ھۆكۈم چىقارغانغا قەدەر داۋام قىلىدۇ. (ھۆكۈم چىقىرىلىپ

بولغاندىن كېيىن) يولىنىڭ يا جەننەت، يا دوزاخ ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ»[1] دەپ جاۋاب بەردى.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «دوزاخقا ئۈچ تۈرلۈك كىشى دەسلەپتە كىرىدۇ. بىرىنچىسى، زالىم پادىشاھ؛ ئىككىنچىسى، مېلىدىن اللهنىڭ ھەققىنى ئۆتىمەيدىغان باي؛ ئۈچىنچىسى، تەكەببۇر كەمبەغەل»[2].

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: اللهنىڭ ئۆيىنى زىيارەت قىلىشقا يېتەرلىك مېلى تۇرۇقلۇق ھەج قىلمىغان ھەمدە مېلى نىسابقا يەتكەن تۇرۇقلۇق زاكات بەرمىگەن كىشى ئۆلۈم پەيتىدە (دۇنيا ھاياتىغا) قايتىشنى خالايدۇ، ـ دېگەنىدى، شۇ چاغدا بىر كىشى ئۇنىڭغا: ئى ئىبنى ئابباس! اللهتىن قورقىن، پەقەت كاپىرلا قايتىشنى خالايدۇ، ـ دەپ ئېتىراز بىلدۈردى. بۇنى ئاڭلىغان ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېدى: مەن ساڭا قۇرئاندىن دەلىل كەلتۈرۈپ بېرەي، الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَنفِقُوا مِن مَّا رَزَقْنَاكُم مِّن قَبْلِ أَن يَأْتِيَ أَحَدَكُمُ الْمَوْتُ فَيَقُولَ رَبِّ لَوْلَا أَخَّرْتَنِي إِلَىٰ أَجَلٍ قَرِيبٍ فَأَصَّدَّقَ وَأَكُن مِّنَ الصَّالِحِينَ﴾ ﴿بىرىڭلارغا ئۆلۈم كېلىپ: «پەرۋەردىگارىم! نېمىشقا مېنى (يەنى ئەجىلىمنى) بىرئاز كېچىكتۈرمىدىڭ، سەدىقە قىلىپ ياخشىلاردىن بولار ئىدىم» دېيىشتىن بۇرۇن، ئۆزەڭلارغا رىزىق قىلىپ بېرىلگەن نەرسىلەرنى سەدىقە قىلىڭلار﴾[3].

ئايەتتىكى: «سەدىقە قىلىپ» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى: زاكات بېرىپ، دېگەن بولىدۇ. ياخشىلاردىن بولار ئىدىم، دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى: ھەج قىلار ئىدىم، دېگەن بولىدۇ.

كىشىلەر ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن:

_ قانچىلىك مالغا زاكات ۋاجىپ بولىدۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇ:

_ مال ئىككى يۈز تەڭگىگە يەتكەندە زاكات ۋاجىپ بولىدۇ، دېدى. ئۇلار:

---

[1] مۇسلىم، ئەھمەد ۋە نەسائى رىۋايەت قىلغان.

[2] ھاكىم رىۋايەت قىلغان. ئەمما سەنەدى زەئىپتۇر.

[3] سۇرە مۇنافىقۇن، 10 ـ ئايەت.

_ ھەجنى نېمە ۋاجىپ قىلىدۇ؟ - دەپ سورىغانىدى، ئۇ:

_ بىرىپ كېلىش خىراجىتىگە يەتكىدەك پۇل ۋە مىنىدىغان ئۇلاغ[1]، - دەپ جاۋاب بەردى.

ئاياللارنىڭ ئىشلىتىشى ئۈچۈن ياسالغان ۋە شەرىئەتتە جايىز دېيىلگەن زىننەت بويۇملىرىغا زاكات كەلمەيدۇ، تىجارەت ياكى كىرا ئۈچۈن ياسالغان زىننەت بويۇملىرىغا زاكات ۋاجىپ بولىدۇ. تىجارەت ماللىرىنىڭ قىممىتىدىن زاكات بېرىش پەرزدۇر.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمگە الله مال بېرىپ، ئۇ، مېلىنىڭ زاكىتىنى ئادا قىلمىغان بولسا، قىيامەت كۈنى زاكىتىنى بەرمىگەن مېلى قوش نەشتەرلىك، زەھەرلىك، ئەركەك، تاز يىلانغا ئايلىنىپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلىدۇ. قىيامەت كۈنى يىلان ئۇنىڭغا يۆگىشىۋېلىپ، ئىككى جالغىيىدىن قاماللاپ تۇرۇپ: مەن سېنىڭ مېلىڭمەن، مەن سېنىڭ خەزىنەڭمەن، - دەيدۇ»[2]. ئاندىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇغان: ﴿وَلاَ يَحْسَبَنَّ الَّذِينَ يَبْخَلُونَ بِمَا آتَاهُمُ اللّهُ مِن فَضْلِهِ هُوَ خَيْرًا لَّهُمْ بَلْ هُوَ شَرٌّ لَّهُمْ سَيُطَوَّقُونَ مَا بَخِلُواْ بِهِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ﴾ ﴿الله ئۆز پەزلىدىن بەرگەن نەرسىلەرگە (يەنى پۇل - مالغا) بېخىللىق قىلىدىغانلار بېخىللىقنى ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ گۇمان قىلمىسۇن. ئەمەلىدە بۇ ئۇلار ئۈچۈن زىيانلىقتۇر. ئۇلارنىڭ بېخىللىق قىلغان نەرسىسى قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ بوينىغا تاقاق قىلىپ سېلىنىدۇ﴾[3].

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ زاكاتنى بەرمىگەنلەر ھەققىدە الله تائالانىڭ: ﴿يَوْمَ يُحْمَى عَلَيْهَا فِي نَارِ جَهَنَّمَ فَتُكْوَى بِهَا جِبَاهُهُمْ وَجُنوبُهُمْ وَظُهُورُهُمْ﴾ ﴿ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) ئۇ ئالتۇن - كۈمۈشلەر جەھەننەمنىڭ ئوتىدا قىزىتىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ

[1] تىرمىزى رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: زەئىپ، - دېگەن.

[2] بۇخارى ۋە نەسائى رىۋايەت قىلغان.

[3] سۈرە ئال ئىمران، 180 ـ ئايەت.

پىشانىلىرى، يانلىرى ۋە دۈمبىلىرى داغلىنىدۇ﴾[1] دېگەن سۆزى توغرىسىدا توختىلىپ: تىللا تىللا ئۈستىگە، تەڭگە تەڭگە ئۈستىگە قويۇلماستىن، بەلكى زاكاتنى بەرمىگەنلەرنىڭ تېرىسى (ئازابنى تېخىمۇ تېتىسۇن ئۈچۈن) كېڭەيتىلىپ، كېڭەيتىلگەن بەدەنگە تەكشى جايلاشتۇرىلىدۇ، - دېگەن[2].

ئەگەر بىرى: داغلاش نېمە ئۈچۈن پېشانە، بېقىن ۋە دۈمبىگە خاس قىلىندى؟ - دەپ سوراپ قالسا، ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بېرىلىدۇ: بېخىل باي كەمبەغەلنى كۆرگەندە يۈزىنى ئۆرۈيدۇ، قاپىقىنى تۈرىدۇ، بېقىنىنى چىقىرىدۇ، ئۇنىڭغا يېقىنلاشقاندا ئارقىسىنى قىلىۋالىدۇ. جازا ئەمەلنىڭ ئۆز تېپىدىن بولىدۇ دېگەن قائىدىگە ئاساسەن، ئۇنىڭ ئاشۇ ئەزالىرى جازالىنىدۇ.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بەشكە بەش بولىدۇ» دېگەنىدى، ساھابىلەر: ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! بەشكە بەش دېگەن نېمە؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بىرىنچى، قانداق بىر قەۋم ئەھدىنى بۇزغان چاغدا، الله ئۇلارغا دۈشمىنىنى مۇسەللەت قىلىپ قويىدۇ؛ ئىككىنچى، ئۇلار الله نازىل قىلغان ھۆكۈمدىن باشقا نەرسە بىلەن ھۆكۈم قىلغان چاغدا، ئارىلىرىدا نامراتلىق تارقاپ كېتىدۇ؛ ئۈچىنچى، ئۇلار ئارىسىدا پاھىشىۋازلىق يامراپ كەتسە، الله ئۇلارغا ۋابا كېسىلى بېرىدۇ (يەنى ئۆلۈم - يىتىم كۆپىيىپ كېتىدۇ)؛ تۆتىنچى، ئەگەر ئۇلار ئۆلچەم ۋە تارازىنى كەم تۇتسا، زىرائەتتىن مەھرۇم قىلىنىپ، يىللارچە قۇرغاقچىلىققا دۇچ كېلىدۇ؛ بەشىنچى، ئەگەر ئۇلار زاكاتنى بەرمىسە، يامغۇردىن مەھرۇم قالىدۇ (يەنى الله ئۇلارغا يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرمەيدۇ)»[3] دەپ جاۋاب بەردى.

**ۋەز ـ نەسىھەت:** دۇنيادا غۇرۇر ۋە كىبىرگە غەرق بولغانلارغا ئېيتقىنكى، ئۇلار ئەتە بولىدىغان پالاكەتنى ئويلىسۇن. يىغقان مال

---

[1] سۈرە تەۋبە، 35 ـ ئايەت.

[2] ھەيسەمى: بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان، - دېگەن.

[3] ھەيسەمى بۇ ھەدىسنى «مەجمەئۇززەۋائىد» ناملىق كىتابىدا نەقىل قىلغان ۋە: تەبەرانى رىۋايەت قىلغان، - دېگەن. ئەلبانى: ھەسەن، - دېگەن.

- دۇنيالىرى ئۇلارغا پايدا بەرمەيدۇ. ئۇلار ھەزەر قىلىشقا تېگىشلىك ئازاب چوقۇم كېلىدۇ، ﴿يَوْمَ يُحْمَى عَلَيْهَا فِي نَارِ جَهَنَّمَ فَتُكْوَى بِهَا جِبَاهُهُمْ وَجُنوبُهُمْ وَظُهُورُهُمْ﴾ ﴿ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) ئۇ ئالتۇن - كۈمۈشلەر جەھەننەمنىڭ ئوتىدا قىزىتىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ پېشانىلىرى، يانلىرى ۋە دۈمبىلىرى داغلىنىدۇ﴾. بۇ قاتتىق ئازاب ئۇلارنىڭ دىللىرىدىن ۋە ئەقىللىرىدىن قانداقمۇ چىقىپ كەتتى؟ ئۇ كۈندە ئۇلارنىڭ مال – دۇنياسى ئېلىپ كېلىنىپ، دوزاخنىڭ داش قازىنىغا تاشلىنىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭدا قىزىتىلىپ، ئۇلارنىڭ تېرىلىرى ئومۇمىيۈزلۈك داغلىنىشى ئۈچۈن، ياپىلاق ھالەتكە كەلتۈرۈلىدۇ. ئاندىن ئۇلار ھىدايەتتىن مەھرۇم قالغانلارنىڭ قېشىغا ئېلىپ كېلىنىدۇ. ئۇلار قېچىپ، نۇرى ئۆچۈرۈلگەنلەرنىڭ قېشىغا كېلىدۇ. ئاندىن جەھەننەمدە پېشانىلىرى، بېقىنلىرى ۋە دۈمبىلىرى داغلىنىدۇ.

دۇنيادىكى چاغدا ئۇلارغا بىر كەمبەغەل يولۇقۇپ قالسا، دەشنام يەيتتى. ئۇلاردىن بىر نەرسە سورىسا، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چىقىپ كېتەتتى. بىر نەرسە بەرگەن چېغىدا بولسا، بۇنىڭ ئۈچۈن بىرىۋاتىمەن، - دەپ قايتا - قايتا تەكىتلەيتتى. ئەگەر رەببىڭ خالىسا ئىدى، كەمبەغەلنى باي، باينى كەمبەغەل قىلىپ قوياتتى. ئۇلار الله تائالانىڭ بۇ ئادەمنى باي، ئۇ ئادەمنى كەمبەغەل قىلىشتىكى ھېكمىتىنى ئۇنتۇپ قالغانىدى. تولىمۇ ئەپسۇسكى، ئۇلارنى قەبرىلىرى قىستىغان ئاشۇ كۈندە قاتتىق ھەسرەت چېكىدۇ. ئۇلارنىڭ مىراسخورلىرى ھېچقانداق تەر تۆكمەستىن ئۇلارنىڭ مال - دۇنيالىرىغا ئىگە بولىدۇ. ئەمما ئۇلار تاپقان مال - دۇنياسىدىن بىرمۇبىر ھېساب بېرىدۇ. مالنى نەدىن ۋە قانداق قىلىپ قولغا كەلتۈرگەنلىكى ھەققىدە سورىلىدۇ. مېۋىسى مىراسخورلارنىڭ، تىكىنى بولسا، ئۇلارنىڭ بولىدۇ. جەھەننەم ئوتىدا پېشانىلىرى، بېقىنلىرى ۋە دۈمبىلىرى داغلىنىدىغان ئۇ كۈندە مال – دۇنيا توپلىغانلارنىڭ ئەقىللىرى ۋە مال – دۇنياغا بولغان ھېرىسمەنلىكى قەيەردە قالار؟...

كاشكى، ئۇلارنى باي بولغان چاغلىرىدا بېخىللىق قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن ئوڭ ۋە سول قوللىرى بىر - بىرگە باغلانغان ھالدا دوزاخنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا، ئالتۇن – كۈمۈشنىڭ چوغلىرى ئۈستىدە ئۇياقتىن بۇياققا دۇمىلاپ پۇچىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرسەڭ ئىدىڭ! كاشكى، ئۇلارنىڭ پېشانىلىرى، بېقىنلىرى ۋە دۈمبىلىرى جەھەننەم ئوتىدا داغلىنىدىغان ئۇ كۈندە جەھەننەمنىڭ قايناق سۇلىرىنى قاتتىق ئىگراش ئىچىدە ئىچكەنلىكىنى كۆرسەڭ ئىدىڭ!؟ ئۇلارغا دۇنيادىكى چاغدا قانچىلىغان قېتىم ۋەز - نەسىھەت قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلاردىن ئۇنى ئاڭلايدىغان كىشىنى تاپقىلى بولمايتتى. ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قانچە قېتىم ئاگاھلاندۇرۇلغان بولسىمۇ، ئۇلار ئارىسىدا قورققان كىشىنى تاپقىلى بولمايتتى. زاكات بەرمىگەنلەرنىڭ بېشىغا كېلىدىغان مۇسىبەتلەر ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇلغان بولسىمۇ، ئۇلار ئىچىدە زاكات بېرىدىغان كىشىنى تاپقىلى بولمايتتى. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ پېشانىلىرى، بېقىنلىرى ۋە دۈمبىلىرى جەھەننەم ئوتىدا داغلىنىدىغان ئۇ كۈندە مال – دۇنيالىرى قوش نەشتەرلىك تاز يىلانغا ئايلىنىدۇ. ئۇ ھەرگىزمۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاسىسى ئەمەس!

*****

**قىسسە:** مۇھەممەد ئىبنى يۇسۇف فەريابى مۇنداق دەيدۇ: مەن بىرقانچە دوستلىرىم بىلەن بىرگە سىنان ھەزرەتلىرىنى زىيارەت قىلىشقا باردىم. ھۇزۇرىغا كىرىپ يېنىدا ئولتۇرغىنىمىزدا، ئۇ: ئەمدى تۇرۇڭلار، بىر تۇغقىنى ئۆلۈپ قالغان قوشنىمىزنى زىيارەت قىلىپ، ئۇنى پەتە قىلايلى، - دېدى. بىز تۇرۇپ ئۇ كىشىنىڭ ئۆيىگە كىردۇق. ئۇ قېرىندىشىغا ئىچ ئاغرىتىپ، قاتتىق يىغلاپ ئولتۇرغانىكەن. ئولتۇرۇپ تەسەللى بېرىشكە باشلىدۇق ۋە تەزىيەمىزنى بىلدۈردۇق. ئەمما ئۇ تەسەللى ۋە تەزىيەمىزنى قوبۇل قىلمايتتى. ئۇنىڭغا:

_ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇشقا چارە يوقلۇقىنى بىلمەمسەن؟ - دېدۇق.

ئۇ: ھەئە، بىلىمەن. ئەمما مېنىڭ يىغلىشىم قېرىندىشىم ئەتىگەن

ۋە ئاخشـــامدا يولۇقىۋاتقـــان ئـــازاب ســـەۋەبدىن، - دېـــدى. بىـــز ئۇنىڭدىن:

_ الله ساڭا غەيىبنى بىلدۈردىمۇ؟ - دەپ سورىدۇق. ئۇ:

_ يـــاق، - دېـــدى ۋە ســـۆزىنى داۋاملاشـــتۇرۇپ: ئـــۇنى دەپـــنە قىلـــدىم، مـــازىرىنى تۈزلـــدىم، ئـــادەملەر قايتىـــپ كەتتـــى. مەن مـــازار بېشىدا ئولتۇردۇم. ئۇنىڭ قەۋرىسىدىن:

_ ۋايجـــان! مېنـــى يـــالغۇز قويـــۇڭلار، ئازابىنـــىڭ قانچىلىـــك ئىكەنلىكىنـــى مـــۆلچەرلەپ باقـــاي، مەن نامـــاز ئوقۇيتتـــۇم، روزا تۇتـــاتتىم، - دېـــگەن ئـــاۋاز ئاڭلانـــدى. ئۇنىـــڭ ســـۆزى مېنـــى يىغلاتتـــى. مەن چىدىيالماســـتىن قەبرىســـىنى ئېچىـــپ قارىســـام، قەبـــرە ئـــوت بىـــلەن تولـــۇپ كېتىپتـــۇ، ئۇنىـــڭ بوينىغـــا ئـــوتتىن تاقـــاق ســـېلىنغان ئـــىكەن. قېرىنداشـــلىق مېھـــرى - شـــەپقىتىم كۆچىيىـــپ كەتكەنلىكـــتىن ئۇنىـــڭ بوينىـــدىكى ئـــوت تاقـــاقنى ئېلىـــۋېتىش ئۈچـــۈن قولـــۇمنى ئـــۇزاتتىم. بـــراق، قولـــۇم ۋە بارمـــاقلىرىم كۆيـــۈپ كەتتـــى، - دېـــدى. ئـــۇ قـــولىنى چىقىرىـــپ بـــىزگە كۆرســـەتكەندى، قارىســـاق ئۇنىـــڭ قـــولى كۆيـــۈپ قارىـــداپ كېتىپتۇ. ئۇ يەنە سۆزىنى داۋام قىلىپ:

_ قەبرىنـــى ئېتىۋېتىـــپ قايتىـــپ كەلـــدىم. ئۇنىـــڭ ھالىغـــا قانـــداقمۇ يىغلىماي تۇرالايمەن، قانداقمۇ چىدايمەن؟ - دېدى. بىز:

_ قېرىندىشـــىڭ دۇنيـــادا نـــېمە ئـــىش قىلاتتـــى؟ - دەپ ســـورىدۇق. ئۇ:

_ قېرىندىشىم مېلىنىڭ زاكىتىنى بەرمەيتتى، - دېدى. بىز:

_ مانـــا بـــۇ، الله تائالانىـــڭ: ﴿وَلاَ يَحْسَبَنَّ الَّذِينَ يَبْخَلُونَ بِمَا آتَاهُمُ اللّهُ مِن فَضْلِهِ هُوَ خَيْرًا لَّهُمْ بَلْ هُوَ شَرٌّ لَّهُمْ سَيُطَوَّقُونَ مَا بَخِلُواْ بِهِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ﴾ ﴿الله ئـــۆز پەزلـــدىن بەرگەن نەرســـىلەرگە (يەنـــى پـــۇل - مالغـــا) بېخىللىـــق قىلـــدىغانلار بېخىللىقنـــى ئـــۆزلىرى ئۈچـــۈن پايـــدىلىق دەپ گۇمـــان قىلمىســـۇن. ئەمەلـــدە بـــۇ ئـــۇلار ئۈچـــۈن زىيـــانلىقتۇر. ئۇلارنىـــڭ بېخىللىـــق قىلغـــان نەرسىســـى قىيـــامەت كـــۈنى ئۇلارنىـــڭ بوينىغـــا تاقـــاق قىلىـــپ ســـېلىنىدۇ﴾[1] دېـــگەن ســـۆزىنىڭ ھەقىقـــي ئىســـپاتىدۇر. قېرىندىشـــىڭغا

---

[1] سۈرە ئال ئىمران، 180 ـ ئايەت.

قەبرىسىدىلا قىيامەتكىچە داۋام قىلىدىغان ئازاب بېرىلىپتۇ، - دېدۇق. بىز ئۇ كىشىنىڭ يېنىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىسى ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇ كىشىنىڭ قىسسىسىنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەردۇق ۋە:

_ يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلار ئۆلسە، مۇنداق ۋەقەلەرگە دۇچ كەلگەنلىكىنى كۆرمەيمىز، - دېدۇق. ئۇ:

_ شەك شۈبھىسىزكى، ئۇلار دوزىخىلاردۇر، ئىبرەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن، اللہ تائالا ئەھلى ئىمانغا بۇنداق ۋەقەلەرنى كۆرسىتىدۇ، - دەپ جاۋاب بەردى[1] ۋە مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇدى: ﴿فَمَنْ أَبْصَرَ فَلِنَفْسِهِ وَمَنْ عَمِيَ فَعَلَيْهَا وَمَا أَنَاْ عَلَيْكُم بِحَفِيظٍ﴾ ﴿كىمكى ھەقنى كۆرۈپ ئىمان ئېيتسا، ئۆزىگە پايدا. كىمكى ئۇنىڭدىن كۆز يۇمسا (يەنى باش تارتسا)، ئۆزىگە زىيان. مەن سىلەرگە (ئەمەلىڭلارنى كۆزىتىپ تۇرىدىغان) كۆزەتچى ئەمەسمەن (پەقەت سىلەرنى ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرمەن)﴾[2]. اللہ تائالادىن ئەپۇ ۋە ئامانلىق تىلەيمىز. ئۇ ناھايىتى سېخىي، ناھايىتى كەرەملىكتۇر.

[1] سەيىيد ئىبنى ئىبراھىم (بۇ كىتابنى تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى): بۇ قىسسە يالغاندۇر، - دېگەن.
[2] سۈرە ئەنئام، 104 ـ ئايەت.

## ئالتىنچى چوڭ گۇناھ:

### رامىزان روزىسىنىڭ بىرەر كۈنىنى شەرئىي ئۆزرىسى بولماستىن تۇتماسلىق ياكى بۇزىۋېتىش

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى الَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ أَيَّامًا مَّعْدُودَاتٍ فَمَن كَانَ مِنكُم مَّرِيضًا أَوْ عَلَى سَفَرٍ فَعِدَّةٌ مِّنْ أَيَّامٍ أُخَرَ﴾ ﴿ئى مۇئمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى. (بۇ پەرز قىلىنغان روزا) ساناقلىق كۈنلەردۇر، سىلەردىن كىمكى كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ (روزا تۇتمىغان بولسا)، تۇتمىغان كۈنلەرنى (يەنى قازاسىنى) باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن﴾[1].

سەھىھ بۇخارى ۋە سەھىھ مۇسلىمدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئىسلام مۇنداق بەش ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان: اللهتىن باشقا ھېچ ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا ۋە مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىش؛ نامازنى بەرپا قىلىش؛ زاكات بېرىش؛ ھەج قىلىش؛ رامىزان روزىسىنى تۇتۇش».

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دېگەن: «كىمكى رامىزان روزىسىنىڭ بىر كۈنىنى (شەرئىي) ئۆزرىسى بولماستىن تۇتمىسا، يىل بويى روزا تۇتسىمۇ ئۇ كۈنىنىڭ قازاسىنى ئادا قىلالمايدۇ»[2].

---

[1] سۈرە بەقەرە، 183 ـ ۋە 184 ـ ئايەتلەر.

[2] ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە ۋە دارىمى رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: زەئىپ، ـ دېگەن.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: ئىسلامنىڭ تۇتقۇسى ۋە دىنىنىڭ تۈۋرىكى ئۈچتۇر: «اللهتىن باشقا ھېچ ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا گۇۋاھلىق بېرىش؛ ناماز ئوقۇش ۋە روزا تۇتۇش. كىمكى بۇ ئۈچ نەرسىدىن بىرىنى (قەستەن) تەرك ئەتسە، كاپىر بولىدۇ»[1]. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىسلام ئاساسلىرى ۋە تۈۋرۈكلىرىنى كەم قىلىپ قويۇشتىن اللهقا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمىز!

[1] ئەلبانى: زەئىپ، - دېگەن.

## يەتتىنچى چوڭ گۇناھ:

### ھەج قىلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق ھەج قىلماسلىق

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلِلَّهِ عَلَى النَّاسِ حِجُّ الْبَيْتِ مَنِ اسْتَطَاعَ إِلَيْهِ سَبِيلاً﴾ ﴿قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ الله ئۈچۈن كەبىنى زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى﴾[1].

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ھەجگە بېرىپ كېلىشكە يەتكىدەك ئوزۇق – تۈلۈك ۋە ئات – ئۇلاغقا ئىگە بولۇپ تۇرۇپ ھەج قىلمىسا، (خالىسا) يەھۇدىي بولۇپ ئۆلسۇن ياكى نەسارا بولۇپ ئۆلسۇن»[2]. چۈنكى الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلِلَّهِ عَلَى النَّاسِ حِجُّ الْبَيْتِ مَنِ اسْتَطَاعَ إِلَيْهِ سَبِيلاً﴾ ﴿قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ الله ئۈچۈن كەبىنى زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى﴾.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «مەن ھەرقايسى ۋىلايەتلەرگە (يەنى قول ئاستىدىكى شەھەرلەر) بىر گۇرۇھ كىشىلەرنى ئەۋەتسەم، ئۇلار قۇدرىتى يېتىپ تۇرۇپ ھەج قىلمىغانلارنى ئىزدەپ سوراپ تېپىپ، جىزيە (ئەھلى كىتابتىن ئېلىنىدىغان باج) ئالسا، دەپ ئويلايمەن، (چۈنكى) ئۇلار مۇسۇلمان ئەمەستۇر» دېگەن[3].

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: «اللهنىڭ ئۆيىنى زىيارەت قىلىشقا يېتەرلىك مېلى تۇرۇقلۇق ھەج قىلمىغان، شۇنداقلا، مېلى نىسابقا يەتكەن تۇرۇقلۇق زاكات بەرمىگەن كىشى ئۆلۈم پەيتىدە (دۇنيا ھاياتىغا) قايتىشنى خالايدۇ» دېگەنىدى، شۇ چاغدا بىر كىشى ئۇنىڭغا: پەقەت كاپىرلا قايتىشنى خالايدۇ، - دەپ ئېتىراز

---

[1] سۈرە ئال ئىمران، 97 ـ ئايەت.

[2] تىرمىزى رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: زەئىپ، - دېگەن.

[3] ئىبنى كەسىر نەقىل قىلغان.

بىلــدۈردى[1]. بــۇنى ئاڭلىغــان ئىبنــى ئاببــاس رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇمــا مۇنــداق دېــدى: مەن ســاڭا قۇرئــان كەرىمــدىن دەلىــل كەلتــۈرۈپ بېــرەي، اللە تائــالا بــۇ ھەقــتە مۇنــداق دەيــدۇ: ﴿وَأَنفِقُوا مِن مَّا رَزَقْنَاكُم مِّن قَبْلِ أَن يَـأْتِيَ أَحَـدَكُمُ الْمَـوْتُ فَيَقُـولَ رَبِّ لَـوْلَا أَخَّـرْتَنِي إِلَىٰ أَجَـلٍ قَرِيـبٍ فَأَصَّـدَّقَ وَأَكُـن مِّـنَ الصَّـالِحِينَ وَلَـن يُـؤَخِّرَ اللَّهُ نَفْسًـا إِذَا جَـاءَ أَجَلُهَـا وَاللَّهُ خَبِـيرٌ بِمَـا تَعْمَلُـونَ﴾ ﴿بىرىڭلارغــا ئۆلــۈم كېلىــپ: «پەرۋەردىگــارىم! نېمىشــقا مېنــى (يەنــى ئەجىلىمنــى) بىرئــاز كېچىكتۈرمــىدىڭ، ســەدىقە قىلىــپ ياخشــىلاردىن بــولار ئىــدىم» دېيىشــتىن بــۇرۇن، ئۆزەڭلارغــا رىزىــق قىلىــپ بېــرىلگەن نەرســىلەرنى ســەدىقە قىلىڭــلار. اللە ھــېچ ئــادەمنى ئەجىلــى كەلگەنــدە ھەرگــز كېچىكتۈرمەيــــدۇ. اللە قىلىۋاتقــــان ئىشــــىڭلاردىن تولــــۇق خەۋەرداردۇر﴾[2].

ئــايەتتىكى: «ســەدىقە قىلىــپ» دېــگەن ســۆزنىڭ مەنىســى: زاكــات بېرىــپ، دېــگەن بولىــدۇ. «ياخشــىلاردىن بــولار ئىــدىم» دېــگەن ســۆزنىڭ مەنىســى: ھەج قىــلار ئىــدىم، دېــگەن بولىــدۇ. كىشــىلەر ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن:

_ قانچىلىــك مالغــا زاكــات ۋاجىــپ بولىــدۇ؟ - دەپ ســورىغانىدى، ئــۇ: مــال ئىككــى يــۈز تەڭگــگە يەتكەنــدە زاكــات ۋاجىــپ بولىــدۇ، - دېدى. ئۇلار:

_ ھەجنى نېمە ۋاجىپ قىلىدۇ؟ - دەپ سورىغانىدى، ئۇ:

_ بىرىــپ كــېلىش خــراجىتىگە يەتكىــدەك پــۇل ۋە مىنىــدىغان ئۇلاغ[3]، - دەپ جاۋاب بەردى.

ســەئىد ئىبنــى جــۇبەير رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇ: مېنىــڭ ھەج قىلمىغــان بىــر بــاي قوشــنام ۋاپــات بولــدى. مەن ئۇنىــڭ جىنــازە نامىزىغــا قاتناشمىدىم، - دېدى.

---

[1] ترمىزى رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: زەئىپ، - دېگەن.

[2] سۈرە مۇنافىقۇن، 10 - ۋە 11 ـ ئايەتلەر.

[3] ترمىزى رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: زەئىپ، - دېگەن.

## سەككىزىنچى چوڭ گۇناھ:

## ئاتا ـ ئانىنى قاقشىتىش

اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَقَضَى رَبُّكَ أَلاَّ تَعْبُدُواْ إِلاَّ إِيَّاهُ وَبِالْوَالِدَيْنِ إِحْسَانًا إِمَّا يَبْلُغَنَّ عِندَكَ الْكِبَرَ أَحَدُهُمَا أَوْ كِلاَهُمَا فَلاَ تَقُل لَّهُمَآ أُفٍّ وَلاَ تَنْهَرْهُمَا وَقُل لَّهُمَا قَوْلاً كَرِيمًا وَاخْفِضْ لَهُمَا جَنَاحَ الذُّلِّ مِنَ الرَّحْمَةِ وَقُل رَّبِّ ارْحَمْهُمَا كَمَا رَبَّيَانِي صَغِيرًا﴾ ﴿پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا - ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى. ئۇلارنىڭ بىرى، يا ئىككىلىسى قول ئاستىڭدا بولۇپ ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا ئوھوي دېمىگىن (يەنى مالاللىقنى بىلدۈرىدىغان سۆزنى قىلمىغىن)، ئۇلارنى دۈشكەلىمىگىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن. ئۇلارغا كامالى مېھرىبانلىقتىن ناھايىتى كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن ۋە: «ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدە تەربىيىلىگىنىدەك، ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن» دېگىن﴾[1].

دېمەك، ئۇ ئىككىسى قېرىپ، ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا قوپال سۆز قىلمىغىن، ياخشىلىق قىلغىن، مېھرى - شەپقەت كۆرسەتكىن، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتمىغىن. سەن كىچىك چېغىڭدا سېنىڭ خىزمىتىڭنى قانداق قىلغان بولسا، سەنمۇ ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق قىلغىن. قانداقمۇ ئۇلارنىڭ خىزمىتى بىلەن سېنىڭ خىزمىتىڭ باراۋەر بولسۇن؟! چۈنكى، ئۇلار سېنىڭ ياشىشىڭنى ئۈمىد قىلىپ، ھەر تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بەردى. سەن بولساڭ ئۇلاردىن ئازغىنا ئەزىيەت چەكسەڭ، ئۇلارنىڭ پاتراق ئۆلۈپ كېتىشىنى تىلەيسەن.

[1] سۈرە ئىسرا، 23 ـ ۋە 24 - ئايەتلەر.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَنِ اشْكُرْ لِي وَلِوَالِدَيْكَ إِلَيَّ الْمَصِيرُ﴾ ﴿(ئى ئىنسان!) ماڭا ۋە ئاتا - ئاناڭغا شۈكۈر قىلغىن، ئاخىر قايتىدىغان جاي مېنىڭ دەرگاھىمدۇر﴾[1].

سەن ئويلاپ كۆرگىنكى، (الله ساڭا رەھمەت قىلسۇن!) الله تائالا ئاتا - ئانىغا شۈكۈر قىلىشنى قانداق قىلىپ ئۆزىگە شۈكۈر قىلىش بىلەن تەڭ قىلدى؟ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: ئۈچ ئايەت ئۈچ ئىش بىلەن ئىزچىل مۇناسىۋەتلىك ھالدا نازىل قىلىندى، ئۇلارنىڭ بىرى يەنە بىرى بولماي تۇرۇپ قوبۇل قىلىنمايدۇ:

بىرىنچىسى، الله تائالانىڭ: ﴿أَطِيعُواْ اللّهَ وَأَطِيعُواْ الرَّسُولَ﴾ ﴿اللهقا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار﴾[2] دېگەن سۆزى بولۇپ، كىمكى اللهقا ئىتائەت قىلىپ پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلمىسا، ئۇنىڭ ئىتائىتى قوبۇل قىلىنمايدۇ.

ئىككىنچىسى، الله تائالانىڭ: ﴿وَأَقِيمُوا الصَّلَاةَ وَآتُوا الزَّكَاةَ﴾ ﴿ناماز ئوقۇڭلار، زاكات بېرىڭلار﴾[3] دېگەن سۆزى بولۇپ، كىمكى ناماز ئوقۇپ زاكات بەرمىسە، ئۇنىڭ نامىزى قوبۇل قىلىنمايدۇ.

ئۈچىنچىسى، الله تائالانىڭ: ﴿أَنِ اشْكُرْ لِي وَلِوَالِدَيْكَ﴾ ﴿(ئى ئىنسان!) ماڭا ۋە ئاتا - ئاناڭغا شۈكۈر قىلغىن﴾[4] دېگەن سۆزى بولۇپ، كىمكى اللهقا شۈكۈر قىلىپ ئاتا - ئانىسىغا شۈكۈر قىلمىسا، ئۇنىڭ شۈكرىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ[5].

شۇ سەۋەبتىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئاتا - ئانىنى رازى قىلىش اللهنى رازى قىلغانلىق بولىدۇ، ئاتا - ئانىنى نارازى قىلىش اللهنى نارازى قىلغانلىق بولىدۇ»[6].

---

[1] سۈرە لوقمان، 14 ـ ئايەت.
[2] سۈرە نىسا، 59 ـ ئايەت.
[3] سۈرە نۇر، 56 ـ ئايەت.
[4] سۈرە لۇقمان، 14 ـ ئايەت.
[5] ھەيسەمى نەقىل قىلغان.
[6] تىرمىزى ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە جىھادقا چىقىش ئۈچۈن رۇخسەت سوراپ كەلگەندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭدىن: «ئاتا - ئاناڭ ھاياتمۇ؟» دەپ سورىدى. ئۇ: ھەئە، - دەپ جاۋاب بەرگەندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۇنداق بولسا، ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلغىن»[1] دېدى. قاراڭلارچۇ! پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىشنى جىھادتىنمۇ ئۈستۈن ئورۇنغا قويدى.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «ئەڭ چوڭ گۇناھلارنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ اللهقا شېرىك كەلتۈرۈش ۋە ئاتا - ئانىنى قاقشىتىشتۇر»[2]. قاراڭلار! پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلماي يامانلىق قىلغان كىشىنى اللهقا شېرىك كەلتۈرۈش بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويدى.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئاتا - ئانىنى قاقشاتقۇچى، چېقىمچى ۋە ھاراقكەش جەننەتكە كىرمەيدۇ»[3]؛ «ئوھوي، دېيىشتىنمۇ تۆۋەنرەك سۆز بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە، الله ئۇنىڭدىنمۇ توسقان بولاتتى. ئاتا - ئانىسىنى قاقشاتقۇچى قانچىلىك كۆپ (ياخشى) ئەمەل قىلسا قىلسۇن، ھەرگىزمۇ جەننەتكە كىرەلمەيدۇ. ئاتا - ئانىسىغا ياخشىلىق قىلغۇچى قانچىلىك كۆپ (يامان) ئەمەل قىلسا قىلسۇن، ھەرگىزمۇ دوزاخقا كىرمەيدۇ»[4]؛ «الله ئاتا - ئانىسىنى قاقشاتقۇچىغا لەنەت قىلسۇن»[5]؛ «الله دادىسىنى تىللىغۇچىغا لەنەت قىلسۇن! الله ئانىسىنى تىللىغۇچىغا لەنەت قىلسۇن!»[6]؛ «الله تائالا بارلىق گۇناھلاردىن خالىغىنىنى (جازاسىنى) قىيامەتكە قەدەر

---

[1] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

[2] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

[3] دارىمى، نەسائى ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

[4] سۇيۇتى نەقىل قىلغان ۋە: بۇ ھەدىس مەۋزۇ (يەنى توقۇلما)، - دېگەن.

[5] ھاكىم رىۋايەت قىلغان.

[6] ئىمام ئەھمەد ۋە نەسائى رىۋايەت قىلغان.

كىچىكتۇرىدۇ. پەقەت ئاتا - ئانىنى قاقشىتىش گۇناھىنى كىچىكتۇرمەيدۇ. ئۇنىڭ جازاسى ئىگىسىگە تېز كېلىدۇ»[1]. يەنى ئۇنىڭ جازاسى دۇنيانىڭ ئۆزىدە بېرىلىدۇ.

كەئب ئەھبار مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر بەندە ئاتا – ئانىسىنى قاقشاتقۇچى بولسا، الله تائالا ئۇنىڭ جازاسىنى تېزلىتىش ئۈچۈن ئۆلۈمىنى تېزلىتىدۇ. ئەگەر ئۇ ئاتا - ئانىسىغا ياخشىلىق قىلغۇچى بولسا، الله تائالا ئۇنىڭ تېخىمۇ كۆپ ياخشىلىق قىلىۋېلىشى ئۈچۈن ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلىدۇ. كىمكى ئاتا - ئانىسىغا ياخشىلىق قىلماقچى بولسا، پۇل – مېلىنى ئۇلارغا ئۇلار موھتاج بولغاندا چىقىم قىلسۇن. بىر كىشى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ: ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! دادام مېلىمنى ئېلىۋالماقچى بولىۋاتىدۇ، - دېگەندە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «سەنمۇ، مېلىڭمۇ داداڭغا ئائىتتۇر»[2] دەپ جاۋاب بەردى.

كىشىلەر كەئب ئەھباردىن ئاتا - ئانىنى قاقشىتىش دېگەن نېمە؟ - دەپ سورىغاندا، ئۇ: ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭ بىرەر ئىشنى قىلىپ بېرىشى ئۈچۈن قەسەم ئىچسە، ئۇلارنىڭ قەسىمىگە ۋاپا قىلمايدۇ. بىر ئىشقا بۇيرىسا، ئۇلارنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنمايدۇ. ئۇلار ئۇنىڭدىن بىرەر نەرسە سورىسا، ئۇنى بەرمەيدۇ. ئۇلار ئۇنىڭغا ئىشەنسە، ئۇلارغا خىيانەت قىلىدۇ، - دەپ جاۋاب بەردى.

كىشىلەر ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن قىيامەت كۈنى ئەئراف دېگەن جايدا تۇرىدىغان كىشىلەرنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ قانداق جايلىقىنى سورىغاندا، ئۇ: ئەئراف دېگەن جەننەت بىلەن دوزاخ ئارىسىدىكى بىر تاغنىڭ ئىسمى بولۇپ، جەننەت بىلەن جەھەننەمنى ئايرىپ تۇرىدۇ. ئۈستىدە دەرەخلەر، مېۋىلەر، دەريالار ۋە بۇلاقلار بار. بۇ تاغ ئۈستىدە تۇرىدىغان كىشىلەر بولسا، ئاتا - ئانىسىنىڭ رازىلىقىنى ئالماستىن جىھادقا چىققان ۋە جىھادتا شېھىد بولغانلاردۇر. ئۇلارنىڭ الله يولىدا شېھىد بولغانلىقى جەھەننەمگە كىرىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغان بولسا، ئاتا -

[1] ھاكىم رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: زەئىپ، - دېگەن.

[2] ئىبنى ماجە ۋە ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

ئانىسىنى نارازى قىلغانلىقى جەننەتكە كىرەلمەسلىككە سەۋەب بولغان. اللە تائالا ئۇلار ئارىسىدا كەسكىن ھۆكۈم چىقارمىغىچە، ئۇلار ئۇ يەردە قالىدۇ، - دەپ جاۋاب بەردى[1].

سەھىھ بۇخارى ۋە سەھىھ مۇسلىمدا مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ:

_ ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى! مېنىڭ ياخشى مۇئامىلە قىلىشىمغا ئەڭ لايىق كىشى كىم؟ - دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

_ ئاناڭ، - دەپ جاۋاب بەردى.

_ ئاندىن قالسىچۇ؟

_ ئاناڭ.

_ ئاندىن قالسىچۇ؟

_ ئاناڭ. ئۇ تۆتىنچى قېتىم:

_ ئاندىن قالسىچۇ؟ دېگەنىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

_ داداڭ، ئاندىن كېيىن يېقىنلىق دەرىجىسى بويىچە تۇغقانلىرىڭ،[2] - دېدى.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئانىغا ياخشىلىق قىلىشقا ئۈچ قېتىم، دادىغا ياخشىلىق قىلىشقا بىر قېتىم رىغبەتلەندۈردى. بۇنىڭ سەۋەبى ئانىنىڭ بالىغا سىڭدۈرگەن ئەجرىنىڭ ناھايىتى چوڭلۇقى ۋە ناھايىتى كۆيۈمچانلىقىدىندۇر. چۈنكى ئۇ بالىنى قورسىقىدا توققۇز ئاي كۆتۈرىدۇ، تۇغقاندا قاتتىق تولغاق ئازابى چېكىدۇ، كېچىلىرى ئۇخلىماي ئېمىتىدۇ.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئانىسىنى يۈدۈپ، تاۋاپ قىلىۋاتقان بىر ئادەمنى كۆرىدۇ. ئۇ ئادەم:

---

[1] بۇ ھەقتە بىرقانچە ھەدىس رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، سەھىھلىكى ئېنىق ئەمەس. ھەيسەمىمۇ ئىككى ھەدىس نەقىل قىلغان بولۇپ، ھەر ئىككىلىسى زەئىپتۇر.

[2] بۇخارى، مۇسلىم ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

_ ئى ئىبنى ئۆمەر! بۇ ئىشىم بىلەن ئانامنىڭ قىلغان ياخشىلىقىنى قايتۇرغان بولىمەنمۇ؟ - دەپ سورايدۇ. ئىبنى ئۆمەر:

_ سېنىڭ بۇ قىلغىنىڭ ئۇنىڭ تارتقان تولغاقلىرىدىن بىرىگە توغرا كەلمەيدۇ، ئەمما سەن ياخشى ئىش قىلىۋېتىپسەن، الله ئاز ئەمەللەرگە كۆپ ساۋاب بەرسۇن[1]، - دەيدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «اللهنىڭ مۇنداق تۆت تۈرلۈك كىشىنى جەننەتكە كىرگۈزمەسلىكى ۋە ئۇنىڭ نازۇنېمەتلىرىنى تېتىتماسلىقى بىر ھەقىقەتتۇر: بىرىنچى، ھاراقكەش؛ ئىككىنچى، جازانىخور؛ ئۈچىنچى، يېتىمگە ئۇۋال قىلىپ، ئۇنىڭ مېلىنى يېگۈچى؛ تۆتىنچى، ئاتا - ئانىسىنى قاقشاتقۇچى. ئۇلار پەقەت تەۋبە قىلغاندىلا ئاندىن جەننەتكە كىرەلەيدۇ»[2].

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دېگەن: «جەننەت ئانىلارنىڭ ئايىغى ئاستىدىدۇر»[3].

بىر كىشى ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:

_ ئى ئەبۇ دەردا! مەن بىر ئايال بىلەن توي قىلدىم، ئەمما ئانام ئۇنى تالاق قىلىشىمنى بۇيرۇۋاتىدۇ، - دېدى. ئەبۇ دەردا:

_ مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئانا جەننەت دەرۋازىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ، خالىساڭ ئۇ دەرۋازىنى قولدىن بەرگىن، خالىساڭ قوغداپ قالغىن»[4] دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، - دېدى.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك كىشىنىڭ دۇئاسىنىڭ قوبۇل بولۇشىدا شەك يوقتۇر: بىرىنچى، زۇلۇمغا ئۇچرىغان كىشىنىڭ دۇئاسى؛ ئىككىنچى،

---

[1] بۇخارى «ئەلئەدەبۇلمۇفرەد» ناملىق كىتابىدا رىۋايەت قىلغان.

[2] ھاكىم رىۋايەت قىلغان. نەسائى: مەترۇك ھەدىس، - دېگەن.

[3] ئەلبانى: مەۋزۇ (توقۇلما) ھەدىس، - دېگەن.

[4] ئىبنى ماجە، ئەھمەد ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

مۇساپىرنىڭ دۇئاسى؛ ئۇچىنچى، دادىنىڭ ئوغلىغا قىلغان بەددۇئاسىدۇر»[1].

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ھامماچا ئانىنىڭ ئورنىدا»[2] يەنى ياخشىلىق قىلىش، ھۆرمەت قىلىش ۋە سىلە – رەھىم قىلىش جەھەتلەردە ئانىنىڭ ئورنىدىدۇر.

ۋەھب ئىبنى مۇنەببەھ مۇنداق دەيدۇ: الله تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق ۋەھيى قىلغان: «ئى مۇسا! ئاتا - ئاناڭغا ھۆرمەت قىلغىن! كىمكى ئاتا - ئانىسىغا ھۆرمەت قىلسا، ئۆمرىنى ئۇزارتىمەن، ئۇنىڭغا ئۇنى ھۆرمەت قىلىدىغان بالا ئاتا قىلىمەن. كىمكى ئاتا - ئانىسىنى قاقشاتسا، ئۆمرىنى قىسقارتىمەن، ئۇنىڭغا ئۇنى قاقشىتىدىغان بالا ئاتا قىلىمەن»[3].

ئەبۇ بەكىر ئىبنى ئەبۇ مەريەم: تەۋراتتا دادىسىنى ئۇرغۇچىنىڭ جازاسى ئۆلۈم ئىكەنلىكىنى ئوقۇدۇم، - دېدى. ۋەھب ئىبنى مۇنەببەھمۇ: تەۋراتتا ئانىسىنى ئۇرغۇچىنىڭ جازاسى چالما – كېسەك ئىكەنلىكىنى ئوقۇدۇم، - دېدى[4].

ئەمر ئىبنى مۇررە جۇھەنى مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

_ ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! بەش ۋاخ نامازنى ئوقۇسام، رامىزان روزىسىنى تۇتسام، زاكات بەرسەم ۋە ھەج قىلسام مەن ئۇچۇن نېمە (مۇكاپات) بار؟ - دەپ سورىغاندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

_ كىمكى بۇلارنى قىلسا، پەيغەمبەرلەر، راستچىللار، شېھىدلەر ۋە سالىھلار بىلەن بىرگە بولىدۇ. ئەمما ئاتا - ئانىسىنى

---

[1] تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: ھەسەن، - دېگەن.

[2] بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

[3] سۇيۇتى نەقىل قىلغان. سەييد ئىبراھىم (بۇ كىتابنى تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى): بۇنىڭغا ئوخشاش بەنى ئىسرائىل رىۋايەتلىرى بىلەن ۋەز – نەسىھەت قىلىش ھاجەتسىز، - دېگەن.

[4] بۇ ھەدىسنىڭ سەنەدىدىكى ئەبۇ بەكر ئىبنى ئەبۇ مەريەم ھەدىسى زەئىپ كىشىدۇر.

قاقشاتقان بولسا، بۇ مۇكاپاتقا ئېرىشەلمەيدۇ، - دەپ جاۋاب بەردى[1].

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «الله ئاتا - ئانىسىنى قاقشاتقۇچىغا لەنەت قىلىدۇ» دېدى[2].

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «مەن ئىسرا كېچىسى دوزاختا دوزاخ كۆتەكلىرىگە ئېسىلغان بىر گۇرۇھ كىشىلەرنى كۆرۈپ، جىبرىئىلدىن: بۇلار كىملەر؟ - دەپ سورىسام، ئۇ: دۇنيادا ئاتا - ئانىسىنى تىللىغان كىشىلەردۇر، - دەپ جاۋاب بەردى»[3].

رىۋايەت قىلىنىشىچە، كىمكى ئاتا - ئانىسىنى تىللىسا، ئۇنىڭ قەبرىسىگە ئاسماندىن يەرگە چۈشكەن ھەربىر يامغۇر تامچىلىرىنىڭ ساندەك جىق چوغ چۈشىدىكەن. يەنە رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئاتا - ئانىسىنى قاقشاتقان كىشى قەبرىگە قويۇلغاندا، قەبرە ئۇنى قىستاپ قوۋۇرغىلىرىنى بىر - بىرىگە كىرىشتۇرىۋېتىدىكەن. قىيامەت كۈنى ئەڭ قاتتىق ئازابقا مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك كىشى يولۇقىدۇ: بىرىنچى، مۇشرىك؛ ئىككىنچى، زىناخور؛ ئۈچىنچى، ئاتا - ئانىسىنى قاقشاتقۇچى[4].

ئۇلۇغلاردىن بىرى ئىبنى ھارىس مۇنداق دەيدۇ: ئانىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندا، ئۇنىڭغا يېقىن تۇرۇپ قۇلاق سالغان كىشىنىڭ بۇ ھەرىكىتى الله يولىدا قىلىچى بىلەن جىھاد قىلغان كىشىنىڭ جىھادىدىن ئۈستۈندۇر. ئۇنىڭغا مۇھەببەت نەزىرى بىلەن قارىشى ھەممە نەرسىدىن ئەلادۇر.

بالىسىنى تاشلىۋەتكەن ئايال بالىسىنى تالىشىپ قالغان بىر ئەر - ئايال پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كەلدى. ئەر:

---

[1] ھەيسەمى: بۇ ھەدىسنى ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، تەبەرانىنىڭ راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، - دېگەن.

[2] ھاكىم رىۋايەت قىلغان.

[3] ئىبنى ھەجەر ھەيسەمى نەقىل قىلغان بولۇپ، سەنەدى ئېنىق ئەمەس.

[4] ئىبنى ھەجەر ھەيسەمى نەقىل قىلغان بولۇپ، بۇنىڭمۇ سەنەدى ئېنىق ئەمەس.

ـ ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى! بالا مېنىڭ پۇشتۇمدىن بولغان، - دېدى. ئايال:

ـ ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇ ئۇنى پۇشتىدا يېنىك چاغدا كۆتۈردى، شەھۋىتىنى قاندۇرۇش يولىدا تاپتى. مەن ئۇنى قىينىلىپ كۆتۈردۇم، قىينىلىپ تۇغدۇم، ئىككى يىل تولۇق ئەمدۈردۇم، - دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بالىنى ئانىسىغا بۇيرۇپ بەردى[1].

*****

**ۋەز ـ نەسىھەت:** ئەك ئالى ھەق - ھوقۇقلارنى زايا قىلغۇچى، ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ ئورنىغا ئۇلارنى قاقشاتقۇچى، ئۆز زىممىسىگە پەرز قىلىنغان ۋەزىپىلەرنى ئۇنتۇتقۇچى، كېلەچەكنى كۆرۈشتىن غاپىل قالغۇچى ئەي ئىنسان! سېنىڭ ئاتا ـ ئاناڭغا ياخشىلىق قىلىشىڭ بوينۇڭدىكى قەرزدۇر. ئەمما سەن ئۇلارغا ئازار بېرىسەن. سەن ئۆزەڭچە جەننەتنى ئارزۇ قىلىسەن — يۇ، ھالبۇكى، جەننەت سېنى قورسىقىدا توققۇز ئاي كۆتۈرگەن، گويا توققۇز يىلدەك بىلىنىدىغان قىيىن ۋاقىتلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئاناڭنىڭ ئايىغى ئاستىدىدۇر. تۇغۇش ئەسناسىدا جېنى چىقىپ كەتكىلى تاس قالغان، كۆكسىدىن ساڭا ئاق سۈت بەرگەن، سەن تۈپەيلى كېچىلىرى ئۇيقۇسىز قالغان، ئوڭ قولى بىلەن تەرىتىڭنى تازىلىغان، ئۆزى يېمەي ساڭا يېگۈزگەن، قۇچىقىنى ساڭا بۆشۈك قىلغان ئاشۇ بىچارە ئاناڭدۇر. ئۇ، بارلىق مېھرى - شەپقىتىنى ساڭا ئاتىدى، ساڭا بىرەر كېسەللىك ياكى خاپىلىق كەلگەندە، تىل بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز دەرىجىدە قايغۇردى ۋە غەمگە چۆمدى. پۈتۈن مېلىنى دوختۇرلارغا سەرپ قىلدى. سېنىڭ ھاياتىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئۆلۈمى ئوتتۇرسىدا تاللاش ئىختىيارلىقى بېرىلسە، شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئەڭ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن سېنىڭ ھاياتىڭنى تاللىغان بولاتتى. ئەھۋال شۇنداق

---

[1] بۇ ھەدىسنى ئىبنى ھەجەر ھەيسەمى نەقىل قىلغان. لېكىن ئۇ ھەدىس كىتابلىرىدا بۇ شەكىلدە رىۋايەت قىلىنمىغان. ئەمما ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىمام ئەھمەد مۇشۇ مەزمۇندا ھەدىس رىۋايەت قىلغان.

بولسىمۇ، سەن ئۇنىڭغا قانچە قېتىملاپ يامان مۇئامىلە قىلدىڭ. ئۇ سېنىڭ تەۋپىق تېپىشىڭ ئۈچۈن ھەم مەخپىي ھەم ئاشكارا دۇئا قىلدى. قاچانكى قېرىپ ساڭا ھاجىتى چۈشۈپ قالسا، سەن ئۇنىڭغا پەرۋاسىز قارىدىڭ. سەن توق ياتتىڭ، ئۇ ئاچ قالدى، سەن قانغىچە ئىچتىڭ، ئۇ ئۇسسۇز قالدى. ياخشىلىق قىلىشتا ئايالىڭ ۋە باللىرىڭنى ئۇنىڭدىن ئەلا كۆردۈڭ. ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرىنى ئۇنۇتتۇڭ. ئۇنى بېقىش ساڭا ئېغىر كەلدى، ھالبۇكى، ئۇنى بېقىش ئاسان ئىدى. ئۇنىڭ قىسقا ئۆمرى ساڭا ئۇزۇن تۇيۇلدى. سەندىن باشقا ھېچكىمى يوق تۇرۇقلۇق، سەن ئۇنى تاشلاپ كەتتىڭ. رەببىڭ سېنى ئاناڭغا "ئوھ وي" دېيىشتىن توستى، ئۇنىڭ ھەققىگە سەل قارىماسلىقىڭ ئۈچۈن سېنى ناھايىتى چىرايلىق شەكىلدە ئاگاھلاندۇردى. ئۇ بولسىمۇ، دۇنيادا باللىرىڭنىڭ سېنىمۇ قاقشىتىشى بىلەن جازالىنىشىڭ، ئاخىرەتتە بولسا، ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان اللهنىڭ رەھمىتىدىن مەھرۇم قىلىنىشىڭ[1]. قىيامەت كۈنى الله سېنى ئەيىبلەپ ۋە قورقىتىپ مۇنداق خىتاب قىلىدۇ: ﴿ذَلِكَ بِمَا قَدَّمَتْ يَدَاكَ وَأَنَّ اللَّهَ لَيْسَ بِظَلَّامٍ لِّلْعَبِيدِ﴾ ﴿(ئۇنىڭغا): «(خارلىق بىلەن ئازاب) سېنىڭ قىلمىشلىرىڭ (يەنى كۇپرىڭ ۋە گۇمراھلىقىڭ) تۈپەيلىدىندۇر. الله بەندىلىرىگە ھەرگىز زۇلۇم قىلغۇچى ئەمەستۇر» (دېيىلىدۇ)﴾[2].

مۇئەللىپ بۇ يەردە بىر شېئىر يازغان بولۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

ئى پەرزەنت! ئەگەر بىلسەڭ، ئاناڭنىڭ ھەققى ناھايىتى كۆپتۇر، ساڭا ئېغىر كەلگەن بەزى ئىشلار، ئانا ھەققىنى بىلگەنلەر ئۈچۈن بەك يەڭگىلدۇر. سەن بىئارام بولغان كېسەللىك تۈپەيلى قانچە كېچە ئۇيقۇسىز قالدى. بىر يېرىڭ ئاغرىپ، ئىنجىقلاپ ئاھ تارتقان چاغلىرىڭ، ئاناڭنىڭ تولغاق پەيتىدە تارتقان دەرتلىرىگە نىسبەتەن ھېچ نەرسە ئەمەستۇر. كىمكى ئۇ دەرتنى تېتىسا، يۈرىكى يېرىلىپ كېتىشكە تاس قالىدۇ. ئاناڭ قانچە قېتىم سېنىڭ

---

[1] ئىبنى جەۋزى ۋە سۇيۇتى بۇ ھەدىسنى مەۋزۇ (توقۇلما) ھەدىسلەر قاتارىدا نەقىل قىلغان.

[2] سۈرە ھەج، 10 ـ ئايەت.

تەرتىگىنى ئۇچ قولى بىلەن يۇيۇپ تازىلىدى. ئۇخلىغاندىمۇ سېنى باغرىغا چىڭ باستى. سېنى راھەتلىتىش ئۈچۈن بارلىقىنى ساڭا پىدا قىلدى. ساڭا ئاق سۈت بەردى. يەيدىغىنىنى ساڭا يېدۈرۈپ، ئۆزى كۆپ قېتىم ئاچ قالدى. كىچىك چېغىڭدا ھەمىشە سېنىڭ غېمىڭنى يېدى ۋە سېنى تۈجۈپىلەپ باقتى. ئەقىللىق تۇرۇپ، نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكەن كىشىنىڭ ھالىغا ۋاي! كۆزى كۆرۈپ تۇرۇپ، قەلبى قارىغۇ بولغان كىشىنىڭ ھالىغا ۋاي! ئاناڭنىڭ دۇئاسىنى ئېلىشقا تىرىشقىن، چۈنكى سەن ئۇنىڭ دۇئاسىغا موھتاجسەن.

*****

**قىسسە:** رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا ئەلقەمە ئىسىملىك بىر ياش يىگىت بولۇپ، ئۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش، ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش ۋە زاكات بېرىشتە ناھايىتى كۆپ تىرىشىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ كېسەل بولۇپ قاپتۇ ۋە كېسىلى ناھايىتى ئېغىرلىشىپ كېتىپتۇ. ئايالى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە: ئېرىم ئەلقەمە جان تالىشىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ساڭا مەلۇم قىلاي دېدىم، - دەپ ئادەم ئەۋەتىپتۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەممار، سۇھەيب ۋە بىلالنى: «ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ، كەلىمە شاھادەتنى تەلقىن قىلىڭلار!» دەپ ئەۋەتىپتۇ. ئۇلار بېرىپ ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپتۇ، ئۇنىڭ جان تالىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، «لائىلاھە ئىللەللاھۇ» كەلىمىسىنى تەلقىن قىلىشقا باشلاپتۇ. ئەمما ئۇنىڭ تىلى بۇ كەلىمەنى ئېيتالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار بۇ ئەھۋالنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتىپتۇ.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن: «ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بارمۇ؟» دەپ سوراپتۇ. قېرىپ قالغان ئانىسى بار، - دېگەن جاۋابنى ئالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئانىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئەلچىگە: «سەن ئايالغا ئېيتقىنكى، ئۇ بۇ يەرگە كېلەلىسە كەلسۇن، كېلەلمىسە ئۆيىدە ئولتۇرۇپ تۇرسۇن، ئۇنىڭ قېشىغا بىز بارىمىز» دەپتۇ. ئەلچى ئۇ ئايالنىڭ ئۆيىگە كېلىپ

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزىنى ئېيتىپتۇ. ئايال: جېنىم پىدا بولسۇن، ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىش مېنىڭ بۇرچۇم، - دېگىنىچە، ھاسىسىغا تايىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كەپتۇ ۋە ئۇنىڭغا سالام بېرىپتۇ. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ سالىمىغا جاۋاب قايتۇرغاندىن كېيىن:

— ئى ئەلقەمەنىڭ ئانىسى! ماڭا راست گەپ قىلغىن، يالغان سۆزلىسەڭ الله تائالا تەرىپىدىن ۋەھيى كېلىدۇ، ئوغلۇڭ ئەلقەمە قانداقراق ئادەم ئىدى؟ - دەپ سوراپتۇ. ئانىسى:

— ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇ كۆپ ناماز ئوقۇيدۇ، كۆپ روزا تۇتىدۇ ۋە كۆپ سەدىقە بېرىدۇ.

— سەن ئوغلۇڭدىن رازىمۇسەن؟

— مەن ئۇنىڭدىن نارازىمەن.

— نېمە ئۈچۈن؟

— ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇ ئايالىنى مەندىن ئۈستۈن كۆرىدۇ، مېنىڭ گېپىمگە ئۇنىمايدۇ.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «ئەلقەمەنىڭ ئانىسىنىڭ نارازى بولۇشى ئۇنىڭ شاھادەت كەلتۈرۈشكە توسالغۇ بولۇپتۇ» دەپتۇ. ئاندىن:

— ئى بىلال! سەن چىقىپ، كۆپ مىقداردا ئوتۇن يىغىپ كەلگىن، -دەپتۇ. ئانىسى:

— ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! ئوتۇننى نېمە قىلىسەن؟

— ئوغلۇڭنى كۆز ئالدىڭدا كۆيدۈرىمەن.

— ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇ مېنىڭ ئوغلۇم، ئۇنى كۆز ئالدىمدا كۆيدۈرسەڭ چىداپ تۇرالمايمەن.

— ئى ئەلقەمەنىڭ ئانىسى! اللهنىڭ ئازابى ئۇنىڭدىن قاتتىق ۋە داۋاملىقتۇر. ئەگەر اللهنىڭ ئۇنى مەغپىرەت قىلىشى سېنى سۆيۈندۈرسە، ئۇنىڭدىن رازى بولغىن. جېنىم ئىلكىدە بولغان زات اللهقا قەسەمكى، سەن ئۇنىڭدىن نارازى بولىدىغان بولساڭ،

ئەلقەمەنىڭ نامىزى، روزىسى ۋە قىلغان سەدىقىسى ئۇنىڭغا قىلچە پايدا بەرمەيدۇ.

_ ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! مەن اللهنى، پەرىشتىلەرنى ۋە بۇ يەردە ھازىر بولغان مۇسۇلمانلارنى گۇۋاھ قىلىپ ئېيتىمەنكى، ئوغلۇم ئەلقەمەدىن رازى بولدۇم.

_ ئى بىلال! سەن بېرىپ قارىغىنكى، ئەلقەمە «لائىلاھە ئىللاللاھۇ» كەلىمىسىنى دېيەلىدىمۇ؟ بەلكى ئەلقەمەنىڭ ئانىسى مەندىن ئىزا تارتقانلىقى ئۈچۈن، چىن كۆڭلىدىن رازىلىق بىلدۈرمىگەن بولۇشى مۇمكىن.

بىلال ئەلقەمەنىڭ ئۆيىگە يېتىپ بارغاندا، ئۆينىڭ ئىچىدىن ئۇنىڭ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن: «لائىلاھە ئىللاللاھۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلاپتۇ. بىلال ئۆيگە كىرىپ:

_ ئى جامائەت! ئەلقەمەنىڭ ئانىسىنىڭ نارازىلىقى ئۇنىڭ شاھادەت كەلتۈرۈشىگە توسالغۇ بولغانىكەن، ئۇنىڭ رازىلىقى ئوغلىنىڭ شاھادەت كەلتۈرۈشىگە سەۋەب بولدى، - دەپتۇ. شۇ كۈنى، ئەلقەمە ۋاپات بوپتۇ. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى يۇيۇپ، كېپەنلەشنى ئەمىر قىلىپتۇ. نامىزىنى چۈشۈرۈپ، دەپنە مۇراسىمىغا قاتنىشىپتۇ. ئاندىن قەبرە بېشىدا تۇرۇپ: «ئى مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارىلار جامائەسى! كىمكى ئايالىنى ئانىسىدىن ئۈستۈن كۆرسە، ئۇنىڭغا اللهنىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ ۋە بارلىق خالايىقنىڭ لەنىتى بولسۇن، الله ئۇنىڭ پەرز ۋە نەپلە ئىبادەتلىرىنى قوبۇل قىلمايدۇ. پەقەت اللهقا تەۋبە قىلىپ، ئانىسىغا ياخشىلىق قىلسا ۋە ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئالسا، بۇنىڭدىن مۇستەسنا بولىدۇ. اللهنىڭ رازىلىقى ئانىنىڭ رازىلىقىدىندۇر، اللهنىڭ غەزىپى ئانىنىڭ غەزىپىدىندۇر»[1] دېدى.

اللهتىن بىزلەرنى ئۆزىنىڭ رازىلىقىغا مۇۋەپپەق قىلىپ، غەزىپىدىن ئۇزاقلاشتۇرۇشىنى تىلەيمىز. الله ھەقىقەتەن ناھايىتى مەرد، ناھايىتى سېخىي، ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە ناھايىتى مېھرىباندۇر.

---

[1] بۇ ھېكايە يالغان ۋە ئويدۇرما بولۇپ، ئىسلام ئەقىدىسىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

## توققۇزىنچى چوڭ گۇناھ:

## ئۇرۇغ - تۇغقانچىلىقنى ئۈزۈش

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَاتَّقُواْ اللهَ الَّذِي تَسَاءلُونَ بِهِ وَالأَرْحَامَ﴾ ﴿بىر - بىرىڭلاردىن نەرسە سورىغاندا نامى بىلەن سورايدىغان اللهتىن قورقۇڭلار، سىلە - رەھىمنى ئۈزۈپ قويۇشتىن ساقلىنىڭلار﴾[1]؛ ﴿فَهَلْ عَسَيْتُمْ إِن تَوَلَّيْتُمْ أَن تُفْسِدُوا فِي الْأَرْضِ وَتُقَطِّعُوا أَرْحَامَكُمْ أُوْلَئِكَ الَّذِينَ لَعَنَهُمُ اللَّهُ فَأَصَمَّهُمْ وَأَعْمَى أَبْصَارَهُمْ﴾ ﴿سىلەر (ئىسلام) دىن يۈز ئۆرۈسەڭلار زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلارسىلەرمۇ؟ ۋە سىلە - رەھىمنى ئۈزۈپ قۇيارسىلەرمۇ؟ ئەنە شۇنداق كىشىلەرنى الله رەھمىتىدىن يىراق قىلدى. ئۇلارنى (ھەقنى ئاڭلاشتىن) گاس قىلدى. (ھىدايەت يولىنى كۆرۈشتىن) كور قىلدى﴾[2].

﴿الَّذِينَ يُوفُونَ بِعَهْدِ اللهِ وَلاَ يِنقُضُونَ الْمِيثَاقَ وَالَّذِينَ يَصِلُونَ مَا أَمَرَ اللهُ بِهِ أَن يُوصَلَ وَيَخْشَوْنَ رَبَّهُمْ وَيَخَافُونَ سُوءَ الحِسَابِ﴾ ﴿ئۇلار اللهنىڭ ئەھدىسىگە (يەنى الله تاپشۇرغان ئىشلارغا) ۋاپا قىلىدۇ، بەرگەن ۋەدىسىنى بۇزمايدۇ. ئۇلار اللهنىڭ (خىش - ئەقرىبالىرىغا) سىلە - رەھىم قىلىشتىن ئىبارەت ئەمرىنى بەجا كەلتۈرىدۇ. اللهتىن قورقىدۇ. قاتتىق ھېساب ئېلىنىشتىن قورقىدۇ﴾[3].

﴿يُضِلُّ بِهِ كَثِيراً وَيَهْدِي بِهِ كَثِيراً وَمَا يُضِلُّ بِهِ إِلاَّ الْفَاسِقِينَ الَّذِينَ يَنقُضُونَ عَهْدَ اللَّهِ مِن بَعْدِ مِيثَاقِهِ وَيَقْطَعُونَ مَا أَمَرَ اللَّهُ بِهِ أَن يُوصَلَ وَيُفْسِدُونَ فِي الأَرْضِ أُولَئِكَ هُمُ الْخَاسِرُونَ﴾ ﴿الله بۇ مىسال بىلەن نۇرغۇن كىشىلەرنى (ئۇنى ئىنكار قىلغانلىقتىن) ئازدۇرىدۇ ۋە نۇرغۇن كىشىلەرنى (ئۇنى تەستىقلىغانلىقتىن) ھىدايەت قىلىدۇ. شۇ ئارقىلىق پەقەت پاسىقلارنىلا ئازدۇرىدۇ. پاسىقلار الله ۋەدە ئالغاندىن كېيىن

[1] سۈرە نىسا، 1 ـ ئايەت.

[2] سۈرە مۇھەممەد، 22 - ۋە 23 ـ ئايەتلەر.

[3] سۈرە رەئد، 20 - ۋە 21 ـ ئايەتلەر.

ۋەدىسىنى بۇزىدۇ. الله ئۇلاشقا بۇيرىغان شەيئىنى ئۈزۈپ قويىدۇ (يەنى سىلە - رەھىم قىلمايدۇ). يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىدۇ. ئەنە شۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر﴾[1].

بەندە بىلەن الله ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ چوڭ ئىش اللهنىڭ بەندىسىدىن ئەھدە ئېلىشىدۇر. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «سىلە - رەھىمنى ئۈزگەن كىشى جەننەتكە كىرەلمەيدۇ»[2]. كىمكى كەمبەغەل تۇغقانلىرى بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزۈپ، ئۇلارنى تاشلىۋەتسە، ئۇلارغا ياخشىلىق ۋە خەير - ئېھسان قىلىش ئارقىلىق سىلە – رەھىم قىلىشنىڭ ئورنىغا چوڭچىلىق قىلسا، مۇنداق كىشىمۇ يۇقىرىدىكى ئايەتنىڭ ئىچىگە كىرىپ، جەننەتكە كىرىشتىن مەھرۇم قالىدۇ. پەقەت اللهقا تەۋبە قىلىپ، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلسا، بۇ ھۆكۈمدىن مۇستەسنا بولىدۇ.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «كىمنىڭ كەمبەغەل تۇغقانلىرى بولۇپ، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلمىسا ۋە زاكات - سەدىقىلىرىنى باشقىلارغا بەرسە، الله ئۇنىڭ زاكات - سەدىقىلىرىنى قوبۇل قىلمايدۇ. قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا رەھمەت نەزىرى بىلەن قارىمايدۇ». ئەگەر ئۆزىمۇ كەمبەغەل بولسا، ئۇلارنى زىيارەت قىلىش ۋە ھال سوراش بىلەن سىلە – رەھىم قىلىدۇ[3]. چۈنكى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «تۇغقانلىرىڭلارغا سالام بىلەن بولسىمۇ سىلە – رەھىم قىلىڭلار» دېگەن[4].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى اللهقا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرسە، سىلە - رەھىم قىلسۇن»[5]؛ «ئۆزگە قىلىنغان ياخشىلىققا ياخشىلىق قايتۇرغان

---

[1] سۈرە بەقەرە، 26 - ۋە 27 - ئايەتلەر.

[2] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

[3] تەبەرانى رىۋايەت قىلغان. نەسائى: زەئىپ، - دېگەن.

[4] بەززار رىۋايەت قىلغان. ئىبنى ھەجەر ھەيسەمى: زەئىپ، - دېگەن.

[5] ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

كىشى سىلە – رەھىم قىلغۇچى ھىسابلانمايدۇ. ھەقىقىي سىلە - رەھىم قىلغۇچى ئۆزىگە سىلە – رەھىم قىلىشنى ئۈزگەن كىشىگە سىلە – رەھىم قىلغۇچىدۇر»[1] .

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ھەدىس قۇددۇسىدا مۇنداق دەيدۇ: «اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: مەن رەھمانمەن. رەھمان سىلە - رەھىم دىمەكتۇر. كىمكى سىلە - رەھىمگە رىئايە قىلسا، مەن ئۇنى رەھمىتىمگە ئېرىشتۈرىمەن، كىمكى ئۇنى ئۈزۈپ قويسا، مەنمۇ ئۇنىڭدىن رەھمىتىمنى ئۈزۈپ قويىمەن»[2] .

ئەلى ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ئوغلىغا: ئى ئوغلۇم! سىلە - رەھىمنى ئۈزگەن كىشى بىلەن دوست بولمىغىن، چۈنكى مەن ئۇنداق كىشىنىڭ قۇرئان كەرىمنىڭ ئۈچ يېرىدە لەنەتلەنگەنلىكىنى كۆردۈم، - دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر سورۇندا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ھەدىس سۆزلەپ بېرىۋېتىپ: سىلە - رەھىمنى ئۈزگەن كىشى گۇناھكاردۇر، ئارىمىزدا ئۇنداق ئادەم بولسا، دەرھال قوپۇپ كەتسۇن، - دېگەنىدى، جامائەتنىڭ ئارقىسىدا ئولتۇرغان بىر ياش يىگىتتىن باشقا ھېچكىم ئورنىدىن تۇرمىدى. ئۇ يىگىت نەچچە يىلدىن بېرى گەپلەشمىگەن ھاماچىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ يارىشۋالدى. ھاماچىسى ئۇنىڭغا:

– ئى جىيەنىم! كېلىشىڭگە نېمە سەۋەب بولدى؟ - دەپ سورىدى. يىگىت:

– پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىسى ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ ئىلىم سورۇنىدا ئولتۇرغان ئىدىم. ئۇ: سىلە - رەھىمنى ئۈزگەن كىشى گۇناھكاردۇر، ئارىمىزدا ئۇنداق ئادەم بولسا، دەرھال قوپۇپ كەتسۇن دېدى، - دەپ جاۋاب بەردى. بۇنى ئاڭلىغان ھاماچىسى يىگىتكە:

---

[1] بۇخارى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

[2] تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەد ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان. سەييىد ئىبراھىم: سەنەدى ھەسەن، - دېگەن.

_ ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇنداق دېگەنلىكىنى سورىغىن؟ - دېدى. يىگىت ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ يېنىغا بېرىپ، ھەمماچىسى بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدا بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى ۋە سىلە – رەھىمنى ئۈزگەن كىشىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ سورۇندا ئولتۇرسا بولمايدىغانلىقىنى سورىدى[1]. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

_ مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «سىلە – رەھىمنى ئۈزگەن كىشى بار جامائەتكە اﷲنىڭ رەھمىتى چۈشمەيدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، - دېدى ۋە مۇنداق بىر ھېكايىنى سۆزلەپ بەردى: بۇرۇنقى زاماندا بىر باي ھەج قىلىش ئۈچۈن بەيتۇللاھقا بېرىپتۇ، مەككىگە يېتىپ كەلگەندە، مىلدىن مىڭ تىللا پۇلنى ئامانەتدارلىق ۋە تەقۋادارلىقتا نامى چىققان بىر كىشىگە ئەرەفاتتىن قايتىپ كەلگىچە ساقلاپ بېرىشكە ئامانەت قويۇپتۇ. ئۇ باي ھەج پائالىيىتىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن مەككىگە قايتىپ كېلىپ، ئۇ كىشىنىڭ ۋاپات بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپتۇ. ئائىلىسىدىن ئامانەتنى سورىغان ئىكەن، ئەمما ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن خەۋىرى يوق چىقىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ مەككە ئۆلىمالىرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئەھۋالنى ئۇلارغا ئېيتىپتۇ. ئۇلار ئۇنىڭغا:

_ يېرىم كېچە بولغاندا، زەمزەم قۇدۇقىنىڭ يېنىغا بارغىن، قۇدۇققا قاراپ، ئامانەت قويۇلغان كىشىنىڭ ئىسمىنى چاقىرغىن، ئەگەر ئۇ جەننەت ئەھلى بولسا، بىرىنچى قېتىمدا ساڭا جاۋاب بېرىدۇ، - دەپتۇ. باي زەمزەم قۇدۇقىغا بېرىپ نىدا قىلىپتۇ. ھېچقانداق ئاۋاز كەلمەپتۇ. كېيىن يەنە مەككە ئۆلىمالىرىنىڭ يېنىغا بېرىپ جاۋاب ئالالمىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئۆلىمالار:

_ ﴿إِنَّا لِلَّهِ وَإِنَّا إِلَيْهِ رَاجِعُونَ﴾ ﴿بىز ئەلۋەتتە اﷲنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز (يەنى اﷲنىڭ بەندىلىرىمىز) چوقۇم اﷲنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز﴾[2]. دوستۇڭنىڭ دوزاخ ئەھلىدىن بولۇپ

---

[1] ئىمام بۇخارى «ئەلئەدەبۇلمۇفرەد» ناملىق كىتابىدا رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: ئىنتايىن زەئىپ، - دېگەن.

[2] سۈرە بەقەرە، 156 ـ ئايەت.

قالغانلىقىدىن قورقمىغانلىقىمىزدىن ئۆلچەپ بولماقچى ئەمەس... 

قالغانلىقـــدىن قورقـــۋاتىمىز. ســـەن يەمەنـــگە بـــارغىن، ئـــۇ يەردە «بىرھـــۇت» دېـــگەن بىـــر قـــۇدۇق بـــار، ئـــۇ جەھەننەمنىـــڭ ئـــاغزى دېيىلـــدۇ. كېچىســـى ئۇنىڭغـــا قـــاراپ ئامـــانەت قويۇلغـــان كىشـــىنىڭ ئىســـمىنى چـــاقىرغىن، ئەگەر جەھەنـــنەم ئەھلـــى بولســـا ســـاڭا جـــاۋاب بېرىـــدۇ، - دەپتـــۇ. شـــۇنىڭ بىـــلەن، ئـــۇ يەمەنـــگە بېرىـــپ، قـــۇدۇقنى ســـوراپتۇ، كىشـــىلەر ئۇنىڭغـــا قـــۇدۇقنى كۆرســـىتىپ قويۇپتـــۇ. كېچىســـى قـــۇدۇق بويىغـــا كېلىـــپ، قۇدۇققـــا قـــاراپ تـــۇرۇپ، ھېلىقـــى ئادەمنىـــڭ ئىسمىنى چاقىرىپتىكەن، (ئۇنىڭ روھىدىن) جاۋاب كەپتۇ. باي:

_ ئالتۇنلىرىم قەيەردە؟ - دەپ سوراپتۇ. ئامانەتچى:

_ ئوغلۇمغـــا ئىشـــەنچ قىلالمىغـــانلىقىم ئۈچـــۈن، ئۆيىمنىـــڭ پـــالانى يېـــرىگە كۆمـــۈپ قويـــدۇم، ســـەن بېرىـــپ ئـــۇ يەرنـــى كولىســـاڭ تاپىســـەن، - دەپتۇ. باي ئۇنىڭدىن:

_ ســـېنى بـــۇ يەرگە (دوزاخقـــا) نـــېمە كىرگـــۈزدى؟ ھـــالبۇكى بىـــز سېنى ياخشىلاردىن دەپ ھېسابلايتتۇق، - دەپ سوراپتۇ. ئۇ:

_ مېنىـــڭ كەمـــبەغەل بىـــر قىـــز قېرىندىشـــىم بـــار ئىـــدى، ئـــۇنى تاشـــلىۋەتكەن ئىـــدىم، ئۇنىڭغـــا مېھـــرى – شـــەپقەت قىلمـــىدىم، شـــۇ ســـەۋەبتىن اللە مېنـــى جازالـــىدى ۋە بـــۇ جايغـــا (دوزاخقـــا) كىرگـــۈزدى، - دەپ جاۋاب بېرىپتۇ[1].

پەيغەمـــبەر ســـەلللاللاھۇ ئەلەيھـــى ۋەســـەللەمنىڭ: «ســـىلە - رەھىمنـــى ئـــۈزگەن كىشـــى جەنـــنەتكە كىرەلمەيـــدۇ»[2] دېـــگەن ھەدىســـى مەزكـــۇر ھېكـــايىنى تەســـتىقلايدۇ. يەنـــى، بىـــر تۇغقانلىرىغـــا، ھاماچىلىرىغـــا، تاغىلىرىغـــا، جىيەنلىـــرىگە ۋە شـــۇنىڭغا ئوخشـــاش تۇغقانلىرىغـــا ســـىلە - رەھـــىم قىلمىغـــان، ئـــۇلار بىـــلەن ئالاقىســـىنى ئـــۈزگەن كىشـــى جەنـــنەتكە كىرەلمەيـــدۇ. اللە تائـــالادىن تـــىلەيمىز - ئىبـــادەتتە بولۇشـــىمىز ئۈچـــۈن بىـــزگە تەۋپىـــق بېرىشـــىنى تىلەيمىـــز. اللە ناھايىتى سېخىيدۇر، ناھايىتى كەرەملىكتۇر.

---

[1] بۇ ھېكايە يالغان ۋە ئويدۇرما بولۇپ، ئىسلام ئەقىدىسىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

[2] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

## ئونىنچى چوڭ گۇناھ:

## زىنا قىلىش

زىنانىڭ بەزىسى گۇناھ جەھەتتە بەزىسىدىن ئېغىردۇر. اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلاَ تَقْرَبُواْ الزِّنَى إِنَّهُ كَانَ فَاحِشَةً وَسَاء سَبِيلاً﴾ «زىناغا يېقىنلاشماڭلار، چۈنكى ئۇ قەبىھ ئىشتۇر، يامان يولدۇر»[1]؛ ﴿وَالَّذِينَ لَا يَدْعُونَ مَعَ اللَّهِ إِلَٰهًا آخَرَ وَلَا يَقْتُلُونَ النَّفْسَ الَّتِي حَرَّمَ اللَّهُ إِلَّا بِالْحَقِّ وَلَا يَزْنُونَ وَمَن يَفْعَلْ ذَٰلِكَ يَلْقَ أَثَامًا يُضَاعَفْ لَهُ الْعَذَابُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَيَخْلُدْ فِيهِ مُهَانًا إِلَّا مَن تَابَ﴾ «ئۇلار اللەقا ئىككىنچى بىر مەبۇدنى شېرىك قىلمايدۇ، اللە ھارام قىلغان ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش ئىشىنى قىلمايدۇ، زىنا قىلمايدۇ. كىمكى بۇ (گۇناھلار)نى قىلىدىكەن، (ئاخىرەتتە) ئۇ جازاغا ئۇچرايدۇ. قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا ھەسسىلەپ ئازاب قىلىنىدۇ، ئۇ مەڭگۈ ئازاب ئىچىدە خارلانغان ھالدا قالىدۇ. پەقەت (ئۇلارنىڭ ئىچىدىن) (بۇ دۇنيادىكى چېغىدا) تەۋبە قىلغانلارلا بۇ ھالدا قالمايدۇ»[2].

اللە تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الزَّانِيَةُ وَالزَّانِي فَاجْلِدُوا كُلَّ وَاحِدٍ مِّنْهُمَا مِائَةَ جَلْدَةٍ وَلَا تَأْخُذْكُم بِهِمَا رَأْفَةٌ فِي دِينِ اللَّهِ إِن كُنتُمْ تُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ وَلْيَشْهَدْ عَذَابَهُمَا طَائِفَةٌ مِّنَ الْمُؤْمِنِينَ﴾ «زىنا قىلغۇچى ئايال ۋە زىنا قىلغۇچى ئەرنىڭ ھەربىرىنى يۈز دەررىدىن ئۇرۇڭلار. ئەگەر سىلەر اللەقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىدىغان بولساڭلار، اللەنىڭ دىنىنىڭ (ئەھكامىنى ئىجرا قىلىشتا) ئۇلارغا رەھىم قىلماڭلار. ئۇلارنى جازالىغان چاغدا مۇئمىنلەردىن بىر تۈركۈم كىشى ھازىر بولسۇن»[3].

ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: بۇ جازا ھېچ ئۆيلەنمىگەن ۋە تۇرمۇشقا چىقمىغان ئەر بىلەن ئايال زىناخورنىڭ دۇنيادىكى

---

[1] سۈرە ئىسرا، 32 ـ ئايەت.

[2] سۈرە فۇرقان، 68 ـ ئايەتتىن 70 ـ ئايەتكىچە.

[3] سۈرە نۇر، 2 ـ ئايەت.

جازاسىدۇر. ئەگەر ئۇلار ئۆيلەنگەن بولسا ۋەياكى ئۆمرىدە بىر قېتىم بولسىمۇ ئۆيلىنىپ، ئاندىن ئاجراشقان بولسا، چالما – كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. چۈنكى بۇ ھۆكۈم پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەدىسى بىلەن مۇقىملاشقان بولۇپ، ئۇ مۇنداق دېگەن: «دۇنيادا جازاسىنى تارتمىغان زىناخورلار تەۋبە قىلماستىن ئۆلۈپ كەتسە، دوزاختا ئوت قامچىلار بىلەن جازالىنىدۇ».

زەبۇردا مۇنداق يېزىلغان ئىكەن: «زىناخور ئايال ۋە زىناخور ئەر ئەۋرىتىدىن ئېسىلىپ تۆمۈر قامچا بىلەن ئۇرۇلىدۇ، تاياقتىن دات - پەرياد قىلغاندا جەھەننەم پەرىشتىلىرى (ئۇلارغا): سەن (دۇنيادا) كۈلۈۋاتاتتىڭ، خۇشال بولۇۋاتاتتىڭ، يايراۋاتاتتىڭ، بۇ نالە – پەريادىڭ نەدە قالغانىدى؟ سەن اللە تائالانىڭ ھەققىگە سەل قارايتىڭ، ئۇنىڭدىن خىجىل بولمايتىڭ، - دەيدۇ»[1].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «زىنا قىلغۇچى زىنا قىلغاندا مۇئمىن ھالەتتە زىنا قىلمايدۇ. ئوغرىلىق قىلغۇچى ئوغرىلىق قىلغاندا مۇئمىن ھالەتتە ئوغرىلىق قىلمايدۇ. ھاراق ئىچكۈچى ھاراق ئىچكەندە مۇئمىن ھالەتتە ھاراق ئىچمەيدۇ. باشقىلارنىڭ ئېسىل نەرسىلىرىنى ئىنسانلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئېلىۋالغاندا مۇئمىن ھالەتتە ئېلىۋالمايدۇ»[2].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر بەندە زىنا قىلسا، ئۇنىڭدىن ئىمان چىقىپ، بېشى ئۈستىدە بىر سايىغا ئوخشاش تۇرۇپ تۇرىدۇ. قاچانكى زىنانى تەرك ئەتسە، ئىمان ئۇنىڭغا قايتىپ كېلىدۇ»[3]؛ «كىمكى زىنا قىلسا ياكى ھاراق ئىچسە، اللە ئۇنىڭدىن ئىماننى خۇددى ئىنسان كۆينىكىنى بېشىدىن چىقىرىۋەتكەندەك سۇغۇرىۋالىدۇ»[4]؛ «اللە قىيامەت كۈنى ئۈچ تۈرلۈك كىشىگە گەپ قىلمايدۇ، ئۇلارغا (رەھمەت نەزىرى

[1] بۇ رىۋايەتنىڭ سەنىدى يوقتۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئېتىبار قىلىنمايدۇ.

[2] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

[3] ئەبۇ داۋۇد ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى ئۇنىڭ سەھىھ ھەدىس ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

[4] ھاكىم رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى ئۇنىڭ زەئىپ ھەدىس ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

بىــــلەن) قارىمايـــدۇ، ئـــۇلارنى گۇنـــاھتىن پاكلىمايـــدۇ. ئۇلارغـــا قـــاتتىق ئـــازاب بـــار. بىـــرى، قېـــرى زىنـــاخور؛ ئىككىنچىســـى، يالغـــانچى پادىشـــاھ؛ ئۈچىنچىسى، مۇتەكەببىر كەمبەغەل»[1].

ئىبنـــى مەســـئۇد رەزىيەللاھـــۇ ئەنھـــۇ پەيغەمـــبەر ســـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

_ ئـــى اللهنىـــڭ پەيغەمبىـــرى! اللهنىـــڭ نەزىرىـــدە قايســـى گۇنـــاھ ئەڭ چـــوڭ؟ - دەپ ســـورىغانىدى، پەيغەمـــبەر ســـەللەللاھۇ ئەلەيھـــى ۋەسەللەم:

_ ســـېنى ياراتقـــان اللهقـــا شـــېرىك كەلتۈرۈشـــىڭ، - دەپ جـــاۋاب بەردى.

_ بـــۇ ھەقىـــقەتەن چـــوڭ گۇنـــاھ ئىـــكەن، ئانـــدىن قالســـا قايســـى گۇناھ ئەڭ چوڭ؟

_ بـــالاڭنى ســـەن بىـــلەن بىـــرگە تامـــاق يېيىشـــىدىن ئەنســـىرەپ ئۆلتۈرۈۋېتىشىڭ.

_ ئاندىن قالسىچۇ؟

_ قوشناڭنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلىشىڭ[2].

الله تائـــالا پەيغەمـــبەر ســـەللەللاھۇ ئەلەيھـــى ۋەســـەللەمنىڭ يۇقىرىـــدىكى ھەدىســـىنى تەســـتىقلاپ مۇنـــۇ ئـــايەتنى نازىـــل قىلغـــان: ﴿وَالَّـــذِينَ لَا يَـــدْعُونَ مَـــعَ اللَّهِ إِلَهًـــا آخَـــرَ وَلَا يَقْتُلُـــونَ الـــنَّفْسَ الَّـــتِي حَـــرَّمَ اللَّهُ إِلَّا بِـــالْحَقِّ وَلَا يَزْنُـــونَ وَمَـــن يَفْعَـــلْ ذَلِـــكَ يَلْـــقَ أَثَامًـــا يُضَـــاعَفْ لَـــهُ الْعَـــذَابُ يَـــوْمَ الْقِيَامَـــةِ وَيَخْلُـــدْ فِيـــهِ مُهَانًـــا إِلَّا مَـن تَـابَ﴾ ﴿ئـــۇلار اللهقـــا ئىككىنچـــى بىـــر مەبـــۇدنى شـــېرىك قىلمايـــدۇ، الله ھـــارام قىلغـــان نـــاھەق ئـــادەم ئۆلتـــۈرۈش ئىشـــىنى قىلمايـــدۇ، زىنـــا قىلمايـــدۇ. كىمكـــى بـــۇ (گۇنـــاھلار)نـــى قىلىـــدىكەن، (ئـــاخىرەتتە) ئـــۇ جازاغـــا ئۇچرايـــدۇ. قىيـــامەت كـــۈنى ئۇنىڭغـــا ھەسســـىلەپ ئـــازاب قىلىنىـــدۇ، ئـــۇ مەڭگـــۇ ئـــازاب ئىچىـــدە خارلانغـــان ھالـــدا قالىـــدۇ. پەقەت (ئۇلارنىـــڭ ئىچىـــدىن) (بـــۇ دۇنيـــادىكى چېغىـــدا) تەۋبە قىلغـــانلارلا بـــۇ ھالـــدا قالمايـــدۇ﴾[3]. ھۆرمەتلىـــك ئوقـــۇرمەن! الله ســـاڭا رەھـــمەت

[1] ئىمام مۇسلىم ۋە نەسائى رىۋايەت قىلغان.

[2] ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە نەسائى رىۋايەت قىلغان.

[3] سۈرە فۇرقان، 68 - ئايەتتىن 70 ـ ئايەتكىچە.

قىلسۇن، سەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زىنا قىلىشنى، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش ۋە ئاللاھ ھارام قىلغان جاننى ناھەق ئۆلتۈرۈش بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويغانلىقىنى ياخشى مۇلاھىزە قىلغىن.

سەمۇرە ئىبنى جۇندەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىر قېتىملىق چۈشى بايان قىلىنغان ھەدىستە ئۇنىڭ ئالدىغا جىبرىئىل ۋە مىكائىل ئەلەيھىسسالام كېلىدۇ. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «بىز بىرلىكتە يولغا چىقىپ، تونۇرغا ئوخشايدىغان، ئۈستى تار، ئاستى كەڭ بىر نەرسىنىڭ قېشىغا كەلدۇق. ئۇنىڭ ئىچىدىن ۋاراڭ - چۇرۇڭ ۋە نالە – پەرياد ئاۋازلىرى چىقىۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭ ئىچىگە قارىغان ئىدىم، بىر گۇرۇھ قىپيالىڭاچ ئەر – ئايال تۇرۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ئاستى تەرىپىدىن ئوت يالقۇنى چىقىدىكەن. شۇڭا ئۇلار ئوتنىڭ قاتتىق ھارارىتىدىن ۋارقىراۋاتاتتى. مەن:

– ئى جىبرىئىل! ئۇلار كىم؟ - دەپ سورىدىم. ئۇ:

– بۇلار زىنا قىلغان ئەر - ئاياللاردۇر، قىيامەتكىچە مۇشۇنداق ئازابلىنىدۇ، - دېدى»[1]. بىز ئاللاھ تائالادىن ئەپۇ ۋە ئامانلىق تىلەيمىز، ئامىن!

ئەتا ئىبنى ئەبۇ رەباھ: ﴿لَهَا سَبْعَةُ أَبْوَابٍ﴾ ﴿جەھەننەمنىڭ يەتتە دەرۋازىسى بار﴾[2] دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: بۇ دەرۋازىلاردىن ئەڭ ئېچىنىشلىق، ئەڭ قىزىق، ئەڭ ئازابلىق ۋە ئەڭ سېسىق دەرۋازا زىنانىڭ ھاراملىقىنى بىلىپ تۇرۇپ زىنا قىلغان زىناخورلارغا ئايرىلغان.

مەكھۇل دىمەشقىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: جەھەننەم ئەھلى ناھايىتى سېسىق پۇراقنى پۇرايدۇ ۋە: بۇنىڭدەك سېسىق پۇراقنى پۇرىمىغان ئىدۇق، - دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا: بۇ زىناخورلارنىڭ ئەۋرىتىدىن چىققان پۇراقتۇر، - دېيىلىدۇ.

---

[1] ئىمام بۇخارى ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

[2] سۈرە ھىجر، 44 – ئايەت.

تەپسىر ئالىملىرىدىن بىرى بولغان ئابدۇللاھ ئىبنى زەيد: جەھەننەم ئەھلىنىڭ زىناخورلارنىڭ ئەۋرەتلىرىدىن چىققان پۇراقتىن قاتتىق بىزار بولىدۇ، - دېگەن.

اللّٰه تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان ئون ئايەتتە مۇنداق دېگەن: ئوغرىلىق قىلما، زىنا قىلما، ئەكسىچە بولغاندا ساڭا جامالىمنى كۆرسەتمەيمەن[1]. اللّٰه تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق خىتاب قىلغان يەردە، باشقىلارنىڭ ھالى نېمە بولار؟!

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئىبلىس ئەسكەرلىرىنى (ھەر كۈنى) يەر يۈزىگە تارقىتىدۇ ۋە ئۇلارغا:

_ قايسىڭ بىرىڭلار بىر مۇسۇلماننى ئازدۇرسا، ئۇنىڭغا تاج كىيدۈرىمەن، - دەيدۇ. كىم ئەڭ چوڭ بۇزغۇنچىلىق قىلسا، ئىبلىسقا شۇنچە يېقىن بولىدۇ. شەيتانلار قايتىپ كەلگەندە، ئۇلاردىن بىرى ئىبلىسنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

_ مەن پالانچىغا يېپىشىۋېلىپ، ئاخىرى ئايالىنى تالاق قىلغۇزىۋەتتىم، - دەيدۇ. ئىبلىس ئۇنىڭغا:

_ سەن ھېچقانچە چوڭ ئىش قىلالماپسەن، چۈنكى ئۇ باشقىسى بىلەن توي قىلىۋالىدۇ، دەيدۇ. كېيىن يەنە بىرى كېلىپ:

_ مەن پالانچىغا يېپىشىۋېلىپ، ئاخىرى ئۇنى قېرىندىشى بىلەن ئاداۋەتلەشتۈرۈپ قويدۇم، - دەيدۇ. ئىبلىس ئۇنىڭغىمۇ:

_ سەن ھېچقانچە چوڭ ئىش قىلالماپسەن، چۈنكى ئۇ ئۇنىڭ بىلەن يارىشىۋالىدۇ، - دەيدۇ. كېيىن يەنە بىرسى كېلىپ:

_ مەن پالانچىغا يېپىشىۋېلىپ ۋەسۋەسە قىلغانىدىم، ئاخىرى زىنا قىلدى، - دەيدۇ. ئىبلىس:

_ ياخشى، سەن كاتتا ئىش قىلىپسەن، - دەيدۇ ۋە ئۇنى ئۆزىگە يېقىنلاشتۇرۇپ، بېشىغا تاج كىيدۈرىدۇ»[2]. بىز اللّٰهقا

---

[1] بۇ رىۋايەتلەرنىڭ ئاساسى يوق، چۈنكى سەنەدسىز نەقىل قىلىنغان. ئىسرائىلىيات رىۋايەتلىرىدىندۇر.

[2] بۇ رىۋايەتنىڭ ئاساسى يوق، چۈنكى ئۇنىڭ سەنىدى تېپىلمىدى.

سېغىنىپ شەيتان ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمىز.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئىمان الله خالىغان بەندىسىگە كىيدۈرىدىغان لىباستۇر. بەندە زىنا قىلسا، الله ئۇنىڭدىن ئىمان لىباسىنى سويۇرۇۋالىدۇ. ئەگەر ئۇ اللهقا تەۋبە قىلسا، الله ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ»[1].

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۇسۇلمانلار جامائەسى! زىنادىن قەتئىي ساقلىنىڭلار، چۈنكى ئۇنىڭ ئالتە خىل يامان ئاقىۋىتى بار. ئۈچى دۇنيادا، ئۈچى ئاخىرەتتە بولىدۇ. دۇنيادىكى يامان ئاقىۋەتكە كەلسەك، بىرىنچى، يۈزنىڭ نۇرى كېتىدۇ؛ ئىككىنچى، ئۆمرى قىسقا بولىدۇ؛ ئۈچىنچى، كەمبەغەل ياشايدۇ. ئەمما ئاخىرەتتىكى يامان ئاقىۋەتكە كەلسەك، بىرىنچى، اللهنىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ؛ ئىككىنچى، قاتتىق ھېساب ئېلىنىدۇ؛ ئۈچىنچى، جەھەننەم بىلەن ئازابلىنىدۇ»[2].

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ھاراقكەش پېتى ئۆلسە، الله تائالا ئۇنى "غۇتە" دەرياسىدىن سۇغۇرىدۇ. ئۇ، دوزاختىكى بىر دەريا بولۇپ ئۇنىڭدا پاھىشە ئاياللارنىڭ ئەۋرىتىدىن چىققان قان - يىرىڭلار ئاقىدۇ»[3]؛ «اللهنىڭ نەزىرىدە اللهقا شېرىك كەلتۈرۈشتىن قالسىلا، بىر كىشىنىڭ ئۆزىگە ھالال بولمىغان بىر ئايالنىڭ ئەۋرىتىگە مەنىي ئاقتۇرۇشىدىن چوڭراق گۇناھ يوقتۇر»[4].

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «جەھەننەمدە يىلان بىلەن تولغان بىر ۋادى بار، ھەربىر يىلان تۆگىنىڭ بوينىدەك يوغان بولۇپ، نامازنى تەرك ئەتكەن كىشىنى چاقىدۇ، ئۇنىڭ زەھىرى ئۇ كىشىنىڭ بەدىنىدە يەتمىش يىل

---

[1] ئەلبانى: ناھايىتى زەئىپ، - دېگەن.

[2] ئەلبانى: مەۋزۇ (توقۇلما) ھەدىس، - دېگەن.

[3] ئىمام ئەھمەد ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: زەئىپ، - دېگەن.

[4] ئەلبانى: زەئىپ، - دېگەن.

قايناي‍دۇ. كېيىن گۆشلىرى تىتىلىپ كېتىدۇ. جەھەننەمدە يەنە «جۇببۇلھۇزن» ئىسىملىك بىر ۋادى بولۇپ، ئۇنىڭدا يىلانلار ۋە چايانلار بار. ھەربىر چايانىنىڭ چوڭلۇقى قېچىردەك كېلىدۇ. ھەربىر يىلاننىڭ يەتمىش نەشتىرى بار، ھەربىر نەشتىرى زەھەر بىلەن تولغان بولۇپ، زىناخورنى چاقىدۇ ۋە زەھىرىنى ئۇنىڭ بەدىنىگە بوشىتىدۇ. زىناخور زەھەرنىڭ ئەلىمىنى مىڭ يىل تارتىدۇ. كېيىن ئۇنىڭ گۆشلىرى تىتىلىپ كېتىدۇ. ئەۋرىتىدىن قان يىرىڭلار ئاقىدۇ»[1].

مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: كىمكى تۇرمۇشقا چىققان بىر ئايال بىلەن زىنا قىلسا، ئۇ ئەر بىلەن ئۇ ئايالغا قەبرىدە بۇ ئۇممەتكە بېرىلىدىغان ئازابنىڭ يېرىمى بېرىلىدۇ. قىيامەت كۈنى، الله تائالا ئۇنىڭ (ئايالنىڭ) ياخشىلىقلىرىنى ئېرىنىڭ ياخشىلىق دەپتىرىگە يازىدۇ، ئەگەر ئېرىنىڭ خەۋىرى بولمىغان بولسا، شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئېرى بىلىپ تۇرۇپ سۈكۈت قىلغان بولسا، الله تائالا ئۇنىڭغا (ئېرىگە) جەننەتنى ھارام قىلىدۇ. چۈنكى الله تائالا جەننەت دەرۋازىسىغا: سەن دەييۇزگە ھارام قىلىنغانسەن، دەپ يېزىپ قويغان. دەييۇز _ ئايالىنىڭ پاھىشە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، قىزغانماستىن سۈكۈت قىلغان كىشىدۇر[2].

يەنە مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: كىمكى ھالالى بولمىغان بىر ئايالغا شەھۋەت بىلەن قول ئۇزارتسا، قىيامەت كۈنى قولى بوينىغا باغلانغان ھالدا كېلىدۇ. ئەگەر ئۇنى سۆيگەن بولسا، لەۋلىرى دوزاخ ئوتىدا كېسىلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن زىنا قىلغان بولسا، قىيامەت كۈنى يوتىلىرى زۇۋانغا كېلىدۇ ۋە ئۇنىڭ زىيىنىغا گۇۋاھلىق بېرىپ:

_ مېنى ھارامغا باشلىدىڭ، - دەيدۇ. الله ئۇنىڭغا غەزەپ نەپرىتى بىلەن قارايدۇ. ئۇنىڭ يۈزى قىزىرىدۇ ۋە:

_ مەن قىلمىدىم، - دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ تىلى گۇۋاھلىق بېرىشكە باشلاپ:

---

[1] بۇ، مەۋزۇ (توقۇلما) ھەدىستۇر.

[2] ئىبنى ھەجەر ھەيسەمى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە نىسبەت بەرمەستىن نەقىل قىلغان.

ـ مەن ھالال بولمىغان سۆزلەرنى سۆزلىدىم، - دەيدۇ. قوللىرى:

ـ مەن ھالال بولمىغان نەرسىنى تۇتتۇم، - دەيدۇ. كۆزلىرى:

ـ مەن ھارام بولغان نەرسىگە قارىدىم، - دەيدۇ. ئاياقلىرى:

ـ مەن ھارامغا ماڭدىم، - دەيدۇ. ئەۋرەتلىرى:

ـ مەن ھارام ئىشنى قىلدىم، - دەيدۇ. ئۇ بەندىگە مۇئەككەل قىلىنغان پەرىشتىدىن بىرى:

ـ مەن ئاڭلىدىم، - دەيدۇ. يەنە بىرسى:

ـ مەن يازدىم، - دەيدۇ. الله تائالا:

ـ مەن كۆردۈم ئەمما يوشۇردۇم، - دەيدۇ. كېيىن الله تائالا: ئى پەرىشتىلىرىم! ئۇنى ئېلىپ بېرىڭلار! ئازابىمدىن تېتىتىڭلار، مەندىن ھايا قىلمىغانلارغا قارشى غەزەپ نەپرىتىم قاتتىقتۇر، - دەيدۇ[1]. بۇ گۇۋاھلىقنى الله تائالانىڭ تۆۋەندىكى ئايىتى تەستىقلايدۇ: ﴿يَوْمَ تَشْهَدُ عَلَيْهِمْ أَلْسِنَتُهُمْ وَأَيْدِيهِمْ وَأَرْجُلُهُم بِمَا كَانُوا يَعْمَلُونَ﴾ ﴿شۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە) ئۇلارنىڭ تىللىرى قوللىرى ۋە پۇتلىرى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن ئۇلارنىڭ زىيىنىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ﴾[2].

زىنانىڭ ئەڭ چوڭى ئانا، ئاچا، سىڭىل، ئۆگەي ئانا ۋە باشقا مەھرەم ئاياللار بىلەن زىنا قىلىشتۇر. ھاكىم رىۋايەت قىلغان سەھىھ بىر ھەدىستە: «كىم ئۆزىنىڭ مەھرىمى بىلەن زىنا قىلسا، ئۇنى ئۆلتۈرۈڭلار!» دېيىلگەن[3].

بەرائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاغامنى ئۆگەي ئانىسى بىلەن زىنا قىلغان بىر كىشىنى ئۆلتۈرۈش ۋە مېلىنىڭ بەشتىن بىرىنى مۇسادىرە قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ يېنىغا ئەۋەتكەن ئىدى[4].

---

[1] بۇ ھەدىس ئاساسلىق ھەدىس مەنبەلىرىدە يوق. ئۇنى ئىبنى ھەجەر ھەيسەمى «ئەززەۋاجىر» ناملىق كىتابىدا رىۋايەت قىلغان.

[2] سۈرە نۇر، 24 ـ ئايەت.

[3] ھاكىم رىۋايەت قىلغان ۋە: سەنەدى سەھىھ، - دېگەن. ئىبنى ماجەمۇ رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: زەئىپ، - دېگەن.

[4] تىرمىزى، ئەھمەد، دارىمى ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان. زەھەبى: سەھىھ، - دېگەن.

پەزلى - مەرھەمىتى ۋە كەرىمى چەكسىز بولغان اللە تائالادىن گۇناھلىرىمىزنى ئەپۇ قىلىشىنى سورايمىز. ئۇ ناھايىتى سېخىي، ناھايىتى مەرتتۇر.

## ئون بىرىنچى چوڭ گۇناھ:

# بەچچىۋازلىق

اللە تائالا بىزگە قۇرئان كەرىمنىڭ بىرقانچە جايىدا لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ قىسسىلىرىنى بايان قىلغان بولۇپ، شۇلاردىن بىرىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَلَمَّا جَاءَ أَمْرُنَا جَعَلْنَا عَالِيَهَا سَافِلَهَا وَأَمْطَرْنَا عَلَيْهَا حِجَارَةً مِّن سِجِّيلٍ مَّنضُودٍ مُّسَوَّمَةً عِندَ رَبِّكَ وَمَا هِيَ مِنَ الظَّالِمِينَ بِبَعِيدٍ﴾ ﴿بىزنىڭ جازالاش ئەمرىمىز چۈشكەندە ئۇلارنىڭ يۇرتلىرىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتتۇق (يەنى كۆمتۈرىۋەتتۇق). ئۇ يۇرتلارغا بىز ئۈستى - ئۈستىلەپ ساپال تاشلارنى ياغدۇردۇق. ئۇ ساپال تاشلارغا پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدا بەلگە سېلىنغان ئىدى. ئۇ يۇرتلار زالىملار (يەنى قۇرەيش كاپىرلىرى) دىن يىراق ئەمەس﴾[1].

ئايەتتىكى: ﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدا بەلگە سېلىنغان ئىدى﴾ دېگەن سۆز: بۇ تاشلارنىڭ دۇنيا تاشلىرى ئەمەسلىكىنى بىلدۈرۈپ تۇرىدىغان ئالامەتلەر بىلەن بەلگە سېلىنغانلىقىنى ۋە اللەنىڭ خەزىنىسىدە ساقلانغان بولۇپ، اللەنىڭ ئىزنىسىز ئىشلىتىلمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

بۇ ئۈممەتنىڭ زالىملىرى بۇرۇنقىلار سادىر قىلغان ئاشۇ گۇناھنى قىلىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ بېشىغا چۈشكەن ئازاب بۇلارنىڭمۇ بېشىغا چۈشىدىغانلىقى ئانچە يىراق ئەمەس. شۇ سەۋەبتىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «سىلەرنىڭ لۇت قەۋمى قىلغان ئىشلارنى قىلىپ سېلىشىشىڭلاردىن بەكمۇ ئەنسىرەيمەن» دېگەن[2]. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى قىلغانلارنى ئۈچ قېتىم لەنەتلەپ مۇنداق دېگەن: «لۇت قەۋمىنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى قىلغانلارغا

---

[1] سۈرە ھۇد، 82 ـ ۋە 83 ـ ئايەتلەر.

[2] تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ئەھمەد ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان.

اللهنىڭ لەنىتى بولسۇن! لۇت قەۋمىنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى قىلغانلارغا اللهنىڭ لەنىتى بولسۇن! لۇت قەۋمىنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى قىلغانلارغا اللهنىڭ لەنىتى بولسۇن!»[1]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «لۇت قەۋمىنىڭ ئىشىنى قىلغانلارنى تاپساڭلار، قىلغۇچى ۋە قىلىنغۇچى ھەر ئىككىسىنى ئۆلتۈرۈڭلار»[2].

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: لۇت قەۋمىنىڭ ئىشىنى قىلغانلار مەھەللىدىكى ئەڭ ئېگىز بىناغا ئېلىپ چىقىلىپ، شۇ يەردىن پەسكە دومىلىتىۋېتىلىدۇ، ئاندىن چالما ـ كېسەك قىلىنىدۇ، ـ دېگەن[3].

بەچچىۋازلىقنىڭ الله تائالا ھارام قىلغان ئەڭ چوڭ گۇناھلاردىن بىرى ئىكەنلىكىگە بارلىق ئۆلىمالار بىرلىككە كەلگەن ۋە الله تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىنى دەلىل قىلغان: ﴿أَتَأْتُونَ الذُّكْرَانَ مِنَ الْعَالَمِينَ وَتَذَرُونَ مَا خَلَقَ لَكُمْ رَبُّكُمْ مِنْ أَزْوَاجِكُم بَلْ أَنتُمْ قَوْمٌ عَادُونَ﴾ ﴿سىلەر ئەھلى جاھان ئىچىدىن لىۋاتە قىلىپ، پەرۋەردىگارىڭلار سىلەر ئۈچۈن ياراتقان ئاياللىرىڭلارنى تاشلاپ قويامسىلەر؟ سىلەر ھەقىقەتەن (بۇزۇقچىلىقتا) ھەددىدىن ئاشقۇچى قەۋمسىلەر﴾[4] يەنى ھالال نەرسىنى تاشلاپ، ھارام نەرسىگە ھالقىغۇچى قەۋمسىلەر.

الله تائالا باشقا بىر ئايەتتە لۇت ئەلەيھىسسالامدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَنَجَّيْنَاهُ مِنَ الْقَرْيَةِ الَّتِي كَانَت تَّعْمَلُ الْخَبَائِثَ إِنَّهُمْ كَانُوا قَوْمَ سَوْءٍ فَاسِقِينَ﴾ ﴿ئۇنى (يەنى لۇتنى) (ئاھالىسى بەچچىۋازلىق، قاراقچىلىق قاتارلىق) يامان قىلىقلارنى قىلىدىغان شەھەردىن قۇتقۇزدۇق. ھەقىقەتەن ئۇلار يامان پاسىق قەۋم ئىدى﴾[5].

لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ياشىغان شەھەرنىڭ ئىسمى «سەدۇم» ئىدى. ئۇ شەھەردە ياشايدىغان خەلقلەر الله تائالا

[1] تىرمىزى رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، ـ دېگەن.
[2] تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە دارۇقۇتنى ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، ـ دېگەن.
[3] بەيھەقى رىۋايەت قىلغان.
[4] سۈرە شۇئەرا، 165 ـ ۋە 166 ـ ئايەتلەر.
[5] سۈرە ئەنبىيا، 74 ـ ئايەت.

قۇرئانـــدا تىلغـــا ئالىنغانـــدەك، يامـــان ئىشـــلار بىـــلەن شـــۇغۇللىناتتى. ئـــۇلار ئەھلـــى جاھـــان ئىچـــىدە بەچچىۋازلـــىق بىـــلەن شـــۇغۇللىناتتى، يىغىلىـــش ســـورۇنلىرىدا بەس – بەس بىـــلەن ئۇســـۇراتتى ۋە ئۇنىڭـــدىن باشـــقا ھەر تۈرلۈك يامانلىقلارنى سادىر قىلاتتى.

ئىبنـــى ئاببـــاس رەزىيەللاھـــۇ ئەنھـــۇدىن مۇنـــداق رىـــۋايەت قىلىنغـــان: لـــۇت ئەلەيھىســـسالامنىڭ قەۋمىنىـــڭ ئەمەللىرىـــدىن ئـــون ئىشـــلەت بولـــۇپ، ئـــۇلار: (ئەر كىشـــىنىڭ) چـــاچنى ئـــۆرۈۋېلىش؛ كىيىمنىـــڭ تۆگمىســـىنى يېشـــىۋېتىش؛ (قۇشـــلارغا) ســـالغا بىـــلەن تـــاش ئېـــتىش؛ (ئىنســـان ۋە ھـــايۋاننى) تـــاش بىـــلەن ئۆلتـــۈرۈش؛ كەپتەرۋازلـــىق قىلـــىش؛ بارمـــاقلىرى بىـــلەن ئىســـقىرتىش؛ ئوشـــۇقلىرىدىن قـــاس چىقىـــرىش؛ كىيىملىرىنـــى ئـــۇزۇن كىيـــىپ ســـۆرەپ مـــېڭىش؛ تونلىرىنىـــڭ تـــۈگمىلىرىنى يېشـــىۋېتىش؛ داۋاملىـــق ھـــاراق ئىچـــىش ۋە لـــىۋاتە قىلىشـــتىن ئىبـــارەت. بـــۇ ئـــۈممەت ئـــۇ ئىللەتـــلەرگە ئايـــاللار بىـــلەن ئاياللارنىـــڭ سۈركىلىشـــىنى قوشـــىدۇ[1] (يەنـــى ئايـــاللار يالىڭـــاچ يېتـــىپ، ئۆزئارا سۈركىلىدۇ).

پەيغەمـــبەر ســـەللاللاھۇ ئەلەيھـــى ۋەســـەللەم: «ئاياللارنىـــڭ يالىڭاچ يېتىپ، ئۆزئارا سۈركىلىشى زىنادۇر» دېگەن[2].

ئەبـــۇ ھـــۇرەيرە رەزىيەللاھـــۇ ئەنھـــۇدىن رىـــۋايەت قىلىنغـــدۇكى، پەيغەمـــبەر ســـەللاللاھۇ ئەلەيھـــى ۋەســـەللەم: «تـــۆت تۈرلـــۈك كىشـــى ئەتـــىگەن ۋە ئاخشـــامدا اللهنىـــڭ غەزىـــپىگە يولۇقىـــدۇ» دېگەنىـــدى، ســـاھابىلەر: ئـــى اللهنىـــڭ پەيغەمبىـــرى! ئـــۇلار كىـــم؟ - دەپ ســـورىدى. پەيغەمـــبەر ســـەللاللاھۇ ئەلەيھـــى ۋەســـەللەم: «ئاياللارغـــا ئوخشـــىۋالغان ئەرلەر؛ ئەرلەرگە ئوخشـــىۋالغان ئايـــاللار؛ ھـــايۋانلار بىـــلەن جىنســـى مۇناســـىۋەت قىلغـــانلار؛ ئەرلەر بىـــلەن جىنســـىي مۇناســـىۋەت قىلغـــانلار (يەنى لىۋاتە قىلغانلار)» دەپ جاۋاب بەردى[3].

مۇنـــداق رىـــۋايەت قىلىنغـــدۇ: «ئەر كىشـــى بىـــلەن ئەر كىشـــى يېقىنچىلىـــق قىلســـا، ئەرش اللهنىـــڭ غەزىپىـــدىن قورقىنىـــدىن تەۋرەپ

---

[1] ئەلبانى: مەۋزۇ (توقۇلما) ھەدىس، - دېگەن.

[2] تەبەرانى ۋە ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: زەئىپ، - دېگەن.

[3] تەبەرانى رىۋايەت قىلغان.

كېتىدۇ، ئاسمانلار يەرنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ كېتىشكە تاس قالىدۇ، پەرىشتىلەر ئاسمانىنىڭ ئەتراپىدىن تۇتىۋېلىپ، قۇل ھۇۋاللاھۇ ئەھەد سۈرىسىنى ئاخىرغىچە ئوقۇيدۇ، شۇنىڭ بىلەن، اللهنىڭ غەزىپى پەسىيىدۇ»[1].

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «الله تائالا يەتتە تۈرلۈك كىشىگە لەنەت قىلىدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇلارغا (رەھمەت نەزىرى بىلەن) قارىمايدۇ ۋە: جەھەننەمگە كىرىدىغانلار بىلەن بىرلىكتە كىرىڭلار، - دەيدۇ. بىرىنچى، بەچچىۋازلىق قىلغۇچى ۋە قىلىنغۇچى ھەر ئىككىلى تەرەپ؛ ئىككىنچى، ھايۋان بىلەن شەھۋىتىنى قاندۇرغۇچى؛ ئۈچىنچى، بىر ئايال بىلەن ھەم شۇ ئايالنىڭ قىزى بىلەن جىما قىلغۇچى؛ تۆتىنچى، قولى بىلەن ئويناپ مەنىي چىقارغۇچى... پەقەت تەۋبە قىلغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر»[2].

ھاياتى دۇنيادا قوللىرى بىلەن ئەۋرەتلىرىنى ئويناپ مەنىي چىقىرىدىغانلارنىڭ قىيامەت كۈنىدە قوللىرى زىنادىن ھامىلە قالغاندەك تومپايغان ھالدا ھەشر قىلىنىدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

شىشخال ئويناش، كەپتەرنى مۇسابىقىگە سېلىش، ئىت تالاشتۇرۇش، قوچقار سوقۇشتۇرۇش، خوراز سوقۇشتۇرۇش، يالىڭاچ ھاممامغا كىرىش، ئۆلچەم ۋە تارازىدا كەم بېرىش قاتارلىق ئەمەللەر لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ ئەمەللىرىدىن ئىكەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان[3]. بۇنداق ئىشلارنى قىلىدىغانلارنىڭ ھالىغا ۋاي!

ئەسەردە مۇنداق دېيىلگەن: كىمكى كەپتەر ئۇچۇرتۇش بىلەن مەشغۇل بولسا، كەمبەغەللىكنىڭ تەمىنى تېتىماي ئۆلمەيدۇ.

---

[1] بۇ ھەدىس ئاساسلىق ھەدىس مەنبەلىرىدە تېپىلمايدۇ.

[2] ئەجلۇنى ۋە ئىبنى كەسىر نەقىل قىلغان. ئەمما ئۇنىڭ سەنەدىدە كەملىكى نامەلۇم كىشى بار.

[3] بۇ ھەدىس قارىماققا مەۋزۇ بولۇپ، ھەيسەمى ئۇنى سەنەدسىز رىۋايەت قىلغان.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: ئەگەر بەچچىۋاز تەۋبە قىلماستىن ئۆلسە، قەبرىسىدە توڭگۇزغا ئايلىنىپ قالىدۇ[1]، - دېگەن.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «اللە ئەر كىشى بىلەن جىما قىلغان ياكى ئايالنىڭ ئارقا تەرىپىگە جىما قىلغان ئادەمگە (رەھمەت نەزىرى بىلەن) قارىمايدۇ»[2].

ئەبۇ سەئىد سەئلۇكى: بۇ ئۈممەتنىڭ ئىچىدە بەچچىۋاز دېيىلىدىغان بىر قەۋم كېلىدۇ، ئۇلار مۇنداق ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ: بىرىنچى، ئەرلەرگە قاراپ ھۇزۇرلىنىدىغانلار؛ ئىككىنچى، قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ ھۇزۇرلىنىدىغانلار؛ ئۈچىنچى، ئاشۇ پاسكىنا ئەمەلنى (يەنى لىۋاتەنى) قىلىدىغانلار، - دېگەن[3].

ئايالغا ۋە چىرايلىق يىگىتكە شەھۋەت بىلەن قاراش بىر خىل زىنادۇر. چۈنكى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر سەھىھ ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ: «كۆزنىڭ زىناسى قاراش، تىلنىڭ زىناسى سۆزلەش، قولنىڭ زىناسى تۇتۇش، پۇتنىڭ زىناسى (گۇناھقا) قەدەم تاشلاش، قۇلاقنىڭ زىناسى ئاڭلاشتۇر. كۆڭۈل ئارزۇ قىلىدۇ ۋە خالايدۇ، ئەۋرەت كۆڭۈلنىڭ خاھىشلىرىنى تەستىقلايدۇ ياكى رەت قىلىدۇ»[4].

شۇ سەۋەبتىن سالىھ كىشىلەر چىرايلىق ئوغۇل باللارغا قاراشتىن ۋە ئۇلار بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇرۇشتىن ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىشتا ئاشۇرىۋەتكەن. ئۇلۇغلاردىن ھەسەن ئىبنى زەكۋان مۇنداق دەيدۇ: بايلارنىڭ باللىرى بىلەن بىر يەردە ئولتۇرماڭلار، چۈنكى ئۇلارنىڭ يۈزلىرى قىزلارنىڭ يۈزلىرىگە ئوخشاش چىرايلىق بولۇپ، ئاياللاردىنمۇ ئېغىرراق پىتنىگە چۈشۈرىدۇ[5].

---

[1] ئىبنى جەۋزى ئۇنى مەۋزۇ ھەدىسلەر قاتارىدا بايان قىلغان.

[2] تىرمىزى رىۋايەت قىلغان ۋە: ھەسەن ۋە غېرىپتۇر، - دېگەن.

[3] سۇيۇتى «ئەددۇررۇلمەنسۇر» ناملىق كىتابىدا بايان قىلغان.

[4] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

[5] ھەيسەمى ۋە سۇيۇتى نەقىل قىلغان. ئەمما سەنەدى زەئىپتۇر.

تابىئىنلاردىن بىرى: ئىبادەتگۆي بىر يىگىتتىن ئەنسىرەيدىغىنىم يىرتقۇچ ھايۋاننىڭ ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزۈشى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئەمدى يېتىلىۋاتقان بىر يىگىت بىلەن جىما قىلىپ سېلىشىدۇر، - دېگەن ئىكەن[1].

ئالىملارنىڭ بىرى: بىر ئادەم ئەمدى يېتىلىۋاتقان يىگىت بىلەن بىر جايدا ياتمىسۇن، - دېگەن.

بەزى ئالىملار بىر ئادەمنىڭ ئەمدى يېتىلىۋاتقان يىگىت بىلەن بىر جايدا يالغۇز قېلىشىنى ئاياللارغا قىياس قىلىپ ھارام قىلغان. چۈنكى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بىر ئايال بىلەن بىر ئەر (يالغۇز) قالسا ئۇچىنچىسى شەيتان بولىدۇ» دېگەن[2].

گۈزەللىكتە ئاياللارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىدىغان يىگىتلەر بار. ئۇلارنىڭ پىتنىسى بەكمۇ چوڭدۇر. ئاياللار دۇچ كەلمەيدىغان يامانلىقلارغا ئۇلار دۇچ كېلىشى مۇمكىن. شۇڭا ئۇنداق يىگىتلەرگە قاراش تېخىمۇ ھارامدۇر. سەلەفلەرنىڭ ئۇلاردىن ئۇزاق تۇرۇشقا، ئۇلارغا قاراشتىن ھەزەر ئەيلەشكە ئۈندىگەن سۆزلىرىنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ چىرايلىق يېتىلىشى ئۆزلىرىگە دۈشمەندۇر.

سۇفيان سەۋرى ھاممامغا كىردى. بىر ئازدىن كېيىن كېلىشكەن بىر بالا كىرىپ كەلدى. ئۇ ئۇنى كۆرۈپ: ئۇنى يېنىمدىن چىقىرىۋېتىڭلار! ئۇنى يېنىمدىن چىقىرىۋېتىڭلار! ھەربىر ئايالنىڭ يېنىدا بىر شەيتاننى كۆرسەم، ھەربىر چىرايلىق بالىنىڭ يېنىدا ئون شەيتاننى كۆرىۋاتىمەن، - دېگەنىكەن.

بىر ئادەم چىرايلىق بىر بالىنى ئەگەشتۈرۈپ، ئىمام ئەھمەد (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن)نىڭ يېنىغا كەپتۇ. ئىمام ئەھمەد:

_ بۇ بالا سىنىڭمۇ؟ - دەپ سوراپتۇ. ئۇ:

_ ھەمشىرەمنىڭ بالىسى، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئىمام ئەھمەد:

---

[1] سۈيۈتى نەقىل قىلغان. لېكىن سەنەدىدە ئىشەنچلىك ئەمەس بىرى بار.

[2] مۇنزىرى نەقىل قىلغان ۋە زەئىپ ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

— ئۇنى بىزنىڭ ئالدىمىزغا ئىككىنچى قېتىم ئېلىپ كەلمىگىن، كوچىدا بىللە ماڭمىغىن. چۈنكى سېنى ۋە ئۇنى تونىمايدىغانلار سەن توغرۇلۇق يامان گۇمان قىلىپ قالمىسۇن، - دەپتۇ.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئابدۇلقەيس قەبىلىسىدىن بىر ئۆمەك پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇزۇرىغا كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە چىرايلىق بىر يىگىت بار ئىكەن. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى ئارقىسىغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئاندىن: «داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ پىتنىسى نەزەردىن كېلىپ چىققان ئىدى»[1] دېگەن.

ئىلگىرى ئۆتكەنلەر قاراشنىڭ يامانلىقى توغرۇلۇق شېئىر توقۇغان بولۇپ، بۇ شېئىرنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە: بارلىق ھادىسىلەرنىڭ باشلىنىشى قاراشتىن كېلىدۇ. كۆپىنچە ئوت ئاپتى ئۇچقۇندىن چىقىدۇ. كىشىنىڭ كۆزى چىرايلىق بولسا، باشقىلارنى ھالاكەتكە دۇچار قىلىدۇ. قانچىلىغان كىشىلەرنىڭ قاراشلىرى ئۆز يۈرەكلىرىگە خۇددى ياسىز ئوقتەك سانچىلىدۇ. قارىغاندا خۇش بولىدۇ، كۆڭلى زىيان كۆرىدۇ. بۇنداق زىيان ئېلىپ كېلىدىغان خۇشاللىقنى قارشى ئېلىشقا نە ھاجەت؟!

قاراش زىناغا باشلايدۇ، - دېگەن گەپ بار. بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «قاراش شەيتاننىڭ ئوقلىرىدىن زەھەرلىك بىر ئوقتۇر. كىمكى قاراشنى اللهنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن تەرك ئەتسە، الله ئۇنىڭ قەلبىگە قىيامەت كۈنى بىر ئىبادەتنىڭ ھالاۋىتىنى تېتىشقا مۇيەسسەر قىلىدۇ»[2].

*****

## ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئۆزىنى لىۋاتە قىلدۇرغان كىشىنىڭ جازاسى:

خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر شەھەردە ئۆزىنى لىۋاتە قىلدۇرغان بىر كىشىنى ئۇچرىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭغا

[1] شەۋكانى: بۇ ھەدىسنىڭ ھېچقانداق ئەسلى يوق، - دېگەن.

[2] ھاكىم ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: ئىنتايىن زەئىپ، - دېگەن.

قانـــداق جـــازا بېـــرىش توغرىســـــدا ئەبـــۇ بەكـــر رەزىيەللاھـــۇ ئەنھۇغـــا خەت يازىـــدۇ. ئەبـــۇ بەكـــر رەزىيەللاھـــۇ ئەنھـــۇ بـــۇ ئىـــش توغرۇلـــۇق ســـاھابىلەرگە مەســـلىھەت ســـالىدۇ. ئەلـــى رەزىيەللاھـــۇ ئەنھـــۇ: بـــۇ ئېغىـــر گۇنـــاھتۇر، لـــۇت قەۋمـــدىن باشـــقا ھېچبىـــر ئـــۈممەت بـــۇنى ســـادىر قىلمىغـــان. اللە تائالانىـــڭ ئـــۇلارنى قانـــداق جازالىغـــانلىقىنى بىلىمىـــز. ئـــۇنى ئـــوت قويـــۇپ كۆيدۈرۈۋېتىشـــنى مـــاقۇل كۆرىـــۋاتىمەن، - دەيـــدۇ. شـــۇنىڭ بىـــلەن، ئەبـــۇ بەكـــر رەزىيەللاھـــۇ ئەنھـــۇ خالىـــد ئىبنـــى ۋەلىـــد رەزىيەللاھـــۇ ئەنھۇغـــا: ئـــۇنى ئـــوت قويـــۇپ كۆيـــدۈرۈۋەتكىن، - دەپ خەت يازىـــدۇ. خالىـــد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتىدۇ[1].

ئەلـــى رەزىيەللاھـــۇ ئەنھـــۇ مۇنـــداق دەيـــدۇ: اللە تائـــالا ئـــۆز ئىختىيـــارى بىـــلەن ئـــۆزىنى لـــۋاتە قىلـــدۇرغان كىشـــىگە ئاياللارنىـــڭ شـــەھۋىتىنى ســـېلىپ قويىـــدۇ ۋە قەبرىســـــدە قىيـــامەتكىچە قوغلانـــدى شەيتاننىڭ ئازابىنى تارتقۇزىدۇ[2].

كىمكـــى قـــۇلى بىـــلەن لـــۋاتە قىلســـا، ئۇنىـــڭ بەچچىۋازلىـــق جىنـــايىتى ئىكەنلىكىـــگە ئۆلىمـــالار بىـــردەك قاراشـــقا كەلـــگەن. بـــۇ ھەقـــتە مۇنـــداق رىـــۋايەت قىلىنىـــدۇ: مەريەم ئـــوغلى ئىيســـا ئەلەيھىســـــالام ســـاياھەتلىرىدىن بىرىـــدە بىـــر ئـــادەم كۆيىۋاتقـــان بىـــر ئـــوتنى كۆرۈپتـــۇ. ئىيســـا ئەلەيھىســـالام ســـۇ ئېلىـــپ ئـــوتنى ئۆچۈرۈشـــكە باشـــلاپتۇ. بىـــراق، ئـــوت بىـــر بالىغـــا، كۆيىۋاتقـــان ئـــادەم بولســـا، ئوتقـــا ئايلىنىـــپ قـــاپتۇ. ئىيســـا ئەلەيھىسسالام بۇنىڭدىن ئەجەبلىنىپ:

_ ئـــى پەرۋەردىگـــارىم! بـــۇلارنى دۇنيـــادىكى ســـۈرىتىگە كەلتـــۈرگىنكى، نـــېمە بولغـــانلىقىنى ئۆزلىرىـــدىن ســـوراپ بىلىـــۋالاي، - دەپتـــۇ. اللە تائـــالا ئـــۇ ئىككىســـىنى تىرىلـــدۈرۈپتۇ. قارىســـا، ئـــۇلار بىـــر ئـــادەم بىلەن بىر بالا ئىكەن. ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئۇ ئىككىسىدىن:

_ سىلەرگە نېمە بولغان؟ - دەپ سوراپتۇ. ھېلىقى ئادەم:

_ ئـــى اللەنىـــڭ روھـــى! مەن دۇنيـــادا بـــۇ بـــالىنى ياخشـــى كـــۆرۈپ قىلىشـــقا مـــۇپتىلا بولغـــان ئىـــدىم. شـــەھۋىتىم مېنـــى ئۇنىـــڭ بىـــلەن لـــۋاتە قىلىشـــقا ئېلىـــپ بـــاردى. مەن ۋە ئـــۇ بـــالا ئۆلگەنـــدىن كېـــيىن، ئـــۇ ئوتقـــا

[1] مۇنزىرى نەقىل قىلغان.

[2] ھەيسەمى نەقىل قىلغان. لېكىن رىۋايەت قائىدىسىگە ئاساسەن، بۇ سۆزنىڭ راست ياكى يالغانلىقى ئېنىق ئەمەس.

ئايلىنىپ بىر مەزگىل مېنى كۆيدۈردۇ، كېيىن مەن ئۇتقا ئايلىنىپ بىر مەزگىل ئۇنى كۆيدۈرمەن، بىزنىڭ ئازابىمىز قىيامەتكىچە مۇشۇنداق نۆۋەتلىشىپ داۋام قىلىدۇ[1]، - دەپتۇ.

اللهقا سېغىنىپ، ئۇنىڭ ئازابىدىن پاناھ تىلەيمىز ۋە ئۇنىڭدىن بىزنى ئەپۇ قىلىشىنى، ئامان قىلىشىنى، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ئىشلارغا مۇۋەپپەق قىلىشىنى سورايمىز، ئامىن.

*****

ئاياللارنىڭ ئارقا يولىغا كېلىش لىۋاتە ھۆكمىگە كىرىدۇ. چۈنكى ئۇ ئىشنى الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ھارام قىلغان. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿نِسَآؤُكُمْ حَرْثٌ لَّكُمْ فَأْتُواْ حَرْثَكُمْ أَنَّى شِئْتُمْ﴾ «ئاياللىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن (خۇددى) ئېكىنزارلىقتۇر (يەنى نەسىل تېرىيدىغان جايدۇر). ئېكىنزارلىقىڭلارغا خالىغان رەۋىشتە كېلىڭلار»[2]. يەنى، ئاياللارغا يېقىنلىشىش ئالدى تەرىپىگە بولۇش شەرتى بىلەن (ئالدىدىنمۇ، ئارقىدىنمۇ) قانداق يېقىنلاشساڭلار يېقىنلىشىڭلار، سىلەرگە ھېچقانداق گۇناھ بولمايدۇ.

بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى مۇنداق: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا، يەھۇدىيلار: ئەگەر ئەر ئايالىغا ئارقىسىدىن ئالدى تەرىپىگە يېقىنلاشسا، بالا ئالغاي تۇغۇلۇپ قالىدۇ، - دەپ قارايتتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرى ئۇنىڭدىن بۇ گەپنىڭ راست ياكى يالغان ئىكەنلىكىنى سورىدى. شۇ چاغدا، الله تائالا ئۇلارنىڭ سۆزىنىڭ يالغانلىقىنى ئىسپاتلاپ يۇقىرىدىكى ئايەتنى نازىل قىلدى[3].

بىر رىۋايەتتە: «(ئاياللارنىڭ) ئارقا يولىغا جىما قىلىشتىن ۋە ھەيزلىك ھالىتىدە جىما قىلىشتىن قەتئىي ساقلىنىڭلار»[4] دېيىلگەن. ئەر ئايالىنىڭ ئالدى يولىغا كېلىشى لازىم. چۈنكى ئۇ

---

[1] بۇ، بەنى ئىسرائىل قىسسىلىرىدىن بولۇپ، ئىشىنىپ كېتىشكە بولمايدۇ.

[2] سۈرە بەقەرە، 223 ـ ئايەت.

[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[4] تىرمىزى ۋە نەسائى رىۋايەت قىلغان.

ئېكىنزارلىقتۇر، يەنى بالا تاپىدىغان جايدۇر. ئەمما ئارقا يول مەينەت ۋە پاسكىنا نەرسىنىڭ چىقىش يولىدۇر. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئايالىغا ھەيز ھالىتىدە ياكى ئارقا يولىغا يېقىنلاشسا، لەنەت قىلىنىدۇ»[1].

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئايالىغا ھەيز ھالىتىدە يېقىنلاشسا ياكى ئارقا يولىغا يېقىنلاشسا ۋەياكى داخانغا بارسا، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە نازىل قىلىنغان نەرسىگە (دىنغا، ئىمانغا) كاپىر بولغان بولىدۇ»[2].

كىمكى ئايالىغا ھەيز ھالىتىدە يېقىنلاشسا ياكى ئارقا يولىغا يېقىنلاشسا، لەنەتكە ئۇچرايدۇ ۋە مانا بۇ قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇشنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. شۇنىڭدەك، كىمكى يۇلتۇزلارغا قاراپ داخانلىق قىلىدىغانلارنىڭ ۋە ئوغرىلانغان مالنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلىدىغانلىقىنى دەۋا قىلىپ، غەيبى ئىشلار ھەققىدە سۆزلەيدىغان رەمباللارنىڭ ئالدىغا بېرىپ پال سالدۇرغان ۋە ئۇلارنىڭ دېگەنلىرىنى تەستىقلايدىغان كىشمۇ لەنەتكە ئۇچرايدۇ.

تولىمۇ ئېچىنارلىقى شۇكى، نۇرغۇن نادان كىشىلەر ئىلىمنىڭ ئازلىقى ۋە ھەققە قۇلاق سالمىغانلىقى تۈپەيلى مۇشۇنداق گۇناھلارغا مۇپتىلا بولىدۇ. ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: يا ئالىم بولغىن، يا ئوقۇغۇچى بولغىن، يا ئاڭلىغۇچى بولغىن، يا بىلىمنى ياخشى كۆرگۈچى بولغىن، بەشىنچىسى (يەنى جاھىل) بولمىغىن، ھالاك بولىسەن[3]. بەندە بارلىق گۇناھ ۋە خاتالىقلىرىدىن اللهقا تەۋبە قىلىشى، دىنىي ئىشلاردا، دۇنيالىق ۋە ئاخىرەتلىك ئىشلاردا ئۆتكۈزۈپ سالغان گۇناھلىرى ئۈچۈن اللهتىن ئەپۇ ۋە مەغپىرەت تىلىشى كېرەك. الله ھەققەتەن ناھايىتى مېھرىباندۇر.

---

[1] ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

[2] ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ئەھمەد ۋە دارىمى رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

[3] ھەيسەمى نەقىل قىلغان. ئەلبانى: مەۋزۇ (توقۇلما) سۆزدۇر، - دېگەن.

## ئون ئىككىنچى چوڭ گۇناھ:

## جازانە، ئۆسۈم يېيىش

ﷲ تائاﻻ مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ لاَ تَأْكُلُواْ الرِّبَا أَضْعَافًا مُّضَاعَفَةً وَاتَّقُواْ اللّهَ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ﴾ ﴿ئى مۇئمىنلەر! جازانىنى قاتمۇ - قات ئاشۇرۇپ يېمەڭلار. مەقسەتلىرىڭلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن ﷲتىن (نەھيى قىلغان ئىشلارنى تەرك ئېتىپ) قورقۇڭلار﴾[1]؛ ﴿الَّذِينَ يَأْكُلُونَ الرِّبَا لاَ يَقُومُونَ إِلاَّ كَمَا يَقُومُ الَّذِي يَتَخَبَّطُهُ الشَّيْطَانُ مِنَ الْمَسِّ ذَلِكَ بِأَنَّهُمْ قَالُواْ إِنَّمَا الْبَيْعُ مِثْلُ الرِّبَا﴾ ﴿جازانە، ئۆسۈم يېگەن ئادەملەر (قىيامەت كۈنى گۆرلىرىدىن) جىن چېپىلىپ قالغان ساراڭ ئادەملەردەك قوپىدۇ. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار ﷲ ھارام قىلغان ئىشنى ھالال بىلىپ: «سودا - سېتىق جازانىگە ئوخشاش (جازانە نېمىشقا ھارام بولىدۇ؟)» دېدى﴾[2].

جازانىخورلار ﷲ ھارام قىلغان جازانىنى ھالال قىلغانلىقى ئۈچۈن، قىيامەت كۈنى ﷲ تائاﻻ ئىنسانلارنى تىرىلدۈرگەندە بارلىق ئىنسانلار قەبرىلەردىن ناھايىتى تېزلىك بىلەن چىقىپ كېتىدۇ. ئەمما جازانە يېگەنلەر گۆرلىرىدىن جىن چېپىلىپ قالغان ساراڭ ئادەملەردەك يىقىلىپ قوپىدۇ. ئۇلار ئورنىدىن قوپىدۇ - يۇ، يەنە يىقىلىپ چۈشىدۇ، ھەر قېتىم تۇرغاندا يىقىلىپ چۈشىدۇ. چۈنكى ئۇلار دۇنيادا جازانىنى يېگەنلىكى ئۈچۈن، ﷲ تائاﻻ ئۇلارنىڭ قورساقلىرىنى يوغىنىتىۋەتكەن. شۇ سەۋەبتىن، قىيامەت كۈنى ئۇلار قورساقلىرىنى كۆتۈرەلمەي قالىدۇ. ئۇلار تىرىشىپ قوپماقچى بولىدۇ – يۇ، يەنە يىقىلىپ چۈشىدۇ، باشقا ئىنسانلاردەك تېز بولماقچى بولىدۇ – يۇ، قادىر بوﻻلمايدۇ.

---

[1] ئال ئىمران، 130 ـ ئايەت.

[2] سۈرە بەقەرە، 275 ـ ئايەت.

قەتادە مۇنداق دەيدۇ: جازانخور قىيامەت كۈنى ساراڭ ھالەتتە تىرىلدۈرۈلىدۇ. بۇ، جازانە يېگەنلەرنىڭ بەلگىسى بولۇپ، مەھشەر ئەھلى ئۇلارنىڭ جازانخور ئىكەنلىكىنى ئاشۇ بەلگە بىلەن تونۇيدۇ.

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مىراج كېچىسى بىر قەۋمنىڭ يېنىدىن ئۆتتۇم. ئۇلارنىڭ قورساقلىرى ئالدىغا چىقىپ كېتىپتۇ ۋە ھەربىر كىشىنىڭ قورسىقى يوغان ئۆيدەك بولۇپ، پىرئەۋن ئائىلىسىنىڭ يولىغا تىزىپ قويۇلۇپتۇ. پىرئەۋن ئائىلىسى ئەتىگەن ۋە ئاخشامدا جەھەننەم ئوتىغا توغرىلىنىدۇ. ئۇلار ئوتقا توغرىلانغاندا، خۇددى ئۈركۈپ كەتكەن تۆگىدەك، ئۆلە - تىرىلىشكە قارىماستىن قاچىدىكەن. جازانخورلار ئۇلارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قوپماقچى بولغاندا، قورساقلىرى ياندىپ كېتىپ، قىمىرلىيالماي قالىدىكەن. ئاخىرى پىرئەۋن ئائىلىسىنىڭ ئارىسىدا قالىدىكەن. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار پىرئەۋن ئائىلىسى دوزاخقا ھەيدەلگەن ۋە دوزاختىن قاچقان چاغدا بىرلىكتە ئازابقا يولۇقىدىكەن. بۇ ئۇلارنىڭ دۇنيا بىلەن ئاخىرەت ئوتتۇرىسىدىكى (يەنى بەرزەخ ئالىمىدىكى) ئازابىدۇر. مەن:

— ئى جىبرىئىل! ئۇلار كىم؟ - دەپ سورىسام، ئۇ:

— ئۇلار جازانە يېگەن كىشىلەر بولۇپ، گۆرلىرىدىن جىن چېپىلىپ قالغان ساراڭ ئادەملەردەك قوپىدۇ، - دەپ جاۋاب بەردى»[1].

يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «مەن يەتتىنچى قەۋەت ئاسمانغا ئۆرلىتىلگەندە، ئۈستى تەرىپىمدە چاقماق ۋە گۈلدۈرمامىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدىم. قارىغىدەك بولسام، قورساقلىرى تومپىيىپ چىقىپ، ئۆيدەك يوغىناپ كەتكەن بىر گۇرۇھ كىشىلەرنى كۆردۈم. ئۇلارنىڭ قورساقلىرى ئىچىدە يىلان ۋە چايانلار بولۇپ، تېشىدىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مەن:

— ئى جىبرىئىل! ئۇلار كىم؟ - دەپ سورىسام، ئۇ:

— ئۇلار جازانە يېگەن كىشىلەر، - دەپ جاۋاب بەردى»[2].

---

[1] بەيھەقى رىۋايەت قىلغان.

[2] ئىبنى ماجە ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: زەئىپ، - دېگەن.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىندۇ: «بىر يۇرتتا زىنا ۋە جازانخورلۇق تارقىلىپ كەتسە، ئاللاھ ئۇ يۇرتنى ھالاك قىلىشقا ئەمر قىلىدۇ»[1].

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىندۇ: «ئىنسانلار تىللا ۋە تەڭگىلەرنى بېخىللىق بىلەن ساقلىسا، سودا - سېتىقتا بىر - بىرىنى ئالدىسا، كالا قۇيرۇقلىرىغا ئەگىشىپ (يەنى دېھقانچىلىققا بېرىلىپ)، ئاللاھ يولىدا جىھادنى تەرك ئەتسە، ئاللاھ ئۇلارغا بالا نازىل قىلىدۇ، ئۇلار ئۆز دىنىغا قايتمىغىچە، ئاللاھ ئۇلاردىن بۇ بالانى كۆتۈرىۋەتمەيدۇ»[2].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «قانداق بىر قەۋمدە جازانە كەڭ تارقالسا، سارائىلىق كۆپىيىدۇ. قانداق بىر قەۋمدە زىنا كەڭ تارقالسا، ئۇلاردا ئۆلۈم كۆپىيىدۇ. قانداق بىر قەۋم ئۆلچەم ۋە تارازىدا كەم بەرسە، ئاللاھ ئۇلاردىن يامغۇرنى توختىتىپ قويىدۇ (يەنى قۇرغاقچىلىق بولۇپ كېتىدۇ)»[3].

ئۇزۇن بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «جازانخور ئۆلگەن چېغىدىن باشلاپ، تا قىيامەتكىچە قان بىلەن تولغان قىزىل دەريادا ئۈزدۈرۈپ ئازابلىنىدۇ، دۇنيادا توپلىغان ھارام ماللار تاشقا ئايلاندۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا زورلاپ يۇتقۇزىلىدۇ. دۇنيادا ھارام مالنى يېگىنىدەك، ئوتقا ئايلاندۇرۇلغان تاشنى يۇتىدۇ. بۇ ئازاب بەرزەخ ئالىمىدە قىيامەتتىن بۇرۇن بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاللاھنىڭ لەنىتىگە ئۇچرايدۇ».

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھنىڭ مۇنداق تۆت تۈرلۈك كىشىنى جەننەتكە كىرگۈزمەسلىكى ۋە ئۇنىڭ نازۇنېمەتلىرىنى تېتىتماسلىقى بىر ھەقىقەتتۇر: بىرىنچى، ھاراقكەش؛ ئىككىنچى، جازانخور؛ ئۈچىنچى، يېتىمگە ئۇۋال قىلىپ، ئۇنىڭ مېلىنى يېگۈچى؛ تۆتىنچى، ئاتا - ئانىسىنى

---

[1] ھاكىم رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

[2] ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

[3] تەبەرانى رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: ھەسەن، - دېگەن.

قاقشاتقۇچى. ئۇلار پەقەت تەۋبە قىلغاندىلا ئاندىن جەننەتكە كىرەلەيدۇ»[1].

جازانىخورلار ھەر خىل ھىيلە ئىشلىتىپ ئۆسۈم يىگەنلىكى ئۈچۈن، خۇددى شەنبە كۈنى بېلىق تۇتۇش چەكلەنگەن كىشىلەرنىڭ سۈرىتى ئۆزگەرتىلگەندەك، مەھشەرگاھقا ئىت ۋە توڭگۇز سۈرىتىدە يىغىلىدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان. دەرۋەقە، الله تائالا يەھۇدىيلاردىن بىر قەۋمنى شەنبە كۈنى بېلىق تۇتۇشتىن چەكلىگەن. بىراق، ئۇلار ھىيلە ئىشلىتىپ، دېڭىز قىرغاقلىرىغا كۆل كولىغان. شەنبە كۈنى بېلىقلار كۆلگە كىرگەندىن كېيىن، كۆلنىڭ دېڭىزغا تۇتاشقان ئاغزىنى ئېتىۋېلىپ، يەكشەنبە كۈنى تۇتقان. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا ئۇلارنى جازالاپ، مايمۇن ۋە چوشقىغا ئايلاندۇرىۋەتكەن[2].

شۇنىڭدەك، جازانە ۋە ئۆسۈم يېيىش ئۈچۈن ھەر خىل ھىيلە – مىكىر ئىشلىتىدىغانلارنىڭ قىلمىشلىرى اللهقا ھەرگىزمۇ مەخپىي قالمايدۇ. ئەبۇ ئەييۇب سەختىيانى مۇنداق دەيدۇ: جازانە يەيدىغانلار اللهنى، خۇددى كىچىك بالىنى ئالدىغاندەك، ئالدىماقچى بولىدۇ. كاشكى، ئۇلار جازانىنى ئاشكارا يېسە ئىدى، بۇ ئۇلار ئۈچۈن ئاسانراق بولغان بولاتتى.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «جازانىنىڭ يەتمىش دەرۋازىسى بار. بۇنىڭ ئەڭ يەڭگىلى بىر كىشىنىڭ ئانىسى بىلەن زىنا قىلغىنىدەك گۇناھتۇر. ئەڭ ئېغىرى بىر كىشىنىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ ئابرۇيىنى دەپسەندە قىلغىنىدەك گۇناھتۇر». مانا بۇ، جازانىنىڭ ئەڭ چوڭ دەرۋازىلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنىڭ توغرىلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ[3].

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر خۇتبىسىدە جازانە، ئۆسۈمنى

[1] ھاكىم رىۋايەت قىلغان. نەسائى: مەترۇك ھەدىس، - دېگەن.

[2] ھەيسەمى نەقىل قىلغان. لېكىن بۇ ھەدىسنىڭ سەنىدى ساغلام بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ.

[3] بۇ ھەدىسنىڭ بىر قىسمى بەزى كىتابلاردا، يەنە بىر قىسمى باشقا كىتابلاردا رىۋايەت قىلىنغان.

تىلغا ئالدى ۋە ئۇنىڭ چوڭ گۇناھ ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «كىشىگە ئۆسۈمدىن كەلگەن بىر تەڭگىنىڭ گۇناھى ئىسلام نەزىرىدە ئوتتۇز ئالتە قېتىم زىنا قىلغاندىنمۇ قاتتىقتۇر»[1].

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «جازانە ۋە ئۆسۈمنىڭ گۇناھى يەتمىش ھەسسە ئېغىردۇر. ئەڭ يەڭگىلى بىر كىشىنىڭ ئانىسى بىلەن زىنا قىلغىنىدەك گۇناھتۇر» دېگەن.

ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئۆسۈم ئالغۇچى ۋە ئۆسۈم بەرگۈچى ھەر ئىككىلىسى دوزاختا كىرىدۇر، - دېگەن. اللهقا ئىلتىجا قىلىپ، بىزنى جازانە ۋە ئۆسۈمدىن ئامان قىلىشىنى تىلەيمىز، ئامىن!

*****

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشىدە ئېلىشىڭ بولسا، ئۇنىڭ بەرگەن سوۋغىتىنى (ھەدىيەسىنى) قوبۇل قىلما، چۈنكى ئۇ ئۆسۈمدۇر.

ھەسەن بەسرى (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دەيدۇ: ساڭا قەرزدار بىر كىشىنىڭ ئۆيىدە تاماق يېيىشىڭ ھارامدۇر. بۇنىڭ دەلىلى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «پايدا كەلتۈرگەن ھەرقانداق قەرز ئۆسۈمدۇر»[2] دېگەن ھەدىسىدۇر.

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: قانداق بىر كىشى يەنە بىر كىشىگە شاپائەت قىلسا، (شاپائەت قىلىنغان كىشى) ئۇنىڭغا بىرەر ھەدىيە بەرسە، بۇ ھارامدۇر. بۇنىڭ دەلىلى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «قانداق بىر كىشى يەنە بىر كىشىگە شاپائەت قىلسا، شاپائەت قىلىنغان كىشى بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا بىرەر ھەدىيە بەرسە، ئۇ بۇنى قوبۇل قىلسا، جازانە دەرۋازىلىرىدىن چوڭ بىر دەرۋازىغا يولۇققان بولىدۇ»[3] دېگەن ھەدىسىدۇر. اللهقا ئىلتىجا قىلىپ، دىنىمىزدا، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكىمىزدە بىزنى ئەپۇ قىلىشىنى، ئامان قىلىشنى تىلەيمىز، ئامىن!

[1] ئىبنى ئەبۇ دۇنيا ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان. ئىراقى: بۇ ھەدىسنىڭ سەنەدى زەئىپ، - دېگەن.

[2] ئىبنى ھەجەر ئەسقەلانى نەقىل قىلغان. ئەلبانى: زەئىپ، - دېگەن.

[3] ئەبۇ داۋۇد ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

## ئون ئۇچىنچى چوڭ گۇناھ:

# يېتىمنىڭ مېلىنى يەۋېلىش ۋە ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلىش

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الَّذِينَ يَأْكُلُونَ أَمْوَالَ الْيَتَامَى ظُلْمًا إِنَّمَا يَأْكُلُونَ فِي بُطُونِهِمْ نَارًا وَسَيَصْلَوْنَ سَعِيرًا﴾ ﴿زۇلۇم قىلىپ يېتىملەرنىڭ مال - مۈلكىنى (ناھەق) يەۋالىدىغانلار، شۈبھىسىزكى، قورسىقىغا (قىيامەت كۈنى يېنىپ تۇرىدىغان) ئوتنى يەۋالغان بولىدۇ. ئۇلار يېنىپ تۇرغان ئوتقا (يەنى دوزاخقا) كىرىدۇ﴾[1]؛ ﴿وَلاَ تَقْرَبُواْ مَالَ الْيَتِيمِ إِلاَّ بِالَّتِي هِيَ أَحْسَنُ حَتَّى يَبْلُغَ أَشُدَّهُ﴾ ﴿يېتىمنىڭ مېلىنى تاكى ئۇ بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر ئۇنىڭغا ئەڭ پايدىلىق ئۇسۇلدا تەسەررۇپ قىلىڭلار﴾[2].

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىراج ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەرگەن ھەدىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «مەن بىر توپ ئادەملەرنى كۆردۈمكى، ئۇلارغا يەنە بىر توپ ئادەملەر مۇسەللەت قىلىنىپتۇ، بۇلار ئۇلارنىڭ گۆشلىرىنى شىلىۋاتىدۇ. باشقا بىر توپ ئادەملەر ئوتتىن بولغان تاشلارنى ئېلىپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئاغزىغا سېلىۋاتىدۇ، بۇ تاشلار ئۇلارنىڭ ئارقا يولىدىن چىقىۋاتىدۇ. مەن:

ـ ئى جىبرىئىل! بۇلار كىم؟ - دەپ سورىغانىدىم، ئۇ:

ـ ئۇلار زۇلۇم قىلىپ يېتىملەرنىڭ مال - مۈلكىنى (ناھەق) يەۋالغانلار، شۈبھىسىزكى، ئۇلار قورسىقىغا ئوتنى يەۋالغان بولىدۇ، - دەپ جاۋاب بەردى»[3].

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «اللە تائالا بىر قەۋمنى

[1] سۈرە نىسا، 10 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ئەنئام، 152 ـ ئايەت.

[3] بەيھەقى رىۋايەت قىلغان.

قەبرىلىرىدىن چىقىرىدۇ، بۇلارنىڭ قورساقلىرىدىن ئوت چىقىدۇ، ئېغىزلىرى ئوت چاچىدۇ» دېدى. شۇ چاغدا ساھابىلەر:

ـ ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇلار كىم؟ - دەپ سورىغاندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ سىلەر الله تائالانىڭ: ﴿زۇلۇم قىلىپ يېتىملەرنىڭ مال- مۈلكىنى (ناھەق) يەۋالىدىغانلار، شۈبھىسىزكى، قورساقلىرىغا (قىيامەت كۈنى يېنىپ تۇرىدىغان) ئوتنى يەۋالغان بولىدۇ. ئۇلار يېنىپ تۇرغان ئوتقا (يەنى دوزاخقا) كىرىدۇ﴾ دېگەن سۆزىنى ئاڭلىمىدىڭلارمۇ؟ - دەپ جاۋاب بەردى[1].

سۇددى (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دەيدۇ: يېتىمنىڭ مېلىنى ناھەق يېگەن كىشى قىيامەت كۈنى ئاغزىدىن، بۇرنىدىن، قۇلاقلىرىدىن ۋە كۆزلىرىدىن ئوت ئۇچقۇنلىرى چىقىۋاتقان ھالدا ھەشر قىلىنىدۇ. بۇنى كۆرگەن ئادەم ئۇنىڭ يېتىمنىڭ مېلىنى يېگەن كىشى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالىدۇ.

ئالىملار: ئەگەر يېتىمنى ھىمايىسىگە ئالغان كىشى كەمبەغەل بولۇپ، يېتىمنىڭ مەنپەئەتى ۋە مېلىنىڭ كۆپىيىشى ئۈچۈن قىلغان ئەجرىنىڭ بەدىلىگە ئۇنىڭ مېلىدىن مۇۋاپىق رەۋىشتە يېسە، ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، ئەمما مۇۋاپىق رەۋىشتىن ئارتۇق يېسە، ھارام بولىدۇ، - دەپ كۆرسىتەتكەن. چۈنكى الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَن كَانَ غَنِيًّا فَلْيَسْتَعْفِفْ وَمَن كَانَ فَقِيرًا فَلْيَأْكُلْ بِالْمَعْرُوفِ﴾ ﴿كىمكى باي ئىكەن، (ۋەسى بولغانلىق ھەققى ئۈچۈن) يېتىمنىڭ مال - مۈلكىنى يېيىشتىن ئۆزىنى ساقلىسۇن. (سىلەردىن) كىمكى يوقسۇل ئىكەن، ئۇ (ئۆز ئەمگىكىنىڭ ھەققى ئۈچۈن) مۇۋاپىق رەۋىشتە يېسۇن﴾[2].

يېتىمنىڭ مېلىنى مۇۋاپىق رەۋىشتە يېيىش ھەققىدە مۇنداق تۆت خىل قاراش بار:

1 ـ قەرز سۈپىتىدە ئېلىشقا بولىدۇ.

2 ـ ئىسراپ قىلماسلىق شەرتى بىلەن، ئېھتىياجىغا چۇشلۇق ئېلىشقا بولىدۇ.

---

[1] ئىبنى كەسىر بۇ ھەدىسنى ئەبۇ بەرزەدىن نەقىل قىلغان ۋە: ئىبنى مەردىۋەيھى ۋە ئىبنى ھىببان رىۋايەت قىلدى، - دېگەن.

[2] سۈرە نىسا، 6 ـ ئايەت.

3 ـ يېتىمنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ئۇچۇن ئەمگەك سەرپ قىلغان بولسا، ئەجرىگە چۇشلۇق ئېلىشقا بولىدۇ.

4 ـ يېتىمنىڭ مېلىنى ئېلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالغاندا ئېلىپ، كېيىن پۇل تاپقاندا قايتۇرىدۇ. ئەگەر پۇل تاپالمىسا، ئالغان مېلى ھالالدۇر. بۇ قاراشلارنى ئىبنى جەۋزى تەپسىردە بايان قىلغان.

سەھىھ بۇخارىدا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «مەن بىلەن يېتىمنى ھىمايىسىگە ئالغان كىشى جەننەتتە مانا مۇنداق بولىمىز» دېگەنلىكى ۋە ئۇتتۇرا بارمىقى بىلەن كۆرسەتكۈچ بارمىقنى بىرلەشتۈرۈپ، ئاندىن ئارىسىنى ئاجرىتىپ كۆرسەتكەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان[①]. سەھىھ مۇسلىمدا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئۆزىنىڭ ياكى باشقا بىرىنىڭ تۇغقىنى بولغان يېتىمنى ھىمايىسىگە ئالغان كىشى ۋە مەن جەننەتتە مانا مۇنداق بولىمىز» دەپ، ئوتتۇرا بارمىقى بىلەن كۆرسەتكۈچ بارمىقنى كۆرسەتكەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان[②].

يېتىمنى ھىمايىسىگە ئېلىش ـ ئۇنىڭ ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىش، مەنپەئەتى ئۈچۈن يۈگۈرۈش، يېمەك ـ ئىچمىكى ۋە كىيىم ـ كېچەكلىرىدىن خەۋەر ئېلىش، ئەگەر ئۇنىڭ مېلى بولسا، مېلىنىڭ كۆپىيىشى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈش، مېلى بولمىسا، اللہ رىزاسى ئۈچۈن يېدۈرۈپ كىيدۈرۈش، دېمەكتۇر. يېتىم ئۇنىڭغا مەيلى تۇغقان ياكى يات بولسۇن، ئوخشاشتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۆزىنىڭ ياكى باشقا بىرىنىڭ تۇغقىنى...» دېدى. تۇغقان يېتىمگە كەلسەك، يېتىمنىڭ چوڭ دادىسى، يا قېرىندىشى، يا ئانىسى، يا ئانا تەرەپ تاغىسى، يا باشقا تۇغقانلىرىنى كۆرسىتىدۇ. يات يېتىمگە كەلسەك، ئۇنىڭ بىلەن كاپالەتكە ئالغۇچىنىڭ ئارىسىدا تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەت بولمايدۇ.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى بىر مۇسۇلمان يېتىمنى اللہ بىھاجەت قىلغانغا قەدەر يېمەك ـ ئىچمىكىگە شېرىك قىلسا، ئەپۇ قىلىنمايدىغان گۇناھ

① بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

② مۇسلىم، مالىك ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

سادىر قىلمىغان بولسىلا، الله تائالا ئۇنىڭغا جەننەتنى ۋاجىپ قىلىدۇ»[1] .

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى يېتىمنىڭ بېشىنى الله رازىلىقى ئۈچۈن سىلىسا، ئۇنىڭ قولى تەككەن ھەربىر چاچ ئۈچۈن ساۋاب يېزىلىدۇ. كىمكى قول ئىلكىدىكى ئوغۇل ياكى قىز يېتىمگە ياخشىلىق قىلسا، مەن ۋە ئۇ جەننەتتە مانا مۇنداق بولىمىز»[2] .

بىر كىشى ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: ماڭا نەسىھەت قىلغىن! - دېگەنىدى، ئۇ: سەن يېتىمگە مېھرى - شەپقەت قىلغىن، ئۇنى ئۆزۈڭگە يېقىن تۇتقىن، تاماقىڭدىن بەرگىن. چۈنكى مەن ئۆزىنىڭ تاش يۈرەكلىكىدىن شىكايەت قىلىپ كەلگەن بىر ئادەمگە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «قەلبىڭنىڭ يۇمشىشىنى خالىساڭ، يېتىمنى يېنىڭغا تارتقىن، ئۇنىڭ بېشىنى سىلىغىن، تاماقىڭدىن بەرگىن. شۈبھىسىزكى، بۇ ئىش قەلبىڭنى يۇمشىتىدۇ ۋە مەقسىتىڭگە يېتىسەن»[3] دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم، - دېدى.

دانالاردىن بىرى مۇنداق ھېكايە ئېيتىپ بەرگەن: بۇرۇن اللهقا ئاسىيلىق قىلاتتىم، ھاراق ئىچەتتىم. كۈنلەردىن بىرىدە كەمبەغەل، يېتىم بىر بالىغا يولۇقۇپ قالدىم. ئۇنىڭ قولىدىن تۇتتۇم، ياخشىلىق قىلدىم، تاماق بەردىم، كىيىم كىيگۈزدۈم، ھاممامغا ئاپىرىپ يۇيۇندۇردۇم، چېچىنى چۈشۈردۈم، ئىززەت ئىكرام قىلدىم، بىر دادا بالىسىغا قانداق مېھرىبانلىق قىلسا، خۇددى شۇنىڭدەك ياكى ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك مېھرىبانلىق كۆرسەتتىم. مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن، چۈشۈمدە قىيامەتنىڭ قايىم بولغانلىقىنى، سوراققا تارتىلغىنىمنى ۋە قىلغان گۇناھلىرىم تۈپەيلى جەھەننەمگە ھۆكۈم قىلىنغانلىقىمنى كۆردۈم. زەبانىيلار مېنى دوزاخقا تاشلاش ئۈچۈن سۆرەپ ماڭدى.

---

[1] تىرمىزى رىۋايەت قىلغان ۋە: زەئىپ، - دېگەن.

[2] ھەيسەمى: بۇ ھەدىسنى ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، - دېگەن.

[3] تەبەرانى رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى بۇ ھەدىسكە مەزمۇنداش باشقا ھەدىسلەرنىڭمۇ بارلىقىنى، بۇنىڭ بىلەن بۇ ھەدىسنىڭ ھەسەن دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

مەن ئۇلارنىڭ ئالدىدا بەكمۇ كۈچسىز ۋە ناھايىتى خار ئىدىم. ئۇلار مېنى دوزاخقا سۆرەپ ئېلىپ كېتىۋاتقاندا، مەن ياخشىلىق قىلغان ھېلىقى يېتىم بالا ئالدىمىزغا چىقىپ:

ـ ئى پەرۋەردىگارىمنىڭ پەرىشتىلىرى! ئۇنى قويۇۋېتىڭلار! ئۇنىڭ ئۈچۈن مەن رەببىمدىن شاپائەت تىلەيمەن. چۈنكى ئۇ ماڭا ياخشىلىق قىلغان ئىدى، - دېدى. پەرىشتىلەر:

ـ ئۇنى قويۇۋەتمەيمىز، بىزگە بۇنداق بۇيرۇق كەلمىدى، - دېدى. شۇ ئەسنادا، اللە تائالا تەرىپىدىن:

ـ ئۇنى قويۇۋېتىڭلار، يېتىمگە قىلغان مېھرى - شەپقىتى ۋە ياخشىلىقى تۈپەيلى ئۇنى مەغپىرەت قىلدىم، - دېگەن ئاۋاز كەلدى. ئويغاندىم. اللەقا تەۋبە قىلدىم، كېيىن بارلىق كۈچ - قۇۋۋىتىمنى يېتىملەرگە مېھرى - شەپقەت كۆرسىتىشكە بېغىشلىدىم[①].

شۇ سەۋەبتىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ خىزمەتچىسى ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئۆيلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى يېتىم بار ۋە ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىنىدىغان ئۆيدۇر. ئۆيلەرنىڭ ئەڭ يامىنى يېتىم بار ۋە ئۇنىڭغا ئازار قىلىنىدىغان ئۆيدۇر، اللەنىڭ بەندىلەردىن اللەقا ئەڭ يېقىنى يېتىمگە ۋە تۇل خوتۇنغا ياخشىلىق قىلغان كىشىدۇر، - دېگەن[②].

رىۋايەت قىلىنىشىچە، «اللە تائالا داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا: ئى داۋۇد! يېتىمگە مېھرىبان دادىدەك، تۇل خوتۇنغا مېھرىبان ئەردەك بولغىن، بىلگىنكى، نېمىنى تېرىساڭ، شۇنى ئالىسەن، - دەپ ۋەھيى قىلغان»[③]. بۇنىڭ مەنىسى: سەن باشقىلارغا قانداق مۇئامىلە قىلساڭ، باشقىلار ساڭىمۇ شۇنداق مۇئامىلە قىلىدۇ. يەنى، سەن ئۆلمەي قالمايسەن، بالىلىرىڭ يېتىم، خوتۇنۇڭ تۇل قېلىشى مۇمكىن، - دېگەنلىك بولىدۇ.

---

① بۇ ھېكايىنىڭ راست ياكى يالغان ئىكەنلىكىنى اللە ياخشى بىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، مۇئەللىپ ئۇنى ھېكايە دەپ بايان قىلغان.

② ئىبنى ماجە ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: زەئىپ، - دېگەن.

③ ھەيسەمى نەقىل قىلغان ۋە: راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، - دېگەن.

داۋۇد ئەلەيھىسسالام اللهقا قىلغان مۇناجاتىدا: ئى رەببىم! سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن يېتىمگە ۋە تۇل خوتۇنغا ياخشىلىق قىلغۇچىنىڭ مۇكاپاتى نېمە بولىدۇ؟ - دەپ سورىغانىدى، الله تائالا: مېنىڭ سايەمدىن باشقا ھېچقانداق سايە يوق كۈندە ئۇنىڭغا سايە بېرىمەن (يەنى قىيامەت كۈنى ئەرشىمنىڭ سايىسىدىن سايىدىتىمەن)، - دېدى.

تۇل خوتۇن ۋە يېتىملەرگە ياخشىلىق قىلىشنىڭ نەقەدەر ئەۋزەللىكى ھەققىدە مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەلىۋىلەردىن (ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جەمەتىدىن) بىرى ياقا يۇرتلاردىن بەلخ شەھرىدە ئولتۇراقلىشىپتۇ. ئۇنىڭ ئەلىۋى ئايالى بولۇپ، ئۇنىڭدىن بىر نەچچە قىزلىرى بار ئىكەن. ئۇلار ناھايىتى ياخشى ياشايدىكەن. بىر كۈنى ئېرى ۋاپات بولۇپ كېتىپتۇ. ئېرىدىن كېيىن، ئايالى بىلەن قىزلىرى كەمبەغەللىككە مۇپتىلا بولۇپتۇ. دۈشمەنلىرىنىڭ كۆلكىسىگە قېلىشتىن ئەنسىرەپ، قىزلىرى بىلەن باشقا شەھەرگە كۆچۈپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ كۆچۈشى قاتتىق سوغۇققا توغرا كېلىپتۇ. كۆچۈپ بارغان شەھەرگە كىرىشى بىلەن قىزلىرىنى بىر تاشلاندۇق مەسجىدكە جايلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئۇلارغا يېمەكلىك تېپىش ئۈچۈن كوچىغا چىقىپتۇ. كوچىدا ئىككى جامائەتكە يولۇقۇپتۇ. بىر جامائەتنىڭ ئاقساقىلى شەھەرنىڭ شەيخى بولغان مۇسۇلمان ئىكەن. يەنە بىر جامائەتنىڭ باشلىقى تۆلەم تۆلەيدىغانلارنىڭ كېپىلى بولغان مەجۇسى ئىكەن.

ئايال بىرىنچى بولۇپ مۇسۇلمان جامائەتنىڭ ئاقساقىلىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئەھۋالىنى چۈشەندۈرۈپ:

— مەن بىر ئەلىۋى ئايالمەن، يېتىم قىزلىرىم بار. ئۇلارنى بىر تاشلاندۇق مەسجىدكە قويۇپ، كەچقۇرۇن يەيدىغان تاماق ئىزدەپ كەلدىم، - دەپتۇ. ئۇ كىشى ئۇنىڭغا:

— ھەقىقىي ئەلىۋى ئىكەنلىكىڭنى ئىسپاتلىغىن؟ - دەپتۇ. ئۇ ئايال:

— مەن بىر مۇساپىر، بۇ شەھەردە مېنى ھېچكىم تونۇمايدۇ، - دەپتۇ. ئەمما ئۇ كىشى ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماپتۇ. ئايال كۆڭلى

رەنجىگەن ھالدا ئۇنىڭ يېنىدىن كېتىپتۇ. كېيىن مەجۇسى كىشىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپتۇ، يېتىم قىزلىرى بارلىقىنى، ئالى نەسەبلىك ئايال ئىكەنلىكىنى، شەھەرنىڭ شەيخى بولغان مۇسۇلمان كىشى بىلەن بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەنى ئېيتىپتۇ. مەجۇسى دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، ئۇ ئايال بىلەن بالىلىرىنى ئۆيىگە ئېلىپ كەپتۇ، ياخشى تاماقلارنى يېدۈرۈپ، ئالى كىيىملەرنى كىيدۈرۈپتۇ. ئۇلار بۇ مەجۇسىنىڭ ئۆيىدە ناھايىتى ئىززەت ۋە ئىكرام بىلەن تۈنەپ قاپتۇ.

يېرىم كېچە بولغاندا، شەھەرنىڭ شەيخى بولغان مۇسۇلمان چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە گويا قىيامەت قايىم بولغان ئىكەن. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بېشىغا بايراق قادىلىپتۇ، گۈمبىزى ياقۇت ۋە مارجاندىن، بالىخانىلىرى ياقۇت ۋە مەرۋايىتتىن سېلىنغان بىر قەسىرنى كۆرۈپ:

_ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بۇ قەسىر كىمنىڭ؟ - دەپ سوراپتۇ. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

_ مۇۋەھھىد (يەنى ئاللاھنىڭ بار ۋە بىرلىكىگە ئىمان كەلتۈرگەن) مۇسۇلمان ئۈچۈن، - دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئۇ:

_ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مەن مۇۋەھھىد مۇسۇلمانمەن، - دەپتۇ. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

_ ئەلىۋى ئايال سېنىڭ قېشىڭغا كەلگەندە: ئەلىۋى ئىكەنلىكىڭنى ئىسپاتلىغىن، - دېگەن ئىدىڭ. خۇددى شۇنىڭدەك، سەنمۇ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىڭنى ئىسپاتلىغىن، - دەپتۇ. ئۇ كىشى شۇ يەرگە كەلگەندە ئويغىنىپ كېتىپ، ھېلىقى ئايالنى قۇرۇق قايتۇرغىنىدىن قاتتىق ئەپسۇسلىنىپتۇ. كېيىن ئۇ ئايالنى ئىزدەپ، پۈتۈن شەھەرنى كېزىشكە باشلاپتۇ. ئاخىرى ھېلىقى مەجۇسىنىڭ يېنىدا ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنى چاقىرتىپ كەپتۇ ۋە ئەلىۋى ئايال بىلەن قىزلىرىنى بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. ئەمما مەجۇسى:

_ بۇنىڭ ئىمكانى يوق. ئۇلار تۈپەيلى مەن نۇرغۇن بەرىكەتكە ئېرىشتىم، - دەپتۇ. مۇسۇلمان:

_ مەن ساڭا مىڭ تىللا بېرەي، ئۇلارنى ماڭا قايتۇرۇپ بەرگىن، - دەپتۇ. مەجۇسى:

_ قايتۇرمايمەن، - دەپتۇ. مۇسۇلمان:

_ ئۇلارنى چوقۇم ماڭا تاپشۇرۇشىڭ كېرەك، - دەپتۇ. مەجۇسى:

_ سەن خالىغان ئاشۇ نەرسىگە مەن ھەقلىقمەن، سەن چۈشۈڭدە كۆرگەن ئاشۇ قەسىر مەن ئۈچۈن يارىتىلغان. مېنى ئىسلامغا دەۋەت قىلماسسەن؟ ئاللاھقا قەسەمكى، تۈنۈگۈن ئاخشام مەن ۋە ئائىلە ئەزالىرىم ھەممىمىز ئۇخلىماستىن ئەلۋى ئايالنىڭ قولىدا مۇسۇلمان بولدۇق. سەن چۈشۈڭدە كۆرگەن نەرسىنى مەنمۇ كۆردۈم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا: ئەلۋى ئايال بىلەن قىزلىرى سېنىڭ يېنىڭدىمۇ؟ دېدى. مەن: ھەئە، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! دېدىم. ئۇ: بۇ قەسىر ساڭا ۋە ئائىلەڭگە تېگىشلىك، سەن جەننەت ئەھلىدىن، ئاللاھ سېنى ئەزەلدىن مۆئمىن قىلىپ ياراتقان، دېدى، - دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان مۇسۇلمان قاتتىق قايغۇ – ھەسرەت ئىچىدە قايتىپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ قانچىلىق پۇشايمان قىلغانلىقىنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ تۇل خوتۇن ۋە يېتىملەرگە قىلىنغان ياخشىلىققا قانداق مۇكاپات بەرگەنلىكىنى، ئۇنى مۇشۇ دۇنيادىلا قانچىلىك ئىززەت – ئىكرامغا ئېرىشتۈرگەنلىكىنى ئوبدان مۇلاھىزە قىلغىن[1].

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى تىلەپ تۇل خوتۇن ۋە مىسكىنلەرنىڭ بېشىنى سىلايدىغان كىشى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغان كىشى بىلەن ئوخشاش»[2] دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان. بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان راۋى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يەنە: « ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى تىلەپ تۇل خوتۇن ۋە مىسكىنلەرنىڭ بېشىنى سىلايدىغان كىشى ھەر كېچىسى ناماز ئوقۇيدىغان ۋە ھەر

---

[1] بۇ، ئويدۇرما قىسسە بولۇپ، ئىسلام ئەقىدىسىگە خىلاپتۇر.

[2] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

كــــۈنى روزا تۇتـــــدىغان كىشـــــىنىڭ ســــاۋابىغا ئېرىشــــىدۇ» دېگەنلىكىنىــــــڭ ئېسىدە قالغانلىقىنى ئېيتقان.

الله ئۆزىنىــــــڭ پەزلـــــى - كەرەمــــــى بىــــــلەن بىزنىمـــــۇ ئاشــــۇنداق خەيرلىـــــك ئىشــــلارنى قىلىشــــقا مــــۇۋەپپەق قىلســــۇن. الله ناھـــــايىتى ســــېخىي، ناھـــــايىتى مەرد، ناھـــــايىتى كۆيۈمچـــــان، گۇنـــــاھلارنى تولىمـــــۇ مەغپىرەت قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىباندۇر.



## ئون تۆتىنچى چوڭ گۇناھ:

### الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى نامىدا يالغان سۆزلەش

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَيَوْمَ الْقِيَامَةِ تَرَى الَّذِينَ كَذَبُواْ عَلَى اللّهِ وُجُوهُهُم مُّسْوَدَّةٌ﴾ ﴿قىيامەت كۈنى اللهقا يالغاننى چاپلىغانلارنىڭ يۈزلىرىنى قاپقارا كۆرىسەن﴾[1].

ھەسەن بەسرى: «اللهقا يالغاننى چاپلايدىغانلار "خالىساق قىلىمىز، خالىساق قىلمايمىز" دەيدىغان كىشىلەردۇر» دېگەن.

ئىبنى جەۋزى تەپسىرىدە: بىر گۇرۇھ ئالىملار اللهقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە يالغاننى چاپلاش كۇپۇرلۇقتۇر، ئىسلام دىنىدىن چىقىرىپ تاشلايدۇ، دەپ قارايدۇ. شەك - شۈبھىسىزكى، اللهقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە يالغاننى چاپلاپ، ھارام نەرسىنى ھالال، ھالال نەرسىنى ھارام قىلىش ئوپئوچۇق كۇپۇرلۇق ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئىشلاردىمۇ الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى نامىدا يالغاننى چاپلاش كۇپۇرلۇقتۇر، - دېگەن.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ماڭا يالغاننى چاپلىسا، ئۇنىڭ ئۇچۇن دوزاختا بىر ئۆي سېلىنىدۇ»[2]؛ «كىمكى ماڭا يالغاننى قەستەن چاپلىسا، جەھەننەمدىن ئۆزىگە جاي تەييارلاپ قويسۇن»[3]؛ «كىمكى مېنىڭ نامىمدا بىر ھەدىسنى، ئۇنىڭ يالغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ رىۋايەت قىلسا، ئۇ، يالغانچىلارنىڭ بىرى بولىدۇ»[4]؛ «ماڭا يالغاننى چاپلاش، باشقىلارغا يالغان چاپلاش بىلەن تەڭ ئەمەس. كىمكى ماڭا يالغاننى قەستەن چاپلىسا، جەھەننەمدىن ئۆزىگە جاي تەييارلاپ

---

[1] سۇرە زۇمەر، 60 - ئايەت.

[2] تەبەرانى رىۋايەت قىلغان.

[3] ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسائى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان. بۇ، مۇتەۋاتىر ھەدىستۇر.

[4] ئىمام ئەھمەد ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

قويسۇن»[1]؛ «كىمكى مەن دېمىگەن سۆزنى مېنىڭ نامىمدا دېسە، جەھەننەمدىن ئۆزىگە جاي تەييارلاپ قويسۇن»[2]؛ «مۇئمىن كىشى خىيانەت ۋە يالغاندىن باشقا ھەممە ئىشنى قىلىپ سالىدۇ»[3].

ﷲ تائالادىن تەۋپىق ۋە ئامانلىق تىلەيمىز، ئۇ ھەقىقەتەن ناھايىتى سېخىي، ناھايىتى كەرەملىكتۇر.



[1] ئىمام بۇخارى ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

[2] ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

[3] ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: زەئىپ، - دېگەن.

## ئون بەشىنچى چوڭ گۇناھ:

## جەڭ مەيدانىنى تاشلاپ قېچىش

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَن يُوَلِّهِمْ يَوْمَئِذٍ دُبُرَهُ إِلاَّ مُتَحَرِّفاً لِّقِتَالٍ أَوْ مُتَحَيِّزاً إِلَى فِئَةٍ فَقَدْ بَاء بِغَضَبٍ مِّنَ اللهِ وَمَأْوَاهُ جَهَنَّمُ وَبِئْسَ الْمَصِيرُ﴾ ﴿كىمكى قايتا ئۇرۇشۇش ياكى (ياردەم تىلەش) ئۈچۈن مۇسۇلمانلار جامائەسىگە قوشۇلۇش مەقسىتىدە بىر تەرەپكە يۆتكىلىش قىلماستىن، بەلكى دۈشمەنگە ئارقىسىنى قىلىدىكەن (يەنى قاچىدىكەن)، ئۇ ھەقىقەتەن اللهنىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ. دوزاخ نېمىدېگەن يامان جاي!﴾[1]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ھالاك قىلغۇچى يەتتە گۇناھتىن ساقلىنىڭلار» دېگەندە، ساھابىلار:

_ ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇلار قايسىلار؟ - دەپ سورىغان. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

_ اللهقا شېرىك كەلتۈرۈش، سېھىرگەرلىك قىلىش، الله ناھەق ئۆلتۈرۈشنى ھارام قىلغان ئادەمنى ئۆلتۈرۈش، جازانە ۋە ئۆسۈم يېيىش، يېتىمنىڭ مېلىنى يېيىش، جەڭ مەيدانىدىن قېچىش، ئىپپەتلىك ۋە ھايالىق مۆئمىن ئاياللارغا قارا چاپلاش قاتارلىقلار، - دەپ جاۋاب بەرگەن[2].

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ﴿إِن يَكُن مِّنكُمْ عِشْرُونَ صَابِرُونَ يَغْلِبُواْ مِئَتَيْنِ﴾ ﴿ئەگەر سىلەردە چىدامлىق يىگىرمە ئادەم بولىدىغان بولسا، (دۈشمەندىن) 200 نى يېڭەلەيدۇ﴾[3] دېگەن ئايەت نازىل بولغاندا، الله تائالا يىگىرمە كىشىلىك مۇسۇلمان قوشۇنىنىڭ 200 كىشىلىك دۈشمەن

[1] سۈرە ئەنفال، 16 ـ ئايەت.

[2] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[3] سۈرە ئەنفال، 65 ـ ئايەت.

قوشۇنى بىلەن ئۇچراشقاندىمۇ قاچماسلىقنى پەرز قىلغان ئىدى. كېيىن: ﴿الآنَ خَفَّفَ اللّهُ عَنكُمْ وَعَلِمَ أَنَّ فِيكُمْ ضَعْفًا فَإِن يَكُن مِّنكُم مِّئَةٌ صَابِرَةٌ يَغْلِبُواْ مِئَتَيْنِ وَإِن يَكُن مِّنكُمْ أَلْفٌ يَغْلِبُواْ أَلْفَيْنِ بِإِذْنِ اللّهِ وَاللّهُ مَعَ الصَّابِرِينَ﴾ ﴿الله ئەمدى سىلەرنىڭ (يۈكۈڭلارنى) يېنىكلەتتى. سىلەرنىڭ ئاجىزلىقىڭلارنى بىلدى. ئەگەر سىلەردە چىداملىق 100 ئادەم بولىدىغان بولسا، 200 (دۈشمەن)نى يېڭەلەيدۇ. ئەگەر سىلەردە (چىداملىق) 1000 ئادەم بولىدىغان بولسا، اللهنىڭ ئىزنى بىلەن 2000 (دۈشمەن)نى يېڭەلەيدۇ. الله چىداملىقلار بىلەن بىللىدۇر﴾[1] دېگەن ئايەت نازىل بولدى. شۇنىڭ بىلەن، 100 كىشىلىك مۇسۇلمان قوشۇنىنىڭ 200 كىشىلىك دۈشمەن قوشۇنىدىن قاچماسلىقنى پەرز قىلدى[2].



[1] سۈرە ئەنفال، 66 ـ ئايەت.

[2] بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

## ئون ئالتىنچى چوڭ گۇناھ:

## باشلىقنىڭ خەلقنى ئالدىشى ۋە ئۇلارغا زۇلۇم قىلىشى

ﷲ تائـــالا مۇنـــداق دەيـــدۇ: ﴿إِنَّمَا السَّبِيلُ عَلَى الَّذِينَ يَظْلِمُونَ النَّاسَ وَيَبْغُونَ فِي الْأَرْضِ بِغَيْرِ الْحَقِّ أُوْلَئِكَ لَهُم عَذَابٌ أَلِيمٌ﴾ ﴿ئەيىبلىنىــــــدىغانلار پەقەت كىشــــلەرگە زۇلــــۇم قىلىــــدىغان، زېمىنــــدا نــــاھەق رەۋىشــــتە پىتــــنە - پاســــات تېرىيــــدىغان ئــــادەملەردۇر. ئەنە شــــۇلار قــــاتتىق ئازابقــــا دۇچــــار بولـــــــدۇ﴾[1]؛ ﴿وَلاَ تَحْسَبَنَّ اللّهَ غَافِلاً عَمَّا يَعْمَلُ الظَّالِمُونَ إِنَّمَا يُؤَخِّرُهُمْ لِيَوْمٍ تَشْخَصُ فِيهِ الأَبْصَارُ مُهْطِعِينَ مُقْنِعِي رُءُوسِهِمْ لاَ يَرْتَدُّ إِلَيْهِمْ طَرْفُهُمْ وَأَفْئِدَتُهُمْ هَوَاء﴾ ﴿زالىملارنىــــڭ قىلمىشــــلىرىدىن ﷲنــــى بىــــخەۋەر دەپ ئــــويلىمىغىن. ﷲ ئــــۇلارنى جازالاشــــنى (شــــۇ كۈنىنــــڭ دەھشــــىتىدىن) كــــۆزلەر چەكچىيىــــپ قالىــــدىغان كــــۈنگىچە (يەنــــى قىيــــامەت كــــۈنىگىچە) كېچىكتۈرىــــدۇ. (بــــۇ كۈنــــدە) ئــــۇلار باشــــلىرىنى كۆتــــۈرۈپ ئالغــــا قــــاراپ چاپىــــدۇ. كــــۆزلىرى ئېچىلىــــپ قالىــــدۇ. (تېڭىرقىغــــانلىقتىن) دىللىــــرى (ئەقىــــل - ئىدراكتىن) خالىي بولۇپ قالىدۇ﴾[2].

ﷲ تائـــالا يەنە مۇنـــداق دەيـــدۇ: ﴿وَسَيَعْلَمُ الَّذِينَ ظَلَمُوا أَيَّ مُنقَلَبٍ يَنقَلِبُونَ﴾ ﴿زۇلــــۇم قىلغــــۇچىلار ئۇزاقتــــا قالمــــاي قايســــى جايغــــا قايتىــــدىغانلىقىنى بىلىــــدۇ﴾[3]؛ ﴿كَانُواْ لاَ يَتَنَاهَوْنَ عَن مُّنكَرٍ فَعَلُوهُ لَبِئْسَ مَا كَانُواْ يَفْعَلُونَ﴾ ﴿ئــــۇلار ئــــۆزلىرى قىلغــــان يامــــان ئىشــــلاردىن بىــــر - بىرىنــــى توسمايتتى. ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان!﴾[4]

پەيغەمــــبەر ســــەللاللاھۇ ئەلەيھــــى ۋەســــەللەم بــــۇ ھەقــــتە مۇنــــداق دەيــــدۇ: «كىــــم بىزنــــى ئالدىســــا، بىــــزدىن ئەمەس»[5]؛ «زۇلــــۇم قىيــــامەت كۈنىنــــڭ قــــاراڭغۇ

---

[1] سۈرە شۇرا، 42 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ئىبراھىم، 42 - ۋە 43 ـ ئايەتلەر.

[3] سۈرە شۇئەرا، 227 ـ ئايەت.

[4] سۈرە مائىدە، 79 ـ ئايەت.

[5] مۇسلىم، تىرمىزى، ئىبنى ماجە ۋە دارىمى رىۋايەت قىلغان.

- زۇلمەتلىردۇر»[1]؛ «ھەممىڭلار پادىچى، ھەممىڭلار پاداڭلاردىن سوراق قىلىنىسىلەر (يەنى ھەر بىرىڭلار ئۆزىگە تەۋە كىشىلەرگە مەسئۇل، ھەر بىرىڭلار ئۆزىگە تەۋە كىشىلەردىن ھېساب بېرىسىلەر)»[2]؛ «قانداق بىر پادىچى (مەسئۇل) پادىسىنى (قول ئاستىدىكىلەرنى) ئالدىسا، جەھەننەمگە كىرىدۇ»[3]؛ «الله قانداق بىر كىشىنى بىر خەلققە باش قىلغاندىن كېيىن، ئۇ ئۇلارنى ياخشىلىق بىلەن باشقۇرمىسا، الله ئۇنىڭغا جەننەتنى ھارام قىلىدۇ»[4]. باشقا بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «قول ئاستىدىكىلەرنى ئالدىغان كىشى ئۆلگەندىمۇ ئاشۇ ھالەتتە (يەنى ئۆزىنى تۈزەتمەي ۋە تەۋبە قىلماي) ئۆلۈپ كەتسە، الله ئۇنىڭغا جەننەتنى ھارام قىلىدۇ»[5].

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسانلار ئارىسىدا ھۆكۈم چىقارغان ھەرقانداق ھاكىمنى (ياكى ئۇلارنى باشقۇرغان ھۆكۈمدارنى) قىيامەت كۈنى بىر پەرىشتە ئۇنىڭ گەدىنىدىن تۇتۇپ، توختىتىپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئۇ ناھەق ھۆكۈم چىقارغان بولسا، ئۇنى جەھەننەمگە تاشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ جەھەننەمنىڭ تېگىگە قىرىق يىلغىچە چۈشىدۇ»[6]؛ «ئەمىرلەرنىڭ ھالىغا ۋاي! مەھەللە باشلىقلىرىنىڭ ھالىغا ۋاي! ئامانەتدارلارنىڭ ھالىغا ۋاي! قىيامەت كۈنى قويرۇقلىرى ئۈكەر يۇلتۇزلىرىغا باغلىنىپ ئاسمان – زېمىن ئارىسىدا ئازابلىنىدىغان بىر توپ كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار: ھېچبىر نەرسىگە باشلىق بولمىساق بوپتىكەن، - دەپ ئارزۇ قىلىشىپ كېتىدۇ»[7].

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دەيدۇ: «قىيامەت كۈنى ئادالەت قازىنىڭ ئالدىغا كېلىدىغان شۇنداق بىر چاغ بولىدۇكى، (ئۇ چاغدا قازى) دۇنيادا ئىككى كىشى ئارىسىدا بىر خورما چاغلىق نەرسىگىمۇ ھۆكۈم چىقارمىسام بوپتىكەن، - دەپ ئارزۇ قىلىپ كېتىدۇ»[8]؛ «ئون كىشى چاغلىق بىر جامائەتكە باشلىق بولغان كىشىمۇ قىيامەت كۈنى قوللىرى گەدىنىگە

---

[1] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

[2] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

[3] ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

[4] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

[5] مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[6] ئىمام ئەھمەد ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: زەئىپ، - دېگەن.

[7] ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ يەئلا ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان.

[8] ئەھمەد ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: زەئىپ، - دېگەن.

باغلانغان ھالدا كەلتۈرۈلىدۇ. (ھاياتى دۇنيادا) قىلغان ئادالىتى ئۇنى ئازات قىلىدۇ ياكى قىلغان زۇلمى ئۇنى ھالاك قىلىدۇ»[1].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «ئى رەببىم! كىمكى بۇ ئۈممەتنىڭ بىرەر ئىشىغا مەسئۇل بولۇپ، ئۇلارغا (خەلققە) كۆيۈنسە، سەنمۇ ئۇنىڭغا كۆيۈنگىن. كىمكى ئۇلارغا جاپا سالسا، سەنمۇ ئۇنىڭغا جاپا سالغىن»[2].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «الله تائالا قانداق بىر كىشىنى مۇسۇلمانلارنىڭ بىرەر ئىشىغا مەسئۇل قىلغاندىن كېيىن، ئۇ كىشى مۇسۇلمانلارنىڭ ھاجىتى چۈشكەندە چىققىلى ئۇنىمىسا ياكى ئۇلارنى يېنىغا كىرگىلى قويمىسا ۋە ياكى ئېھتىياجلىرىنى قامدىمىسا، الله تائالامۇ ئۇنىڭ دىنىي ياكى دۇنيالىق ھاجىتى چۈشكەندە دۇئاسىنى ئىجابەت قىلمايدۇ، ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرمايدۇ»[3]؛ «يېقىن زاماندا پاسىق، زالىم باشلىقلار بولىدۇ. كىمكى ئۇلارنىڭ يالغانلىرىنى توغرا دەپ، زۇلۇملىرىغا ياردەم قىلسا، ئۇ مەندىن ئەمەس، مەنمۇ ئۇنىڭدىن ئەمەسمەن. ئۇ ھەرگىزمۇ مېنىڭ ھەۋزىمدىن (ھەۋزىكەۋسەر كۆلىدىن) سۇ ئىچەلمەيدۇ»[4]؛ «ئۈممىتىمدىن ئىككى تۈرلۈك كىشى ھەرگىزمۇ مېنىڭ شاپائىتىمگە ئېرىشەلمەيدۇ: بىرى، زالىم ۋە تاش يۈرەك پادىشاھ؛ يەنە بىرى، قەرزگە خىيانەت قىلىپ، ئىگىلىرىنىڭ زىيىنىغا گۇۋاھلىق بەرگۈچى ۋە ئۇلاردىن ئادا – جۇدا بولغۇچى خىيانەتخور»[5].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دەيدۇ: «قىيامەت كۈنى ئىنسانلار ئارىسىدا ئەڭ قاتتىق ئازابقا گىرىپتار بولىدىغان كىشى زالىم پادىشاھتۇر»[6]؛ «ئى ئىنسانلار! اللهقا دۇئا قىلساڭلار قوبۇل بولمايدىغان، مەغپىرەت تىلىسەڭلار مەغپىرەت قىلىنمايدىغان بىر زامان كېلىشتىن بۇرۇن، (ئىنسانلارنى) ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇڭلار. يەھۇدىي ۋە ناسارا ئۆلىمالىرى جامائەتلىرىنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشنى تەرك

[1] دارىمى رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.
[2] مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[3] ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەنەدى سەھىھ، - دېگەن.
[4] ئەھمەد ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان.
[5] ئەلبانى: سەنەدى ئىنتايىن زەئىپ، - دېگەن.
[6] ئەلبانى: ھەسەن، - دېگەن.

ئەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى پەيغەمبەرلىرىنىڭ تىلى بىلەن لەنەتلىگەن. كېيىن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بالاغا مۇپتىلا قىلغان»[1].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دەيدۇ: «كىم بىزنىڭ دىنىمىزدا يوق نەرسىنى پەيدا قىلسا، ئۇ نەرسە رەت قىلىنىدۇ»[2]؛ «كىمكى دىنىمىزدا بىدئەت پەيدا قىلسا ياكى بىدئەت پەيدا قىلغۇچىغا پاناھلىق بەرسە، ئۇ، ئاللاھنىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ ۋە بارلىق خالايىقلارنىڭ لەنىتىگە ئۇچرايدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭ نە نەپلە ئىبادىتىنى، نە پەرز ئىبادىتىنى قوبۇل قىلمايدۇ»[3]؛ «رەھىم قىلمىغان كىشى رەھىم قىلىنمايدۇ»[4]. ئىنسانلارغا رەھىم قىلمىغان كىشىگە ئاللاھمۇ رەھىم قىلمايدۇ»[5]؛ «ئاللاھ تائالا ئادىل پادىشاھقا ئۆزىنىڭ سايىسىدىن باشقا سايە يوق كۈندە سايە بېرىدۇ»[6]؛ «چىقارغان ھۆكۈملىرىدە، شۇنداقلا، ئائىلىسىگە ۋە قول ئاستىدىكىلەرگە مۇئامىلە قىلىشتا ئادىللىق قىلغان كىشىلەر نۇردىن ياسالغان مۇنبەرلەر ئۈستىدە بولىدۇ»[7].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى يەمەنگە ۋالىي قىلىپ ئەۋەتكەندە: «ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ ئېسىللىرىنى ئېلىشتىن ساقلانغىن. مەزلۇمنىڭ دۇئاسىدىن ساقلانغىن. چۈنكى ئۇنىڭ دۇئاسى بىلەن ئاللاھ ئارىسىدا ھېچقانداق پەردە يوقتۇر» دېگەن[8].

ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئۈچ تۈرلۈك كىشىگە گەپ قىلمايدۇ»[9] دېگەن ۋە ئۇلاردىن بىر تۈرىنىڭ يالغانچى پادىشاھ ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دېگەن: «باشلىق بولۇشقا بەكمۇ ئىنتىلىسىلەر، ھالبۇكى، ئۇ قىيامەت كۈنى پۇشايمان قىلدۇرىدۇ»[10]. ئۇ يەنە:

---

[1] ھەيسەمى: بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە كىملىكى نامەلۇم بىرى بار، - دېگەن.
[2] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.
[3] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.
[4] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.
[5] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.
[6] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.
[7] مۇسلىم، نەسائى ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.
[8] بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە دارۇقۇتنى رىۋايەت قىلغان.
[9] مۇسلىم ۋە نەسائى رىۋايەت قىلغان.
[10] بۇخارى، نەسائى ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

«اللەنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىز بۇ ئىشنى (باشلىقلىقنى) تەلەپ قىلغان ياكى ئۇنىڭغا قىزىققان كىشىگە بەرمەيمىز»[1] دېگەن.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئى كەئب ئىبنى ئۇجرە! اللە سېنى مەندىن كېيىن مەن ئېلىپ كەلگەن يولدا ماڭمايدىغان ۋە سۈننىتىمگە ئەمەل قىلمايدىغان ئەقىلسىز باشلىقلارنىڭ باشقۇرۇشىدىن ساقلىسۇن»[2] دېگەن.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى مۇسۇلمانلارغا رەھبەرلىك قىلىشنى ئارزۇ قىلىپ، ئارزۇسىغا يەتكەن ۋە ئادىللىقى زۇلمىدىن ئۈستۈن كەلگەن بولسا، ئۇنىڭ مۇكاپاتى جەننەتتۇر. ئەگەر زۇلمى ئادىللىقىدىن ئۈستۈن كەلگەن بولسا، ئۇنىڭ جازاسى جەھەننەمدۇر»[3].

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:

_ سەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىغان بىرەر ھەدىس سۆزلەپ بەرگىن، - دېگەندى، ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

_ مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «قىيامەت كۈنى ھەرقانداق ۋالىي ئېلىپ كېلىنىپ، دوزاخ كۆۋرۈكى ئۈستىگە تاشلىنىدۇ. كۆۋرۈك شۇنداق قاتتىق سىلكىنىدۇكى، ۋالىنىڭ بارلىق ئۇگىلىرى جاي - جايىدىن قوزغىلىپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇ ۋالىلىق خىزمىتىدە اللەقا ئىتائەت قىلغان بولسا، كۆۋرۈكتىن تىنچ ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئەگەر اللەقا ئاسىيلىق قىلغان بولسا، كۆۋرۈك يېرىلىپ، دوزاخ تېگىگە ئەللىك يىلغىچە چۈشىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم، - دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

_ ئى ئەبۇ زەر! ئۇنداق بولسا، كىم بۇ ۋالىلىقنى تەلەپ قىلىدۇ؟ - دېگەندى، ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

_ قاغىش قېپى ۋە ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنى قاتتىق چىشلىگەن كىشى، - دېدى[4].

ئەمر ئىبنى مۇھاجىر مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ماڭا:

---

[1] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

[2] ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

[3] ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

[4] بۇ ھەدىسنى ھەيسەمى نەقىل قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ھەدىسى مەترۇك بىرى بار.

_ مېنىڭ ھەقتىن چەتنەپ كەتكىنىمنى كۆرسەڭ، ياقامنى بوغۇپ تۇرۇپ: ئى ئۆمەر! نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟ دېگىن، - دېدى.

زالىم دېگەن ئىسىمغا رازى بولغان ھەي زالىم! قانچىلىغان كىشىگە زۇلۇم قىلغانلىقىڭنى بىلەمسەن؟ تۇرمە دوزاختۇر، ھەق ھۆكۈمداردۇر. دەۋايىڭغا ھۆججەت كەلتۈرەلمەيسەن. قەبرە قورقۇنچلۇقتۇر، ئۇ يەرگە سولىنىدىغانلىقىڭنى ئۇيلىغىن. ھېساب ئۇزۇندۇر، نەپسىڭنى قۇتقازغىن. ئۆمۈر بىر كۈنگە ئوخشايدۇ، ۋاقتىڭنى غەنىمەت بىلگىن. مال - دۇنيا بىلەن خۇشاللىنىۋاتىسەن، ھالبۇكى، تاپقىنىڭ ھارامدۇر. كېلەچەكتىكى ئارزۇلىرىڭ بىلەن پەخىرلىنىۋاتىسەن، ھالبۇكى، ئۆلۈم زامانى ناھايىتى تېز يېقىنلىشىۋاتىدۇ. قىلچىلىك زۇلۇممۇ تاشلىنىپ قالمايدۇ، ئەلۋەتتە، سوراققا تارتىلىدۇ. ئەگەر زالىمنىڭ ھەددىدىن ئاشقىنىنى كۆرسەڭ، خاتىرجەم ئۇخلىغىنىكى، ئۇنى بىر كېچىدە چۇمۇلىچىلىك يارا چىرىتىپ ئۆلتۈرۈشى مۇمكىن

**ئون يەتتىنچى چوڭ گۇناھ:**

## كىبىرلىك

كىبىر ــ پەخىرلىنىش، چوڭچىلىق قىلىش، تەمەننا قويۇش ۋە ھاكاۋۇرلۇق قىلىش دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَقَالَ مُوسَى إِنِّي عُذْتُ بِرَبِّي وَرَبِّكُم مِّن كُلِّ مُتَكَبِّرٍ لَّا يُؤْمِنُ بِيَوْمِ الْحِسَابِ﴾ ﴿مۇسا ئېيتتى: «مەن ھەقىقەتەن مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ۋە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار (بولغان الله) غا سېغىنىپ ھېساب كۈنى (يەنى قىيامەت كۈنى) گە ئىشەنمەيدىغان ھەربىر مۇتەكەببىر (نىڭ زىيانكەشلىك قىلىشى)دىن پاناھ تىلەيمەن»﴾[1]؛ ﴿إِنَّهُ لاَ يُحِبُّ الْمُسْتَكْبِرِينَ﴾ ﴿الله تەكەببۇرلۇق قىلغۇچىلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ﴾[2].

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «بىر كىشى كىبىرلىك بىلەن ماڭاتتى. الله ئۇنى يەرگە يۇتقۇزىۋەتتى. ئۇ، قىيامەتكىچە يەر ئاستىغا يۇتقۇزۇلىدۇ»[3]؛ «زالىم ۋە مۇتەكەببىرلەر قىيامەت كۈنى زەررىدەك كىچىك ھەشىر قىلىنىدۇ. ئىنسانلار ئۇلارنى دەسسەيدۇ. ئۇلارنى ھەر تەرەپتىن خارلىق ئورىۋالىدۇ»[4].

سەلەف سالىھلاردىن بىرى: اللهقا قارشى قىلىنغان بىرىنچى گۇناھ كىبىرلىكتۇر، دېگەن. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِذْ قُلْنَا لِلْمَلاَئِكَةِ اسْجُدُواْ لآدَمَ فَسَجَدُواْ إِلاَّ إِبْلِيسَ أَبَى وَاسْتَكْبَرَ وَكَانَ مِنَ الْكَافِرِينَ﴾ ﴿ئۆز ۋاقتىدا پەرىشتىلەرگە: «ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار» دېدۇق. ئىبلىستىن باشقا ھەممىسى سەجدە قىلدى. ئىبلىس (سەجدە قىلىشتىن) باش تارتتى. تەكەببۇرلۇق قىلدى. ئۇ كاپىرلاردىن بولۇپ كەتتى﴾[5]. كىمكى خۇددى ئىبلىس تەكەببۇرلۇق قىلغاندەك تەكەببۇرلۇق قىلسا، ئۇنىڭ ئىمانى پايدا بەرمەيدۇ.

---

[1] سۈرە غافىر، 27 ـ ئايەت.

[2] سۈرە نەھل، 23 ـ ئايەت.

[3] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

[4] تىرمىزى ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، ـ دېگەن.

[5] سۈرە بەقەرە، 34 ـ ئايەت.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «قەلبىدە زەررىچىلىك كىبىر بولغان كىشى جەننەتكە كىرمەيدۇ»[1].

اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ اللَّهَ لَا يُحِبُّ كُلَّ مُخْتَالٍ فَخُورٍ﴾ ﴿اللّٰه ھەقىقەتەن ھاكاۋۇر، ئۆزىنى چوڭ تۇتقۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ﴾[2].

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ھەدىس قۇددۇسىدا مۇنداق دېگەن: «اللّٰه تائالا: ئۇلۇغلۇق مېنىڭ تامبىلىمدۇر، كىبىرلىك مېنىڭ تونۇمدۇر. كىمكى مەندىن بۇ ئىككىسىنى تالاشسا، ئۇنى جەھەننەمگە ئاتىمەن، ـ دەيدۇ»[3].

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «جەننەت بىلەن دوزاخ تالىشىپ قاپتۇ. جەننەت:

ـ ماڭا نېمىشقا ئاجىز ۋە تۆۋەن تەبىقىدىكى ئىنسانلار كىرىدۇ؟ ـ دەپتۇ. دوزاخ:

ـ چۈنكى زالىملار ۋە مۇتەكەببىرلەر ماڭا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدى، ـ دەپتۇ...»[4].

اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا تُصَعِّرْ خَدَّكَ لِلنَّاسِ وَلَا تَمْشِ فِي الْأَرْضِ مَرَحًا إِنَّ اللَّهَ لَا يُحِبُّ كُلَّ مُخْتَالٍ فَخُورٍ﴾ ﴿كىشىلەردىن مەنسىتمەسلىك بىلەن يۈز ئۆرۈمىگىن، زېمىندا غادىيىپ ماڭمىغىن. اللّٰه ھەقىقەتەن ھاكاۋۇر، ئۆزىنى چوڭ تۇتقۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ﴾[5].

سەلەمە ئىبنى ئەكۋەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا سول قولى بىلەن تاماق يېگەنىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئوڭ قولۇڭ بىلەن يېگىن، ـ دېدى. ئۇ:

---

[1] مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ئىبنى ماجە ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

[2] سۈرە لۇقمان، 18 ـ ئايەت.

[3] مۇسلىم ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

[4] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

[5] سۈرە لۇقمان، 18 ـ ئايەت.

_ ئــــوڭ قولـــۇم بــــلەن يېـــيەلمەيمەن، - دېگەنـــدى، پەيغەمـــبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

_ يېيەلمىگەيســــەن، - دېـــدى. ئـــۇنى كىبىرلىكـــى پەيغەمـــبەر ســـەللاللاھۇ ئەلەيھـــى ۋەســـەللەمنىڭ ســـۆزىگە قـــۇلاق سېلىشـــتىن توســـقان ئىـــدى. شـــۇنىڭدىن كېـــيىن ئـــۇ ئـــوڭ قـــولىنى ئاغزىغـــا ئېلىـــپ بارالماس بولۇپ قالدى[1].

پەيغەمـــبەر ســـەللاللاھۇ ئەلەيھـــى ۋەســـەللەم مۇنـــداق دەيـــدۇ: «ســـىلەرگە دوزاخ ئەھلىنـــى ئېيتـــىپ بېرەيمـــۇ؟ ئـــۇلار بـــارلىق قوپـــال، بېخىل ۋە مۇتەكەببىر كىشىلەردۇر»[2].

ئىبنـــى ئـــۆمەر رەزىيەللاھـــۇ ئەنھۇمـــا مۇنـــداق دەيـــدۇ: مەن پەيغەمـــبەر ســـەللاللاھۇ ئەلەيھـــى ۋەســـەللەمنىڭ: «قانـــداق بىـــر كىشـــى مېڭىشـــىدا كىبىرلىـــك قىلســـا ۋە ئـــۆزىنى باشـــقىلاردىن ئۈســـتۈن كۆرســـە، اللهنىـــڭ ھۇزۇرىغـــا ئۇنىـــڭ غەزىـــپىگە يولۇققـــان ھالـــدا بارىـــدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم[3].

ئەبـــۇ ھـــۇرەيرە رەزىيەللاھـــۇ ئەنھـــۇدىن رىـــۋايەت قىلىنغـــان ســـەھىھ بىـــر ھەدىســـتە مۇنـــداق دېـــيىلگەن: «دوزاخقـــا بىرىنچـــى بولـــۇپ مۇنـــداق ئـــۈچ تۈرلـــۈك كىشـــى كىرىـــدۇ: بىـــرى، زالىـــم پادىشـــاھ؛ يەنە بىـــرى، زاكىتىنى بەرمىگەن باي؛ ئۈچىنچىسى، ھالى چوڭ كەمبەغەل»[4].

پەيغەمـــبەر ســـەللاللاھۇ ئەلەيھـــى ۋەســـەللەم مۇنـــداق دەيـــدۇ: «الله تائـــالا ئـــۈچ تۈرلـــۈك كىشـــىگە قىيـــامەت كـــۈنى گەپ قىلمايـــدۇ، ئۇلارغـــا (رەھـــمەت نەزىـــرى بىـــلەن) قارىمايـــدۇ ۋە ئـــۇلارنى گۇنـــاھتىن پاكلىمايـــدۇ. ئـــۇلار قـــاتتىق ئازابقـــا مـــۇپتىلا بولـــىدۇ. بىرىنچـــى، كىيىمىنـــى ئـــۇزۇن كىيىـــپ، ســـۆرەلدۈرۈپ ماڭىـــدىغان كىشـــى؛ ئىككىنچـــى، مىننـــەت قىلىـــدىغان كىشـــى؛ ئـــۈچىنچى، مېلىنـــى يالغـــان قەســـەم بىـــلەن ساتىدىغان كىشى»[5].

---

[1] مۇسلىم، دارىمى ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

[2] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

[3] بۇخارى، ئەھمەد ھاكىم رىۋايەت قىلغان.

[4] ھاكىم رىۋايەت قىلغان. سەنەدى زەئىپتۇر.

[5] مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسائى، تىرمىزى، ئەھمەد ۋە دارىمى رىۋايەت قىلغان.

كىيىمنى ئۇزۇن كىيىشتىن مەيلى ئىشتان ياكى باشقا كىيىملەر بولسۇن، ئوشۇقنىڭ ئاستىغىچە ئۇزۇن كىيىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە بىر ھەدىسىدە: «كىيىمنىڭ ئوشۇقتىن تۆۋەنگە ساڭگىلىغان قىسمى دوزاختا بولىدۇ» دېگەن[①].

ئىنسانلارغا بىلىمى بىلەن كىبىرلىك قىلىدىغان ۋە ئارتۇقچىلىقلىرى بىلەن ئۆزىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇتىدىغان كىشىلەرنىڭ قىلمىشلىرى ئەڭ يامان كىبىرلىكتۇر. بۇنداق كىشىلەرگە بىلىمى ھېچقانداق پايدا بەرمەيدۇ. كىمكى ئاخىرەت ئۈچۈن بىلىم ئۆگەنسە، ئۇنىڭ بىلىمى ئۇنى كەمتەر قىلىدۇ. قەلبى قورقۇنچقا، نەپسى بولسا، تۆۋەنچىلىككە تولىدۇ. ئۇنداق كىشىلەر نەپسىنى ھېچقاچان ئۆز ھالىغا تاشلاپ قويمايدۇ. بەلكى ھەر دائىم ئۇنى كۆزىتىپ ۋە ھېساب ئېلىپ تۇرىدۇ، نازارەت قىلىدۇ. ئەگەر كىشى نەپسىگە كۆز يۇمغان تەقدىردە، توغرا يولدىن ئېزىپ كېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن نەپسى ئۇنى ھالاك قىلىدۇ.

كىمكى ئىلىمنى يۈز - ئابرۇيغا ئېرىشىش، مەنسەپكە ئىگە بولۇش، مۇسۇلمانلارغا زۇلۇم قىلىش، ئۇلارنى ھاماقەت چاغلاش ۋە تۆۋەن كۆرۈش مەقسىتىدە ئۆگەنسە، بۇ، گۇناھلارنىڭ ئەڭ چوڭىدۇر. ھالبۇكى، قەلبىدە زەررىچىلىك كىبىر بولغان كىشى جەننەتكە كىرەلمەيدۇ. بۈيۈك ۋە ئۇلۇغ اللهتىن باشقا ھېچ كۈچ — قۇۋۋەت ئىگىسى يوقتۇر.

[①] بۇخارى، ئىبنى ماجە، نەسائى ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

## ئون سەككىزىنچى چوڭ گۇناھ:

## يالغان گۇۋاھلىق بېرىش

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالَّذِينَ لَا يَشْهَدُونَ الزُّورَ﴾ ﴿ئۇلار (يەنى الله ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەر) يالغان گۇۋاھلىق بەرمەيدۇ﴾[1].

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىر ھەدىستە: «يالغان گۇۋاھلىق بېرىش اللهقا شېرىك كەلتۈرۈشكە تەڭ»[2] دەپ، ئىككى قېتىم تەكرارلىغانلىقى، ئاندىن الله تائالانىڭ: ﴿وَاجْتَنِبُوا قَوْلَ الزُّورِ﴾ ﴿يالغان گۇۋاھلىق بېرىشتىن ساقلىنىڭلار﴾[3] دېگەن سۆزىنى ئاڭلىغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان.

يەنە بىر ھەدىستە: «يالغان گۇۋاھلىق بەرگۈچىنىڭ ئاياغلىرى قىيامەت كۈنى دوزاخ ۋاجىپ بولغانغا قەدەر مىدىرلىمايدۇ»[4] دېيىلگەن.

مۇئەللىپ مۇنداق دەيدۇ: يالغان گۇۋاھلىق بەرگەن كىشى بىرقانچە چوڭ گۇناھنى ئىشلىگەن بولىدۇ. ئۇ گۇناھلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

بىرىنچى، يالغان سۆزلىگەن ۋە تۆھمەت قىلغان بولىدۇ. ھالبۇكى، الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ اللَّهَ لَا يَهْدِي مَنْ هُوَ مُسْرِفٌ كَذَّابٌ﴾ ﴿الله ھەقىقەتەن ھەددىن ئاشقان يالغانچىنى ھىدايەت قىلمايدۇ﴾[5]. بىر ھەدىستە: «مۇئمىن كىشى خىيانەت ۋە يالغاندىن باشقا ھەممە ئىشنى قىلىپ سالىدۇ»[6] دېيىلگەن.

---

[1] سۈرە فۇرقان، 72 ـ ئايەت.

[2] تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلىنغان. ئەلبانى: زەئىپ، ـ دېگەن.

[3] سۈرە ھەج، 30 ـ ئايەت.

[4] ئىبنى ماجە ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: مەۋزۇ (توقۇلما) ھەدىستۇر، ـ دېگەن.

[5] سۈرە غافىر، 28 ـ ئايەت.

[6] ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: زەئىپ، ـ دېگەن.

ئىككىنچــى، بىــرىگە زۇلــۇم قىلغــان بولــدۇ. چــۈنكى ئــۇ ئۇنىڭغــا قارشــى يالغــان گۇۋاھلىــق بېــرىش ئــارقىلىق ئۇنىــڭ مېلىغــا، ئابرۇيىغــا ۋە جېنىغا زىيان يەتكۈزىدۇ.

ئــۈچىنچى، بىرىنىــڭ پايدىســىغا يالغــان گۇۋاھلىــق بېــرىش ئــارقىلىق ئۇنىڭغــا زۇلــۇم قىلغــان بولــدۇ. چــۈنكى ئــۇ ئاشــۇ يالغــان گۇۋاھلىــق ئــارقىلىق باشــقىلارنىڭ ھــارام مېلىغــا ئــىگە بولــدۇ. شــۇنىڭ بىــلەن، ئۇنىڭغــا دوزاخ ۋاجىــپ بولــدۇ. پەيغەمــبەر ســەللاللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەم بــۇ ھەقــتە مۇنــداق دېــگەن: «مەن كىمــگە قېرىندىشــىنىڭ مېلىنــى ھەقســىز ھۆكــۈم قىلىــپ قويغــان بولســام، ئــۇ ئــۇنى ئالمىســۇن. چــۈنكى مەن ئۇنىڭغــا دوزاختــىن بىــر پــارچە ئــوتنى ھۆكۈم قىلىپ قويغان بولىمەن»[①].

تــۆتىنچى، يالغــان گۇۋاھلىــق بېــرىش ئــارقىلىق الله تائــالا ھــارام قىلغــان مــالنى نــاھەق يەۋېلىــش، نــاھەق قــان تۆكــۈش ۋە كىشــىلەرنىڭ ئــابرۇيىنى تۆكــۈش قاتــارلىق ئىشــلارغا يــول ئېچىــپ بەرگەن بولــدۇ. پەيغەمــبەر ســەللاللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەم بــۇ ھەقــتە مۇنــداق دېــگەن: «ســىلەرگە گۇناھلارنىــڭ ئەڭ چــوڭىنى ئېيتىــپ بېرەيمــۇ؟ اللهقــا شــېرىك كەلتــۈرۈش؛ ئاتــا ـ ئــانىنى قاقشــىتىش. بىلىــپ قويــۇڭلاركى، يالغــان ســۆزلەش، بىلىــپ قويــۇڭلاركى، يالغــان گۇۋاھلىــق بېــرىش ئەڭ چــوڭ گۇنــاھتۇر...» ســاھابىلەر مۇنــداق دەيــدۇ: پەيغەمــبەر ســەللاللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەم ئــاخىرقى جــۈملىنى شــۇنچىلىك كــۆپ تەكرارلىــدىكى، بىــز: كاشــكى توختــاپ قالغــان بولســىچۇ، ـ دەپ كەتتۇق.

الله تائالاغــا ئىلتىجــا قىلىــپ، ھەر تۈرلــۈك بــالا – قــازالاردىن سالامەت ۋە ئامان قىلىشنى تىلەيمىز، ئامىن!

---

[①] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

## ئون توققۇزىنچى چوڭ گۇناھ:

## ھاراق ئىچىش

ﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ إِنَّمَا الْخَمْرُ وَالْمَيْسِرُ وَالأَنصَابُ وَالأَزْلاَمُ رِجْسٌ مِّنْ عَمَلِ الشَّيْطَانِ فَاجْتَنِبُوهُ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ إِنَّمَا يُرِيدُ الشَّيْطَانُ أَن يُوقِعَ بَيْنَكُمُ الْعَدَاوَةَ وَالْبَغْضَاء فِي الْخَمْرِ وَالْمَيْسِرِ وَيَصُدَّكُمْ عَن ذِكْرِ اللّهِ وَعَنِ الصَّلاَةِ فَهَلْ أَنتُم مُّنتَهُونَ﴾ ﴿ئى مۇئمىنلەر! ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلار (يەنى چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلار)غا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر. بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار. شەيتان ھاراق، قىمار ئارقىلىق ئاراڭلاردا دۈشمەنلىك، ئاداۋەت تۇغدۇرماقچى، سىلەرنى نامازدىن ۋە ﷲنى ياد ئېتىشتىن توسماقچى بولىدۇ. سىلەر ئەمدى (ھاراقتىن، قىماردىن) يانامسىلەر؟﴾[1] ﷲ تائالا بۇ ئايەتتە (ئىنسانلارنى) ھاراق ئىچىشتىن توستى ۋە ئۇنىڭدىن ئاگاھلاندۇردى.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «ھاراقتىن يىراق تۇرۇڭلار. چۈنكى ئۇ گۇناھلارنىڭ بېشىدۇر (يەنى ھەر تۈرلۈك گۇناھ ئۇنىڭ بىلەن باشلىنىدۇ)»[2]. كىمكى ئۇنىڭدىن يىراق تۇرمىسا، ﷲ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ. ﷲ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلغان كىشى ئازابقا لايىق بولىدۇ. ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَن يَعْصِ اللّهَ وَرَسُولَهُ وَيَتَعَدَّ حُدُودَهُ يُدْخِلْهُ نَارًا خَالِدًا فِيهَا وَلَهُ عَذَابٌ مُّهِينٌ﴾ ﴿كىمكى ﷲقا ۋە پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلىپ، ﷲنىڭ قانۇنلىرىنىڭ سىرتىغا

---

[1] سۈرە مائىدە، 90 ـ ۋە 91 ـ ئايەتلەر.

[2] دارۇقۇتنى ۋە نەسائى رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، ـ دېگەن.

چىقىپ كېتىدىكەن، الله ئۇنى دوزاختا كىرگۈزىدۇ. ئۇ دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ. خورلىغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾[1].

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: ھاراقنىڭ ھارام قىلىنغانلىقى توغرىسىدىكى ئايەت نازىل قىلىنغاندا، ساھابىلەر بىر - بىرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ: ھاراق ھارام قىلىندى، گۇناھى شېرىككە تەڭ قىلىندى، - دەپ خەۋەر قىلىشتى[2].

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: ھاراق گۇناھلارنىڭ ئەڭ چوڭى، - دەپ قارىغان[3]. دېمىسىمۇ، ھاراق ھەقىقەتەن گۇناھلارنىڭ بېشىدۇر. نۇرغۇن ھەدىستە ھاراق ئىچكەنلەر لەنەتلەنگەن. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مەست قىلىدىغان ھەرقانداق نەرسە ھاراقتۇر. ھاراقنىڭ ھەرقانداق تۈرى ھارامدۇر. كىمكى دۇنيادا داۋاملىق ھاراق ئىچىپ، تەۋبە قىلماستىن ئۆلسە، ئاخىرەتتە ئۇنى (يەنى جەننەت شارابىنى) ئىچەلمەيدۇ»[4].

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

_ مەست قىلغۇچى ئىچىملىكنى ئىچكەن كىشىنى "تىينەتۇل خەبال" دېگەن جايدىن سۇغىرىدىغانلىقى توغرىسىدا اللهنىڭ ۋەدىسى بار، - دېگەن ئىدى، ساھابىلەر:

_ ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! "تىينەتۇل خەبال" دېگەن نېمە؟

- دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

_ دوزاخ ئەھلىنىڭ تەرلىرى ياكى قان – يىرىڭلىرى، - دەپ جاۋاب بەردى[5].

---

[1] سۇرە نىسا، 14 ـ ئايەت.

[2] تەبەرانى ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان. تەبەرانىنىڭ راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر.

[3] ھاكىم ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان. تەبەرانىنىڭ راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر.

[4] مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

[5] مۇسلىم، نەسائى ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

بۇخارى ۋە مۇسلىمدا رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى دۇنيادا ھاراق ئىچسە، ئاخىرەتتە ئىچەلمەيدۇ»[1].

ھەمىشە ھاراق ئىچكۈچىنىڭ بۇتقا چوقۇنغۇچىغا ئوخشاپ قالىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنماقتا. چۈنكى، ئىمام ئەھمەد مۇسنەددىدە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ھەمىشە ھاراق ئىچىدىغان كىشى بۇتپەرەسكە ئوخشايدۇ»[2].

ئېيتىلىشىچە، ھەمىشە ھاراق ئىچىپ، تەۋبە قىلماي ئۆلۈپ كەتكەن كىشى جەننەتكە كىرەلمەيدۇ. چۈنكى، ئىمام نەسائى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئاتا ـ ئانىسىنى قاقشاتقان ۋە داۋاملىق ھاراق ئىچكەن كىشى جەننەتكە كىرەلمەيدۇ» دېگەن[3].

يەنە بىر رىۋايەتتە: «مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك كىشىگە جەننەت ھارام بولىدى: بىرى، ھاراقكەش؛ يەنە بىرى، ئاتا ـ ئانىسىنى قاقشاتقۇچى؛ ئۈچىنچىسى، دۆيۈز»[4] دېيىلگەن. خوتۇن - قىزلىرىنىڭ بۇزۇق ئىشلىرىغا كۆز يۇمغۇچى "دۆيۈز" دېيىلىدۇ.

بايان قىلىنىشىچە، الله تائالا مەستنىڭ ھېچقانداق ياخشى ئەمىلىنى قوبۇل قىلمايدۇ. چۈنكى، جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئۈچ تۈرلۈك كىشىنىڭ نامىزى قوبۇل بولمايدۇ، قىلغان ياخشىلىقلىرى ئاسمانغا كۆتۈرۈلمەيدۇ. بىرىنچى، خوجايىنىدىن قاچقان قۇل، تاكى قايتىپ كېلىپ خوجايىنىنىڭ قولىغا قويمىغىچە؛ ئىككىنچى، ئېرىنىڭ

---

[1] بۇخارى، مۇسلىم ۋە نەسائى رىۋايەت قىلغان.

[2] ئىبنى ماجە، ئەھمەد، بەززار ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

[3] دارىمى ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

[4] ئەھمەد، نەسائى ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان.

غەزىپىنى كەلتۈرگەن ئايال، تاكى ئېرى ئۇنىڭدىن رازى بولمىغىچە؛ ئۇچىنچى، مەست تاكى مەستلىكى ئوڭشالمىغىچە»[1].

ھاراق ـ مەيلى ھۆل ياكى قۇرۇق بولسۇن، مەيلى يېيىلىدىغان ياكى ئىچىلىدىغان بولسۇن، ئەقىلنى كەتكۈزىدىغان ھەرقانداق نەرسىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «الله تائالا ۋۇجۇدىدا بىر تامچە چاغلىق ھاراق بار كىشىنىڭ نامىزىنى قوبۇل قىلمايدۇ»[2]. يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «كىمكى ھاراق ئىچسە، الله ئۇنىڭ ھېچبىر ئىبادىتىنى قوبۇل قىلمايدۇ. كىمكى مەست بولغىدەك ئىچسە، ئۇنىڭ قىرىق كۈنلۈك نامىزى قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئەگەر تەۋبە قىلسا (ئەپۇ قىلىنىدۇ). كېيىن يەنە ئىچسە، ئۇنى جەھەننەمنىڭ قان - يىرىڭلىرى بىلەن سۇغۇرۇش اللهقا ھەقلىق بولىدۇ»[3].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ كىمكى ھاراق ئىچىپ مەست بولسا، الله ئۇنىڭ قىرىق كۈنلۈك نە نەپلە، نە پەرز ئىبادىتىنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئۇ مۇشۇ ھالەتتە ئۆلۈپ كەتسە، بۇتپەرەستەك ئۆلگەن بولىدۇ. ئۇنى "تىينەتۇل خەبال"دىن سۇغۇرۇش اللهنىڭ ھەققى بولۇپ قالىدۇ، - دېگەنىدى، ساھابىلەر:

ـ ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! "تىينەتۇل خەبال" دېگەن نېمە؟ - دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ دوزاخ ئەھلىنىڭ قان — يىرىڭلىرى، - دەپ جاۋاب بەردى[4].

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ ئەۋفا:

[1] ئىبنى خۇزەيمە رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: زەئىپ، - دېگەن.

[2] ئىبنى ھەجەر ئەسقەلانى نەقىل قىلغان.

[3] ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

[4] ئەھمەد ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان. ئەھمەدنىڭ راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر.

ــ كىمكى ھاراقكەش ھالەتتە ئۆلسە، لات ۋە ئۇززا ئىسىملىك بۇتلارغا ئىبادەت قىلغان كىشىدەك ئۆلىدۇ، ـ دېگەنىدى، بىرى ئۇنىڭدىن:

ــ ئېيتقىنچۇ، ھاراقكەش دېگەن سۆزۈڭ ھەمىشە مەست يۈرىدىغان كىشىنى كۆرسىتەمدۇ؟ ـ دەپ سورىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ:

ــ ياق، نەچچە يىلدا بىر قېتىم بولسىمۇ، تاپقان چېغىدا ئىچىدىغان كىشىنى كۆرسىتىدۇ، ـ دەپ جاۋاب بەردى[1].

*****

**«ھاراق ئىچكۈچى ھاراق ئىچكەندە مۇئمىن ھالەتتە ھاراق ئىچمەيدۇ» دېگەن سۆزنىڭ بايانى:**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئوغرىلىق قىلغۇچى ئوغرىلىق قىلغاندا مۇئمىن ھالەتتە ئوغرىلىق قىلمايدۇ. زىنا قىلغۇچى زىنا قىلغاندا مۇئمىن ھالەتتە زىنا قىلمايدۇ. ھاراق ئىچكۈچى ھاراق ئىچكەندە مۇئمىن ھالەتتە ھاراق ئىچمەيدۇ. ئەمما ئۇنىڭغا تېخىچە تەۋبە قىلىش پۇرسىتى بېرىلگەن»[2].

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى زىنا قىلسا ياكى ھاراق ئىچسە، اللە ئۇنىڭدىن ئىماننى خۇددى ئىنسان كۆينىكىنى بېشىدىن چىقىرىۋەتكەندەك سۇغۇرىۋالىدۇ»[3]؛ «كىمكى كەچقۇرۇن ھاراق ئىچسە، مۇشرىك بولۇپ تاڭ ئاتقۇزىدۇ. كىمكى تاڭ سەھەردە ھاراق ئىچسە، مۇشرىك بولۇپ كەچ قىلىدۇ»؛ «جەننەتنىڭ خۇش ھىدى بەش يۈز يىللىق مۇساپىدىن كېلىپ تۇرىدۇ، ئەمما ئاتا ـ ئانىسىنى قاقشاتقۇچى،

[1] ئىبنى ھەجەر ھەيسەمى نەقل قىلغان.

[2] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

[3] ھاكىم رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى ئۇنىڭ زەئىپ ھەدىس ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

مىنــــنەت قىلغـــۇچى، ھـــاراقكەش ۋە بـــۇتپەرەس كىشـــىلەر ئۇنىـــڭ ھـــدىنى ئالالمايدۇ»[1].

ئىمـــام ئەھـــمەد ئەبـــۇ مۇســـا ئەشـــئەرى رەزىيەللاھـــۇ ئەنھـــۇدىن رىـــۋايەت قىلـــدۇكى، پەيغەمـــبەر ســـەللاللاھۇ ئەلەيهـــى ۋەســـەللەم مۇنـــداق دېـــگەن: «ھـــاراقكەش، ســـېھىرگە ئىشـــەنگۈچى، ســـىلە ـ رەھىمنـــى ئۈزگـــۈچى جەنـــنەتكە كىرمەيـــدۇ. كىمكـــى ھـــاراق ئىچىۋېتـــىپ ئۆلســـە، اللە ئـــۇنى غـــۇتە دەرياســـىدىن ســـۇغۇرىدۇ. ئـــۇ، پاھىشـــە ئاياللارنىـــڭ ئەۋرەتلىرىـــدىن ئاققـــان ســـۇدۇر. دوزاخ ئەھلىمـــۇ ئۇنىـــڭ سېسىق پۇرىقىدىن ئەزىيەت چېكىدۇ»[2].

پەيغەمـــبەر ســـەللاللاھۇ ئەلەيهـــى ۋەســـەللەم مۇنـــداق دەيـــدۇ: «اللە تائـــالا مېنـــى ئەھلـــى – جاھانغـــا رەھـــمەت ۋە ھـــدايەت قىلـــىپ ئەۋەتتـــى. ئـــۇ مېنـــى چـــالغۇ – ئەســـۋاب ۋە نەي چېلىشـــىنى، شـــۇنداقلا، جـــاھىلىيەت دەۋرىـــدىن قالغـــان ئىشـــلارنى يـــوقىتىش ئۈچـــۈن پەيغەمـــبەر قىلـــىپ ئەۋەتتـــى. پەرۋەردىگـــارىم قـــۇدرىتى بىـــلەن قەســـەم قىلـــىپ مۇنـــداق دەيـــدۇ: بەندىلىرىمـــدىن بىـــرى يۇتـــۇم ھـــاراق ئىچســـە، ئۇنىڭغـــا جەھەننەمنىـــــڭ قاينـــــاق ســـــۇيىدىن شـــــۇنچىلىك ئىچكـــــۈزىمەن. بەندىلىرىمـــدىن بىـــرى مەنـــدىن قورقـــۇپ ھـــاراق ئىچمىســـە، ئۇنىڭغـــا جەننەتـــتە ئەڭ ئـــالى ھـــۆرلەر بىـــلەن بىـــرلىكتە جەنـــنەت شـــارابىنى سۇنىمەن»[3].

*****

## ھـــاراق ســـەۋەبىدىن لەنەتـــكە ئۇچرىغـــان كىشـــىلەرنىڭ بايانى:

ئەبـــۇ داۋۇد رىـــۋايەت قىلغـــان بىـــر ھەدىســـتە پەيغەمـــبەر ســـەللاللاھۇ ئەلەيهـــى ۋەســـەللەم مۇنـــداق دېـــگەن: «ھاراقنىـــڭ ئـــۆزى، ئـــۇنى ئىچكـــۈچى، قۇيـــۇپ بەرگـــۈچى (ئىچكۈزگـــۈچى)، ســـاتقۇچى، ســـېتىۋالغۇچى، ســـىققۇچى (ھـــاراق ئىشـــلىگۈچى)، ســـىقتۇرغۇچى

[1] تەبەرانى رىۋايەت قىلغان.

[2] ئەھمەد، ھاكىم، ئەبۇ يەئلا، ئىبنى ھىببان ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: زەئىپ، ـ دېگەن.

[3] تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، ئەھمەد ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، ـ دېگەن.

(بۇيرۇتۇپ ئىشلەتكۈچى)، ئاپىرىپ بەرگۈچى، زاكاس قىلغۇچى ۋە ھاراقنىڭ پۇلىنى يېگۈچى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىگە لەنەت قىلىنغان». بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەدمۇ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ: ئى مۇھەممەد! الله تائالا ھاراققا، سىققۇچىغا، سىقتۇرغۇچىغا، ساتقۇچىغا، سېتىۋالغۇچىغا، ئىچكۈچىگە، پۇلىنى يېگۈچىگە، ئاپىرىپ بەرگۈچىگە، زاكاس قىلغۇچىغا، قۇيۇپ بەرگۈچىگە، قۇيدۇرغۇچىغا لەنەت قىلدى، - دېدى»[①].

*****

## ھاراقكەش كېسەل بولۇپ قالسا، ئۇنى يوقلىماسلىق ۋە ئۇنىڭغا سالام بەرمەسلىكنىڭ بايانى:

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: «ھاراقكەشلەر كېسەل بولسا يوقلىماڭلار!» دېگەن. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: «ھاراق ئىچكۈچىگە سالام بەرمەڭلار» دېگەن[②].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «ھاراقكەشلەر بىلەن بىرگە ئولتۇرماڭلار، كېسەل بولسا يوقلىماڭلار، جىنازىسىغا قاتناشماڭلار. چۈنكى ھاراقكەش قىيامەت كۈنى يۈزى قارايغان، تىلى مەيدىسىگە ساڭگىلىغان، ئاغزىدىن شۆلگەيلەر ئاققان ھالدا كېلىدۇ. كۆرگەنلىكى كىشىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدىن يىرگىنىدۇ، ئۇنىڭ ھاراقكەش ئىكەنلىكىنى بىلىۋالىدۇ»[③].

بەزى ئالىملار مۇنداق دەيدۇ: ھاراقكەشلەرنى كېسەل بولۇپ قالغاندا يوقلىماسلىق ۋە ئۇلارغا سالام بەرمەسلىكتىكى سەۋەب شۇكى، ئۇلار الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى لەنەت قىلغان پاسىق

---

[①] ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان.

[②] ھەيسەمى «ئەززەۋاجىر» ناملىق كىتابىدا نەقىل قىلغان.

[③] ئىبنى جەۋزى ۋە سۇيۇتى بۇ ھەدىسنىڭ مەۋزۇ (توقۇلما) ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان.

كىشىلەردۇر. بىز يۇقىرىدا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇ ھەقتىكى: «اللە ھاراقنىڭ ئۆزىگە، ئۇنى ئىچكۈچىگە...» دېگەن ھەدىسىنى بايان قىلغان ئىدۇق. ئەگەر ھاراقكەش ھاراقنى ئىشلەپ چىقىرىپ، باشقىلارغا ساتسا، ئىككى قېتىم لەنەتكە ئۇچرايدۇ. ئەگەر باشقىلارغا ئىچكۈزسە، ئۈچ قېتىم لەنەتكە ئۇچرايدۇ. شۇڭا ھاراقكەشنى يوقلاش ۋە ئۇنىڭغا سالام بېرىش چەكلەنگەن. ئەمما كىمكى تەۋبە قىلسا، اللە ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ.

*****

## ھاراق بىلەن داۋالىنىشنىڭ ھالال ئەمەسلىكىنىڭ بايانى:

ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: قىزىم كېسەل بولۇپ قالدى. بىر كورىغا خورما چىلاپ مۇسەللەس قىلغان ئىدىم. شۇ چاغدا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىرىپ قالدى ۋە ئۇنى كۆرۈپ:

_ ئى ئۇممۇ سەلەمە! بۇ نېمە؟ - دەپ سورىدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن قىزىمنى داۋالاش ئۈچۈن ھازىرلىغانلىقىمنى ئېيتتىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «اللە تائالا ئۈممىتىمگە ھارام قىلغان نەرسىنى ئۇلارنىڭ شىپاسى قىلمىدى» دېدى[1].

*****

## ھاراق ھەققىدە رىۋايەت قىلىنغان بىرقانچە ھەدىسنىڭ بايانى:

ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا بىر تۇلۇم كەلتۈرۈلدى، ئىچىدە (خورما ياكى ئۈزۈمدىن قىلىنغان) كۆپۈك ئۆرلەپ تۇرغان مۇسەللەس بار ئىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ

[1] ئەبۇ يەئلا ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان.

ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۇنى ئاۋۇ باغقا تۆكۈۋېتىڭلار، بۇ الله ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرمەيدىغانلارنىڭ شارابىدۇر» دېدى[①].

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «قەلبىدە اللهنىڭ كىتابىدىن بىر ئايەت چاغلىق نەرسە بار كىشى ئۇنىڭ ئۇستىگە ھاراق قۇيسا (يەنى ھاراق ئىچسە)، قىيامەت كۈنى ئۇ ئايەتنىڭ ھەربىر ھەرپى ئۇ كىشىنىڭ كوكۇلىسىدىن تۇتۇپ، الله تائالانىڭ ئالدىدا توختىتىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن جېدەللىشىدۇ. قۇرئان كىم بىلەن جېدەللەشسە، ئۇنى يېڭۋالىدۇ. قىيامەت كۈنى قۇرئان جېدەللەشكەن كىشىنىڭ ھالىغا ۋاي!»[②]

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «دۇنيادا قانداق بىر جامائەت مەست قىلغۇچى نەرسە ئەتراپىغا يىغىلىدىكەن، الله ئۇلارنى دوزاختا يىغىدۇ. ئۇلار بىر — بىرىگە قاراپ، ئۆزئارا مالامەت قىلىشىدۇ، بىرى يەنە بىرىگە: ئى پالانچى! الله جاجاڭنى بەرسۇن، مېنى بۇ يەرگە سەن كەلتۈردۇڭ، - دېسە، ئۇمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش گەپنى قىلىدۇ»[③].

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دەيدۇ: «الله تائالا دۇنيادا ھاراق ئىچكەن كىشىگە (ئاخىرەتتە) قارا زەھەردىن بىر يۇتۇم ئىچكۈزىدۇكى، ئۇ بۇ زەھەرنى تېخى ئىچمەي تۇرۇپ، يۈزىنىڭ گۆشلىرى پارچە - پارچە بولۇپ جامغا ئېقىپ چۈشىدۇ. ئەگەر ئۇنى ئىچسە، گۆشلىرى ۋە تېرىلىرى ئېقىپ چۈشىدۇ. ئۇنىڭدىن دوزاخ ئەھلىمۇ ئەزىيەت چېكىدۇ. بىلىڭلاركى، ھاراق ئىچكەن، ئۇنى ئىشلەپ چىقارغان ۋە ئىشلەتكۈزگەن، ئاپىرىپ بەرگەن ۋە زاكاس قىلغان، پۇلىنى يېگەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى گۇناھقا تەڭ شېرىكتۇر. الله ئۇلارنىڭ نامىزىنى، روزىسىنى ۋە ھەججىنى ئۇلار تەۋبە قىلمىغىچە قوبۇل قىلمايدۇ. ئەگەر ئۇلار تەۋبە قىلىشتىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتسە، الله تائالا ئۇلارغا دۇنيادا

---

[①] ئىبنى ماجە ۋە نەسائى رىۋايەت قىلغان.

[②] ئىبنى ھەجەر ھەيسەمى «ئەززەۋاجىر» ناملىق كىتابىدا سەنەدسىز نەقىل قىلغان. بۇنىڭغا ئوخشاش ھەدىسلەر پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە توغرا سەنەد بىلەن تۇتاشمىغىچە ئەمەل قىلىنمايدۇ.

[③] ئىبنى ھەجەر ھەيسەمى «ئەززەۋاجىر» ناملىق كىتابىدا سەنەدسىز نەقىل قىلغان.

ئىچكەن ھەربىر يۇتۇم ھاراق ئۇچۇن جەھەننەمنىڭ قان - يىرىڭلىرىدىن ئىچكۈزىدۇ. بىلىپ قويۇڭلاركى، مەست قىلىدىغان ھەرقانداق نەرسە ھاراقتۇر، ھەرقانداق ھاراق ھارامدۇر»[1].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «مەست قىلىدىغان ھەرقانداق نەرسە ھاراقتۇر» دېگەن سۆزىگە زەھەرلىك چېكىملىكلەرمۇ كىرىدۇ. الله خالىسا، بىز بۇ ھەقتە ئالدىمىزدا توختىلىمىز.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ھاراق ئىچكەن كىشى پۇلسىرات كۆۋرۈكىگە كەلگەندە زەبانىيلار (دوزاخ پەرىشتىلىرى) ئۇلارنى خەبال دەرياسىغا تارتىپ چۈشۈرىۋېتىدۇ. ئۇلار (دۇنيادا) ئىچكەن ھەربىر رومكا ھاراق ئۇچۇن خەبال دەرياسىدىن سۇغۇرىلىدۇ. خەبال دەرياسىدىن بىر يۇتۇم نەرسە ئاسماندىن تۆكۈلسە ئىدى، ئۇنىڭ ھارارىتىدىن ئاسمانلار كۆيۈپ كەتكەن بولاتتى»[2]. اللهقا سىغىنىپ، مۇنداق ئازابتىن پاناھ تىلەيمىز، ئامىن!

*****

**سەلەف ئۆلىمالىرىنىڭ ھاراق ھەققىدىكى سۆزلىرىنىڭ بايانى:**

فۇزەيل ئىبنى ئەيازدىن مۇنداق بىر ھېكايە رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇنىڭ شاگىرتلىرىدىن بىرى سەكراتتا ياتقاندا، ئۇ ئۇنى يوقلاپ بېرىپ، شاھادەت كەلىمىسىنى تەلقىن قىلىپتۇ. ئەمما ئۇنىڭ تىلى زۇۋانغا كەلمەپتۇ. فۇزەيل شاھادەتنى قايتا تەلقىن قىلغانىكەن، شاگىرتى: مەن شاھادەت كەلتۈرەلمەيمەن، مەن ئۇنىڭدىن ئادا – جۇدامەن، - دەپتۇ ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆلۈپ كېتىپتۇ. فۇزەيل ئۇنىڭ يېنىدىن يىغلىغىنىچە چىقىپ كېتىپتۇ. مەلۇم مۇددەتتىن كېيىن، چۈشىدە ئۇنىڭ دوزاخقا سۆرەپ ئېلىپ كېتىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

_ ئى بىچارە! ئىلىم - مەرىپەت سەندىن قانداق چىقىپ كەتتى؟ - دەپ سوراپتۇ. شاگىرتى:

---

[1] ئىبنى ھەجەر ھەيسەمى «ئەززەۋاجىر» ناملىق كىتابىدا سەنەدسىز نەقىل قىلغان.

[2] ئىبنى ھەجەر ھەيسەمى «ئەززەۋاجىر» ناملىق كىتابىدا نەقىل قىلغان.

ــ ئــــى ئۇســــتازىم! مېنىــــڭ بىــــر كېســــلىم بــــار ئىــــدى. تېۋىپقــــا كۆرۈنســــەم، ئــــۇ ماڭــــا ھەر يىلــــى بىــــر قەدەھ ھــــاراق ئىچىشــــىمنى، ئۇنــــداق قىلمىســــام، كېســــلىمنىڭ ســــاقايمايدىغانلىقىنى ئېيتتــــى. شــــۇڭا مەن داۋالىــــنىش ئۈچــــۈن ھەر يىلــــى بىــــر قەدەھ ھــــاراق ئىچەتــــتىم، - دەپتــــۇ[1]. كېســــەلدىن ســــاقىيىش ئۈچــــۈن ھــــاراق ئىچكەنلەرنىــــڭ ئەھــــۋالى بــــۇ بولســــا، كەيــــپ قىلىــــش ئۈچــــۈن ئىچىــــدىغانلارنىڭ ھــــالى نــــېمە بــــولار؟! ئاللاھقــــا ئىلتىجــــا قىلىــــپ، ھەرقانــــداق بــــالايى ئــــاپەتلەردىن ئامــــان ۋە سالامەت قىلىشنى تىلەيمىز، ئامىن!

تەۋبە قىلغــــۇچىلاردىن بىــــرى تەۋبە قىلىشــــنىڭ ســــەۋەبىنى ســــورىغانلارغا مۇنــــداق دېــــگەن ئىــــكەن: مەن قەبرىلەرنــــى ئاچــــاتتىم. قەبــــرىلەردە قىبلىــــدىن يــــۈز ئــــۆرۈپ تۇرغــــان ئۆلــــۈكلەرنى كــــۆردۈم. كېــــيىن بىرىــــپ ئۆلەرنىــــڭ ئائىلىســــىدىن ئــــۇلار ھەققىــــدە ســــورىغىنىمدا: ئــــۇلار دۇنيــــادا ھــــاراق ئىچەتتــــى، كېــــيىن تەۋبە قىلماســــتىن ئۆلــــۈپ كەتتــــى، - دېگەن جاۋابنى ئالدىم. شۇنىڭ بىلەن، مەن تەۋبە قىلدىم.

ســــالىھلاردىن بىــــرى مۇنــــداق دەيــــدۇ: مېنىــــڭ بىــــر كىچىــــك بــــالام ئۆلــــۈپ كەتتــــى. ئــــۇنى دەپــــنە قىلغىنىمــــدىن كېــــيىن، چۈشــــۈمدە چاچلىرىنىڭ ئاقىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن:

ــ ئــــى ئوغلــــۇم! ســــېنى دەپــــنە قىلغىنىمــــدا ســــەن كىچىــــك بــــالا ئىــــدىڭ. ســــېنىڭ چېچىڭنــــى نــــېمە ئاقــــارتىۋەتتى؟ - دەپ ســــورىغاندىم، ئۇ:

ــ ئــــى دادا! مېنىــــڭ يېنىمغــــا دۇنيــــادا ھــــاراق ئىچــــكەن بىــــر كىشــــى دەپــــنە قىلىنــــدى. ئۇنىــــڭ كېلىشــــى بىــــلەن جەھەننــــەم شــــۇنداق قــــاتتىق گۆكىرىــــدىكى، ئۇنىــــڭ ئاۋازىــــدىن قورقــــۇپ چېچىمغــــا ئــــاق كىــــرمىگەن بىرمــــۇ بــــالا قالمىــــدى، - دەپ جــــاۋاب بەردى. ئاللاھقــــا ســــېغىنىپ، ئەنە شــــۇنداق ئــــازابتىن پانــــاھ تىلەيمىــــز ۋە ئۇنىڭغــــا ئىلتىجــــا قىلىــــپ، دوزاخ ئازابىغــــا مــــۇپتىلا قىلىــــدىغان نەرســــىلەردىن ئامــــان – ئېســــەن قىلىشــــىنى سورايمىز، ئامىن!

[1] ئىبنى ھەجەر ھەيسەمى «ئەززەۋاجىر» ناملىق كىتابىدا نەقىل قىلغان. لېكىن بۇ رىۋايەتنىڭ ئەسلى يوق.

بەندە ئۆزىگە ئۆلۈم كېلىشتىن بۇرۇن اللەقا تەۋبە قىلىشى لازىم. ئۇنداق بولمىغاندا، دوزاخقا تاشلىنىپ ئەڭ يامان ئاقىۋەتكە قالىدۇ. اللەقا سېغىنىپ، دوزاختىن پاناھ تىلەيمىز.

*****

نەشە، خىروئىن، مورفىن، كوكايىن، ئەپيۇن قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئۆسۈملۈكتىن ياسالغان، كەيىپ قىلىدىغان ۋە مەست قىلىدىغان بارلىق زەھەرلىك چېكىملىكلەرمۇ ھاراققا ئوخشاشلا ھارامدۇر. ھاراق ئىچكەن كىشىگە شەرئىي جازا ئىجرا قىلىنغىنىدەك، بۇ نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلغانلارغىمۇ شۇنداق جازا ئىجرا قىلىنىدۇ. زەھەرلىك چېكىملىك ئەقلىنى بۇلغاش، مىجەزنى بۇزۇش جەھەتتە ھاراقتىن خەتەرلىكتۇر. ھەتتا ئۇنى ئىستېمال قىلغان ئەردە مۇخەننەسلىك (خوتۇن كىشى خاراكتېرلىك)، دۆيۈزلۈك ۋە باشقا بۇزۇقچىلىق پەيدا بولىدۇ. ئەمما ھاراق كىشىلەرنى جېدەل - ماجىراغا ۋە قاتىللىققا ئېلىپ بېرىش جەھەتتە زەھەرلىك چېكىملىكتىن خەتەرلىكتۇر. نەتىجە ئېتىبارى بىلەن ئېيتقاندا، ھەر ئىككىلىسى ئىنساننى اللەنىڭ زىكرىدىن ۋە نامازدىن توسىدۇ.

كېيىنكى دەۋردە ياشىغان ئۆلىمالارنىڭ بەزىلىرى بۇ ماددىلارنى ئىستېمال قىلغانلارغا ھاراق ئىچكەنلەرنىڭ جازاسىنى ئىجرا قىلىشنىڭ توغرا بولمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرغا قويغان ۋە زەھەرلىك چېكىملىك ئەقلىنى بۇلغىسىمۇ، ۋۇجۇدنى قىزىتمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇرۇنقى دەۋردە ياشىغان ئۆلىمالارنىڭ بۇ ھەقتە توختالمىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئەمما ئەمەلىيەت ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئەمەس. زەھەرلىك ماددىلارنى ئىچكەن ۋە چەككەنلەر ھاراق ئىچكەنلەرگە ئوخشاش كەيىپ قىلىدۇ، شۇنداقلا، خۇمارى تۇتىدۇ. ھەتتا خۇمارنىڭ قاتتىقلىقىدىن چىدىيالماي قالىدۇ. كۆپراق ئىستېمال قىلغان چاغلىرىدا بولسا، اللەنى زىكىر قىلىشتىن ۋە ناماز ئوقۇشتىن مەھرۇم قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە دۆيۈزلىشىپ، ئەرلىك خۇسۇسىيىتىنى يوقىتىپ قويىدۇ، ئەقلىنى كاردىن چىقىرىدۇ ۋە باشقا بۇزۇقچىلىققا گىرىپتار بولىدۇ.

ئەمما زەھەرلىك ماددىلار يېگىلى بولىدىغان، پىششىقلاپ ئىشلەنمىگەن ھالەتتە بولسا، ئۇنىڭ نىجاسەت ياكى ئەمەسلىكى ھەققىدە ئۆلىمالار مۇنداق ئۈچ خىل قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان:

1 ـ ئىمام ئەھمەد ۋە باشقىلار: زەھەرلىك ماددىلار ھاراققا ئوخشاشلا نىجاسەتتۇر، ـ دېگەن. بۇ، توغرا قاراشتۇر.

2 ـ بەزى ئالىملار: تېخى پىششىقلاپ ئىشلەنمىگەنلىكى ئۈچۈن نىجاسەت ئەمەس، ـ دېگەن.

3 ـ يەنە بەزى ئالىملار سۇيۇقى (پىششىقلاپ ئىشلەنگىنى) بىلەن قاتتىقىنى (پىششىقلاپ ئىشلەنمىگىنىنى) بىر ـ بىرىدىن ئايرىغان ۋە: سۇيۇقى نىجاسەت، قاتتىقى نىجاسەت ئەمەس، ـ دېگەن.

نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، زەھەرلىك ماددىلار اللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ھارام قىلغان مەست قىلغۇچى نەرسىلەر قاتارىغا كىرىدۇ.

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

_ ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى! بىز يەمەندە ھەسەلنى ۋە قوناق بىلەن ئارپىنى ئېچىتىپ مۇسەللەس ياسايتتۇق، بۇ ئىككى خىل شاراب توغرىسىدا بىزگە پەتىۋا بەرگىن، ـ دېگەن ئىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزى ئىخچام، ئەمما مەزمۇنى ناھايىتى كەڭ مۇنۇ سۆزى بىلەن جاۋاب بەردى:

_ ھەرقانداق مەست قىلغۇچى نەرسە ھارامدۇر[1].

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دېگەن: «كۆپ ئىستېمال قىلغاندا مەست قىلىدىغان نەرسىنىڭ ئېزىمۇ ھارامدۇر»[2]. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەست قىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ ماددىلىرىنى: يېيىلىدىغان ۋە ئىچىلىدىغان دەپ، تۈرگە ئايرىمىدى. زەھەرلىك چېكىملىكلەر سەلەف ئۆلىمالىرىنىڭ دەۋرىدە بولمىغاچقا، ئۇلار بۇ ھەقتە

[1] مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[2] تىرمىزى، نەسائى، ئىبنى ماجە، ئەبۇ داۋۇد ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، ـ دېگەن.

توختالمىغان. تاتارلارنىڭ (مۇڭغۇللارنىڭ) ئىسلام دۇنياسىنى ئىشغال قىلىشى بىلەن بىرگە بۇ نەرسىلەرمۇ ئوتتۇرىغا چىققان.

اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، شەيتان زەھەرلىك چېكىملىكلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدىن خۇشال بولغاندەك خۇشال بولمىدى. چۈنكى ئۇ ئۇنى پەسكەش كىشىلەرگە چىرايلىق كۆرسەتتى. ئۇلارمۇ ئۇنى ھالال دەپ قوبۇل قىلدى. زەھەرلىك چېكىملىك بىر شېئىردا مۇنداق سۈپەتلەنگەن:

ئېيتقىن، نادانلىق قىلىپ زەھەرلىك چېكىملىك چەككەنلەرگە،
ئاھ! ئۇنى چېكىش بىلەن تەك ئەڭ بەختسىز ھاياتقا يولۇقتۇڭ.
ئىنساننىڭ قەدىر – قىممىتى بىباھا گۆھەردۇر تەڭداشسىز،
ھەي نادان قېرىنداش! نېمە ئۈچۈن گۆھەرنى زەھەرگە تېگىشتىڭ؟

*****

**قىسسە:** بىر يىگىت ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋاننىڭ ھۇزۇرىغا يىغلىغان ھالدا كىرىپ كەپتۇ ۋە:

_ ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! مەن بەك چوڭ گۇناھ قىلىپ سالدىم. ماڭا تەۋبە قىلىش يولى بارمۇ؟ - دەپتۇ. ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان:

_ نېمە گۇناھ قىلدىڭ؟ - دەپ سوراپتۇ.

_ گۇناھىم بەك چوڭ.

_ ئۇ زادى نېمە گۇناھ؟ اللهقا تەۋبە قىل، ئۇ بەندىسىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلىدۇ.

_ ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! مەن (كېپەن ئوغرىلاش ئۈچۈن) قەبرىلەرنى ئاچاتتىم، قەبرىلەردە ئاجايىپ ئىشلارنى كۆرەتتىم.

_ نېمە كۆرەتتىڭ؟

_ ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! بىر كېچىسى بىر قەبرىنى ئاچتىم. قارىسام، قەبرىدىكى ئۆلۈكنىڭ يۈزى قىبلىدىن بۇرۇلۇپ كېتىپتۇ. قورقۇپ كېتىپ، چىقىپ كېتىۋاتسام، قەبرە ئىچىدىن: ئۆلۈكنىڭ يۈزىنىڭ نېمە ئۈچۈن قىبلىدىن باشقا تەرەپكە قاراپ قالغانلىقىنى سورىمامسەن؟ - دېگەن ئاۋاز كەلدى. مەن: نېمە

ئۇچۇن باشقا تەرەپكە قاراپ قالدى؟ - دەپ سورىسام، قەبرىدىن: چۈنكى ئۇ نامازغا سەل قارايتى، ئۇنىڭغا ئوخشاشلارنىڭ جازاسى مۇشۇدۇر، - دېگەن جاۋاب كەلدى.

كېيىن باشقا بىر قەبرىنى ئاچتىم. ئۇنىڭدىكى ئۆلۈكنىڭ توڭگۇزغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى، بوينىغا تاقاق سېلىنغانلىقىنى، زەنجىر بىلەن باغلانغانلىقىنى كۆردۈم. قورقۇپ كېتىپ، چىقىپ كېتىۋاتقان چېغىمدا، قەبرە ئىچىدىن: ئۇنىڭ قىلغان ئەمىلىنى ۋە نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى سورىمامسەن؟ - دېگەن ئاۋاز كەلدى. مەن: نېمە ئۈچۈن ئازابلىنىۋاتىدۇ؟ - دەپ سورىسام، قەبرىدىن: ئۇ دۇنيادا ھاراق ئىچەتتى، تەۋبە قىلماستىن ئۆلۈپ كەتتى، - دېگەن جاۋاب كەلدى.

ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! مەن يەنە ئۈچىنچى قەبرىنى ئاچتىم. ئۇنىڭدىكى مېيىت ئوت قوزۇقلار بىلەن يەرگە باغلىنىپتۇ، تىلى بولسا گەجگىسىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. مەن قورقۇپ كېتىپ ئارقىمغا ياندىم. چىقىپ كېتىۋاتسام: ئۇنىڭ ھالىدىن ۋە نېمە ئۈچۈن بۇ بالاغا گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقىدىن سورىمامسەن؟ - دەپ نىدا قىلىندى. مەن: نېمە ئۈچۈن بۇ بالاغا گىرىپتار بولۇپ قالدى؟ - دەپ سورىسام، قەبرىدىن: كىيىم - كېچەككە سۈيدۈك چاچراپ كېتىشتىن ساقلانمايتتى، ئىنسانلار ئارىسىدا چېقىمچىلىق قىلاتتى، ئۇنىڭغا ئوخشاش بولغانلارغا مۇشۇنداق جازا بېرىلىدۇ، - دېگەن جاۋاب كەلدى.

ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! مەن يەنە تۆتىنچى قەبرىنى ئاچتىم. ئۇنىڭدىكى مېيىت ئوت ئىچىدە قاپتۇ، قورقۇپ كېتىپ، چىقىپ كېتىۋاتقان چېغىمدا: ئۇنىڭدىن ۋە ئۇنىڭ ھالىدىن سورىمامسەن؟ - دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. مەن: ئۇ نېمىشقا بۇ ھالغا چۈشۈپ قالدى؟ - دەپ سورىسام، جاۋابى: ئۇ ناماز ئوقۇمايتتى، - دېگەندىن ئىبارەت بولدى.

ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! مەن يەنە بەشىنچى قەبرىنى ئاچتىم. قارىسام، قەبرە مېيىت ئۈچۈن كۆز يەتمىگىدەك دەرىجىدە كېڭەيتىلىپتۇ، قەبرىدە يەنە ناھايىتى پارلاق نۇر بار ئىكەن.

مېيتنىڭ كارىۋاتتا ئۇخلاۋاتقانلىقىنى، يۈزىنىڭ نۇر چېچىپ تۇرغانلىقىنى، ناھايىتى چىرايلىق كېيىم كىيىۋالغانلىقىنى كۆردۈم. مېنى سۈر بېسىپ كەتتى. چىقىپ كېتىۋاتسام: ئۇنىڭ ھالىدىن ۋە نېمە ئۈچۈن بۇنداق ئىززەت - ئىكرام قىلىنغانلىقىدىن سورىمامسەن؟ - دېگەن ئاۋاز كەلدى. مەن: نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق ئىززەت – ئىكرامغا ئېرىشتى؟ - دەپ سورىسام، قەبرىدىن: چۈنكى ئۇ اللهنىڭ تائەت - ئىبادىتىدە ئۆسكەن ئىتائەتچان يىگىت ئىدى، - دېگەن جاۋاب كەلدى.

ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان ھېلىقى يىگىتنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە:

_ بۇ قىسسىدە ئاسىيلارغا ئاچچىق ساۋاق، ئىتائەتكارلارغا خۇش ـ خەۋەر بار ئىكەن، - دەپتۇ.

يۇقىرىقىدەك گۇناھلارغا مۇپتىلا بولغان كىشىلەر تەۋبە ۋە تائەت – ئىبادەت قىلىشقا ئالدىرىشى لازىم. الله بىزنى ۋە سىلەرنى ئىتائەت قىلغۇچىلاردىن قىلسۇن، پاسىقلارنىڭ ئىشلىرىدىن يىراقلاشتۇرسۇن. الله ھەقىقەتەن ناھايىتى سېخىي، ناھايىتى كەرەملىكتۇر[1].

[1] بۇ قىسسىنىڭ راست ياكى يالغانلىقىغا ھېچقانداق ئاساس يوق.

## يىگىرمىنچى چوڭ گۇناھ:

## قىمار ئويناش

اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ إِنَّمَا الْخَمْرُ وَالْمَيْسِرُ وَالأَنصَابُ وَالأَزْلاَمُ رِجْسٌ مِّنْ عَمَلِ الشَّيْطَانِ فَاجْتَنِبُوهُ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ إِنَّمَا يُرِيدُ الشَّيْطَانُ أَن يُوقِعَ بَيْنَكُمُ الْعَدَاوَةَ وَالْبَغْضَاءَ فِي الْخَمْرِ وَالْمَيْسِرِ وَيَصُدَّكُمْ عَن ذِكْرِ اللّهِ وَعَنِ الصَّلاَةِ فَهَلْ أَنتُم مُّنتَهُونَ﴾ ﴿ئى مۆئمىنلەر! ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلار (يەنى چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلار) غا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش، شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر. بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار. شەيتان ھاراق، قىمار ئارقىلىق ئاراڭلاردا دۈشمەنلىك، ئاداۋەت تۇغدۇرماقچى، سىلەرنى نامازدىن ۋە اللہنى ياد ئېتىشتىن توسماقچى بولىدۇ. سىلەر ئەمدى (ھاراقتىن، قىماردىن) يانامسىلەر؟﴾[1]

پۇل تىكىپ شىشخال ئويناش، شاھمات ئويناش، ئوشۇق ئويناش، ياڭاق ئويناش، تۇخۇم چېكىشىش ۋە قەرەت ئويناش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئايەتتىكى «قىمار ئويناش» دېگەن سۆزنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. قىمار _ ئىنسانلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى اللہ تائالا توسقان ناھەق يول بىلەن يېيىش دېمەكتۇر. اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلاَ تَأْكُلُواْ أَمْوَالَكُم بَيْنَكُم بِالْبَاطِلِ﴾ ﴿بىر ـ بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى ناھەق يەۋالماڭلار﴾[2].

قىمارۋاز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىر ھەدىسىدە مۇنداق سۈپەتلەنگەن: «بىر تۈركۈم كىشىلەر اللہ تائالانىڭ مېلىنى ناھەق بۇزۇپ چاچىدۇ، ئۇلار قىيامەت كۈنى

[1] سۈرە مائىدە، 90 ـ ۋە 91 ـ ئايەتلەر.
[2] سۈرە بەقەرە، 188 ـ ئايەت.

دوزاخقا كىرىدۇ»[1]. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دېگەن: «كىمكى دوستىغا: كەل، قىمار ئوينايلى! - دېسە، (بۇ سۆزىنىڭ كەففارىتى ئۈچۈن) سەدىقە بەرسۇن»[2]. پەقەتلا: كەل، قىمار ئوينايلى! - دېيىشنىڭ ئۆزى كەففارەت بېرىش ياكى سەدىقە قىلىشنى ۋاجىپ قىلغان يەردە، قىمارنى ئەمەلىي ئوينىغان كىشىنىڭ ھالى نېمە بولۇپ كېتەر!؟

*****

ئۆلىمالارنىڭ پۈل تىكىپ شىشخال ئويناشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا پىكرى بىردەك. چۈنكى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى شىشخال ئوينىسا، گويا قولىنى توڭگۇز گۆشىگە ۋە قېنىغا بويىغاندەك بولىدۇ»[3]؛ «كىمكى شىشخال ئوينىسا، اللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ»[4] دېگەن. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمامۇ: پۈل تىكىپ شىشخال ئويناش توڭگۇز گۆشىنى يېيىش بىلەن تەڭ، پۈل تىكمەستىن ئويناش توڭگۇز يېغىدا مايلىنىش بىلەن تەڭ، - دېگەن.

ئەمما شاھماتقا كەلسەك، ئۆلىمالار بۇ ھەقتە ئىختىلاپ قىلىشقان بولۇپ، كۆپ قىسمى مەيلى پۈل تىكىپ ئوينىسۇن ياكى پۈل تىكمەستىن ئوينىسۇن، ئۇنى ئويناشنىڭ ھاراملىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن[5]. لېكىن پۈل تىكىپ ئويناش قەتئىي ھارامدۇر.

ئىمام شافىئىنىڭ: پۈل تىكمەستىن، پەرز ئىبادەتلەرگە دەخلى – تەرۇز يەتكۈزمەستىن، نامازنى ئۆز ۋاقتىدىن كېچىكتۈرۈپ قويماستىن، خالىي جايدا شاھمات ئوينىسا، جايىز بولىدۇ، - دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان.

بىرى ئىمام نەۋەۋىدىن:

---

[1] بۇخارى ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

[2] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

[3] مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

[4] ئىبنى ماجە، ھاكىم ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

[5] ئىبنى ھەجەر ھەيسەمى «ئەززەۋاجىر» ناملىق كىتابىدا نەقىل قىلغان.

ــ پۇل تىكىپ شاھمات ئويناش ھاراممۇ ياكى جايىزمۇ؟ - دەپ سورىغاندا، نەۋەۋى:

ــ كۆپچىلىك ئۆلىمالار ئۇنى ھارام دەپ قارايدۇ، - دېگەن جاۋابنى بەرگەن. يەنە بىرى ئۇنىڭدىن:

ــ پۇل تىكمەستىن شاھمات ئويناش جايىزمۇ، ئەمەسمۇ؟ پۇل تىكمەي شاھمات ئوينىغان كىشى گۇناھكار بولامدۇ، بولمامدۇ؟ - دەپ سورىغاندا، نەۋەۋى:

ــ ئەگەر نامازنى ئۆز ۋاقتىدا ئادا قىلالمىسا ياكى بىرەر نەرسىنى تىكىپ قويۇپ ئوينىسا ھارامدۇر. ئۇنداق بولمىغان تەقدىردە ئىمام شافىئىنىڭ قارىشىغا ئاساسەن مەكرۇھتۇر. ئەمما باشقا ئۆلىمالارنىڭ قارىشىدا بۇمۇ ھارامدۇر، - دەپ جاۋاب بەرگەن. مانا بۇ، ئىمام نەۋەۋىنىڭ پەتىۋاسىدۇر.

كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ قارىشىغا ئاساسەن، شاھمات ئويناشنىڭ ھاراملىقىغا اللە تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى دەلىلدۇر: ﴿حُرِّمَتْ عَلَيْكُمُ الْمَيْتَةُ وَالْدَّمُ وَلَحْمُ الْخِنْزِيرِ وَمَا أُهِلَّ لِغَيْرِ اللهِ بِهِ وَالْمُنْخَنِقَةُ وَالْمَوْقُوذَةُ وَالْمُتَرَدِّيَةُ وَالنَّطِيحَةُ وَمَا أَكَلَ السَّبُعُ إِلاَّ مَا ذَكَّيْتُمْ وَمَا ذُبِحَ عَلَى النُّصُبِ وَأَن تَسْتَقْسِمُواْ بِالأَزْلاَمِ﴾ ﴿سىلەرگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋان، قان، چوشقا گۆشى، اللەتىن غەيرىنىڭ (يەنى بۇتلارنىڭ) نامى تىلغا ئېلىنىپ بوغۇزلانغان ھايۋان، بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، (ھايۋانلار تەرىپىدىن) ئۈسۈپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، يىرتقۇچ ھايۋانلار يىرىپ ئۆلتۈرۈپ يېگەن ھايۋان (نىڭ گۆشىنى يېيىش) ھارام قىلىندى. لېكىن (يۇقىرىقى بەش تۈرلۈك ھايۋاندىن جېنى چىقمىغان چاغدا) بوغۇزلىغانلىرىڭلار ھالال بولىدۇ ھەمدە بۇتلارغا ئېلىپ بېرىلىپ ئۇنىڭ يېنىدا بوغۇزلانغان ھايۋانلار ھارام قىلىندى. ئەزلام (يەنى جاھىلىيەت دەۋرىدە پال ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ئۈچ پارچە ياغاچ) بىلەن پال سېلىشىڭلار ھارام قىلىندى﴾[1].

سۇفيان ۋە ۋەكىئ ئىبنى جەراھ: بۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان ئەزلام شاھماتتۇر، - دېگەن. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ

---

[1] سۈرە مائىدە، 3 ـ ئايەت.

ئەنھۇ: شاھمات ئەجەملەرنىڭ (ئەرەب بولمىغان خەلقلەرنىڭ) قىمار ئويۇنىدۇر، - دېگەن. ئۇ يەنە شاھمات ئويناۋاتقان بىر گۇرۇھ كىشىلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ: سىلەر بۇ بۇتلارغا دۇم چۈشكەن ئوخشىماسسىلەر؟ سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ بىر چوغنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن قولىدا تۇتۇپ تۇرۇشى شاھمات ئوينىغىنىدىن ياخشىراقتۇر، - دېگەن[1]. ئاندىن يەنە: سىلەر بۇ نەرسىلەر ئۈچۈن ئەمەس، باشقا ۋەزىپىلەر ئۈچۈن يارىتىلدىڭلار، - دېگەن. ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: شاھمات ئوينايدىغانلار ئىنسانلارنىڭ ئەڭ يالغانچىسىدۇر. چۈنكى ئۇلاردىن بىرى قوپۇپ: مەن ئادەم ئۆلتۈردۈم، - دەيدۇ. ھالبۇكى، ئۇ ئادەم ئۆلتۈرمىگەن. پالانى ئۆلدى، - دەيدۇ. ھالبۇكى، ئۇ ئۆلمىگەن[2].

ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: شاھماتنى پەقەت گۇناھكار كىشىلا ئوينايدۇ[3]، - دېگەن. بىرى ئىسھاق ئىبنى راھۇۋەيھدىن:

_ شاھمات ئويناش گۇناھمۇ؟ - دەپ سورىغاندا، ئۇ:

_ گۇناھنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدا، - دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇنىڭدىن يەنە:

_ سۇغۇر (جاي ئىسمى) ئەھلى ئۇرۇش تاكتىكىسىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ئوينايدىكەن، - دەپ سورىغاندا، ئۇ:

_ ئەڭ ئەقەللىسى شاھمات ئوينىغان كىشى قىيامەت كۈنى ھەق يولدىن ئازغانلار بىلەن بىرگە ھەشر قىلىنىدۇ، - دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما شاھمات ھەققىدە سورالغاندا: ئۇ شىشخالدىن ئېغىرراق گۇناھتۇر، - دېگەن[4]. شىشخال ئويناشنىڭ ھاراملىقى يۇقىرىدا بايان قىلىندى.

---

[1] ئىبنى ئەبۇ ھاتەمدىن رىۋايەت قىلىنغان.

[2] سۇيۇتى «دۇررۇل مەنسۇر» ناملىق كىتابىدا نەقىل قىلغان.

[3] سۇيۇتى «دۇررۇل مەنسۇر» ناملىق كىتابىدا نەقىل قىلغان.

[4] سۇيۇتى «دۇررۇل مەنسۇر» ناملىق كىتابىدا نەقىل قىلغان.

ئىمام مالىك ئىبنى ئەنەس (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) شاھمات ھەققىدە سورالغاندا: شاھمات شىشخال تۈرىدىن ھېسابلىنىدۇ. ئابدۇللاھ ئىبنى ئاببا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن بىرگە يېتىپ كېلىشىچە، ئۇ بىر يېتىمنىڭ مېلىنى ساقلاپ بېرىشنى ئۆز ئۈستىگە ئاپتۇ. يېتىمنىڭ دادىسىدىن قالغان مېلىنىڭ ئىچىدە شاھمات بار ئىكەن، ئۇنى كۆيدۈرۈپ تاشلاپتۇ. ئەگەر شاھمات ئويناش ھالال بولسا ئىدى، يېتىمنىڭ مېلى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى كۆيدۈرۈش توغرا بولمىغان بولاتتى. لېكىن ئۇ ئۇنى ئويناش ھارام بولغانلىقى ئۈچۈن كۆيدۈرۈۋەتتى. دېمەك، ھۆكۈم جەھەتتە شاھمات ھاراققا ئوخشاپ كېتىدۇ. چۈنكى يېتىمنىڭ مېلىدا ھاراق تېپىلسا، ئۇنى تۆكۈۋېتىش ۋاجىپتۇر. شاھماتمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاشتۇر. بۇ، ئۇممەتنىڭ ئەڭ كاتتا ئالىمى ئابدۇللاھ ئىبنى ئاببا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ قارىشىدۇر، - دەپ جاۋاب بەرگەن. ئىبراھىم نەخەئى: شاھمات ئويناشقا قانداق قارايسەن؟ - دەپ سورالغاندا، ئۇ: شاھمات ئويناش لەنەتلەنگەن ئىشتۇر، - دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئەبۇ بەكرى ئەسرەم «جامىئ» ناملىق ئەسىرىدە ۋائىلە ئىبنى ئەسقەئدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «اللە تائالا بەندىلىرىگە كۈندە ئۈچ يۈز ئاتمىش قېتىم قارايدۇ. بۇ قاراشتا شاھمات ئوينايدىغان كىشىنىڭ نېسىۋىسى يوق. چۈنكى ئۇ شاھمات ئوينىغاندا: شاھ (پادىشاھ) ئۆلدى، - دەپ بىلجىرلايدۇ».

ئەبۇ بەكرى ئاجىرى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئەگەر سىلەر شىشخال ۋە شاھمات ئۇرۇغلىرى بىلەن ئويناۋاتقان كىشىلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتسەڭلار، ئۇلارغا سالام بەرمەڭلار. چۈنكى ئۇلار بىر يەرگە يىغىلىپ بۇ ئويۇنغا بېرىلىپ كەتكەندە، شەيتان ئۆزىنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن كېلىپ ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى ئورىۋالىدۇ. ئۇلار ئارىسىدىن بىرسى ئايرىلىپ كەتمەكچى بولسا، شەيتان ئەسكەرلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۇنى ئىتتىرىپ، كەتكىلى قويمايدۇ. شۇنداق قىلىپ، ھەممىسى بىرلىكتە تارقالغىچە ئوينايدۇ. تارقالغاندا، خۇددى تاپىنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ،

قورسىقى تويغاندا تارقالغان ئىستلاردەك تارقىلىدۇ. ئۇلار شاھمات ئوينىغاندا: شاھ ئۆلدى، - دەپ يالغان سۆزلەيدۇ.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «قىيامەت كۈنى ئىنسانلار ئارىسىدا ئەڭ قاتتىق ئازابقا ئۇچرايدىغان كىشى شاھمات ئوينىغان كىشىدۇر. كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇ: ئۇنى ئۆلتۈردۈم، - دەيدۇ. اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇ ئۆلمىگەن. اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇ اللهقا تۆھمەت قىلىدۇ ۋە يالغاننى چاپلايدۇ»[1].

مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: كىشى سەكراتقا چۈشكەن چاغدا، ئۇنىڭ دۇنيا ھاياتىدا بىرگە ئولتۇرۇپ قويقان دوستلىرى كۆزىگە كۆرۈنىدۇ. شاھمات ئوينايدىغان كىشىلەردىن بىرى سەكراتقا چۈشۈپ قالغاندا، ئۇنىڭغا: «لا ئىلاھە ئىللاللاھ» دېگىن، - دېيىلگەن ئىدى، ئۇ: سېنىڭ شاھىڭ، - دېدى – يۇ، جېنى چىقىپ كەتتى. دېمەك، ئۇنىڭ تىلىغا ھايات ۋاقتىدىكى ئويۇندا ئادەتلەنگەن نەرسە كېلىپ، كەلىمە تەيىبەنىڭ ئورنىغا: سېنىڭ شاھىڭ، - دېگەن سۆزنى ئېيتتى. ھاراقكەشلەر بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپ قويىدىغان يەنە بىر ئادەمنىڭ بېشىغىمۇ مۇشۇنداق ئىش كەلگەن بولۇپ، ئۇ سەكراتقا چۈشكەن چاغدا، شاھادەت كەلىمىسىنى تەلقىن قىلغان كىشىگە: قېنى ئىچە، ماڭا قويۇپ بەر، - دەپتۇ – يۇ، ئۆلۈپ كېتىپتۇ. ئۇلۇغ ۋە بۈيۈك اللهتىن باشقا كۈچ – قۇۋۋەت ئىگىسى يوقتۇر.

بۇ چۈشەنچە بىر ھەدىستە مۇنداق ئىپادىلەنگەن: «ھەربىر ئىنسان قانداق ھالەتتە ياشىغان بولسا، شۇ ھالەتتە ئۆلىدۇ. قانداق ھالەتتە ئۆلگەن بولسا، شۇ ھالەتتە تىرىلىدۇ»[2].

كەرەملىك الله تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ، بىزنى دىنىمىزنى دۇنيالىقىغا تېگىشمىگەن، ئۆزگەرتمىگەن، توغرا يولدىن ئازمىغان، ھەقتىن بۇرۇلۇپ كەتمىگەن مۇسۇلمان ھالەتتە ۋاپات تاپقۇزۇشىنى تىلەيمىز. الله ھەققەتەن ناھايىتى سېخىي، ناھايىتى كەرەملىكتۇر.

[1] مۇنزىرى: شاھمات ھەققىدە نۇرغۇن ھەدىس رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، ھېچبىرىنىڭ سەنىدى سەھىھ ياكى ھەسەن ئەمەس، - دېگەن.

[2] مۇسلىم ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان.

## يىگىرمە بىرىنچى چوڭ گۇناھ:

### ئىپپەتلىك ئاياللارغا قارا چاپلاش

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الَّذِينَ يَرْمُونَ الْمُحْصَنَاتِ الْغَافِلَاتِ الْمُؤْمِنَاتِ لُعِنُوا فِي الدُّنْيَا وَالْآخِرَةِ وَلَهُمْ عَذَابٌ عَظِيمٌ يَوْمَ تَشْهَدُ عَلَيْهِمْ أَلْسِنَتُهُمْ وَأَيْدِيهِمْ وَأَرْجُلُهُم بِمَا كَانُوا يَعْمَلُونَ﴾ ﴿يامان ئىشتىن بىخەۋەر ئىپپەتلىك مۆئمىن ئاياللارغا قارا چاپلايدىغانلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە چوقۇم لەنەتكە ئۇچرايدۇ (يەنى اللەنىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىنىدۇ). ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ. شۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) ئۇلارنىڭ تىللىرى، قوللىرى ۋە پۇتلىرى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن ئۇلارنىڭ زىيىنىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ﴾[1].

﴿وَالَّذِينَ يَرْمُونَ الْمُحْصَنَاتِ ثُمَّ لَمْ يَأْتُوا بِأَرْبَعَةِ شُهَدَاء فَاجْلِدُوهُمْ ثَمَانِينَ جَلْدَةً وَلَا تَقْبَلُوا لَهُمْ شَهَادَةً أَبَدًا وَأُوْلَئِكَ هُمُ الْفَاسِقُونَ﴾ ﴿ئىپپەتلىك ئاياللارنى زىنا بىلەن قارىلىغان، (بۇنىڭ راستلىقىغا ئادىل) تۆت گۇۋاھچىنى كەلتۈرەلمىگەن كىشىلەرنى 80 دەررە ئۇرۇڭلار. (يەنى بىراۋغا زىنا بىلەن تۆھمەت چاپلىغان ھەربىر ئادەمنى قامچا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن 80 نى ئۇرۇڭلار. چۈنكى ئۇلار ئەففە ئاياللارغا يالغاندىن تۆھمەت چاپلىغان ۋە كىشىلەرنىڭ ئابرۇيىنى تۆككەن ئادەملەردۇر). ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقىنى (ئۇلار يالغانچىلىق ۋە تۆھمەت چاپلاش مەيدانىدا چىڭ تۇرىدىغانلا بولسا) ھەرگىز قوبۇل قىلماڭلار. ئۇلار پاسىقلاردۇر (يەنى ئۇلار بوھتان چاپلاشتىن ئىبارەت چوڭ گۇناھنى ئىشلىگەنلىكلىرى ئۈچۈن، اللەنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر)﴾[2].

اللە تائالا بۇ ئايەتتە ئىپپەتلىك، ھۆر (يەنى ئازات)، زىنا ۋە پاھىشىدىن پاك ئايالغا تۆھمەت قىلغان كىشىنىڭ دۇنيا ۋە

[1] سۈرە نۇر، 23 ـ ۋە 24 ـ ئايەتلەر.

[2] سۈرە نۇر، 4 ـ ئايەت.

ئاخىرەتتە لەنەتكە ئۇچرايدىغانلىقىنى، شۇنداقلا، قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. دۇنيادا ئۇنىڭغا سەكسەن دەررە ئۇرۇلىدۇ، گەرچە ئۇ ئادىل كىشى بولسىمۇ، گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ. سەھىھ بۇخارى ۋە مۇسلىمدا رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ھالاك قىلغۇچى يەتتە چوڭ گۇناھتىن ساقلىنىڭلار...» دېگەن ۋە ئۇ گۇناھلاردىن بىرىنىڭ يامان ئىشتىن بىخەۋەر ئىپپەتلىك مۇئمىن ئاياللارغا قارا چاپلاش ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان ئىدى.

قارا چاپلاش _ نامەھرەم (يەنى ئۆزىگە يات بولغان)، ھۆر ۋە ئىپپەتلىك مۇسۇلمان ئايالغا: ئى زىناخور! ئى پاھىشە! ئى بۇزۇق! - دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى قىلىش ياكى ئۇنىڭ ئېرىگە: ئى بۇزۇق خوتۇنىنىڭ ئېرى! - دېيىش، ئۇ ئايالنىڭ ئوغلىغا ياكى قىزىغا: ئى ھارامزادە! ئى بۇزۇق خوتۇنىنىڭ بالىسى! - دېيىش قاتارلىقلاردۇر. بۇزۇق ئايال، دېيىش زىناخور دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. قانداق بىر ئەر ياكى ئايال قانداق بىر ئەرگە ياكى ئايالغا: ئى زىناخور! - دېسە، مەسىلەن، بىر ئەرگە: ئى زىناخور! - دېسە، سۆزىنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلىيالمىغان تەقدىردە، ئۇنىڭغا سەكسەن دەررە ئۇرۇلىدۇ.

دەلىل – ئىسپاتقا كەلسەك، الله تائالا قۇرئاندا كۆرسەتكەندەك، قانداق بىر ئەرگە ياكى ئايالغا تۆھمەت قىلغان كىشى سۆزىنىڭ راستلىقىنى تەستىقلايدىغان تۆت گۇۋاھچى كەلتۈرۈشى لازىم. ئەگەر دەلىل - ئىسپات كەلتۈرەلمىگەن تەقدىردە، قارىلانغان ئەر ياكى ئايال ئەرز قىلسا، قارىلىغۇچىغا دەررە ئۇرۇلىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، قۇلى ياكى چۆرىسىگە: ئى زىناخور! ئى پاھىشە! ئى بۇزۇق! - دەپ تۆھمەت قىلسا، دېگەن سۆزىنى ئىسپاتلىيالمىغان تەقدىردە، شەرئىي جازاغا تارتىلىدۇ. چۈنكى، سەھىھ بۇخارى ۋە مۇسلىمدا رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى قۇلىنى ياكى چۆرىسىنى زىنا بىلەن قارىلىسا، ئەمەلىيەت ئۇنىڭ دېگىنىدەك بولمىغان تەقدىردە، قىيامەت كۈنى شەرئىي جازاغا تارتىلىدۇ».

تولىمۇ ئەپسۇسكى، نۇرغۇن نادان ۋە جاھىل كىشىلەر ئاخىرەتتە جازاغا تارتىلىدىغان بۇ قەبىھ سۆزلەرنى قىلىشقا مۇپتىلا بولماقتا. ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىشى (ھارام ئىكەنلىكىنى) ئويلىماستىن بىرەر سۆزنى قىلىپ سالىدۇ. بىراق، شۇ سۆز تۈپەيلى مەشرىق بىلەن مەغرىب ئارىسىدىنمۇ چوڭقۇر بولغان جەھەننەمگە يىقىلىپ چۈشىدۇ» دېگەن. مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! قىلغان سۆزلىرىمىزدىنمۇ سوراققا تارتىلامدۇق؟ - دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئى مۇئاز! ئەقلىڭ نەگە كەتتى. ئىنسانلارنىڭ دوزاخقا دۈم چۈشۈشىنىڭ سەۋەبى ئۇلارنىڭ ئاشۇ تىللىرىنىڭ كاساپىتىدىن ئەمەسمۇ؟! - دەپ جاۋاب بەرگەن[1].

يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «اللهقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن كىشى ياخشى سۆز قىلسۇن ياكى جىم تۇرسۇن»[2]. الله تائالا ئۇلۇغ كىتابى قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مَا يَلْفِظُ مِن قَوْلٍ إِلَّا لَدَيْهِ رَقِيبٌ عَتِيدٌ﴾ ﴿ئۇ قانداق بىر سۆزنى قىلمىسۇن، ئۇنىڭ ئالدىدا ھامان پەرىشتە ھازىر بولۇپ، كۆزىتىپ تۇرىدۇ﴾[3].

ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! قانداق قىلغاندا نىجات تاپقىلى بولىدۇ؟ - دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ تىلىڭنى چىڭ تۇتقىن، ئۆيۈڭ سېنى سىغدۇرسۇن (يەنى ئۇ يەر بۇ يەردە قۇرۇق گەپ قىلىپ يۈرگىچە، ئۆيۈڭدە تائەت — ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولغىن). گۇناھلىرىڭغا تەۋبە قىلىپ

---

[1] تىرمىزى، ئىبنى ماجە ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

[2] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

[3] سۈرە قاف، 18 ـ ئايەت.

يىغلىغان. اللهنىڭ رەھمىتىدىن ئەڭ يىراق بولىدىغان كىشىلەر قەلبى قېتىپ كەتكەنلەردۇر، - دەپ جاۋاب بەرگەن[1].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «الله ئەڭ يامان كۆرىدىغان كىشى سەت ۋە قەبىھ گەپ قىلىدىغان كىشىدۇر»[2].

الله ئۆز پەزلى ۋە كەرەمى بىلەن بىزنى يامان تىل ئىشلىتىشتىن ساقلىسۇن. ئۇ ناھايىتى سېخىي، ناھايىتى كەرەملىكتۇر.

[1] تىرمىزى رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: زەئىپ، - دېگەن. ئەمما مۇشۇ مەزمۇندىكى باشقا ھەدىسلەر بىلەن بۇ ھەدىسنىڭ دەرىجىسى ھەسەنگە كۆتۈرۈلىدۇ.

[2] تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

## يىگىرمە ئىككىنچى چوڭ گۇناھ:

## غەنىيمەتكە خىيانەت قىلىش

دۆلەت مىلىغا ۋە زاكاتقا خىيانەت قىلىشمۇ چوڭ گۇناھ ھېسابلىنىدۇ. اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ اللّهَ لاَ يُحِبُّ الخَائِنِينَ﴾ ﴿اللە ھەقىقەتەن خائىنلارنى دوست تۇتمايدۇ﴾[1]؛ ﴿وَمَا كَانَ لِنَبِيٍّ أَن يَغُلَّ وَمَن يَغْلُلْ يَأْتِ بِمَا غَلَّ يَوْمَ الْقِيَامَةِ﴾ ﴿ھېچقانداق بىر پەيغەمبەر غەنىمەتكە خىيانەت قىلمايدۇ (يەنى بۇنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ). كىمكى غەنىمەتكە خىيانەت قىلىدىكەن، قىيامەت كۈنى ئۇ خىيانەت قىلغان نەرسىسى بىلەن (يەنى خىيانەت قىلغان نەرسىسى گەجگىسىگە ئارتىلغان ھالدا) كېلىدۇ﴾[2].

سەھىھ مۇسلىمدا، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كۈنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە غەنىمەتكە قىلىنغان خىيانەت توغرىسىدا سۆز قىلدى ۋە خىيانەتنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئېغىر ئاقىۋىتىنى ئېيتىپ مۇنداق دېدى: «قىيامەت كۈنى بىرىڭلار مېنىڭ ئالدىمغا گەجگىسىگە بوزلاۋاتقان تۆگە يۈدۈۋالغان ھالدا كېلىپ قالمىسۇن. ھالبۇكى، ئۇ ماڭا:

_ ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى! ماڭا ياردەم قىلغىن، - دەپ يالۋۇرىدۇ. مەن ئۇنىڭغا:

_ ساڭا اللە تائالادىن شاپائەت تىلەشكە كۈچۈم يەتمەيدۇ. مەن ساڭا دۇنيادا تەبلىغ قىلغان ئىدىم، - دەيمەن. قىيامەت كۈنى بىرىڭلار مېنىڭ ئالدىمغا گەجگىسىگە كىشنەۋاتقان ئات يۈدۈۋالغان ھالدا كېلىپ قالمىسۇن. ھالبۇكى، ئۇ ماڭا:

---

[1] سۈرە ئەنفال، 58 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ئال ئىمران، 161 ـ ئايەت.

_ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ماڭا ياردەم قىلغىن، - دەپ يالۋۇرىدۇ. مەن ئۇنىڭغا:

_ ساڭا ئاللاھ تائالادىن شاپائەت تىلەشكە كۈچۈم يەتمەيدۇ. مەن ساڭا دۇنيادا تەبلىغ قىلغان ئىدىم، - دەيمەن. قىيامەت كۈنى بىرىڭلار مېنىڭ ئالدىمغا گەجگىسىگە مەرەۋاتقان قوي يۈدۈۋالغان هالدا كېلىپ قالمىسۇن. ھالبۇكى، ئۇ ماڭا:

_ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ماڭا ياردەم قىلغىن، - دەپ يالۋۇرىدۇ. مەن ئۇنىڭغا:

_ ساڭا ئاللاھ تائالادىن شاپائەت تىلەشكە كۈچۈم يەتمەيدۇ. مەن ساڭا دۇنيادا تەبلىغ قىلغان ئىدىم، - دەيمەن. قىيامەت كۈنى بىرىڭلار مېنىڭ ئالدىمغا گەجگىسىگە رەخت ۋە كىيىم - كېچەك ئېسىلغان هالدا كېلىپ قالمىسۇن. ھالبۇكى، ئۇ ماڭا:

_ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ماڭا ياردەم قىلغىن، - دەپ يالۋۇرىدۇ. مەن ئۇنىڭغا:

_ ساڭا ئاللاھ تائالادىن شاپائەت تىلەشكە كۈچۈم يەتمەيدۇ. مەن ساڭا دۇنيادا تەبلىغ قىلغان ئىدىم، - دەيمەن. قىيامەت كۈنى بىرىڭلار مېنىڭ ئالدىمغا گەجگىسىگە قاتتىق ۋارقىراۋاتقان بىرەر جاننى يۈدۈگەن هالدا كېلىپ قالمىسۇن. ھالبۇكى، ئۇ ماڭا:

_ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ماڭا ياردەم قىلغىن، - دەپ يالۋۇرىدۇ. مەن ئۇنىڭغا:

_ ساڭا ئاللاھ تائالادىن شاپائەت تىلەشكە كۈچۈم يەتمەيدۇ. مەن ساڭا دۇنيادا تەبلىغ قىلغان ئىدىم، - دەيمەن. قىيامەت كۈنى يەنە بىرىڭلار مېنىڭ ئالدىمغا گەجگىسىگە ئالتۇن - كۈمۈش ئېسىلغان هالدا كېلىپ قالمىسۇن. ھالبۇكى، ئۇ ماڭا:

_ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ماڭا ياردەم قىلغىن، دەپ يالۋۇرىدۇ. مەن ئۇنىڭغا:

_ ساڭا ئاللاھ تائالادىن شاپائەت تىلەشكە كۈچۈم يەتمەيدۇ. مەن ساڭا دۇنيادا تەبلىغ قىلغان ئىدىم، - دەيمەن»[1].

---

[1] مۇسلىم ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

دېمەك، كىمكى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان غەنىمەت ماللىرىنىڭ بىرىدىن (ئۇرۇشتا) غەنىمەت ئالغانلار ئارىسىدا تەقسىم قىلىشتىن بۇرۇن ئېلىۋالغان ياكى دۆلەت خەزىنىسىدىن باشلىقنىڭ رۇخسىتىسىز بىرەر نەرسە ئېلىۋالغان ۋەياكى كەمبەغەللەر ئۈچۈن يىغقان زاكاتتىن ئېلىۋالغان بولسا، خىيانەت قىلغان بۇ مالنى قىيامەت كۈنى گەجگىسىگە يۈدۈگەن ھالدا كېلىدۇ. چۈنكى اللە تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَن يَغْلُلْ يَأْتِ بِمَا غَلَّ يَوْمَ الْقِيَامَةِ﴾ ﴿كىمكى غەنىمەتكە خىيانەت قىلىدىكەن، قىيامەت كۈنى ئۇ خىيانەت قىلغان نەرسىسى بىلەن (يەنى خىيانەت قىلغان نەرسىسى گەجگىسىگە ئارتىلغان ھالدا) كېلىدۇ﴾[1].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «يىپ ـ يىڭنە چاغلىق نەرسىنىمۇ ئېگىسىگە قايتۇرۇڭلار. ھەرگىزمۇ خىيانەت قىلماڭلار. چۈنكى خىيانەت قىلغان نەرسە خايەت قىلغۇچىنى قىيامەت كۈنى رەسۋا قىلىدۇ»[2].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىبنى لەتبىيە دېگەن كىشىنى زاكات يىغىشقا تەيىن قىلغان ئىدى. بۇ كىشى ۋەزىپىسىنى بېجىرىپ قايتقاندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ھېساب بەرگەندە: (ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى!) بۇ ماللار سىزنىڭ (يەنى دۆلەت مېلى)، ماۋۇلار ماڭا ھەدىيە قىلىندى، ـ دەپتۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، دەرھال مۇنبەرگە چىققان ۋە اللەقا ھەمدۇسانا ئېيتقاندىن كېيىن: «اللە بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، قايسى بىرىڭلار بىرەر نەرسىنى ناھەق ئېلىۋالسا، قىيامەت كۈنى ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى كۆتۈرگەن ھالدا كېلىدۇ. سىلەردىن كىمكى اللەنىڭ ھۇزۇرىغا بوزلاۋاتقان تۆگە ياكى مۆرەۋاتقان كالا ۋەياكى مەرەۋاتقان قوي يۈدۈگەن ھالدا كېلىدىكەن، مەن ئۇنى تونىمايمەن» دېدى. كېيىن ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ: «ئى اللە! يەتكۈزدۈممۇ؟» دېدى[3].

---

[1] سۈرە ئال ئىمران، 161 ـ ئايەت.

[2] ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، دارىمى، ماكىك ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، ـ دېگەن.

[3] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن خەيبەرگە (جىھادقا) باردۇق. ئۇرۇشتا، ئالتۇن - كۆمۈش غەنىمەت ئالالمىدۇق. ئەمما ئوزۇق – تۈلۈك ۋە كىيىم - كېچەك غەنىمەت ئالدۇق. كېيىن قۇرا ۋادىسىغا كەلدۇق. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا جۇزام قەبىلىسىدىن رىفائە ئىبنى يەزىد ئىبنى بەنى زەبىب ئىسىملىك بىر كىشى ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلغان بىر قۇل بار ئىدى. ۋادى قۇراغا يېتىپ كەلگىنىمىزدە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇ قۇلى يۈكلەرنى چۈشۈرۈشكە باشلىدى. شۇ ئەسنادا غايىبتىن بىر ئوق كېلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويدى. بىز:

_ ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇنىڭغا شاھادەت (يەنى شېھىدلىك) مۇبارەك بولسۇن، - دېدۇق. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

_ ئۇنداق ئەمەس، جېنىم ئىلكىدە بولغان زات الله بىلەن قەسەمكى، ئۇ تەقسىم قىلىنمىغان غەنىمەتتىن ئېلىۋالغان بىر يېپىنچا ئۇنى لاۋۇلداپ كۆيدۈرۈۋاتىدۇ، - دېدى.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ساھابىلەر پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ ناھايىتى قورقۇپ كەتتى. بىر كىشى دەرھال بىر ياكى ئىككى شوينىنى ئېلىپ كېلىپ: مەن بۇنى خەيبەر ئۇرۇشىدا ئېلىۋالغان ئىدىم، - دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بىر ياكى ئىككى شوينىمۇ ئوتقا ئايلىنىدۇ» دېدى[1].

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يۈكىگە مەسئۇل بىر كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى كەركەرە ئىدى. ئۇ بىر كۈنى ئۆلدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۇ دوزىخى» دېدى. ساھابىلەر بۇنىڭدىن ئەجەبلىنىپ، ئۇنىڭ نەرسىلىرىنى ئاختۇرغان ئىدى، غەنىمەتتىن ئوغرىلىۋالغان بىر كىيىم چىقتى[2].

زەيد ئىبنى خالىد جۇھەنى مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشى خەيبەر غازىتىدا غەنىمەتكە خىيانەت قىلغان ئىكەن. بۇ كىشى ئۆلگەندە پەيغەمبەر

---

[1] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

[2] بۇخارى ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ نامىزىنى چۇشۇرمىدى ۋە: دوستۇڭلار الله يولىدا ئىش قىلىۋېتىپ خىيانەت قىلدى» دېدى. بىز ئۇنىڭ نەرسىلىرىنى ئاختۇرغاندۇق، ئارىسىدىن يەھۇدىيلارغا ئائىت ئىككى تەڭگە قىممىتىدە بىر مارجان چىقتى[1].

ئىمام ئەھمەد (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن): پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ غەنىمەتكە خىيانەت قىلغان ۋە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان كىشىدىن باشقا بىرىنىڭ نامىزىنى چۇشۇرمىگىنىنى بىلمەيمىز، - دېگەن[2].

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «زاكات يىغىدىغان خىزمەتچىلەرگە بېرىلگەن ھەدىيە خىيانەتتۇر».

بۇ توغرىدا نۇرغۇن ھەدىس رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، بەزىسى زۇلۇم بۆلۈمىدە كېلىدۇ. زۇلۇم مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى، باشقىلارنىڭ مېلىنى ناھەق يەۋېلىش؛ يەنە بىرى، ئادەم ئۆلتۈرۈش، ئۇرۇش، چېقىش ۋە يارىدار قىلىش ئارقىلىق كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىش؛ ئۈچىنچىسى، تىللاش، لەنەت قىلىش، ھاقارەت قىلىش ۋە قارا چاپلاش كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىش.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىنادا خۇتبە سۆزلەپ مۇنداق دېگەن: «بىلىپ قويۇڭلاركى، جېنىڭلار، مېلىڭلار ۋە ئابرۇيىڭلارغا چېقىلىش سىلەرگە، خۇددى بۇ كۈنۈڭلار، بۇ ئېيىڭلار ۋە بۇ شەھرىڭلارنىڭ ھۆرمىتىنى قىلماسلىق ھارام قىلىنغاندەك، ھارام قىلىندى»[3].

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دېگەن: «الله تائالا تاھارەتسىز ئوقۇلغان نامازنى، خىيانەت قىلىپ ئېلىۋالغان مالدىن قىلىنغان سەدىقىنى قوبۇل قىلمايدۇ»[4].

---

[1] ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، نەسائى، مالىك ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

[2] ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

[3] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

[4] مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، ئەھمەد ۋە دارىمى رىۋايەت قىلغان.

الله تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ، بىزنى ئۆزى رازى بولىدىغان ۋە ياخشى كۆرىدىغان ئىشلارغا مۇۋەپپەق قىلىشىنى تىلەيمىز. ئۇ ناھايىتى سېخىي، ناھايىتى كەرەملىكتۇر.

## يىگىرمە ئۈچىنچى چوڭ گۇناھ:

## ئوغرىلىق قىلىش

ﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالسَّارِقُ وَالسَّارِقَةُ فَاقْطَعُواْ أَيْدِيَهُمَا جَزَاء بِمَا كَسَبَا نَكَالاً مِّنَ اللّهِ وَاللّهُ عَزِيزٌ حَكِيمٌ﴾ ﴿ئوغرىلىق قىلغۇچى ئەر ۋە ئوغرىلىق قىلغۇچى ئايالنىڭ قىلمىشىنى جازالاپ، ﷲ تەرىپىدىن ئىبرەت قىلىش يۈزىسىدىن قوللىرىنى كېسىڭلار. ﷲ (ئۆز ئەمرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا) غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾[1].

ئىبنى شىھاب بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: ئىنسانلارنىڭ مېلىنى ئوغرىلىغان كىشىنى ﷲ تائالا قولىنى كېسىش بىلەن جازالىدى. ﷲ ئوغرىنى جازالاشتا غالىبتۇر، ئۇنىڭ قولىنى كېسىشنى پەرز قىلىشتا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «زىنا قىلغۇچى زىنا قىلغاندا مۇئمىن ھالەتتە زىنا قىلمايدۇ. ئوغرىلىق قىلغۇچى ئوغرىلىق قىلغاندا مۇئمىن ھالەتتە ئوغرىلىق قىلمايدۇ.. ئەمما ئۇنىڭغا تېخىچە تەۋبە قىلىش پۇرسىتى بېرىلگەن»[2].

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىممىتى ئۈچ تەڭگە كېلىدىغان قالقان ئۈچۈن ئوغرىنىڭ قولىنى كەسكەن[3].

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەڭ تۆۋىنى بىر تىللانىڭ تۆتتىن بىرىنىڭ قىممىتىگە تەڭ كېلىدىغان نەرسە ئوغرىلىغان ئوغرىنىڭ قولىنى كېسەتتى[4]. يەنە بىر رىۋايەتتە،

[1] سۈرە مائىدە، 38 ـ ئايەت.

[2] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

[3] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

[4] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بىر قالقاننىڭ قىممىتىدىن تۆۋەن نەرسە ئوغرىلىغان ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىشكە بولمايدۇ»[1] دېگەن.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: بىر قالقاننىڭ قىممىتى قانچىلىك ئىدى؟ - دەپ سورالغاندا، بىر تىللانىڭ تۆتتىن بىرىگە تەڭ كېلەتتى، - دەپ جاۋاب بەرگەن. يەنە بىر رىۋايەتتە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بىر تىللانىڭ تۆتتىن بىرىنىڭ قىممىتىگە تەڭ كېلىدىغان نەرسە ئوغرىلىغان ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىڭلار، ئۇنىڭدىن تۆۋەن بولسا كەسمەڭلار» دېگەن[2]. شۇ زاماندا، بىر تىللانىڭ تۆتتىن بىرى ئۈچ تەڭگىگە تەڭ بولۇپ، بىر تىللا ئون ئىككى تەڭگە ئىدى.

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «الله ئوغرىغا لەنەت قىلسۇنكى، ئۇ بىر دۇبۇلغىنىڭ تۇخۇمچىقىنى ئوغرىلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن قولى كېسىلىدۇ. بىر ئارغامچا ئوغرىلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن قولى كېسىلىدۇ»[3]. ئەئمەش مۇنداق دەيدۇ: ھەدىستىكى "دۇبۇلغىنىڭ تۇخۇمچىقى" دېگەن سۆز دۇبۇلغىنىڭ چوققىسىغا بېكىتىلگەن يۇمىلاق نەرسىنى، "ئارغامچا" دېگەن سۆز قىممىتى ئۈچ تەڭگىگە تەڭ كېلىدىغان ئارغامچىنى كۆرسىتىدۇ[4].

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: مەخزۇم قەبىلىسىدىن بىر ئايال بار ئىدى. ئۇ ئايال نەرسىلەرنى ئارىيەت ئېلىپ، كېيىن تېنىۋالاتتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ قولىنى كېسىشكە بۇيرىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئايالنىڭ تۇغقانلىرى ئۇسامە ئىبنى زەيدنىڭ يېنىغا كېلىپ، شاپائەتچى بولۇشىنى تەلەپ قىلدى. ئۇسامە ئىبنى زەيد پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن سۆزلەشتى. پەيغەمبەر

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[2] ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.
[3] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.
[4] بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا: «ئى ئۇسامە! سەن الله بەلگىلىگەن بىر جازانىڭ ئەپۇ قىلىنىشى ھەققىدە شاپائەت تىلىمەكچىمۇ؟» دېدى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ، جامائەتكە خۇتبە سۆزلەپ: «سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەر ئۆز ئىچىدە ئابرۇيلۇق كىشى ئوغرىلىق قىلسا، ئۇنى جازالىمىغانلىقى، تايانچىسى يوق كەمبەغەل بىرى ئوغرىلىق قىلسا، ئۇنىڭ قولىنى كەسكەنلىكى ئۈچۈن ھالاك قىلىندى. جېنىم ئىلكىدە بولغان الله بىلەن قەسەمكى، مۇھەممەدنىڭ قىزى فاتىمە ئوغرىلىق قىلغان تەقدىردىمۇ، مەن ئۇنىڭ قولىنى ئەلۋەتتە كېسەتتىم» دېدى. شۇنداق قىلىپ، مەخزۇمى ئايالنىڭ قولى كېسىلدى[①].

ئابدۇرراھمان ئىبنى جەرىر مۇنداق دەيدۇ: بىز فۇزالە ئىبنى ئەبىدتىن: ئوغرىنىڭ قولىنى كەسكەندىن كېيىن ئۇنى ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويۇش سۈننەتمۇ؟ - دەپ سورىدۇق. ئۇ مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا بىر ئوغرى ئېلىپ كېلىنگەن ئىدى، ئۇنىڭ قولىنى كەستى، ئاندىن ئۇنى ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويۇشقا بۇيرىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ قولى بوينىغا ئېسىپ قويۇلدى»[②].

ئۆلىمالار: ئوغرى ئوغرىلىغان مالنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەرمىگىچە ياكى نامرات بولۇپ، ئوغرىلىغان نەرسە قولىدا بولمىسا، مال ئىگىسىدىن رازىلىق ئالمىغىچە، ئۇنىڭ تەۋبىسى ئۇنىڭغا ئەسقاتمايدۇ، - دېگەن. توغرىسىنى الله بىلگۈچىدۇر.

① بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

② تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە ۋە نەسائى رىۋايەت قىلغان. نەسائى: زەئىپ، - دېگەن.

## يىگىرمە تۆتىنچى چوڭ گۇناھ:

## قاراقچىلىق قىلىش

ﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّمَا جَزَاء الَّذِينَ يُحَارِبُونَ اللّهَ وَرَسُولَهُ وَيَسْعَوْنَ فِي الأَرْضِ فَسَادًا أَن يُقَتَّلُواْ أَوْ يُصَلَّبُواْ أَوْ تُقَطَّعَ أَيْدِيهِمْ وَأَرْجُلُهُم مِّنْ خِلافٍ أَوْ يُنفَوْاْ مِنَ الأَرْضِ ذَلِكَ لَهُمْ خِزْيٌ فِي الدُّنْيَا وَلَهُمْ فِي الآخِرَةِ عَذَابٌ عَظِيمٌ﴾ ﴿ﷲ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغانلارنىڭ، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغانلارنىڭ جازاسى شۇكى، ئۇلار ئۆلتۈرۈلۈشى ياكى دارغا ئېسىلىشى ياكى ئوڭ قوللىرى ۋە سول پۇتلىرى كېسىلىشى ياكى سۈرگۈن قىلىنىشى كېرەك. بۇ (يەنى جازا) ئۇلار ئۈچۈن بۇ دۇنيادا رەسۋالىق (ئېلىپ كەلگۈچىدۇر)، ئاخىرەتتە ئۇلار چوڭ ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾[1].

ۋاھىدى (ﷲ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دەيدۇ: ﴿ﷲ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغانلار﴾ دېگەن ئايەت: ﷲ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرگە ئاسىيلىق قىلىدىغانلار، ئىتائەت قىلمايدىغانلار، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى، ساڭا ئاسىيلىق قىلغان كىشى ساڭا ئۇرۇش قىلغان بولىدۇ. ﴿يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغانلار﴾ دېگەن ئايەت: ئادەم ئۆلتۈرۈش، ئوغرىلىق قىلىش، بۇلاڭچىلىق قىلىش، مۇئمىنلەرگە قارشى قورال كۆتۈرۈش بىلەن يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغانلار ﷲ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرگە قارشى ئۇرۇش قىلغان ھېسابلىنىدۇ، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ، ئىمام مالىك، ئەۋزائى ۋە شافىئىنىڭ قارىشىدۇر.

ۋالبى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: ﴿ئۇلار ئۆلتۈرۈلۈشى ياكى دارغا ئېسىلىشى ياكى ئوڭ قوللىرى ۋە سول پۇتلىرى كېسىلىشى ياكى سۈرگۈن قىلىنىشى كېرەك﴾ دېگەن ئايەت ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

---

[1] سۈرە مائىدە، 33 ـ ئايەت.

ئايەتتىكى ″ياكى″ دېگەن سۆز تاللاش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا، جازانى بەلگىلىگەن باشلىق خالىسا ئۆلتۈرۈشكە، خالىسا دارغا ئېسىشقا، خالىسا سۈرگۈن قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ھەسەن بەسرى، سەئىد ئىبنى مۇسەييەب ۋە مۇجاھىدنىڭ قاراشلىرىمۇ مۇشۇنداق.

ئەتىييەنىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن: ئايەتتىكى ″ياكى″ دېگەن سۆز تاللاش مەنىسىنى بىلدۈرمەستىن، ئەكسىچە جازانى جىنايەتنىڭ دەرىجىسىگە كۆرە بەلگىلەشنى بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن، كىمكى ئادەم ئۆلتۈرگەن ۋە ئۇنىڭ مېلىنى بۇلىغان بولسا، ئۆلتۈرۈلىدۇ ۋە دارغا ئېسىلىدۇ. كىمكى بىرىنىڭ مېلىنى بۇلىغان، ئەمما ئۇنى ئۆلتۈرمىگەن بولسا، ئوڭ قولى ۋە سول پۇتى كېسىلىدۇ. كىمكى ئادەم ئۆلتۈرگەن، ئەمما ئۇنىڭ مېلىغا تەگمىگەن بولسا، ئۆلتۈرۈلىدۇ. كىمكى يولۇچىلارنى قورقۇتقان، ئەمما ئۇلارنى ئۆلتۈرمىگەن بولسا، باشقا جايغا سۈرگۈن قىلىنىدۇ. بۇ، ئىمام شافىئىنىڭ قارىشىدۇر.

ئىمام شافىئى يەنە مۇنداق دەيدۇ: ھەربىر كىشى جىنايىتىگە قاراپ جازاغا تارتىلىدۇ. شۇڭا، ئۆلتۈرۈلۈشى ۋە ئېسىلىشى ۋاجىپ بولغان كىشى قىيلىنىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆلتۈرۈلۈپ، ئاندىن دارغا ئېسىلىدۇ. (ئىبرەت ئۈچۈن) ئۈچ كۈن ئېسىپ قويۇپ، ئاندىن چۈشۈرۈلىدۇ. ئۆلۈم جازاسى ئەمەس، پۇت - قولى كېسىلىش ۋاجىپ بولغان كىشىنىڭ ئوڭ قولى كېسىلىدۇ، ئاندىن قويۇۋېتىلىدۇ. ئىككىنچى قېتىم يەنە ئوغرىلىق قىلسا، سول پۇتى كېسىلىدۇ. كېيىن يەنە ئوغرىلىق قىلسا، سول قولى كېسىلىدۇ. كېيىن يەنە ئوغرىلىق قىلسا، ئوڭ پۇتى كېسىلىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوغرى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «ئەگەر ئوغرىلىق قىلسا، قولىنى كېسىڭلار. ئاندىن يەنە ئوغرىلىق قىلسا، پۇتىنى كېسىڭلار. كېيىن يەنە ئوغرىلىق قىلسا، قولىنى كېسىڭلار. كېيىن يەنە ئوغرىلىق قىلسا، پۇتىنى كېسىڭلار»[1]. ئەبۇ بەكر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ

[1] ئەبۇ داۋۇد، نەسائى ۋە دارۇقۇتنى رىۋايەت قىلغان. سەييد ئىبراھىم: ئىنتايىن زەئىپ، - دېگەن.

ئەنھۇ بۇ ھۆكۈمنى ئەينەن ئىجرا قىلغان بولۇپ، ساھابىلەردىن ھېچكىم بۇلارغا قارشى چىقمىغان.

ئىبنى ئاببااس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: ﴿سۈرگۈن قىلىنىشى كېرەك﴾ دېگەن ئايەت توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق دېگەن: ئەگەر مۇنداق جىنايەتچى قېچىپ كەتكەن بولۇپ، تۇتقىلى بولمىسا، باشلىق: ئۇنى تاپقان يەردە ئۆلتۈرۈڭلار، دەپ بۇيرۇق چىقىرىدۇ. ئەمما ئۇ تۇتۇلسا، تۈرمىگە سولاش ۋە زىنداندا تاشلاش ئۇنى سۈرگۈن قىلغانلىق بولىدۇ. چۈنكى ئۇنى سولىغاندا، ئۇنىڭ يەر يۈزىدە ئەركىن ھەرىكەت قىلىپ، يۇرتمۇيۇرت ئايلىنىپ يۈرۈشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

ئىبنى قۇتەيبە بەزى مەھبۇسلارغا قارىتىپ شېئىر ئوقۇغان. بۇ شېئىرنىڭ مەزمۇنى مۇنداق: بىز دۇنيا ئەھلى تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن چىقىپ كەتتۇق. بىز دۇنيادا نە ئۆلۈك ئەمەس، نە تىرىك ئەمەس. ئەگەر گۇندىپاي بىرەر ئىش ئۈچۈن كەلسە، ھەيران قېلىپ، بۇ ئادەم دۇنيادىن كەپتۇ، - دەپ كېتىمىز.

يەقەت قاراقچىلىق قىلىش ۋە يولۇچىلارنى قورقۇتۇشنىڭ ئۆزى چوڭ گۇناھ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنداقتا، مېلىنى بۇلىۋالغان ياكى يارىدار قىلغان ياكى ئۆلتۈرگەن كىشىنىڭ گۇناھىنى نېمە دېيىش كېرەك؟! ئۇ، بىرلا ۋاقىتتا بىرقانچە چوڭ گۇناھنى ئىشلىگەن بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇنداقلارنىڭ كۆپىنچىسى ناماز ئوقۇمايدۇ. بۇلىغان پۇل — مالنى ھاراق ئىچىش، زىنا قىلىش، بەچچىۋازلىق قىلىش ۋە شۇنىڭدەك چوڭ گۇناھلارغا سەرپ قىلىدۇ.

الله تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ، ھەرقانداق بالالاردىن ۋە جاپا — مۇشەققەتلەردىن ئامان قىلىشىنى تىلەيمىز. ئۇ ناھايىتى سېخىي، ناھايىتى كەرەملىك، ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى ۋە ناھايىتى مېھرىباندۇر.

## يىگىرمە بەشىنچى چوڭ گۇناھ:

## يالغان قەسەم

اﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الَّذِينَ يَشْتَرُونَ بِعَهْدِ اللهِ وَأَيْمَانِهِمْ ثَمَنًا قَلِيلاً أُوْلَئِكَ لاَ خَلاَقَ لَهُمْ فِي الآخِرَةِ وَلاَ يُكَلِّمُهُمُ اللهُ وَلاَ يَنظُرُ إِلَيْهِمْ يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَلاَ يُزَكِّيهِمْ وَلَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ﴾ ﴿اﷲقا بەرگەن ئەھدىنى ۋە قەسەملىرىنى ئازغىنا بەدەلگە تېگىشىدىغانلار ئاخىرەتتە (اﷲنىڭ رەھمىتىدىن) ھېچقانداق نېسىۋىگە ئېرىشەلمەيدۇ. قىيامەت كۈنى اﷲ ئۇلارغا (ئۇلارنى خۇش قىلىدىغان) سۆز قىلمايدۇ. ئۇلارغا (رەھمەت كۆزى بىلەن) قارىمايدۇ. ئۇلارنى (گۇناھلىرىدىن) پاكلىمايدۇ. ئۇلار قاتتىق ئازابقا قالىدۇ﴾[1].

ۋاھىدى مۇنداق دەيدۇ: ئىككى كىشى مەلۇم زېمىن ھەققىدە جېدەللىشىپ قېلىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇزۇرىغا كەلگەن ۋە جاۋابكار قەسەم ئىچمەكچى بولغاندا، بۇ ئايەت نازىل بولغان. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ كىشى قەسەمدىن ۋاز كەچتى ۋە دەۋاگەرنىڭ ھەقلىق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «قانداق بىر كىشى بىر مۇسۇلماننىڭ مېلىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش ئۈچۈن يالغان قەسەم ئىچسە (ھالبۇكى، ئۇ، ئۇ مالنىڭ ئۆزىنىڭ ئەمەسلىكىنى بىلىدۇ)، اﷲنىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغان ھالدا اﷲقا مۇلاقات بولىدۇ».

ئەشئەس مۇنداق دەيدۇ: اﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇ ئايەت مەن توغرۇلۇق نازىل بولغان. بىر يەھۇدىي بىلەن مېنىڭ ئارامدا بىر زېمىن بار ئىدى. ئۇ مېنىڭ ھەققىمنى ئىنكار قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ

---

[1] سۈرە ئال ئىمران، 77 ـ ئايەت.

يېنىغا ئېلىپ باردىم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا:

_ پاكىتىڭ بارمۇ؟ - دېدى. مەن:

_ يوق، - دېدىم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەھۇدىيغا:

_ قەسەم ئىچ، - دېدى. مەن:

_ ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇنداقتا ئۇ قەسەم ئىچىپ، مېلىمنى ئېلىۋالىدۇ، - دېدىم[1]. شۇ چاغدا الله تائالا يۇقىرىدىكى ئايەتنى نازىل قىلدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ مېلىنى ناھەق ئېلىۋېلىش ئۈچۈن قەسەم ئىچسە، اللهنىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغان ھالدا اللهقا مۇلاقات بولىدۇ»[2]. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۆزىنى تەستىقلاپ، الله تائالانىڭ كىتابى قۇرئان كەرىمدىن مۇنۇ ئايەتنى بىزگە ئوقۇپ بەردى: ﴿اللهقا بەرگەن ئەھدىنى ۋە قەسەملىرىنى ئازغىنا بەدەلگە تېگىشىدىغانلار ئاخىرەتتە (اللهنىڭ رەھمىتىدىن) ھېچقانداق نېسىۋىگە ئېرىشەلمەيدۇ. قىيامەت كۈنى الله ئۇلارغا (ئۇلارنى خۇش قىلىدىغان) سۆز قىلمايدۇ. ئۇلارغا (رەھمەت كۆزى بىلەن) قارىمايدۇ. ئۇلارنى (گۇناھلىرىدىن) پاكلىمايدۇ. ئۇلار قاتتىق ئازابقا قالىدۇ﴾[3].

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا ئىدۇق. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قانداق بىر كىشى يالغان قەسەم بىلەن بىر مۇسۇلماننىڭ ھەققىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالسا، الله ئۇنىڭغا

---

[1] بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

[2] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

[3] سۈرە ئالى ئىمران، 77 ـ ئايەت.

دوزاخنى ۋاجىپ، جەننەتنى ھارام قىلىدۇ» دېدى. شۇ چاغدا بىر كىشى:

ــ ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! ئەگەر ئۇ ئەرزىمەس نەرسە بولسىچۇ؟ - دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئەراك (مىسۋاك دەرىخى)تىن سۇندۇرۇلغان بىر تال شاخ بولسىمۇ (شۇنداق بولىدۇ)،[1] - دېدى. ھەفسە ئىبنى مەيسەرە:

ــ بۇ ھەدىسنىڭ ھۆكمى نېمە دېگەن ئېغىر - ھە! - دېگەن ئىدى، ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ بۇ، اللهنىڭ كىتابىدا يوقمىتى؟ - دېدى ۋە مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇدى: ﴿اللهقا بەرگەن ئەھدىنى ۋە قەسەملىرىنى ئازغىنا بەدەلگە تېگىشىدىغانلار ئاخىرەتتە (اللهنىڭ رەھمىتىدىن) ھېچقانداق نېسىۋىگە ئېرىشەلمەيدۇ. قىيامەت كۈنى الله ئۇلارغا (ئۇلارنى خۇش قىلىدىغان) سۆز قىلمايدۇ. ئۇلارغا (رەھمەت كۆزى بىلەن) قارىمايدۇ. ئۇلارنى (گۇناھلىرىدىن) پاكلىمايدۇ. ئۇلار قاتتىق ئازابقا قالىدۇ﴾.

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنى الله تائالا ئۈچ تۈرلۈك كىشىگە سۆز قىلمايدۇ. ئۇلارنى (گۇناھتىن) پاكلىمايدۇ. ئۇلارغا قاتتىق ئازاب بار». پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىغان ئىدى، ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇلار تۈگەشتى، زىيان تارتتى، ئۇلار كىم؟ - دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ كىيىمىنى (كىبىر بىلەن سۆرىلىپ قالغىدەك) ئۇزۇن كىيىدىغان، بەرگىنىنى مىننەت قىلىدىغان ۋە مېلىنىڭ باھاسىنى يالغان قەسەم بىلەن ئاشۇرۇپ ساتىدىغان كىشىلەر،[2] - دەپ جاۋاب بەردى.

---

[1] مۇسلىم، ئىبنى ماجە، نەسائى، دارىمى، ئەھمەد ۋە مالىك رىۋايەت قىلغان.

[2] مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، دارىمى ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «چوڭ گۇناھلار ــ اللهقا شېرىك كەلتۈرۈش، ئاتا ـ ئانىنى قاقشىتىش، ئادەم ئۆلتۈرۈش ۋە يالغان قەسەم ئىچىشتۇر»[1] دېگەن.

*****

اللهنىڭ نامىغا ئەمەس، پەيغەمبەر، كەبە، پەرىشتە، ئاسمان، سۇ، ھايات، ئامانەت، روھ، باش، سۇلتانىنىڭ ھاياتى، سۇلتانىنىڭ ئىلتىپاتى، پالانچىنىڭ قەبرىسى دېگەنگە ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ نامى بىلەنمۇ قەسەم ئىچىش يالغان قەسەم ھېسابلىنىدۇ.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: «الله سىلەرنى ئاتا ـ بوۋاڭلارنىڭ نامى بىلەن قەسەم ئىچىشتىن توسىدۇ. كىمكى قەسەم ئىچسە، اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەم ئىچسۇن ياكى جىم تۇرسۇن»[2]. يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «قەسەم ئىچىدىغان كىشى پەقەت اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەم ئىچسۇن ياكى جىم تۇرسۇن»[3]. ئابدۇرراھمان ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «بۇتلارنىڭ ۋە ئاتا ـ بوۋاڭلارنىڭ نامى بىلەن قەسەم ئىچمەڭلار»[4].

بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئامانەتنىڭ نامى بىلەن قەسەم ئىچكەن بىزدىن ئەمەس»[5]. يەنە ئۇنىڭدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى قەسەم ئىچىپ تۇرۇپ: "مەن ئىسلامدىن ئادا – جۇدامەن" دېگەن تەقدىردە، ئەگەر ئۇ

[1] بۇخارى، تىرمىزى، نەسائى، دارىمى ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

[2] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

[3] تىرمىزى ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

[4] مۇسلىم، ئىبنى ماجە، نەسائى ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

[5] ئەبۇ داۋۇد ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، ـ دېگەن.

قەسىمدە يالغانچى بولسا، دېگىنىدەك بولىدۇ. راستچىل بولسا، ئىسلامغا ھەرگىزمۇ سالامەت قايتىپ كېلەلمەيدۇ»[1].

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بىر كىشىنىڭ: كەبىنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ: اللهتىن باشقا نەرسىنىڭ نامى بىلەن قەسەم ئىچمەسەن؟ ھالبۇكى، مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «كىمكى اللهتىن باشقا نەرسىنىڭ نامى بىلەن قەسەم ئىچسە، كاپىر ياكى شېرىك كەلتۈرگۈچى بولىدۇ»[2] دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، - دېدى.

بەزى ئالىملار پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «كاپىر ياكى شېرىك كەلتۈرگۈچى بولىدۇ» دېگەن سۆزىنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: قورقۇتۇش مەنىسىدە كەلگەن. بۇ، خۇددى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «رىيا شېرىكتۇر»[3] دېگەن سۆزىگە ئوخشاش.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى قەسەم ئىچىپ، قەسىمدە: لات ۋە ئۇززا (بۇت ئىسىملىرى)نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، - دېگەن بولسا، "لائىلاھە ئىللاللاھ" دېسۇن»[4].

ساھابە كىراملار مۇسۇلمان بولۇشتىن ئىلگىرى بۇ بۇتلارنىڭ نامى بىلەن قەسەم ئىچەتتى. ئۇلارنىڭ تىللىرى ئادەتلىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، بەزىدە بۇ بۇتلارنىڭ نامى بىلەن قەسەم ئىچىپ سالغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنىڭ تىللىرى يۈگۈرۈپ سالغان نەرسىگە كەففارەت بولۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنى "لائىلاھە ئىللاللاھ" دېيىشكە (يەنى كەلىمە تەۋھىدنى ئېيتىشقا) ئەمر قىلغان. اللهتىن تەۋفىق تىلەيمىز، ئامىن.

---

[1] ئىبنى ماجە، نەسائى ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

[2] ترمىزى، ئەبۇ داۋۇد ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

[3] تەبەرانى رىۋايەت قىلغان.

[4] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

## يىگىرمە ئالتىنچى چوڭ گۇناھ:

# زۇلۇم قىلىش

خەلقنىڭ مېلىنى يەۋېلىش، زورلاپ ئېلىۋېلىش، ئىنسانلارنى ئۇرۇش، تىللاش، مەزلۇملارنىڭ ھەققىگە تاجاۋۇز قىلىش ۋە ئۇلارغا ئۇۋال قىلىش زۇلۇم ھېسابلىنىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلاَ تَحْسَبَنَّ اللّهَ غَافِلاً عَمَّا يَعْمَلُ الظَّالِمُونَ إِنَّمَا يُؤَخِّرُهُمْ لِيَوْمٍ تَشْخَصُ فِيهِ الأَبْصَارُ مُهْطِعِينَ مُقْنِعِي رُءُوسِهِمْ لاَ يَرْتَدُّ إِلَيْهِمْ طَرْفُهُمْ وَأَفْئِدَتُهُمْ هَوَاء وَأَنذِرِ النَّاسَ يَوْمَ يَأْتِيهِمُ الْعَذَابُ فَيَقُولُ الَّذِينَ ظَلَمُواْ رَبَّنَا أَخِّرْنَا إِلَى أَجَلٍ قَرِيبٍ نُّجِبْ دَعْوَتَكَ وَنَتَّبِعِ الرُّسُلَ أَوَلَمْ تَكُونُواْ أَقْسَمْتُم مِّن قَبْلُ مَا لَكُم مِّن زَوَالٍ وَسَكَنتُمْ فِي مَسَاكِنِ الَّذِينَ ظَلَمُواْ أَنفُسَهُمْ وَتَبَيَّنَ لَكُمْ كَيْفَ فَعَلْنَا بِهِمْ وَضَرَبْنَا لَكُمُ الأَمْثَالَ﴾ زالىملارنىڭ قىلمىشلىرىدىن ئاللاھنى بىخەۋەر دەپ ئويلىمىغىن. ئاللاھ ئۇلارنى جازالاشنى (شۇ كۈننىڭ دەھشىتىدىن) كۆزلەر چەكچىيىپ قالىدىغان كۈنگىچە (يەنى قىيامەت كۈنىگىچە) كېچىكتۈرىدۇ. (بۇ كۈندە) ئۇلار باشلىرىنى كۆتۈرۈپ ئالدىغا قاراپ چاپىدۇ. كۆزلىرى ئېچىلىپ قالىدۇ. (تېڭىرقىغانلىقتىن) دىللىرى (ئەقىل - ئىدراكتىن) خالىي بولۇپ قالىدۇ. (ئى مۇھەممەد!) كىشىلەرنى (يەنى كۇففارلارنى) ئازاب كېلىدىغان كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى) دىن ئاگاھلاندۇرغىن. (بۇ كۈندە) زالىملار: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە قىسقىغىنا ۋاقىت مۆھلەت بەرگىن (يەنى دۇنياغا قايتۇرغىن)، دەۋىتىڭنى قوبۇل قىلايلى، پەيغەمبەرلەرگە ئەگىشەيلى» دەيدۇ. (ئۇلارغا) سىلەر ئىلگىرى، بىز ھەرگىز يوقالمايمىز، دەپ قەسەم ئىچمىگەنمىدىڭلار؟ (دېيىلىدۇ). ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغانلارنى (ھالاك قىلغىنىمىزدىن كېيىن) سىلەر ئۇلارنىڭ جايلىرىدا تۇردۇڭلار. (ئۇلارنىڭ جايلىرىدىن ئىبرەت ئالساڭلارچۇ)، ئۇلارنى قانداق جازالىغانلىقىمىز سىلەرگە ئېنىق

مەلۇم بولدى. سىلەرگە نۇرغۇن مىساللارنى كەلتۈردۇق. (يەنى پەيغەمبەرلەرگە چىنپۈتمىگەنلەرنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلدۇق)﴾[1].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّمَا السَّبِيلُ عَلَى الَّذِينَ يَظْلِمُونَ النَّاسَ﴾ ﴿ئەيىبلىنىدىغانلار پەقەت، كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىدىغان ئادەملەردۇر﴾[2]؛ ﴿وَسَيَعْلَمُ الَّذِينَ ظَلَمُوا أَيَّ مُنقَلَبٍ يَنقَلِبُونَ﴾ ﴿زۇلۇم قىلغۇچىلار ئۇزاققا قالماي قايسى جايغا قايتىدىغانلىقىنى بىلىدۇ﴾[3].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «الله زالىمغا مۆھلەت بېرىدۇ، جازالىغاندا ھەرگىز بوش قويۋەتمەيدۇ»[4] دېدى. ئاندىن بۇ ئايەتنى ئوقۇدى: ﴿وَكَذَلِكَ أَخْذُ رَبِّكَ إِذَا أَخَذَ الْقُرَى وَهِيَ ظَالِمَةٌ إِنَّ أَخْذَهُ أَلِيمٌ شَدِيدٌ﴾ ﴿پەرۋەردىگارىڭ زالىم يۇرتلار (ئاھالىسى) نى ھالاك قىلسا، ئەنە شۇنداق ھالاك قىلىدۇ. اللهنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن تولىمۇ قاتتىقتۇر﴾[5].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «قانداق بىر كىشى بىرەر بۇرادىرىنىڭ ئابرۇيىغا ياكى مېلىغا زىيان يەتكۈزۈپ، ئۇنىڭغا ئۇۋال قىلغان بولسا، تىللا ۋە تەڭگە ئىشلىمەيدىغان (قىيامەت) كۈن كېلىشتىن بۇرۇن (يەنى بۇ دۇنيادا) رازىلىشىۋالسۇن. (ئەگەر رازىلاشمىغان بولسا) زالىمنىڭ سالىھ ئەمەلى سالغان زۇلمىغا چۇشلۇق ئېلىنىپ (مەزلۇمغا بېرىلىدۇ). ئەگەر زالىمنىڭ سالىھ ئەمەلى بولمىسا، مەزلۇمنىڭ گۇناھلىرى ئېلىنىپ، زالىمغا يۈكلىنىدۇ»[6].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ھەدىس قۇددۇسىدا الله تائالانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئى بەندىلىرىم! مەن زۇلۇم قىلىشنى ئۆز نەپسىمگە ھارام قىلدىم. ئۇنى

---

[1] سۈرە ئىبراھىم، 42 ـ ئايەتتىن 45 ـ ئايەتكىچە.
[2] سۈرە شۇرا، 42 ـ ئايەت.
[3] سۈرە شۇئەرا، 227 ـ ئايەت.
[4] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.
[5] سۈرە ھۇد، 102 ـ ئايەت.
[6] بۇخارى ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىمۇ ھارام قىلدىم. (شۇنداق ئىكەن) بىر - بىرىڭلارغا زۇلۇم قىلماڭلار»[1].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

_ (ئى ساھابىلىرىم!) مۇفلىس (مۇنقەرز بولغۇچى) كىم، بىلەمسىلەر؟ - دەپ سورىغانىدى، ساھابىلەر:

_ ئەلۋەتتە، ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! بىز پۇلى ۋە مال - دۇنياسى قالمىغان كىشىنى "مۇفلىس" دەيمىز، - دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

_ ئۈممىتىم ئىچىدىكى مۇفلىس (دۇنيادا) بۇنى تىللىغانلىقى، ئۇنىڭ مېلىنى ئېلىۋالغانلىقى، ئاۋۇنىڭ ئابرۇيىنى تۆككەنلىكى، ماۋۇنى ئۇرغانلىقى، باشقا بىرىنىڭ قېنىنى تۆككەنلىكى ئۈچۈن، ياخشىلىقلىرىنىڭ ساۋابى ئۇ كىشىلەرگە ئېلىپ بېرىلگەن، ئەگەر ئۇستىدىكى زۇلۇم تۈگەشتىن بۇرۇن ياخشىلىقلىرىنىڭ ساۋابى تۈگەپ قالسا، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى ئېلىنىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن، ئاندىن دوزاخقا تاشلانغان كىشىدۇر، - دېدى[2].

بۇ ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسى سەھىھ ھەدىس كىتابلىرىدىن ئېلىندى. يۇقىرىدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «بىر تۈركۈم كىشىلەر الله تائالانىڭ مېلىنى ناھەق بۇزۇپ چاچىدۇ، ئۇلار قىيامەت كۈنى دوزاخقا كىرىدۇ»[3] دېگەن ھەدىسى نەقىل قىلىنغان ئىدى. ئۇنىڭ يەنە مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى يەمەنگە ئەۋەتكەندە: «مەزلۇمنىڭ دۇئاسىدىن ساقلانغىن. چۈنكى ئۇنىڭ دۇئاسى بىلەن الله ئارىسىدا ھېچقانداق پەردە يوقتۇر»[4] دېگەنلىكى نەقىل قىلىنغان.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى بىر غېرىچ چاغلىق زېمىننى زۇلۇم بىلەن ناھەق ئېلىۋالسا،

---

[1] مۇسلىم ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

[2] مۇسلىم ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

[3] بۇخارى ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

[4] بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە دارۇقۇتنى رىۋايەت قىلغان.

قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا يەتتە قات زېمىن تاقاق قىلىپ سېلىنىدۇ»[1].

بەزى كىتابلاردا نەقىل قىلىنغان بىر ھەدىس قۇددۇسىدا مۇنداق دېيىلگەن: «اللّٰه تائالا: مەندىن باشقا ياردەمچىسى يوق كىشىگە زۇلۇم قىلغان ئادەم قاتتىق غەزىپىمگە ئۇچرايدۇر، - دېگەن»[2].

بىر شائىر مۇنداق دەيدۇ (شېئىرنىڭ مەزمۇنى مۇنداق): كۈچۈڭ يەتكەن چاغدا زۇلۇم قىلما. زۇلۇمنىڭ ئاقىۋىتى پۇشايمان قىلدۇرىدۇ. سەن راھەت ئۇخلىغان بىلەن، مەزلۇم ھەمىشە ئويغاقتۇر. ئۇ سېنى قارغايدۇ، اللّٰەمۇ ھەرگىز ئۇخلىمايدۇ.

بەزى سەلەفلەر مۇنداق دېگەن: بىچارىلەرگە زۇلۇم قىلما. ئۇنداق قىلساڭ، كۈچلۈكلەرنىڭ ئەڭ يامىنى بولۇپ قالىسەن.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ياۋا غازمۇ زالىمنىڭ زۇلمىدىن قورقۇپ، ئۇۋىسىدىن چىقالماي ئورۇقلاپ ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئېيتىلىشىچە، تەۋراتتا مۇنداق يېزىلغان: بىر جاكارچى پۇلسىرات كۆۋرۈكى ئۈستىدە تۇرۇپ مۇنداق نىدا قىلىدۇ: ئى ئازغۇن زالىملار جامائەسى! ئى راھەتپەرەس بەتبەختلەر جامائەسى! اللّٰه تائالا ئىززىتى ۋە ئۇلۇغلۇقى بىلەن: بۈگۈن بۇ كۆۋرۈكتىن ھېچقانداق زالىم ئۆتەلمەيدۇ، - دەپ قەسەم ئىچتى.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىپ كەتكەن مۇھاجىرلار مەككە پەتھى قىلىنغان يىلى قايتىپ كەلگەندى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا: «ھەبەشىستان دىيارىدا كۆرگەن ۋە ئەڭ ھەيران قالغان ۋەقەلەرنى ئېيتىپ بەرمەمسىلەر؟» دېگەندى، ئۇلار ئىچىدىكى ياشلار مۇنداق دېدى: ئى اللّٰەنىڭ پەيغەمبىرى! بىر كۈنى بىز مەلۇم بىر جايدا ئولتۇرغان ئىدۇق. يېنىمىزدىن بېشىدا بىر قاپاق سۇ كۆتۈرگەن قېرى بىر ئايال ئۆتتى. ئۇ بىر ياشنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، ئۇ بالا ئايالنىڭ دولىسىغا بىر قولىنى قويۇپ، ئۇنى ئىتتىرىۋەتتى. ئايال تىزىچە يىقىلىپ چۈشتى. سۇ قاپىقىمۇ

---

[1] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

[2] سەخاۋى "مەقاسىد ھەسەنە" ناملىق كىتابىدا نەقىل قىلغان. ئەلبانى: ئىنتايىن زەئىپ، - دېگەن.

چىقىلىپ كەتتى. ئايال ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا لاپپىدە بىر قارىدى – دە، ئاندىن: پات ئارىدا نېمە قىلغىنىڭنى بىلىپ قالىسەن ئى زالىم. الله كۇرسىنى قويغاندا، ئىلگىرى ۋە كېيىن ئۆتكەن بارلىق خالايىقلارنى توپلىغاندا، قوللار ۋە ئاياغلار قىلمىشلىرىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەيدىغان زامان كەلگەندە، تاڭلا مەھشەر كۈنى اللهنىڭ ھۇزۇرىغا بارغاندا ئىككىمىز ئارىسىدىكى بۇ قىلمىشىڭدىن چوقۇم ھېساب بېرىسەن، - دېدى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «(ئۇ ئايال) راست ئېيتىپتۇ، زالىملاردىن ئاجىزلارنىڭ ھەقلىرى ئېلىنمىغان بىر جامائەتنى الله قانداقمۇ پاكلىسۇن؟»[1] دېدى.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «بەش تۈرلۈك كىشىگە اللهنىڭ غەزىپى چۈشىدۇ. ئەگەر الله خالىسا ئۇلارنى دۇنيانىڭ ئۆزىدە جازالايدۇ. خالىسا ئاخىرەتتە ئۇلارنى دوزاختا تاشلاشقا بۇيرۇيدۇ. بىرىنچى، خەلقىدىن ئۆزىنىڭ ھەققىنى تولۇق ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ھەققىگە كەلگەندە ئىنساپ قىلمىغان ۋە ئۇلارغا زۇلۇم قىلىشتىن ۋاز كەچمىگەن باشلىق؛ ئىككىنچى، خەلقى ئىتائەت قىلىدىغان، ئەمما ئۆزى كۈچلۈك ئىنسانلار بىلەن ئاجىز ئىنسانلار ئارىسىدا ئادالەت يۈرگۈزمەيدىغان ۋە نەپسى خاھىشى بويىچە سۆزلەيدىغان باشلىق؛ ئۈچىنچى، خوتۇن - بالىلىرىنى اللهقا تائەت – ئىبادەت قىلىشقا بۇيرىمايدىغان، ئۇلارغا دىن ئەھكاملىرىنى ئۆگەتمەيدىغان ئائىلە باشلىقى؛ تۆتىنچى، بىراۋنى تولۇق ئىشلىتىپ، ئەمما ھەققىنى تولۇق بەرمىگەن خوجايىن؛ بەشىنچى، ئايالىنىڭ مېھر ھەققىنى بەرمىگەن ئەر»[2].

ئابدۇللاھ ئىبنى سالام مۇنداق دەيدۇ: الله تائالا مەخلۇقاتلارنى ياراتقان چاغدا، ئۇلار ئۆرە تۇرۇپ، باشلىرىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ:

_ ئى رەببىمىز! سەن كىم بىلەن بىرگە؟ - دېگەن ئىدى، الله تائالا:

---

[1] ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان. ئەمما سەنەدى زەئىپتۇر.

[2] بۇ ھەدىس زەئىپتۇر.

_ تـــاكى مەزلۇمنىـــــڭ ھەققـــــى ئىلىـــنغىچە مەن ئۇنىـــــڭ بىـــــلەن بىرگىمەن، - دېدى.

ۋەھـــب ئىبنـــى مـــۇنەببەھ مۇنـــداق دەيـــدۇ: زالـــم پادىشـــاھلاردىن بـــرى كـــۆركەم بـــر قەســـر ســـېلىپتۇ. كەمـــبەغەل ۋە قېـــرى بـــر ئايـــال كېلىـــپ، يېتىـــپ قوپـــۇش ئۈچـــۈن ئۇنىـــڭ يېنىغـــا بـــر كەپە قۇرۇپتـــۇ. بـــر كـــۈنى زالـــم پادىشـــاھ قەســـرنىڭ ئەتراپىنـــى ئايلىنىۋېتـــپ بـــۇ كەپىنـــى كۆرۈپ قاپتۇ ۋە:

_ بۇ كىمنىڭ؟ - دەپ سوراپتۇ. ئەتراپىدىكىلەر:

_ كەمـــبەغەل بـــر ئايالنىـــڭ، ئۇنىڭـــدا يېتىـــپ قوپىـــدۇ، - دەپتـــۇ. پادىشـــاھ بـــۇ كەپىنـــى بـــۇزۇپ تاشلاشـــقا بـــۇيرۇق قىپتـــۇ. ئايـــال كېلىـــپ كەپىسىنىڭ يىقىلغانلىقىنى كۆرۈپ:

_ كـــم بۇزىـــۋەتتى؟ - دەپتـــۇ. پادىشـــاھ ئـــۇنى كـــۆرۈپ بۇزىـــۋەتتى، - دېـــگەن جـــاۋابنى ئالغانـــدىن كېـــيىن، بېشـــنى ئاســـمانغا كۆتـــۈرۈپ: ئـــى پەرۋەردىگـــارىم! مەن بـــۇ يەردە يـــوق ئىـــدىم. ســـەن قەيەردە ئىـــدىڭ؟! - دەپ نىـــدا قىلىپتـــۇ. شـــۇنىڭ بىـــلەن، الله تائـــالا جىبرىئـــل ئەلەيھىســـسالامنى قەســـرنى ئىچىـــدىكى كىشـــلەر بىـــلەن قوشـــۇپ دۈم كۆمتۈرۈۋېتىشـــكە بۇيرۇپتـــۇ. جىبرىئـــل ئەلەيھىســـسالام بـــۇيرۇقنى بەجـــا كەلتۈرۈپتۇ[1].

ئىبنىلىشـــچە، خالـــــد ئىبنــــى بەرمەك ۋە ئـــــوغلى تۈرمىغـــــا تاشلانغاندا، ئوغلى:

_ ئـــى دادا! ئىززەتلىـــك بـــر ھايـــاتتىن كېـــيىن تـــۈرمىگە ســـولىنىپ قالدۇق، - دەپتۇ. دادىسى:

_ ئـــى ئوغلـــۇم! مەزلۇملارنىـــڭ كېچىلـــرى قىلغـــان بەتدۇئاســـى بىزنـــى بـــۇ يەرگە كىرگـــۈزدى. بـــز ئۇلارنىـــڭ ناللىرىـــدىن غاپىـــل قالـــدۇق، ئەمما الله غاپىل ئەمەستۇر، - دەپتۇ.

يەزىـــد ئىبنـــى ھەكەم مۇنـــداق دەيتتـــى: ھېچكىمـــدىن مەن زۇلـــۇم قىلغـــان كىشـــدىن قورققىنىمـــدەك قورقمـــدىم. چـــۈنكى مەن بىلمەنكـــى، ئۇنىـــڭ اللهتىـــن باشـــقا ياردەمچىســـى يـــوق. ئـــۇ: الله ماڭـــا

[1] ھەيسەمى نەقىل قىلغان.

يېتىدۇ. الله ئىككىمىز ئارىسىدا ھۆكۈم چىقارغۇچىدۇر، - دېگەن ئىدى[1].

خەلىپە ھارۇن رەشىد شائىر ئەبۇ ئەتاھىيەنى تۈرمىغا سولىغاندا، ئۇ خەلىپىگە تۈرمىدىن مۇنداق ئىككى بەيتنى يازغان ئىكەن (مەزمۇنى): اللهقا قەسەم قىلىمەنكى، بىلىپ قوي! زۇلۇم شۇملۇقتۇر. يامانلىق قىلغانمۇ زالىمنىڭ ئۆزىدۇر. ئى زالىم! تاڭلا مەھشەردە، اللهنىڭ ھۇزۇرىدا ئۇچراشقان چاغدا، ئازابلانغان كىشىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىسەن.

ئەبۇ ئۇمامەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «زالىم قىيامەت كۈنى جەھەننەم كۆۋرۈكى ئۈستىگە چىققاندا زۇلۇم قىلغان كىشىسى بىلەن ئۇچرىشىدۇ. مەزلۇم ئۇنىڭغا قانداق ۋە نېمە بىلەن زۇلۇم قىلغانلىقىنى ئەسلىتىدۇ. زالىملار زۇلۇم قىلغان كىشىلىرىدىن ھەرگىزمۇ ئايرىلالمايدۇ، ھەتتا پۈتۈن ياخشىلىقلىرىنىڭ ساۋابىنى مەزلۇملار ئېلىۋالىدۇ. ئەگەر ساۋاب ئىشلىرى بولمىسا، قىلغان زۇلمىغا يارىشا، مەزلۇمنىڭ گۇناھلىرىدىن ئۇلارغا يۈكلىنىدۇ. كېيىن جەھەننەمنىڭ ئەڭ تېگىگە تاشلىنىدۇ»[2].

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەنەستىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: «قىيامەت كۈنى بەندىلەر يالاڭ ئاياغ، يالىڭاچ، خەتنە قىلىنمىغان، قۇرۇق سالتاڭ ھالدا ھەشر قىلىنىدۇ. بىر نىدا قىلغۇچى يىراق – يېقىندىكى ھەممە ئاڭلىغۇدەك ئاۋاز بىلەن توۋلايدۇ: مەن ھېساب ئالغۇچى پادىشاھمەن! بىر كاچات چاغلىق ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق زۇلۇم قىلىنغان كىشىلەرنىڭ ھەققىلىرى زالىملاردىن ئېلىنماي تۇرۇپ، جەننەت ئەھلى جەننەتكە، جەھەننەم ئەھلى جەھەننەمگە كىرمەيدۇ. رەببىڭ ھېچكىمگە زۇلۇم قىلمايدۇ». بىز:

[1] ھەيسەمى نەقىل قىلغان.

[2] مۇنزىرى "تەرغىب ۋە تەرھىب" ناملىق كىتابىدا نەقىل قىلغان.

_ ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى! بۇ قانداق بولىدۇ؟ بىز يالاڭ ئاياغ ۋە يالىڭاچ تۇرساق، - دېگەن ئىدۇق، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

_ ياخشىلىق ۋە يامانلىقتا قاراپ مۇكاپات ياكى جازا بېرىلىدۇ، رەببىڭ ھېچكىمگە زۇلۇم قىلمايدۇ، - دېدى[1].

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى بىراۋنى ناھەق بىر قامچا ئۇرسا، قىيامەت كۈنىدە ئۇنىڭدىن قىساس ئېلىنىدۇ»[2].

ئېيتىلىشىچە، پارس پادىشاھلىرىدىن بىرى ئوغلىغا تەلىم – تەربىيە ۋە ئەدەپ - ئەخلاق ئۆگىتىش ئۈچۈن بىر ئۇستاز تۇتۇپتۇ. ئاخىرى بۇ ئوغۇل ئىلىم، پەزىلى - كەرەم ۋە ئەدەپ – ئەخلاقتا ۋايىغا يېتىپتۇ. بىر كۈنى ئۇستازى ئۇنى چاقىرتىپ كېلىپ، ھېچقانداق گۇناھى بولمىسىمۇ، بىرەر سەۋەب كۆرسەتمەستىن قاتتىق ئۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، شاگىرت ئۇستازىنى ئۆچ كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ چوڭ بولۇپ، دادىسى ئۆلگەندىن كېيىن تەختكە ئولتۇرۇپتۇ ۋە ئۇستازىنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا:

_ نېمە ئۈچۈن پالانى كۈنى مېنى ھېچقانداق گۇناھىم بولمىسىمۇ، بىرەر سەۋەب كۆرسەتمەستىن قاتتىق ئۇرغان ئىدىڭ؟ - دەپ سوراپتۇ. ئۇستازى:

_ ئى پادىشاھ! شۇنى بىلىۋالغىنكى، سەن ئىلىم - مەرىپەت ۋە ئەدەپ - ئەخلاقتا يۇقىرى مەرتىۋىگە يەتتىڭ، داداڭدىن كېيىن تەختكە چىقىشىڭنى بىلەتتىم. تاياق ۋە زۇلۇمنىڭ ئەلەمىنى تېتىپ، ھېچكىمگە زۇلۇم قىلماسلىقىڭ ئۈچۈن شۇنداق قىلدىم، - دەپتۇ. بۇ جاۋابتىن مەمنۇن بولغان پادىشاھ ئۇستازىغا:

_ اللە سېنى ياخشى مۇكاپاتلىسۇن، - دەپتۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا سوغا - سالاملار بېرىپ، يولغا ساپتۇ[3].

---

[1] ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان. سەنەدىدە ھەدىسى زەئىپ بىرى بار.

[2] بۇخارى «ئەلئەدەبۇلمۇفرەد» ناملىق كىتابىدا رىۋايەت قىلغان. بەززار ۋە تەبەرانىمۇ رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

[3] بۇ قىسسىنىڭ راست ياكى يالغان ئىكەنلىكىنى اللە بىلگۈچىدۇر.

يېتىمنىڭ مېلىنى يەۋېلىشمۇ زۇلۇمدۇر. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى يەمەنگە ئەۋەتكەندە: «ئى مۇئاز! مەزلۇمنىڭ دۇئاسىدىن ساقلانغىن. چۈنكى ئۇنىڭ دۇئاسى بىلەن الله ئارىسىدا ھېچقانداق پەردە يوقتۇر» دېگەن[1]. يەنە بىر رىۋايەتتە: «مەزلۇمنىڭ دۇئاسى بۇلۇتنىڭ ئۈستىگە (يەنى ئاسمانغا) كۆتۈرۈلىدۇ. (شۇ چاغدا) الله تائالا: ئىززىتىم ۋە بۈيۈكلۈكىم بىلەن قەسەم ئىچىمەنكى، بىر مۇددەت كېيىنراق بولسىمۇ، مەن ساڭا چوقۇم ياردەم قىلىمەن، - دەيدۇ» دېيىلگەن.

بىر شائىر مۇنداق شېئىر ئوقۇغان (مەزمۇنى): مەزلۇمنىڭ دۇئاسىدىن ساقلانغىن. چۈنكى ئۇنىڭ دۇئاسى بۇلۇت ئۈستىگە كۆتۈرۈلۈپ قوبۇل قىلىنىدۇ. دۇئاسى بىلەن ئالەملەرنىڭ رەببى ئارىسىدا ھېچقانداق توسۇق بولمىغان كىشىلەرنىڭ دۇئاسىدىن ساقلانغىن. الله مەزلۇمنىڭ دۇئاسىنى تاشلاپ قويىدۇ، دەپ ئويلىما. ئۇنىڭ نىداسى اللهتىن مەخپىي قالىدۇ، دەپمۇ ئويلىما! الله تائالانىڭ "ئىززىتىم ۋە بۈيۈكلۈكىم بىلەن قەسەم ئىچىمەنكى، بىر مۇددەت كېيىنراق بولسىمۇ، مەن ساڭا چوقۇم ياردەم قىلىمەن، - دېگەن سۆزى ھەقتۇر. پاناھلىق بەرگۈچى ئۇدۇر. بۇ ھەدىسكە ئىشەنمەيدىغان كىشى يا جاھىلدۇر، يا ئەقلىدىن ئازغان ساراڭدۇر.

*****

قەرزدارنىڭ قەرزىنى ئۆتەشكە قادىر تۇرۇقلۇق ئۇنى كېچىكتۈرۈشىمۇ ئەڭ چوڭ زۇلۇمدۇر. سەھىھ بۇخارى ۋە مۇسلىمدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان: «باي كىشىنىڭ قەرزنى ئۆتەشنى كېچىكتۈرۈشى زۇلۇمدۇر»[2]. يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «قەرزنى ئۆتەشكە ئىمكانى بار كىشىنىڭ ئۇنى ئۆتەشنى كېچىكتۈرۈشى

[1] بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە دارۇقۇتنى رىۋايەت قىلغان.

[2] ھەيسەمى: بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە نامەلۇم بىرى بار، - دېگەن. بۇ ھەدىس مۇشۇ مەزمۇندىكى باشقا ھەدىسلەر بىلەن ھەسەن دەرىجىسگە كۆتۈرۈلىدۇ.

زۇلۇمدۇر. شۇڭا ئۇنىڭ ئۇستىدىن شىكايەت قىلىش ۋە ئۇنى سولاپ قويۇش ھالال بولىدۇ»[1].

*****

خوتۇن كىشىنىڭ مېھىر ھەققى، نەپىقىسى ۋە كىيىم - كېچەكنى تولۇق بەرمەسلىكمۇ زۇلۇم بولۇپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «قەرزنى ئۆتەشكە ئىمكانى بار كىشىنىڭ ئۇنى ئۆتەشنى كېچىكتۈرۈشى زۇلۇمدۇر. شۇڭا ئۇنىڭ ئۇستىدىن شىكايەت قىلىش ۋە ئۇنى سولاپ قويۇش ھالال بولىدۇ»[2] دېگەن ھەدىسىنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: قىيامەت كۈنى بىر ئەر ياكى ئايال قولىدىن يېتەكلىنىپ، پۈتۈن خالايىقنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىنىدۇ ۋە: بۇ پالانچىنىڭ بالىسى پالانچىدۇر. كىمنىڭ ئۇنىڭدا ئېلىشى بولسا كەلسۇن، - دەپ نىدا قىلىنىدۇ. دادىسىدىن ياكى قېرىندىشىدىن ۋەياكى ئېرىدىن ئېلىشى بار ئايال بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ كېتىدۇ، - دېگەن. ئاندىن: ﴿فَلَا أَنسَابَ بَيْنَهُمْ يَوْمَئِذٍ وَلَا يَتَسَاءَلُونَ﴾ ﴿سۈر چېلىنغان كۈندە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تۇغقانچىلىق مەۋجۇت بولماي قالىدۇ. بىر - بىرىنىڭ (ئەھۋالىنى) سوراشمايدۇ﴾[3] دېگەن ئايەتنى ئوقۇغان.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا بەندىسىدىن ئۆزىنىڭ ھەققىنى خالىغانچە ئەپۇ قىلىدۇ. ئەمما ئىنسانلارنىڭ ھەققىدىن ھېچ نەرسىنى ئەپۇ قىلمايدۇ. ئاللاھ تائالا بەندىنى خالايىقنىڭ ئالدىغا چىقىرىدۇ. ھەق ئىگىلىرىگە: كېلىڭلار، ھەققىڭلارنى ئېلىڭلار! - دەيدۇ. ئاندىن پەرىشتىلەرگە: بۇنىڭ ساۋابلىق ئەمەللىرىدىن ئېلىپ، ھەربىر ھەق ئىگىسىگە ھەققىگە چۇشلۇق بېرىڭلار، -

---

[1] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

[2] ئەبۇ داۋۇد، نەسائى، ئىبنى ماجە ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

[3] سۈرە مۆئمىنۇن، 101 ـ ئايەت.

دەيــــدۇ. ئەگەر باشـــقىلارنىڭ ھەققىنــــى يەۋالغـــۇچى اللهنىـــڭ دوســـتى بولـــۇپ، ھەق ئىگىلىـــرى ھەقلىرىنــــى ئالغانــــدىن كېيىن ئۇنىـــڭ زەررە چـــاغلىق ياخشــلىقى ئېشـــىپ قالسا، الله ئــۆز پەزلـــى كەرەمـــى بىـــلەن ئـــۇنى قاتمۇقـــات كۆپەيتىۋېتـــىدۇ، شـــۇنىڭ بىـــلەن، ئـــۇنى جەنـــنەتكە ســالىدۇ. ئەگەر ئـــۇ بەتبەخـــت كىشــى بولسـا، الله ئۇنىڭغـا ئـــۆز پەزلـــى كەرەمىدىن بەرمەيدۇ. پەرىشتىلەر:

_ ئـــى رەببىمـــز! بۇنىـــڭ ياخشـــىلىقلىرى قالمـــىدى. ئەممـــا ھەققىنى ئالىدىغان كىشىلەر تېخى تۈگىمىدى، - دەيدۇ. الله تائالا:

_ ئۇنـــداق بولســـا، ھەق ئىگىلىرىنـــىڭ گۇناھلىرىـــدىن ئېلىـــپ، ئۇنىـــڭ گۇناھىنـــىڭ ئۈســـتىگە يـــۈكلەڭلار، - دەيـــدۇ. ئانـــدىن ئـــۇ جەھەننەمگە تاشلىنىدۇ[1].

بۇنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بىر ھەدىسى تەستىقلايدۇ. چـۈنكى پەيغەمـبەر سـەللاللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم ئـۇ ھەدىسـتە: «(ئـى ساھابىلىرىم!) مـۇفلىس (مـۇنقەرز بولغـۇچى) دېـگەن كـم، بىلەمسىلەر؟» دەپ سورىغان ۋە بۇنىڭ جاۋابىدا: «ئـۈممىتىم ئىچىـدىكى مـۇفلىس قىيامەت كۈنى ناماز، زاكات، روزا قاتارلىق ئىبادەتلەر بىلەن كەلگەن، ئەمما (دۇنيادا) بـۇنى تىللىغـانلىقى، ئـۇنى ئۇرغـانلىقى ئاۋۇنـىڭ مېلىنــى ئېلىۋالغـانلىقى ئۈچـۈن، ياخشىلىقلىرىنىڭ ساۋابى ئۇ كىشىلەرگە ئېلىپ بېرىلگەن، ئەگەر ئۈسـتىدىكى زۇلـۇم تۈگەشتىن بـۇرۇن ياخشــىلىقلىرىنىڭ سـاۋابى تـۈگەپ قالسـا، ئۇلارنىـڭ گۇنـاھلىرى ئېلىنىــپ، ئۇنىــڭ ئۈســتىگە يــۈكلەنگەن، ئانــدىن دوزاخقــا تاشــلانغان كىشــىدۇر» دېگەن[2].

*****

بـــر ئـــادەمنى ھەق بېـــرىمەن دەپ ئىشـــلىتىپ، ئۇنىـــڭ ھەققىنـــى بەرمەســـلىكمۇ زۇلۇمـــدۇر. ســـەھىھ بۇخارىـــدا پەيغەمـــبەر ســـەللاللاھۇ ئەلەيھـــى ۋەســـەللەمنىڭ مۇنـــداق دېگەنلىكـــى رىـــۋايەت قىلىنغـــان: «الله تائـــالا مۇنـــداق دەيـــدۇ: قىيـــامەت كـــۈنى مەن ئـــۈچ تۈرلـــۈك كىشـــىنىڭ دەۋاگـــرىمەن، مەن كـــم بىـــلەن دەۋالىشـــىپ قالســـام، ئـــۇنى يـــېڭىمەن.

[1] ئىبنى ئەبۇ ھاتەم رىۋايەت قىلغان.

[2] مۇسلىم، تىرمىزى ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

بىرى، مىنىڭ نامىم بىلەن ۋەدە بېرىپ، ئاندىن خىلاپلىق قىلغان كىشى؛ ئىككىنچى، ھۆر كىشىنى قۇل قىلىپ سېتىپ، ئۇنىڭ پۇلىنى يېگەن كىشى؛ ئۈچىنچى، بىر ئادەمنى تولۇق ئىشلىتىپ، ئاندىن ئۇنىڭ ھەققىنى بەرمىگەن كىشى»①.

بىر يەھۇدىي ياكى بىر خرىستىئانغا زۇلۇم قىلىش، ئىشلەتكەندىن كېيىن ئىش ھەققىنى كەم بېرىش ياكى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا بۇيرۇش ۋەياكى بىرەر نەرسىنى ئۇنىڭ رازىلىقىسىز ئېلىۋېلىش قاتارلىقلارمۇ الله تائالانىڭ: «قىيامەت كۈنى مەن ئۇنىڭ دەۋاگەرىمەن» دېگەن سۆزىنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ.

ئۇستىدىكى قەرزنى ئىنكار قىلىپ يالغان قەسەم ئىچىشمۇ زۇلۇمدۇر. چۈنكى، سەھىھ بۇخارى ۋە مۇسلىمدا رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قانداق بىر كىشى يالغان قەسەم بىلەن بىر مۇسۇلماننىڭ ھەققىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالسا، الله ئۇنىڭغا دوزاخنى ۋاجىپ قىلىپ، جەننەتنى ھارام قىلىدۇ» دېگەن. شۇ چاغدا بىرى:

_ ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! ئەگەر ئۇ ئەرزىمەس نەرسە بولسىچۇ؟ - دەپ سورىغان ئىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

_ ئەراك (مىسۋاك دەرىخى) تىن سۇندۇرۇلغان بىر تال شاخ بولسىمۇ (شۇنداق بولىدۇ)، - دەپ جاۋاب بەرگەن.

بىر شېئىردا مۇنداق دېيىلگەن (مەزمۇنى): ئەگەر بۈگۈن ئىشلىرىڭنى ئادالەت بىلەن ئادا قىلساڭ، تاڭلا مەھشەر قىساس يەڭگىل بولىدۇ. ئۇ مەيداندا كۆزلەر چەكچىيىپ ئېچىلىپ قالىدۇ، ئىنسانلار باشلىرىنى كۆتۈرۈپ ئالغا قاراپ چاپىدۇ. ئۇ كۈندە ئەزالار گۇۋاھلىق بېرىدۇ، ئۇلارنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ. ئۇلارغا ھۆكۈم چىقارغۇچى جازاسى قاتتىق اللهتۇر. بۈگۈن باي تۇرۇپ قەرزنى كېچىكتۈرسەڭ، تاڭلا قىيامەت مۇنقەرز بولۇپ ئۆتەشكە مەجبۇر بولىسەن.

① بۇخارى، ئىبنى ماجە ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

رىۋايەت قىلىنىشىچە: بەندە قىيامەت كۈنى دۇنيادا ئىنسانلارغا قىلغان زۇلمى تۈپەيلى ئۇلارنىڭ ھەقلىرىنى تەلەپ قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۆزى تونۇيدىغان ئىنسانلارنى كۆرۈشتىن قورقىدىكەن.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «قىيامەت كۈنىدە پۈتۈن ھەقلەر ھەق ئىگىلىرىگە ئېلىپ بېرىلىدۇ، ھەتتاكى مۈڭگۈزسىز قويغا مۈڭگۈزلۈك قويدىن قىساس ئېلىپ بېرىلىدۇ».

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دەيدۇ: «قانداق بىر كىشى بىرەر بۇرادىرىنىڭ ئابرۇيىغا ياكى مېلىغا زىيان - زەخمەت يەتكۈزۈپ قويغان بولسا، تىللا ۋە تەڭگە تېپىلمايدىغان (قىيامەت) كۈن كېلىشتىن بۇرۇن ھەق ئىگىسى بىلەن رازىلىشىۋالسۇن. (ئەگەر رازىلاشمىغان بولۇپ) زالىمنىڭ سالىھ ئەملى بولسا، ئۇنىڭ قىلغان زۇلمىغا چۇشلۇق ياخشى ئەملى ھەق ئىگىسىگە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر زالىمنىڭ سالىھ ئەملى بولمىسا، مەزلۇمنىڭ گۇناھلىرىدىن ئېلىپ زالىمغا يۈكلىنىدۇ، ئاندىن دوزاخقا تاشلىنىدۇ»[1].

ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنى بىرىنچى بولۇپ دەۋالىشىدىغان كىشى ئەر بىلەن ئۇنىڭ ئايالىدۇر. اللە بىلەن قەسەمكى، ئايالنىڭ تىلى ئەمەس، قوللىرى ۋە پۇتلىرى سۆزلەيدۇ. دۇنيادا ئېرىنى رەنجىتكەنلىكى ئۈچۈن بۇ ئىككى ئەزا ئايالنىڭ زىيىنىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ. ئەرنىڭ قوللىرى ۋە پۇتلىرىمۇ ئايالىغا قىلغان ياخشىلىقى ياكى يامانلىقى ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىدۇ. كېيىن ئەر بىلەن ئۇنىڭ خىزمەتچىسى ئارىسىدىكى ئىشلارمۇ ئەنە شۇنداق ئايرىلىدۇ. ھەقسىزلىق قىلغانلاردىن (ھەق ئىگىلىرىگە بېرىش ئۈچۈن) تەڭگە - ياماق ئېلىنمايدۇ. بەلكى زالىمنىڭ ياخشىلىقلىرى ئېلىنىپ، مەزلۇمغا بېرىلىدۇ ياكى مەزلۇمنىڭ گۇناھلىرى زالىمنىڭ ئۈستىگە

[1] بۇخارى ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

يۈكلىنىدۇ. ئاندىن زالىملار تۆمۈر قاماقلار بىلەن ھەيدەپ ئېلىپ كېلىنگەندە، ئۇلارنى دوزاخقا ھەيدەڭلار، - دېيىلىدۇ»[1].

شۇرەيھ قازى: زالىملار كىمگە زۇلۇم قىلغانلىقىنى ياخشى بىلىدۇ. زالىم جازانى، مەزلۇم ياردەم ۋە ساۋابنى كۈتىدۇ، دېگەن. رىۋايەت قىلىنىشىچە، اللە تائالا بىرەر قۇلغا ياخشىلىق قىلىشنى ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلىدىغان كىشىنى مۇسەللەت قىلىپ قويىدۇ.

تاۋۇس يەمانى بىر كۈنى ھىشام ئىبنى ئابدۇلمەلىكنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ، ئۇنىڭغا:

_ نىدا كۈنى كېلىشتىن بۇرۇن اللەتىن قورق! - دەپتۇ. ھىشام:

_ قايسى كۈن نىدا كۈنى؟ - دەپ سوراپتۇ. ئۇ:

_ اللە تائالانىڭ: ﴿فَأَذَّنَ مُؤَذِّنٌ بَيْنَهُمْ أَن لَّعْنَةُ اللهِ عَلَى الظَّالِمِينَ﴾ ﴿بىر جاكارچى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا (مۇنداق دەپ) جاكارلايدۇ: زالىملارغا اللەنىڭ لەنىتى بولسۇن﴾[2] دېگەن ئايىتى، - دەپتۇ. ھىشام ئايەتنى ئاڭلاپ ھوشىدىن كېتىپتۇ. تاۋۇس يەمانى: ئۇ دەھشەتلىك كۈننىڭ سۈپەتلىرى كىشىنى بۇ ھالغا كەلتۈرسە، ئۇ كۈننى ئەينەن كۆرۈش نېمىلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ؟ - دەپتۇ.

"زالىم" دېگەن سۈپەتكە رازى بولغان ھەي بۇرادەر! قانچىلىغان كىشىگە زۇلۇم قىلغانسەن؟ ئۇ كۈندە سولىنىدىغان جاي جەھەننەمدۇر، ھۆكۈم چىقارغۇچى ھەق تائالادۇر.

*****

زالىملارنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىش، ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ قوپۇش ۋە ئۇلارغا ياردەم قىلىش قاتارلىقلاردىن ھەزەر ئەيلەش لازىم. اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلاَ تَرْكَنُواْ إِلَى الَّذِينَ ظَلَمُواْ فَتَمَسَّكُمُ النَّارُ﴾ ﴿زالىملارغا مايىل بولماڭلار، (مايىل بولساڭلار) دوزاخ ئازابىغا قالىسىلەر﴾[3].

---

[1] تەبەرانى رىۋايەت قىلغان ۋە كۆپلىگەن ھەدىسشۇناسلار بۇ ھەدىسنىڭ ئىنتايىن زەئىپلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

[2] سۈرە ئەئراپ، 44 ـ ئايەت.

[3] سۈرە ھۇد، 113 ـ ئايەت.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە: زالىملارغا مۇھەببەت باغلاش، يۇمشاق سۆزلەش ۋە دوستلۇق ئىزھار قىلىش بىلەن مايىل بولماڭلار، - دېگەن[1]. سۇددى ۋە ئىبنى زەيد بۇ ئايەتنى: زالىملارغا يان باسماڭلار، - دەپ تەپسىر قىلغان[2]. ئىكرىمە: زالىملارغا مايىل بولۇش بولسا، ئۇلارغا بىر نەرسە بېرىش ۋە ئۇلارنى ياخشى كۆرۈش، - دېگەن.

ئەبۇ ئالىيە بۇ ئايەتنى: زالىملارنىڭ قىلغان ئىشلىرىغا رازى بولماڭلار، بولمىسا ﴿فَتَمَسَّكُمُ النَّارُ﴾ ﴿دوزاخ ئازابىغا قالىسىلەر﴾ يەنى دوزاخنىڭ ئازابىغا مۇپتىلا بولىسىلەر، ئۇ ۋاقىتتا ﴿وَمَا لَكُم مِّن دُونِ اللهِ مِنْ أَوْلِيَاء﴾ ﴿سىلەرگە اللهتىن باشقا (دوزاختىن قۇتۇلدۇرىدىغان) ھېچ ياردەمچى يوقتۇر﴾ دەپ تەپسىر قىلغان.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: ﴿وَمَا لَكُم مِّن دُونِ اللهِ مِنْ أَوْلِيَاء ثُمَّ لاَ تُنصَرُونَ﴾ ﴿سىلەرگە اللهتىن باشقا (دوزاختىن قۇتۇلدۇرىدىغان) ھېچ ياردەمچى يوقتۇر، ئاندىن كېيىن ھېچ ياردەمگە ئېرىشەلمەيسىلەر﴾ دېگەن ئايەتنى: سىلەرنى اللهنىڭ ئازابىدىن ساقلاپ قالىدىغان ھېچكىم يوقتۇر، سىلەر ئۇنىڭ ئازابىنى دەپئى قىلالمايسىلەر، - دەپ تەپسىر قىلغان[3].

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿احْشُرُوا الَّذِينَ ظَلَمُوا وَأَزْوَاجَهُمْ﴾ ﴿(الله پەرىشتىلەرگە ئېيتىدۇ) زۇلۇم قىلغۇچىلارنى ئۇلارنىڭ (مۇشرىكلىكتىكى، كۇپرىدىكى) قاياشلىرىنى (مەھشەرگاھقا) توپلاڭلار﴾[4] يەنى ئۇلارغا ئوخشاش زالىملارنى، ئۇلارنىڭ ئورتاقلىرىنى ۋە ئەگەشكۈچىلىرىنى توپلاڭلار.

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كەلگۈسىدە بىر گۇرۇھ باشلىقلار چىقىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى خەلق ئىچىدىن چىققان ھېلىگەر ئالدامچىلار ئورىۋالىدۇ. بۇلار

---

[1] ئىبنى كەسىرنىڭ تەپسىرىگە قاراڭ.
[2] ئىمام قۇرتۇبىنىڭ تەپسىرىگە قاراڭ.
[3] ئىبنى كەسىرنىڭ تەپسىرىگە قاراڭ.
[4] سۈرە سەففات، 22 ـ ئايەت.

ئىنسانلارغا زۇلۇم قىلىدۇ، يالغان سۆزلەيدۇ. كىمكى ئۇلارغا قوشۇلمىسا ۋە زۇلمىغا ياردەم بەرمىسە، ئۇ مەندىندۇر، مەن ئۇنىڭدىنمەن»[1].

يەنە ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى زالىمغا ياردەم قىلسا، (الله) ئۇنىڭغا بىرىنى مۇسەللەت قىلىپ قويىدۇ»[2].

سەئىد ئىبنى مۇسەييەب: ياخشى ئەمەللىرىڭلار بىكار بولۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، زالىملارنىڭ زۇلمىغا قەلبىڭلار بىلەن بولسىمۇ قارشى چىقىڭلار، - دەيتتى.

مەكھۇل دىمەشقى مۇنداق دەيدۇ: قىيامەت كۈنى بىر جاكارچى: زالىملار ۋە ئۇلارنىڭ ياردەمچىلىرى قەيەردە؟ - دەپ توۋلايدۇ. زالىملارغا بىرەر ياخشى ئىش بىلەن مەدەت بەرگەن، سىياھدانلىرىنى تولدۇرۇپ بەرگەن، قەلەملىرىنى ئۇچلاپ بەرگەن چاغلىق ئاددىي ئىشلاردىمۇ ياردەم قىلغان كىشىلەر ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ئوتتىن بولغان تاۋۇتقا تويلىنىپ، ئاندىن جەھەننەمگە تاشلىنىدۇ.

ماشىنچىلىق قىلىدىغان بىر كىشى سۇفيان سەۋرىنىڭ يېنىغا كېلىپ:

_ مەن سۇلتاننىڭ كىيىمىنى تىكىمەن، ئۇلارنىڭ كىيىملىرىنى تىكىش بىلەن ئۇلارغا ياردەم قىلغان بولمەنمۇ؟ - دەپ سورىغاندى، سۇفيان سەۋرى:

_ سەن ئۆزەڭمۇ زالىملاردىن ھېسابلىنىسەن، ئەمما ساڭا يىپ - يىڭنە ساتقانلار زالىملارنىڭ ياردەمچىلىرى ھېسابلىنىدۇ، - دەپ جاۋاب بەردى.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان: «قىيامەت كۈنى جەھەننەمگە

---

[1] ئەھمەد ۋە ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە سۆلايمەن قۇرەشى ئىسىملىك كىملىكى نامەلۇم بىرى بار، - دېگەن.

[2] ئەلبانى: مەۋزۇ (توقۇلما) ھەدىستۇر، - دېگەن.

تۇنجى بولۇپ كىرىدىغانلار زالىملارنىڭ ئالدىدا خەلقنى قامچا بىلەن ئۇرىدىغانلاردۇر»[1].

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: زالىملارنىڭ ياردەمچىلىرى ۋە ساقچىلىرى قىيامەت كۈنى جەھەننەمنىڭ ئىتلىرىغا ئايلىنىدۇ[2]، - دېگەن.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «ھېچكىم بىر مەزلۇم كىشى تاياق يەۋاتقان جايدا، ئۇنى ھىمايە قىلىشقا كۈچى يەتمىسە، تۇرمىسۇن. چۈنكى ئۇ يەردە ھازىر بولغانلارنىڭ ئۈستىگە لەنەت چۈشىدۇ»[3].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بۇرۇن بىر كىشى قەبرىگە قويۇلدى. مۇئەككەل پەرىشتىلەر:

_ بىز سېنى يۈز دەررە ئۇرىمىز، - دېدى. ئۇ كىشى ئۇلارغا يالۋۇرۇپ، بۇ جازانى بىر دەررىگە چۈشۈردى. مۇئەككەل پەرىشتىلەر ئۇنى بىر دەررە ئۇرغان ئىدى، قەبرە ئوت بىلەن تولدى. ئۇ كىشى:

_ مېنى نېمە ئۈچۈن ئۇردۇڭلار؟ - دېگەن ئىدى، ئۇلار:

_ چۈنكى سەن تاھارەتسىز ناماز ئوقۇدۇڭ، بىر مەزلۇمنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇنىڭغا ياردەم قىلمىدىڭ، - دېدى[4].

مەزلۇمغا ياردەم بېرىشكە ئىمكانى بار كىشى ئۇنىڭغا ياردەم بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن بۇ جازاغا تارتىلسا، زالىمنىڭ ھالى نېمە بولۇپ كېتەر - ھە؟!

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ھەدىستە: «قېرىندىشىڭ زالىم بولسۇن ياكى مەزلۇم بولسۇن، سەن ئۇنىڭغا ياردەم قىلغىن!» دېگەن ئىدى، ساھابىلەردىن بىرى:

_ ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! مەزلۇمغىغۇ ياردەم قىلىمەن، ئەمما زالىمغا قانداق ياردەم قىلىمەن؟ - دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

[1] ھەيسەمى نەقىل قىلغان بولۇپ، زەئىپ ھەدىستۇر.

[2] ئىمام سۇيۇتى نەقىل قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ھەدىسى ئىنتايىن زەئىپ بىرى بار.

[3] تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ھەدىسى زەئىپ بىرى بار.

[4] ھەيسەمى: بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە يەھيا ئىبنى ئابدۇللاھ بابلتى ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، - دېگەن.

ــ ئۇنى زۇلۇمدىن توسسەن، بۇ ئۇنىڭغا ياردەم قىلغىنىڭ ھېسابلىنىدۇ، - دېدى[1].

مەشھۇر شەخسلەردىن بىرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: چۈشۈمدە زالىملارغا ۋە باجگىرلارغا خىزمەت قىلىپ ئۆلگەن بىر ئادەمنى كۆردۈم. ئۇ قاتتىق ئېغىر ئەھۋالدا ئىدى. مەن ئۇنىڭدىن:

ــ ئەھۋالىڭ قانداق؟ - دەپ سورىدىم. ئۇ:

ــ بەكمۇ يامان، - دېدى.

ــ قەيەردە تۇرىۋاتىسەن؟

ــ اللهنىڭ ئازابىدا.

ــ ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا زالىملارنىڭ ئەھۋالى قانداق؟

ــ بەكمۇ يامان، سەن الله تائالانىڭ: ﴿وَسَيَعْلَمُ الَّذِينَ ظَلَمُوا أَيَّ مُنقَلَبٍ يَنقَلِبُونَ﴾ ﴿زۇلۇم قىلغۇچىلار ئۇزاققا قالماي قايسى جايغا قايتىدىغانلىقىنى بىلىدۇ﴾[2] دېگەن سۆزىنى ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟

مەشھۇر شەخسلەردىن بىرىنىڭ يەنە مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر قولى مۈرىسىدىن كېسىۋېتىلگەن بىر كىشىنى كۆردۈم. ئۇ:

ــ مېنىڭ بۇ ئەھۋالىمنى كۆرگەنلەر ھېچكىمگە زۇلۇم قىلمىسۇن، - دەپ توۋلايتتى. مەن ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ:

ــ ئى قېرىندىشىم! ساڭا نېمە بولغان ئىدى؟ - دېدىم. ئۇ مۇنداق دېدى:

ــ ئى بۇرادەر! مېنىڭ بېشىمغا كەلگەننى ئاڭلىساڭ ھەيران قالىسەن. مەن زالىملارنىڭ ياردەمچىلىرىدىن بىرى ئىدىم. بىر كۈنى بىر بېلىقچىنى كۆردۈم. ئۇ يوغان بىر بېلىقنى تۇتقان ئىكەن. مەن ئۇ بېلىققا قىزىقىپ قېلىپ، بېلىقچىنىڭ يېنىغا باردىم ۋە:

ــ بۇ بېلىقنى ماڭا بەرگىن، - دېدىم. ئۇ:

ــ بۇنى ساڭا بەرمەيمەن، ساتىمەن، پۇلغا ئائىلەمگە نەرسە ئالىمەن، - دېدى. مەن ئۇنى ئۇردۇم، كۈچ ئىشلىتىپ ئۇنىڭ

---

[1] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

[2] سۈرە شۇئەرا، 227 ـ ئايەت.

قولدىن بېلىقنى تارتىۋېلىپ، ئېلىپ كەتتىم. بېلىقنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە كېتىۋاتقىنىمدا، بېلىق باشمالتىقىمنى چىشلىۋالدى. قولۇم قاتتىق ئاغرىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن كېچىسى ھېچ ئۇخلىيالمىدىم. قولۇم ئىششىپ كەتتى. تاڭ ئاتقاندا تېۋىپنىڭ ئالدىغا بېرىپ، قولۇمنىڭ قاتتىق ئاغرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتتىم. تېۋىپ: بۇ بىر كېسەللىكنىڭ باشلىنىشى، بارمىقىڭنى كېسىشكە توغرا كېلىدۇ، بولمىسا قولۇڭ كېسىلىدۇ، - دېدى. بارمىقىم كېسىلدى. كېيىن ئاغرىق قولۇمغا چىقتى. قاتتىق ئاغرىغانلىقتىن كېچىلىرى ئۇخلىيالمىدىم. تېۋىپ: قولۇڭنى بىغىشتىن كېسىمىز، - دېدى. مەن قولۇمنى بىغىشتىن كەستۈردۈم. بىراق، ئاغرىق بىلىكىمگە چىقتى. قاتتىق ئاغرىغانلىقتىن چىدىيالماي قالدىم، پەرياد قىلدىم. تېۋىپ: بىلىكىڭنى جەينەكتىن كېسىمىز، - دېدى. مەن ئاغرىققا چىدىيالماي بىلىكىمنى جەينەكتىن كەستۈردۈم. كېيىن ئاغرىق مۈرەمگىچە چىقتى. جەينىكىمنىڭ ئۈستى ئالدىنقىسىدىنمۇ بەك ئاغرىپ كەتتى. تېۋىپ: قولۇڭنى مۈرەڭدىن كېسىمىز، بولمىسا، كېسەللىك پۈتۈن ئەزايىڭغا تارقاپ كېتىدۇ، - دېدى. مەن قولۇمنى مۈرەمدىنمۇ كەستۈردۈم.

بىر ئادەم مەندىن: ئاغرىقنىڭ سەۋەبى نېمە؟ دەپ سورىدى. مەن ئۇنىڭغا بېلىق قىسسىسىنى سۆزلەپ بەردىم. ئۇ: قولۇڭ دەسلەپ ئاغرىغاندا، بېلىقچىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن رازىلىق ئالغان بولساڭ، جىسمىڭدىن بىر ئەزانىمۇ كەستۈرمىگەن بولاتتىڭ، ھازىرمۇ كېسەللىك پۈتۈن بەدىنىڭگە تارقاپ كېتىشتىن بۇرۇن دەرھال ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن رازىلىق ئالغىن، - دېدى. مەن ھەممە يەردە بېلىقچىنى ئىزدەشكە باشلىدىم. ئاخىرى تېپىپ، پۇتىغا ئېسىلىپ يالۋۇردۇم، پۇتلىرىنى سۆيدۇم ۋە يىغلاپ تۇرۇپ:

_ غوجام! الله رازىلىقى ئۈچۈن مېنى ئەپۇ قىلغىن؟ - دېدىم. ئۇ ماڭا:

_ سەن كىمسەن؟ - دېدى. مەن:

_ ئاشۇ كۈنى سېنىڭ بېلىقىڭنى تارتىۋالغان زالىممەن، - دېدىم ۋە بېشىمدىن ئۆتكەنلەرنى سۆزلەپ بېرىپ، قولۇمنى كۆرسەتتىم. بېلىقچى قولۇمنى كۆرۈپ يىغلاپ كەتتى ۋە:
_ ئى قېرىندىشىم! سەن يولۇققان بۇ بالانى كۆرۈپ، سەندىن رازى بولدۇم، - دېدى. مەن:
_ ئى غوجام! اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بېلىقنى تارتىۋالغىنىمدا، سەن ماڭا بەددۇئا قىلغانمىدىڭ؟ - دەپ سورىدىم. ئۇ:
_ ھەئە، ئى الله! بۇ ئادەم مەندىن كۈچلۈك كېلىپ، سەن ماڭا رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىنى تارتىۋالدى، سەن ئۇنىڭغا كۈچىڭنىڭ يېتىدىغانلىقىنى ماڭا كۆرسەتكىن، دەپ ئىلتىجا قىلغان ئىدىم، - دېدى. مەن:
_ ئى غوجام! الله تائالا ماڭا كۈچىنىڭ يېتىدىغانلىقىنى ساڭا كۆرسەتتى. مەن زالىملارغا قىلغان خىزمىتىمدىن اللهقا تەۋبە قىلىۋاتىمەن، الله خالىسە ئۇلارنىڭ يېنىغا ھەرگىز بارمايمەن، ھاياتلا بولسام، ئۇلارنىڭ ياردەمچىلىرى بولمايمەن، - دېدىم[1].

*****

**ۋەز - نەسىھەت:** قېرىنداشلار! ئۆلۈم قانچىلىغان جانلارنى رەھىم قىلماستىن يۇرتلىرىدىن ھەيدەپ چىقاردى؟ قانچىلىغان جەسەتلەرنى رەھىم قىلماستىن ئۆز يېنىغا تارتتى؟ قانچىلىغان كۆزلەرنى قان يىغلاتتى؟ دۇنياغا بېرىلىپ، ئاخىرەتتىن يۈز ئۆرىگەن ئى ئىنسان! سەن خالىساڭمۇ، خالىمىساڭمۇ پات يېقىندا دۇنيا مەئىشىتىدىن ئايرىلىسەن. چۈنكى تۈرلۈك ۋەقە ۋە ھادىسىلەر ھۆر ئىنسانلارنى ۋەتەنلىرىدىن، قۇشلارنى ئۇۋىلىرىدىن بىئارام قىلىپ چىقارماقتا.

مەشرىق ۋە مەغرىبكە ھۆكۈمرانلىق قىلغان، ئەتراپىنى ئاۋاتلاشتۇرغان، باغلارنى بەرپا قىلغان، ئارزۇسىغا يەتكەن، ئارغىماق

[1] بۇ ھېكايىنىڭ ۋە ئالدىنقى ھېكايىنىڭ راست ياكى يالغان ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز. ھەر ئىككىلىسىنى ئىبنى ھەجەر ھەيسەمى نەقىل قىلغان. توغرىسىنى الله بىلگۈچىدۇر.

ئاتلارغا مىنگەن پادىشاھلار قېنى؟ مانا ئەمدى ئۇنىڭ قەسىردىن قارغىنىڭ قاقىلدىغان سەت ئاۋازى چىقىشقا باشلىدى. ئەڭ خەتەرلىك يول توسقۇچى ئۇنى ئەيش - ئىشرەت يولىدىن توستى. قورقۇنچلۇق گۈلدۈرماملار ئۇنىڭ ئۈستىگە چۈشتى. چېچىغا ئاق كىرىشى دۇنيادىن ئايرىلىشىدىن دېرەك بېرەتتى. ئۇنىڭدىن ھېچقاچان ئايرىلمايدىغان يېقىنى ئۇنى يامان كۆرۈشكە باشلىدى. دوستى، سادىق ھەمراھى ئۇنى تاشلاپ كەتتى. ئۇ نىھايەت مەخلۇقاتلاردىن ئايرىلىپ، ياراتقۇچىنىڭ ھۇزۇرىغا ماڭدى.

ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۆلۈم ھېچ كېچىكمەي ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۆلۈم ئۇنى سەلتەنەتتىن كېيىن قەھر ۋە غەزەپ بىلەن خار قىلدى. يۇمشاق كۆرپىدىن داق يەرگە يۆتكىدى. قەبرىدە قۇرۇت - قوڭغۇزلار ئۇنى يىرتىلغان كىيىمدەك ئۆتمە - تۆشۈك قىلىۋەتتى. ناھايىتى ئېغىر ئەھۋالدا يالغۇز قالدى. ئەزىز دوستلىرىدىن ھېچقاچان بىرگە ماڭمىغاندەك يىراقلاشتى. بايلىقلىرى ئۇنى بۇ ھالدىن قۇتقۇزالمىدى. نۇرغۇن يوللارنى، ئېگىز تاغلارنى كېزىپ، بۇ يەردە قولغا چۈشتى. ھالاك بولدىمۇ ياكى قۇتۇلدىمۇ، بۇنى بىلەلمەي قالدى. ئاز كۈنلەردىن كېيىن، بۇ كۈنلەر سېنىڭ بېشىڭغىمۇ كېلىدۇ. تولىمۇ ئەپسۇسكى، ئۆلۈم سېنىڭ چۈشۈڭگىمۇ كىرمىگەن ئوخشايدۇ. دۇنيادىن كېتىشكە ھازىرلىق قىلمايۋاتىسەن. ئاڭلىغانلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى پات يېقىندا ئۆز كۆزۈڭ بىلەن تولۇق كۆرىسەن. بۇ ھال مېنىڭ بېشىمغىمۇ، سېنىڭ بېشىڭغىمۇ كېلىدۇ. بۇ ۋەز – نەسىھەتلىك سۆزلەر ساڭا تەسىر قىلمىغان بولسا، ئۇنداقتا سېنىڭ ھالىڭغا ۋاي؟!

## يىگىرمە يەتتىنچى چوڭ گۇناھ:

## باج - سېلىق ئالغۇچىلارنىڭ قىلمىشى

اللە تائالا ئۇلارنى قۇرئان كەرىمدە سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّمَا السَّبِيلُ عَلَى الَّذِينَ يَظْلِمُونَ النَّاسَ وَيَبْغُونَ فِي الْأَرْضِ بِغَيْرِ الْحَقِّ أُولَئِكَ لَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ﴾ ﴿ئەيىبلىنىدىغانلار پەقەت كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىدىغان، زېمىندا ناھەق رەۋىشتە پىتنە - پاسات تېرىيدىغان ئادەملەردۇر. ئەنە شۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾[1].

باج - سېلىق ئالىدىغان مەمۇرلار زالىملارنىڭ ئەڭ چوڭ ياردەمچىلىرى، ھەتتا زالىملارنىڭ دەل ئۆزى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۇلار باج - سېلىقنى ئۆتەشكە لايىق بولمىغان كىشىلەردىن ئېلىپ، ئۇنىڭغا ھەقلىق بولمىغان كىشىلەرگە بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «باجگىر جەننەتكە كىرمەيدۇ»[2]؛ «باج - سېلىق مەمۇرى جەننەتكە كىرمەيدۇ»[3].

باج - سېلىق ئالغۇچى ئىنسانلارنىڭ ھەقلىرىنى ئۆز ئۈستىگە يۈكلىۋالىدۇ. ئۇ بۇ دۇنيادا ئۇلاردىن ئېلىۋالغان نەرسىلەرنى قىيامەت كۈنى قانداقمۇ تۆلەيدۇ؟ ئەگەر ئۇنىڭ ياخشى ئەمەللىرى بولسا، ھەق ئىگىلىرىگە ئېلىپ بېرىلىدۇ. چۈنكى ئۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنۇ ھەدىسىنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ: «(ئى ساھابىلىرىم!) مۇفلىس (مۇنقەرز بولغۇچى) كىم، بىلەمسىلەر؟» دەپ سورىغاندى، ساھابىلەر:

_ ئەلۋەتتە، ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى! بىز پۇلى ۋە مال - دۇنياسى قالمىغان كىشىنى "مۇفلىس" دەيمىز، - دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

[1] سۈرە شۇرا، 42 ـ ئايەت.

[2] ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەد، ھاكىم ۋە ئىبنى خۇزەيمە رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: زەئىپ، - دېگەن.

[3] ئەبۇ داۋۇد، دارىمى، ئەھمەد، ھاكىم ۋە ئىبنى خۇزەيمە رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: زەئىپ، - دېگەن.

ـ ئـۇممىتىم ئىچىـدىكى مـۇفلىس قىيـامەت كـۈنى نامـاز، زاكـات، روزا، ھەج قاتـارلىق ئىبـادەتلەر بىـلەن كەلـگەن، ئەممـا (دۇنيـادا) بـۇنى تىللىغـانلىقى، ئـۇنى ئۇرغـانلىقى ئاۋۇنىـڭ مېلىنـى ئېلىۋالغـانلىقى ئۈچـۈن، ياخشـىلىقلىرىنىڭ سـاۋابى ئـۇ كىشـىلەرگە ئېلىـپ بېـرىلگەن، ئەگەر ئۇسـتىدىكى زۇلـۇم تۈگەشـتىن بـۇرۇن ياخشـىلىقلىرىنىڭ سـاۋابى تـۈگەپ قالسـا، ئۇلارنىـڭ گۇنـاھلىرى ئېلىنىـپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن، ئاندىن دوزاختقا تاشلانغان كىشىدۇر، ـ دېدى[1].

پەيغەمـبەر سـەللاللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم ئـۆزىنى پـاكلاش ئۈچـۈن گۇنـاھنى ئېتىـراپ قىلىـپ كەلـگەن، كېيىـن چالمـا ـ كېسـەك قىلىنغـان ئايالنى سـۆيەتلەپ مۇنـداق دېـگەن: «ئـۇ شـۇنداق تەۋبە قىلـدىكى، ئەگەر بـاجگىرمۇ ئەنە شـۇنداق تەۋبە قىلسـا، الله ئۇنىـڭ تەۋبىسـىنى قوبـۇل قىلىـپ، گۇنـاھلىرىنى مەغپىرەت قىلغان بولاتتى»[2].

بـاجگىر قاراقچىغـا ئوخشـاپ كېتىـدۇ، ئـۇ، ئوغرىنىـڭ دەل ئۆزىـدۇر. بـاج ـ سـېلىق توپلىغـۇچى، ئـۇنى يـازغۇچى، ئۇنىڭغـا گۇۋاھلىـق بەرگـۈچى ۋە ئـۇنى ئالغۇچى مەيلى ئەسـكەر يـاكى ئەھلـى ئىلىـم بولسـۇن، مەيلـى باشـلىق بولسـۇن، ھەممىسـى ھەم گۇناھقـا شـېرىك بولـدۇ ھەم ھـارام يـېگەن بولـدۇ. پەيغەمـبەر سـەللاللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم بـۇ ھەقـتە مۇنـداق دەيـدۇ: «ھارامـدىن ئۆسـكەن گـۆش جەنـنەتكە كىرەلمەيـدۇ، جەھەنـنەم ئۇنىڭغـا بەكمـۇ لايىقتۇر»[3].

ۋاھـدى (الله ئۇنىڭغـا رەھـمەت قىلسـۇن) الله تائالانىـڭ: ﴿**قُل لاَّ يَسْتَوِي الْخَبِيثُ وَالطَّيِّبُ**﴾ ﴿(ئـى مـۇھەممەد!) ئېيتقىنكـى، ھـارام بىـلەن ھـالال بـاراۋەر ئەمەس﴾[4] دېـگەن ئايىتىنىـڭ تەپسـىرىدە مۇنـۇ ھەدىسـنى كەلتـۈرگەن: جـابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر كىشى:

ـ ئـى اللهنىـڭ پەيغەمبىـرى! ھـاراق سـېتىپ تىجـارەت قىلـىمەن. ھـاراق سـېتىپ ناھـايىتى كـۆپ پـۇل ـ مـال توپلىـدىم. بـۇ مـاللارنى الله يولـدا سـەرپ قىلسـام ماڭـا سـاۋاب بولامـدۇ؟ ـ دەپ سـورىغانىدى، پەيغەمـبەر سـەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

---

[1] مۇسلىم، تىرمىزى ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

[2] مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەد، دارۇقۇتنى ۋە دارىمى رىۋايەت قىلغان.

[3] تىرمىزى، ئەھمەد ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان. ئەھمەد شاكىر: سەھىھ، ـ دېگەن.

[4] سۈرە مائىدە، 100 ـ ئايەت.

_ ئەگەر سەن ئۇ مالنى ھەج ياكى جىھاد يولىدا سەرپ قىلساڭ ياكى سەدىقە قىلساڭ، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە پاشىنىڭ قانىتىچىلىكمۇ ساۋابقا تەڭ بولمايدۇ. شەك - شۈبھىسىزكى، ئاللاھ پاك نەرسىدىن باشقىنى قوبۇل قىلمايدۇ، - دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇ سۆزىنى تەستىقلاپ: ﴿قُل لاَّ يَسْتَوِي الْخَبِيثُ وَالطَّيِّبُ وَلَوْ أَعْجَبَكَ كَثْرَةُ الْخَبِيثِ﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، گەرچە ھارامنىڭ كۆپلۈكى (ئى ئىنسان) سېنى ئەجەبلەندۈرسىمۇ، ھارام بىلەن ھالال باراۋەر ئەمەس﴾[1] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى[2]. ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىپ، بىزنى ئەپۇ ۋە ئامان قىلىشنى تىلەيمىز.

*****

**ۋەز – نەسىھەت:** مەھكەم قەلئەلەرنى قۇرغان، ئەتراپىغا قوغدىغۇچىلارنى قويغان، باغلارنى بەرپا قىلىپ، دەرەخلەر بىلەن ئەتراپىنى ئورىغان، ھەشەمەتلىك تەختلەرنى ياساپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان، دۇنيالىق ئارزۇسى ۋە مۇراد - مەقسىتىگە يەتكەن، مۇشۇنداق ئەبەدى ياشاشنى ئويلىغان، ئەمما ھالاك بولغان ئادەم قەيەردە؟ ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، شېرىن لەززەتلەرنى زەھەرگە ئايلاندۇرغۇچى ئۆلۈم ئۇنى بىئارام قىلدى ۋە مەڭگۈلۈك ياشاش ئارزۇسىنى نابۇت قىلدى. ئۆلۈم ئۇنى ئالى مەرتىبىدىن غەزەب بىلەن يىقىتىپ، بالايى - ئاپەت يۇرتىغا ھەيدىدى. ئۇنىڭ يۈلتۇزلىرى ئۆچۈپ قالدى. ئۆلۈم ئۇنى مەينەتچىلىك ۋە جاھالەت قاپلىغان قاراڭغۇ زۇلمەت ئىچىدە تاشلاپ قويدى. ئەقىللىك كىشى ھاياتنى مەنىلىك ئۆتكۈزىدۇ. چۈنكى ياخشى ئاقىۋەت پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش بىلەن قولغا كېلىدۇ.

بىر شائىر مۇنداق دەيدۇ (شېئىرنىڭ مەزمۇنى): ئىمارەتلەرنى قۇرسەن، بايلىقلارنى توپلايسەن، نىھايەت بۇلاردىن ھېچ ئىز قالمايدۇ. ئەبەدى ياشاشنى ئويلايسەن، لېكىن ئۆمۈر بۇنىڭغا يار بەرمەيدۇ. ئى ئەقىل ئىگىسى! ياخشى ئويلىغىن، دۇنيادا مەڭگۈ ياشاش ئەمەلگە ئاشمايدۇ. ھەر نەرسە ئاخىرقى چېكىگە يەتكەندە چوقۇم سوئال – سوراق قىلىنىدۇ.

---

[1] سۈرە مائىدە، 100 ـ ئايەت.

[2] سۇيۇتى «نازىل بولۇش سەۋەبلىرى» ناملىق كىتابىدا نەقىل قىلغان.

پادىشاھلار ۋە ئوغۇللىرى قېنى؟ ئىنسانلار قورقىدىغان تىك تۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈرگەندە بەخىرامان ئولتۇرغان ئىسىلزادىلەر قېنى؟ ھەر مەيداندا قىلىچلىرىنى ئويناتقان، ئەتراپى قوغدىغۇچىلار بىلەن تولغانلار قېنى؟ مانا ئەمدى ئۇلار مەيدان ئوتتۇرىسىدا ئۇششۇتۇلۇپ يەرگە يىقىلدى. زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن، جۇدۇن - چاپقۇنلاردا قارا تۇپراققا كۆمۈلۈپ، ئىز - دېرەكسىز يوقالدى. گويا ئۇلار دۇنيادا ھېچ ياشىمىغاندەك، بەلكى ھېچ يارىتىلمىغاندەك، ھېچبىر ئەسلىمىسى قالماي ئۇنتۇلۇپ كېتىلدى. اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، قۇرت – قوڭغۇزلارنىڭ ئۇلارنى ئۆتمە – تۆشۈك قىلىۋەتكەنلىكىنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرسەڭ ئىدىڭ، ئەلۋەتتە، يۈرەكنى ئېچىشتۇرىدىغان مەنزىرىنى كۆرگەن بولاتتىڭ.

*****

**ۋەز – نەسىھەت:** ھەر كۈنى بىر باسقۇچ ئىلگىرىلەيدىغان، ئەمەل دەپتىرى تېرىقتەك نەرسىنىمۇ تاشلاپ قويماي يېزىپ ماڭىدىغان، ئارقا – ئارقىدىن كەلگەن ئاگاھلاندۇرغۇچى ۋە ئاگاھلاندۇرۇشتىن مەنپەئەت ئالمىغان، ۋەز - نەسىھەتچىگە قۇلاق سالماي، ئەكسىچە ئۇنى مەسخىرە قىلغان، ھىدايەت نۇرى ئاشكارا بولغاندا، ئۇنى كۆرمەسكە سالغان ۋە بۇ ھەقتە ئويلىنىپمۇ قويمىغان، ئەبەدى ياشاشنى ئارزۇ قىلغانلارنىڭ يامان ئاقىۋىتىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، يەنە ئۇنى ئارزۇ قىلغان، چېچىغا ئاق سانجىلغاندىن كېيىنمۇ، ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلىشتىن ئۆزىنى تارتمىغان ھەي نادان ئىنسان! سەن خالىغىنىڭنى قىلغىن، ئالدىڭدا قىيامەت ۋە ھېساب – كىتاب سېنى كۈتۈپ تۇرىۋاتىدۇ. تېنىڭنى ھۇزۇرلاندۇرغىن، قۇرت - قوڭغۇزلار تەشنالىق بىلەن ساقلاۋاتىدۇ. سوئال ـ سوراق كۈنىگە ئىشىنىدىغان مۇئمىننىڭ ئىرادىسىدىن بوشاپ قالغىنىغا ھەيرانمەن. بۇ ئالدىنىشتىن قاچان ھوشۇڭنى تاپىسەن؟! سېنىڭ ھالىڭغا ۋاي! الله سېنى ھۇزۇرىغا چاقىرىپ، دەرۋازىسىنى كەڭ ئاچتى. ئەگەر ئۇنىڭ ھۇزۇرىدىكىنى بىلسەڭ، سېنى ئالى مەرتىۋىلىك قىلغانلىقىنى بىلەلەيسەن. شۇڭا سەن پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، قولىدىن بېرىپ قويغانلىرىڭنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇشقا تىرىشقىن! مۇئمىننىڭ قالغان ئۆمرى بىباھا گۆھەردۇر.

## يىگىرمە سەككىزىنچى چوڭ گۇناھ:

## ھارام يېيىش

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلاَ تَأْكُلُواْ أَمْوَالَكُم بَيْنَكُم بِالْبَاطِلِ﴾ ﴿بىر ـ بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى ناھەق يەۋالماڭلار﴾[1]. ئىبنى ئاببااس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بۇ ئايەتنى: مالنى ناھەق يەۋېلىش قىرىندىشىنىڭ قولىدىكى مالنى يالغان قەسەم ئىچىپ ئېلىۋېلىشتۇر، ـ دەپ تەپسىر قىلغان[2].

باشقىلارنىڭ مېلىنى ناھەق يەۋېلىش مۇنداق ئىككى خىل بولىدۇ: بىرى، تارتىۋېلىش، خىيانەت قىلىش ۋە ئوغرىلاش ئارقىلىق زۇلۇم قىلىپ يەۋېلىش؛ يەنە بىرى، قىمارغا ئوخشاش ئويۇن ئويناش ئارقىلىق يەۋېلىش. سەھىھ بۇخارىدا رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «بىر تۈركۈم كىشىلەر الله تائالانىڭ مېلىنى ناھەق بۇزۇپ چاچىدۇ، ئۇلار قىيامەت كۈنى دوزاخقا كىرىدۇ»[3].

سەھىھ مۇسلىمدا رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «... كىشى ئۇزۇن سەپەر قىلىدۇ، چاچلىرى چۇۋۇق، ئۈستىنى چاڭ باسقان ھالدا قوللىرىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ: ئى رەببىم! ئى رەببىم! ـ دەپ دۇئا قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئۇنىڭ يەيدىغىنى ھارام، ئىچىدىغىنى ھارام، كىيىدىغىنى ھارام ۋە ھارام نەرسىلەر بىلەن ئوزۇقلانغان تۇرسا، دۇئاسى قانداقمۇ ئىجابەت بولسۇن؟!»[4]

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن:

---

[1] سۈرە بەقەرە، 188 ـ ئايەت.

[2] ئىبنى كەسىر نەقىل قىلغان.

[3] بۇخارى ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

[4] مۇسلىم، تىرمىزى، دارىمى ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

_ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئاللاھقا دۇئا قىلساڭ، مېنى دۇئاسى ئىجابەت بولىدىغانلاردىن قىلسىكەن، - دېسەم، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

_ ئى ئەنەس! ھالالدىن كەسىپ قىلغىن، دۇئايىڭ ئىجابەت بولىدۇ. ئاغزىغا بىر لوقما ھارام كىرگەن كىشىنىڭ قىرىق كۈنگىچە دۇئاسى ئىجابەت قىلىنمايدۇ،[1] - دېدى.

بەيھەقى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئاللاھ تائالا رىزقىڭلارنى تەقسىم قىلغاندەك، ئەخلاقىڭلارنىمۇ تەقسىم قىلغان. ئاللاھ تائالا مال - دۇنيانى ياخشى كۆرگەن ۋە ياخشى كۆرمىگەن بەندىسىگىمۇ بېرىدۇ. ئەمما دىنىنى پەقەت ياخشى كۆرگەن بەندىسىگىلا بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا دىنىنى كىمگە بەرسە، بۇ ئۇنى ياخشى كۆرگەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر. كىمكى ھارامدىن پۇل - مال تېپىپ سەرپ قىلسا، ئۇنىڭ بەرىكىتى بولمايدۇ. سەدىقە قىلسا، سەدىقىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئارقىسىغا تاشلاپ كەتكەن پۇل - ماللىرى ئۇنىڭ جەھەننەمدە قېلىشىنى تېخىمۇ زىيادە قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا گۇناھنى گۇناھ بىلەر يۇمايدۇ، بەلكى گۇناھنى ساۋاب بىلەن يۇيىدۇ»[2].

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مال - دۇنيانىڭ مەرى ئىسسىقتۇر، كىمكى بۇ دۇنيادا ھالالدىن پۇل - مال تېپىپ، ئۇنى ھالال يولغا سەرپ قىلسا، ئاللاھ ئۇنى مۇكاپاتلايدۇ ۋە جەننەتكە كىرگۈزىدۇ. كىمكى بۇ دۇنيادا ھالالدىن پۇل - مال تېپىپ، ئۇنى ھارام يولغا سەرپ قىلسا، ئاللاھ ئۇنى دوزاخقا كىرگۈزىدۇ. نەپسى ھارامغا بېرىلىپ كەتكەن قانچىلىغان كىشىلەر باركى، قىيامەت كۈنى ئۇلار دوزاخقا كىرىدۇ»[3].

---

[1] دۇئاسىنىڭ ئىجابەت بولۇشىنى سورىغان كىشى ئەسلىدە سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇر، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەمەس. ئىبنى ھەجەر ھەيسەمى: بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە كىملىكى نامەلۇم بىرى بار، - دېگەن.

[2] ئەھمەد، ھاكىم ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: زەئىپ، - دېگەن.

[3] بەيھەقى رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: زەئىپ، - دېگەن. ئەمما تەبەرانى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مەزمۇندا بىر ھەدىس رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئەلبانى ئۇنى: سەھىھ، دېگەن.

يەنە ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى پۇل - مالنى قەيەردىن تاپقانلىقىغا پەرۋا قىلمىسا، اللهمۇ ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماستىن دوزاخنىڭ قايسى دەرۋازىسى ئۇدۇل كەلسە، شۇنىڭدىن كىرگۈزىۋېتىدۇ»[1].

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: بىرىڭلارنىڭ ئاغزىغا توپا سېلىشى ھارام لوقما سېلىشىدىن ياخشىدۇر، - دېگەن[2]. يۇسۇف ئىبنى ئەسبات (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دەيدۇ: بىرەر يىگىت ئىبادەت قىلىۋاتقان چاغدا، شەيتان ياردەمچىلىرىگە: ئۇنىڭ تاماقىنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىگە قاراڭلار، ئەگەر يەيدىغىنى ھارامدىن كەلگەن بولسا، ئۇنىڭغا تەگمەڭلار، ئۇ ھېرىپ چارچىسۇن، تىرىشسۇن. چۈنكى ئۇنى ئازدۇرۇشقا ئۆزى كۇپايە قىلىدۇ. ئۇ ھارامدىن تېپىپ يېگەنلىكى ئۈچۈن تىرىشچانلىقى ئۇنىڭغا پايدا بەرمەيدۇ، - دەيدۇ.

يۇسۇف ئىبنى ئەسباتنىڭ سۆزىنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يەيدىغىنى ھارام، ئىچىدىغىنى ھارام، كىيىدىغىنى ھارام ۋە ھارام نەرسىلەر بىلەن ئوزۇقلانغان كىشى ھەققىدە: «دۇئاسى قانداقمۇ ئىجابەت بولسۇن؟!» دېگەن سۆزى كۈچلەندۈرىدۇ. بىر ھەدىستە رىۋايەت قىلىنىشىچە، بىر پەرىشتە بەيتۇلمۇقەددەستە كېچە - كۈندۈز: «كىمكى ھارام يېسە، الله ئۇنىڭ نە نەپلە، نە پەرز ئىبادىتىنى قوبۇل قىلمايدۇ» دەپ نىدا قىلىدۇ، - دېيىلگەن[3].

ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك: شۈبھىلىك بىر تەڭگە چاغلىق پۇلنى رەت قىلىشىم يۈز مىڭ تەڭگىنى سەدىقە قىلغىنىمدىن ياخشىدۇر، دېگەن.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «ھارام مال بىلەن ھەج قىلغان كىشى "لەببەيك (يەنى ھازىرمەن

---

[1] سەييىد ئىبراھىم: بۇ ھەدىس ئاساسلىق ھەدىس مەنبەلىرىدە تېپىلمىدى. ھەقىقەتنى الله بىلگۈچىدۇر.

[2] ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر.

[3] ھەيسەمى «ئەززەۋاجىر» ناملىق كىتابىدا نەقىل قىلغان.

ئى الله!)" دېگەن چاغدا، پەرىشتە:"لا لەببەيك ۋەلا سەئدەيك (يەنى سەن ھازىر ئەمەسسەن، ئىلتىجالىرىڭ قوبۇل قىلىنمىدى)"، قىلغان ھەججىڭ ئۆزەڭگە رەت قىلىندى، - دەيدۇ» [1].

ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئون تەڭگىگە بىر كىيىم سېتىۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭ پۇلىغا بىر تەڭگە چاغلىق ھارام پۇل ئارىلىشىپ قالسا، مادامىكى ئۇ كىيىم ئۇنىڭ ئۇستىدىلا بولىدىكەن، الله ئۇنىڭ نامىزىنى قوبۇل قىلمايدۇ» [2].

ۋەھب ئىبنى ۋەرد مۇنداق دەيدۇ: سەن داۋاملىق ناماز ئوقۇساڭمۇ، قورسىقىڭغا كىرگەن نەرسىنىڭ ھالال ياكى ھاراملىقىغا دىققەت قىلمىساڭ، (ئوقۇغان نامىزىڭ) ساڭا پايدا بەرمەيدۇ.

ئىبنى ئاببا‌س رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: الله قورسىقىدا ھارام نەرسە بار كىشىنىڭ نامىزىنى، ئۇ تەۋبە قىلمىغىچە قوبۇل قىلمايدۇ، - دېگەن.

سۇفيان سەۋرى: تائەت - ئىبادەت يولىدا ھارام مال سەرپ قىلغان كىشى كىيىمنى سۈيدۈك بىلەن پاكلىماقچى بولغان كىشىگە ئوخشايدۇ. ھالبۇكى، كىر كىيىمنى پەقەت سۇ تازىلايدۇ. گۇناھنى پەقەت ھالال نەرسە يۇيىدۇ، - دېگەن.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: بىز ھارامغا چۈشۈپ قېلىشتىن قورقۇپ، ھالالنىڭ ئوندىن توققۇزىنى تەرك ئېتەتتۇق، - دېگەن.

كەئب ئىبنى ئۇجرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ھارام بىلەن ئۆزلۈقلانغان بەدەن جەننەتكە كىرمەيدۇ» [3].

زەيد ئىبنى ئەرقەم مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر قۇلى بىلەن مەلۇم مىقداردا پۇل تېپىپ بېرىش بەدىلىگە ئۇنى ئازات قىلىشقا توختاملاشتى. قۇلى ھەر كۈنى پۇل ياكى

---

[1] ھەيسەمى: بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە سۇلايمان ئىبنى داۋۇد يامامى ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، - دېگەن.

[2] ئەھمەد رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: ئىنتايىن زەئىپ، - دېگەن.

[3] ھەيسەمى: بۇ ھەدىسنى بەززار، ئەبۇ يەئلا ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان، - دېگەن. ئەسلىدە بۇ ھەدىس كەئب ئىبنى ئۇجرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئەمەس، ئەكسىچە، ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان.

يېمەكلىك ئېلىپ كېلەتتى. ئۇ ئۇنىڭدىن: بۇ نەرسىلەرنى قەيەردىن ئېلىپ كەلدىڭ؟ - دەپ سورايتى. ھالاللىقىغا قانائەتلەنسە ئالاتتى، بولمىسا ئالمايتتى. قۇل بىر كۈنى يەيدىغان نەرسە ئېلىپ كەلدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ روزا تۇتقان ئىدى. ئۇ بۇ يېمەكتىن (ئېپتاردا) بىر لوقما يېدى، بىراق سوراشنى ئۇنۇتقانىدى. كېيىن ئۇ ئۇنىڭدىن بۇ تاماقنى قەيەردىن ئېلىپ كەلگەنلىكىنى سورىدى. قۇل:

_ مەن جاھىلىيەت دەۋرىدە ئىنسانلارغا پال ئاچاتتىم، پال ئېچىشنى ياخشى بىلمەيتتىم، ئەمما ئۇلارنى ئالدايتتىم (مانا بۇ، ئاشۇ يول بىلەن قولغا كەلگەن تاماق)، - دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

_ ئىست ساڭا! مېنى ھالاك قىلغىلى تاس قالدىڭ، - دېدى. كېيىن قۇسۇش ئۈچۈن قولىنى ئاغزىغا تىقتى، ئەمما قۇسالمىدى. بىرى ئۇنىڭغا: ئۇنى پەقەت سۇ بىلەن قۇسالىشىڭ مۇمكىن، - دېدى. شۇنىڭ بىلەن، سۇ ئەكەلدۈرۈپ ئىچتى ۋە قۇسۇشقا باشلىدى. ئاخىرى ئاشقازاندىكى ھەممە نەرسىنى قۇسۇپ چىقاردى. بىرى ئۇنىڭغا:

_ الله ساڭا رەھمەت قىلسۇن، بىر لوقما يېمەك ئۈچۈن مۇشۇنچىۋالا قىلىپ كېتەمسەن؟ - دېگەن ئىدى، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

_ ئۇنى قۇسۇپ چىقىرىش ئۈچۈن جېنىم چىقىپ كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ، قۇسۇپ چىقارغان بولاتتىم، چۈنكى مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ھارامدىن ئۆسكەن ھەرقانداق تەنگە دوزاخ ئوتى ئەڭ لايىقتۇر» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، بۇ بىر لوقما يېمەك تۆپەيلى تېنىمدە ھارام ئۆسۈپ قېلىشىدىن قورقتۇم[1]، - دېدى.

يۇقىرىدا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ھارام بىلەن غىزالانغان بەدەن جەننەتكە كىرمەيدۇ» دېگەن ھەدىسى بايان قىلىندى. ئۆلىمالار (الله ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

دەيدۇ: بۇ ھەدىسنىڭ ئىچىگە باج - سېلىق ئالغۇچىلار، ئامانەتكە خىيانەت قىلغۇچىلار، ئالدامچىلار، ئوغرىلار، ناھەق ئىش قىلغۇچىلار، پارىخورلار، تارازا ۋە ئۆلچەمدە كەم بەرگۈچىلەر، مىلىنىڭ ئەيىبىنى يوشۇرۇپ ساتقۇچىلار، قىمارۋازلار، سېھىرگەرلەر، مۇنەججىملەر (يۇلتۇزغا قاراپ سۆزلەيدىغانلار)، رەسساملار، زىناخورلار، مېيىت ئۈچۈن پەرياد قىلىپ يىغلايدىغانلار، ساتقۇچىنىڭ خەۋىرىسىز مىلىنى بازارغا سېلىپ، كېيىن ھەققىنى ئالىدىغان دەللاللار، ھۆر كىشىنى سېتىپ، پۇلىنى خەجلىگەنلەر ۋە مۇشۇ تۈردە پۇل – مالغا ئىگە بولغانلارنىڭ ھەممىسى كىرىدۇ.

*****

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قىيامەت كۈنى ”تىھامە تېغى“دەك ساۋاب ئىشلارنى قىلغان بىر گۇرۇھ ئىنسانلار كەلتۈرۈلىدۇ. ئۇلار كەلتۈرۈلگەندە، الله ئۇلارنىڭ بۇ ساۋابلىرىنى ھاۋاغا سورۇلغان چاڭ - توزاڭغا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ. كېيىن ئۇلارنى دوزاخقا تاشلايدۇ» دېگەن ئىدى، ساھابىلەر:

_ ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟ - دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

_ ئۇلار روزا تۇتاتتى، زاكات بېرەتتى ۋە ھەج قىلاتتى. ئەمما ئۇلارغا ھارام نەرسە تەگلەنسە، ئۇلار ئۇنى قوبۇل قىلاتتى، شۇڭا الله ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى بىكار قىلىۋەتتى، - دەپ جاۋاب بەردى[1].

سالىھ كىشىلەردىن بىرى ئۆلگەندىن كېيىن بىر كىشىنىڭ چۈشىگە كىرىپتۇ. ئۇ ئۇنىڭدىن:

_ الله تائالا ساڭا قانداق مۇئامىلە قىلدى؟ - دەپ سوراپتۇ. سالىھ كىشى:

_ ياخشى مۇئامىلە قىلدى. پەقەت ئارىيەت ئالغان بىر يىڭنىنى ئىگىسىگە قايتۇرمىغانلىقىم ئۈچۈن جەننەتكە كىرىشتىن توسۇلۇپ تۇرىۋاتىمەن، - دەپتۇ. الله تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ، بىزنى

[1] ھەيسەمى: بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە كۇلسۇم ئىبنى زەيياد ۋە بەكىر ئىبنى سەھل دەمياتى ئىسىملىكى ھەدىسى زەئىپ ئىككى كىشى بار، - دېگەن.

ئەپۇ ۋە ئامان قىلىشنى، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ئىشلارنى قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلىشنى تىلەيمىز، ئۇ ناھايىتى سېخىي، ناھايىتى كەرەملىك، ناھايىتى كۆيۈمچان، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

*****

**ۋەز ـ نەسىھەت:** ئى ئاللاھنىڭ قۇللىرى! كېچە ـ كۈندۈز ئىنسانلارنىڭ ئۆمرىنى قىسقارتىۋاتىدۇ، دۇنيادىكىلەر زاۋاللىققا قاراپ مېڭىۋاتىدۇ، سالامەتلىك ئاخىرلىشىپ، كېسەللىك چىرماۋاتىدۇ، خاتىرجەملىك كامالىغا يەتمەيۋاتىدۇ، مۇراد – مەقسەت ھاسىل بولغاندىن كېيىن ئەجەل ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ. سىلەرنىڭ تېخىچە ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلىشتىن خەۋەرىڭلار يوقمۇ؟ ئۇ دۇنياغا كۆچۈش ۋاقتى يېقىنلاشتى. سىلەرگە ئىبرەتلىك مىساللار مىسال قىلىپ ئاڭلىتىلمىدىمۇ؟

دۇنيانىڭ چاقماق تېزلىكىدە ئۆتۈپ كېتىدىغان زىبۇزىننەتلىرىگە بېرىلگەن، نەپسى خاھىشىغا ئەگىشىپ، ئۈستىدىكى ھەق – ھوقۇقلارنى زايا قىلغان ئى ئىنسان! ياراتقۇچىغا قارشى چىقىپ، ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلمايسەن – يۇ، مەخلۇقاتتىن ھايا قىلىپ، ئۇلارنى رازى قىلىشقا تىرىشىسەن. سەن بۇ كېسەل نەپسىڭگە يىغلىغىن، چۈنكى سەن يىغلاشقا لايىقسەن. قېنى ئېيتىپ باققىنچۇ؟ دوستىڭنىڭ ئۆلگىنىنى كۆرۈپ، ئۆزىڭنىمۇ ئۆلىدىغانلىقىڭغا ئىشەنگەن، ئاخىرەتكە بولغان ئىمانى قەلبىگە ئورۇنلاشقان كىشى جىنايەتلىرى ۋە گۇناھلىرىنىڭ جازاسىنى ئۇنۇتقان ھالدا خاتىرجەم ئۇخلىيالامدۇ؟! ئۆلۈم كىشىنى ئائىلىسى، تۇغقانلىرى ۋە دوستلىرىدىن ئايرىپ، قەبرىگە ئاپىرىپ تاشلايدۇ.

ئى ئەقىل ئىگىسى ئىنسان! سەندىن ئىلگىرى ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلغان بىرەر دوستۇڭنىڭ مازىرىغا بېرىپ، ئۇ يەردە ئىبرەت نەزىرى بىلەن ئويلانغىن. بەلكى ئۇنىڭغا قۇلاقنى تېشىۋەتكىدەك ۋەز ـ نەسىھەتلەر قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئۇنىڭدىن پايدىلانمىغان، ھىدايەت نۇرى كەلگەندە، ئۇنى كۆرمەس بولۇۋالغان بولۇشى مۇمكىن. ھەق تائالا تىلىغا ئېلىنغاندا، تىترىمىگەن قەلبىنىڭ

ھالىغا ۋاي! چېچىغا ئاق سانجىلغان ئى ئىنسان! ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرۈڭ قايتىپ كېلەمدۇ؟ شۇڭا قالغان ئۆمرۈڭگە ھېزى بولۇپ، ھەرقانداق گۇناھتىن قەتئىي يانغىن. ئاللەقا يۈزلەنگىن. چۈنكى، قىيامەتتىكى قورقۇنچ ناھايىتى چوڭ، ھېساب ناھايىتى ئېغىر، يول ناھايىتى ئۇزۇندۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ عَذَابَ رَبِّكَ لَوَاقِعٌ مَا لَهُ مِن دَافِعٍ﴾ ﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئازابى چوقۇم يۈز بەرگۈسىدۇر. ئۇنىڭغا ھېچ ئادەم قارشى تۇرالمايدۇ﴾[1].



[1] سۈرە تۇر، 7 ـ ۋە 8 ـ ئايەتلەر.

## يـگـرمە تـوققۇزىنچى چوڭ گۇناھ:

## ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلاَ تَقْتُلُواْ أَنفُسَكُمْ إِنَّ اللَّهَ كَانَ بِكُمْ رَحِيمًا وَمَن يَفْعَلْ ذَلِكَ عُدْوَانًا وَظُلْمًا فَسَوْفَ نُصْلِيهِ نَارًا وَكَانَ ذَلِكَ عَلَى اللَّهِ يَسِيرًا﴾ ﴿سىلەر ئۆزەڭلارنى (يەنى بىر - بىرىڭلارنى) ئۆلتۈرمەڭلار. الله ھەقىقەتەن سىلەرگە ناھايىتى مېھرىباندۇر. كىمكى چەكتىن ئېشىپ ۋە زۇلۇم قىلىپ ئۇنى (يەنى الله چەكلىگەن ئىشلارنى) قىلىدىكەن، ئۇنى دوزاخقا كىرگۈزىمىز. بۇ، اللهقا ئاساندۇر﴾[1].

ۋاھىدى (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) ﴿سىلەر ئۆزەڭلارنى (يەنى بىر - بىرىڭلارنى) ئۆلتۈرمەڭلار﴾ دېگەن ئايەتنى تەپسىر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: يەنى سىلەر بىر - بىرىڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار، چۈنكى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بىردۇر. شۇڭا سىلەر ھەممىڭلار بىر جانغا ئوخشايسىلەر. بۇ، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ۋە باشقا كۆپلىگەن تەپسىرشۇناسلارنىڭ بىردەك پىكرىدۇر.

ئەمما بەزى تەپسىرشۇناسلار: بۇ ئايەت ئىنساننى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشتىن توسۇشقا دالالەت قىلىدۇ، - دەيدۇ. ئەبۇ مەنسۇر مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد مەنسۇرنىڭ ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسى بۇ قاراشنىڭ توغرىلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن زاتۇسسەلاسىل غازىتىغا چىققاندا، سوغۇق بىر كېچىسى ئېھتىلام بولۇپ قالدىم. كېسەل بولۇپ قېلىشىمدىن ئەنسىرەپ غۇسۇل قىلماي، ئۇنىڭ ئورنىغا تەيەممۇم قىلدىم. ئاندىن سەپداشلىرىمغا ئىمام بولۇپ بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بەردىم. كېيىن بۇ ئىشنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سۆزلەپ بەرسەم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئى ئەمر!

[1] سۈرە نىسا، 29 - ۋە 30 ـ ئايەتلەر.

سەن جۇنۇپ تۇرۇپ، سەپداشلىرىڭغا ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇپ بەردىڭمۇ؟» دېدى. مەن نېمە ئۈچۈن غۇسۇل قىلالمىغىنىمنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ بەردىم ۋە: الله تائالانىڭ: ﴿وَلاَ تَقْتُلُواْ أَنفُسَكُمْ إِنَّ اللّهَ كَانَ بِكُمْ رَحِيمًا﴾ ﴿سىلەر ئۆزەڭلارنى (يەنى بىر - بىرىڭلارنى) ئۆلتۈرمەڭلار. الله ھەقىقەتەن سىلەرگە ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾ دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، - دېدىم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۈلۈپ قويدى، ئەمما ھېچ نەرسە دېمىدى[1].

مانا بۇ ھەدىس شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئايەتتىن ئىنسانىنىڭ باشقىلارنى ئەمەس، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈشتىن چەكلەنگەنلىكىنىڭ ئىپادىسىنى بىلدۈرگەن. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ بۇ سۆزىگە قارشى چىقمىغان.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما الله تائالانىڭ: ﴿كىمكى ئۇنى قىلىدىكەن﴾ دېگەن سۆزىنى: "بۇ ئالماش سۇرىنىڭ بېشىدىن تارتىپ تاكى بۇ ئايەتكىچە بولغان بارلىق چەكلىمىلەرنى كۆرسىتىدۇ" دەپ تەپسىر قىلغان. بەزى تەپسىرشۇناسلار: ﴿كىمكى چەكتىن ئېشىپ ۋە زۇلۇم قىلىپ ئۇنى (يەنى الله چەكلىگەن ئىشلارنى) قىلىدىكەن﴾ دېگەن ئايەتتىكى ئاگاھلاندۇرۇش يېتىمنىڭ مېلىنى ناھەق يەۋېلىش، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش، شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە اللهنىڭ ئەمرىگە قارشى چىقىش قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ، دەپ تەپسىر قىلغان. ﴿بۇ، اللهقا ئاساندۇر﴾ دېگەن ئايەت: الله دوزاخقا كىرگۈزىدىغانلىقى بىلەن ئاگاھلاندۇرغان ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا قادىردۇر، - دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

جۇندۇب ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «سىلەردىن بۇرۇن ئۆتكەن ئۈممەتلەرنىڭ بىرىدە يارىلانغان بىر كىشى بولۇپ، ئاغرىققا چىدىماي، پىچاق ئېلىپ قولىنى كەستى.

[1] ئەبۇ داۋۇد ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

قــان توختىمــاي، ئــاخىرى ئۆلــۈپ كەتتــى. اللە تائــالا: بەنــدەم ئالــدىراپ كېتىــپ، مېنىــڭ ئالــدىمغا ئــۆزى كەپتــۇ، ئۇنىڭغــا جەننەتنــى ھــارام قىلدىم، - دېدى»[1].

ئەبــۇ ھــۇرەيرە رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇدىن رىــۋايەت قىلىنىــدۇكى، پەيغەمــبەر ســەللاللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەم مۇنــداق دېــگەن: «كىمكــى ئــۆزىنى تۆمــۈر بىــلەن ئۆلتۈرســە، دوزاخ ئوتىــدا قولىــدىكى ئاشــۇ تۆمــۈرنى قورســىقىغا ســانجىش بىــلەن داۋاملىــق ئازابلىنىــدۇ، ئــۇ دوزاختــا ئەبەدى قالىــدۇ. كىمكــى ئــۆزىنى زەھەر بىــلەن ئۆلتۈرســە، دوزاخ ئوتىــدا قولىــدىكى ئاشــۇ زەھەرنــى ئىچىــش بىــلەن داۋاملىــق ئازابلىنىــدۇ، ئــۇ دوزاختــا ئەبەدى قالىــدۇ. كىمكــى ئــۆزىنى تاغــدىن تاشــلاپ ئۆلتۈرســە، دوزاخ ئوتىــدا تاغــدىن ئــۆزىنى تاشــلاپ ئازابلىنىــدۇ. ئــۇ دوزاختــا ئەبەدى قالىدۇ»[2].

ســابىت ئىبنــى زەھھــاكتىن رىــۋايەت قىلىنىــدۇكى، پەيغەمــبەر ســەللاللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەم مۇنــداق دېــگەن: «مــۇئمىنگە لەنەت قىلىــش ئــۇنى ئۆلتۈرگەنلىــك بىــلەن بــاراۋەر. بىــر مــۇئمىنگە كــۇپرى بىــلەن تــۆھمەت قىلىــش ئــۇنى ئۆلتۈرگەنلىــك بىــلەن بــاراۋەر. كىشــى ئــۆزىنى نــېمە بىــلەن ئۆلتۈرســە، قىيــامەت كــۈنى ئاشــۇ نەرســە بىــلەن ئازابلىنىدۇ»[3].

ســەھىھ بىــر ھەدىســتە رىــۋايەت قىلىنىشــىچە، ئۇرۇشــتا يارىــدار بولــۇپ، ئاغرىقىغــا چىــدىماي ئــۆزىنى قىلىچىنىــڭ ئۇســتىگە تاشــلاپ ئۆلتۈرۈۋالغــان بىــر كىشــى ھەققىــدە پەيغەمــبەر ســەللاللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەم: «ئــۇ دوزاخ ئەھلىــدىن»[4] دېــگەن. اللە تائالاغــا ئىلتىجــا قىلىــپ، بىزنــى تــوغرا يولغــا باشلىشــىنى، نەپســىمىزنىڭ يامانلىقلىرىــدىن ۋە يامــان ئەمەللەردىــن ساقلىشــىنى تىلەيمىــز. ئــۇ ناھــايىتى ســېخىي، ناھــايىتى مەرد، گۇنــاھلارنى تولىمــۇ ئەپــۇ قىلغــۇچى، ناھــايىتى مېھرىبان زاتتۇر.

---

[1] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

[2] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

[3] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

[4] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

**ۋەز ـ نەسىھەت:** ئى ئىنسان! قىلغان ئىشىڭنىڭ ھىيلە ـ مىكىر ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، قانداقمۇ ئۇنى دۇرۇس دەپ ئويلايسەن؟ پەرۋەردىگارىڭغا باغلىق بولۇشنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، قانداقمۇ ئۇنى تەرك ئېتىسەن؟ سەپەرنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى بىلىپ تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن ئوزۇق ـ تۈلۈكنى كەم ئالىسەن؟ بىزدىن يۈز ئۆرۈگەن ئى ئىنسان! بۇ ئاۋارىگەرچىلىك ۋە بۇ يۈز ئۆرۈش قاچانغىچە داۋام قىلىدۇ؟ ئۆلۈمدىن ۋە ئۆمۈردىن غاپىل قالغان ئى ئىنسان! شەك – شۈبھىسىزكى، ھاياتىڭ كۈندىن - كۈنگە تۈگەپ بارماقتا. ئارزۇ ھەۋەسلىرىڭگە ئالدانغىچە، ئەتراپىڭغا قارىساڭچۇ، ئۆلۈم قوللىرىنى ئۇزارتىپ كەلمەكتە، ئەجىلىڭ قىسقىرىماقتا. سالامەتلىكىڭگە ۋە تېنىڭگە ئۈنچىۋالا ئىشىنىپ كەتمە، چۈنكى، تېنىڭ ھەر كۈنى ئاجىزلىماقتا. ھاياتىڭ كۈنسېرى خوراپ كېتىۋاتماقتا. سەن تۈگەيسەن، الله مەڭگۈ قالىدۇ. لېكىن سەن تېخىچە ئاخىرەت ئۈچۈن ئوزۇق ـ تۈلۈك ئېلىشتىن غەپلەتتە قېلىۋاتىسەن. بىلگىنكى، سېنىڭ كېچەڭ كۈندۈزۈڭگە تەھدىت سالماقتا. ئەمما سەن تېخىچە بىپەرۋالىق قىلىۋاتىسەن. ئۆلۈم ئوقلىرى ھەر تەرەپتىن ياغماقتا. ھالاكەت گىرداۋىغا ھەيدەلگەن ئى ئىنسان! كۆلنىڭ سۈيى قۇرۇپ، تېگىدە نېمە بار، نېمە يوق ھەممىسى مەلۇم بولۇشقا باشلىدى. مۇشۇنچىۋالا ئىشلارنى بېشىڭدىن ئۆتكۈزۈپ تۇرۇپ، قانداقمۇ خاتىرجەم ئۇخلاشقا قادىر بولالايسەن؟!

## ئوتتۇزىنچى چوڭ گۇناھ:

# كۆپ ھاللاردا يالغان سۆزلەش

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ثُمَّ نَبْتَهِلْ فَنَجْعَل لَّعْنَتَ اللهِ عَلَى الْكَاذِبِينَ﴾ ﴿اللهنىڭ لەنتىنى يالغانچىلارغا بولسۇن، دەپ اللهقا يالۋۇرۇپ دۇئا قىلايلى﴾[1]؛ ﴿قُتِلَ الْخَرَّاصُونَ﴾ ﴿كاززاپلارغا لەنەت بولسۇن﴾[2]؛ ﴿إِنَّ اللهَ لَا يَهْدِي مَنْ هُوَ مُسْرِفٌ كَذَّابٌ﴾ ﴿الله ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئاشقان يالغانچىنى ھىدايەت قىلمايدۇ﴾[3].

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «راستچىللىق (ئىنساننى) ياخشىلىققا باشلايدۇ، ياخشىلىق بولسا، جەننەتكە باشلايدۇ. كىشى ھەمىشە راست سۆزلەۋېرىپ ۋە راست سۆزلەشكە تىرىشىپ، ئاخىرى، اللهنىڭ دەرگاھىدا راستچىل دەپ يېزىلىدۇ. يالغانچىلىق (ئىنساننى) گۇناھقا باشلايدۇ، گۇناھ بولسا، دوزاخقا باشلايدۇ. كىشى ھەمىشە يالغان سۆزلەۋېرىپ ۋە يالغان سۆزلەشكە تىرىشىپ، ئاخىرى، اللهنىڭ دەرگاھىدا يالغانچى دەپ يېزىلىدۇ»[4].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «مۇناپىقنىڭ ئالامىتى (گەرچە ئۇ ناماز ئوقۇغان، روزا تۇتقان ۋە مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان بولسىمۇ) ئۈچتۇر: بىرى، گەپ قىلسا يالغان سۆزلەيدۇ؛ يەنە بىرى، ۋەدە قىلسا ۋەدىسىدە تۇرمايدۇ؛ ئۈچىنچىسى، ئىشەنچلىك دەپ قارالسا، خىيانەت قىلىدۇ»[5].

---

[1] سۈرە ئال ئىمران، 61 ـ ئايەت.
[2] سۈرە زارىيات، 10 ـ ئايەت.
[3] سۈرە غافىر، 28 ـ ئايەت.
[4] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.
[5] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دەيدۇ: «تۆت ئالامەت بولۇپ، كىمدە بۇ تۆت ئالامەت تېپىلسا، خالىس مۇناپىق بولىدۇ. كىمدە بۇ ئالامەتلەردىن بىرسى تېپىلسا، تاكى ئۇ ئۇنى تەرك ئەتمىگىچە ئۇنىڭدا مۇناپىقلىقنىڭ بىر ئالامىتى تېپىلغان بولىدۇ: ئۇ گەپ قىلسا، يالغان سۆزلەيدۇ. ئىشەنچلىك دەپ قارالسا، خىيانەت قىلىدۇ. ۋەدە قىلسا، ۋەدىسىدە تۇرمايدۇ. بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالسا، ئاغزىنى بۇزىدۇ»[1].

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆرگەن چۈشىنى سۆزلەپ بەرگەن بىر ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ: «بىرى ئۇخلىغىنىدا ياتقان، يەنە بىرى تۆمۈر ئىلمەك تۇتۇپ ئۆرە تۇرغان ئىككى ئادەمنىڭ يېنىغا كەلدۇق. ئۆرە تۇرغان ئادەم بۇ تۆمۈر ئىلمەك بىلەن ئۇخلىغىنىدا ياتقان ئادەمنىڭ بىر جاۋغىيى ۋە بىر كۆزىدىن تارتىپ، گەدىنىگىچە يىرتاتتى. ئاندىن يەنە بىر تەرىپىگە ئۆتۈپ شۇنداق قىلاتتى. بىر تەرەپنى يىرتىۋاتقاندا، يەنە بىر تەرىپى ئەسلى ھالىغا كېلىپ قالاتتى. بۇ ئەھۋال قىيامەتكىچە مانا شۇنداق داۋام قىلىدۇ. مەن پەرىشتىلەردىن:

_ بۇ كىم؟ - دەپ سورىغانىدىم، پەرىشتىلەر:

_ ئۇ ھەر كۈنى سەھەردە ئۆيىدىن چىقاتتى، شۇنداق يالغان سۆزلەيتتىكى، ئۇنىڭ يالغان سۆزلىرى ئاسماننى قاپلايتتى، - دەپ جاۋاب بەردى»[2].

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «مۆئمىن خىيانەت ۋە يالغانچىلىقتىن باشقا ھەممە ئىشنى قىلىپ سالىدۇ»[3]؛ «گۇمان قىلىشتىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى گۇمان يالغانچىلىقنىڭ ئەڭ يامىنىدۇر»[4]؛ «اللە تائالا قىيامەت كۈنى ئۈچ تۈرلۈك كىشىگە گەپ قىلمايدۇ، ئۇلارغا (رەھمەت نەزىرى بىلەن) قارىمايدۇ، ئۇلارنى (گۇناھتىن) پاكلىمايدۇ، ئۇلارغا قاتتىق ئازاب بار:

---

[1] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

[2] بۇخارى ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

[3] ئىمام ئەھمەد ۋە ئىبنى ئەبۇ شەيبە رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەنەدى زەئىپ، - دېگەن.

[4] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

بىرى، قىرى زىناخور (يەنى قېرىپ قالغىنىغا قارىماي زىنا قىلغۇچى)؛ يەنە بىرى، يالغانچى پادىشاھ؛ ئۈچىنچىسى، مۇتەكەببىر كەمبەغەل»[1]؛ «كىشىلەرنى كۈلدۈرۈش ئۈچۈن يالغان سۆزلەيدىغان ئادەمنىڭ ھالىغا ۋاي! ئۇنىڭ ھالىغا ۋاي! ئۇنىڭ ھالىغا ۋاي! ئۇنىڭ ھالىغا ۋاي!»[2]

قەسەم ئىچىپ تۇرۇپ يالغان سۆزلەش تېخىمۇ ئېغىر گۇناھتۇر. اللە تائالا مۇناپىقلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَيَحْلِفُونَ عَلَى الْكَذِبِ وَهُمْ يَعْلَمُونَ﴾ ﴿ئۇلار بىلىپ تۇرۇپ يالغاندىن قەسەم ئىچىدۇ﴾[3].

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «اللە تائالا قىيامەت كۈنى ئۈچ تۈرلۈك كىشىگە گەپ قىلمايدۇ، ئۇلارغا (رەھمەت نەزىرى بىلەن) قارىمايدۇ. ئۇلارنى (گۇناھتىن) پاكلىمايدۇ، ئۇلارغا قاتتىق ئازاب بار: بىرى، ھاجىتىدىن ئارتۇق سۈيى بار كىشى بولۇپ، ئۇنى موھتاج مۇساپىرلارغا بەرمەيدۇ؛ يەنە بىرى، مال ساتقۇچى بولۇپ، بىر كىشىگە مال سېتىۋېتىپ: مەن بۇنى مانچە پۇلغا ئالدىم، - دەپ اللەنىڭ نامىغا قەسەم ئىچىدۇ، سېتىۋالغۇچى ئۇنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ مالنى سېتىۋالىدۇ، ئەمەلىيەت بولسا، ئۇنىڭ دېگىنىدەك ئەمەس؛ ئۈچىنچىسى، باشلىقىغا دۇنيالىق ئۈچۈن بەيئەت قىلغان كىشى بولۇپ، باشلىقى ئۇنىڭغا بىر نەرسە بېرىپ تۇرسا، ۋاپا قىلىدۇ. بەرمەي قويسا، يۈز ئۆرۈيدۇ»[4].

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دەيدۇ: «سەن قېرىندىشىڭغا سۆزلەپ بەرسەڭ، ئۇ سېنىڭ سۆزۈڭگە ئىشىنىدۇ، ھالبۇكى، سەن ئۇنىڭغا يالغان ئېيتىسەن. بۇ نېمە دېگەن چوڭ خىيانەت – ھە!»[5] يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «كىمكى كۆرمىگەن چۈشىنى كۆردۈم دەپ دەۋا قىلسا، (قىيامەت

---

[1] مۇسلىم ۋە نەسائى رىۋايەت قىلغان.

[2] تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، دارىمى، ئەھمەد ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

[3] سۈرە مۇجادىلە، 14 ـ ئايەت.

[4] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

[5] بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

كۆنى) ئىككى ئارپا ئۇرۇغىنى بىر - بىرىگە چىگىشكە تەكلىپ قىلىنىدۇ. ئۇ بۇنى ھەرگىزمۇ چىگەلمەيدۇ (ئۇنىڭغا مۇشۇنداق ئازاب بېرىلىدۇ)»[1].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «ﷲنىڭ نەزىرىدىكى ئەڭ چوڭ يالغان بىراۋنىڭ چۈشىدە كۆرمىگەن نەرسىنى كۆردۈم دېيىشىدۇر»[2].

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسان ھەمىشە يالغان سۆزلىسە ۋە يالغان سۆزلەشكە ئۇرۇنسا، ئۇنىڭ قەلبىگە بىر قارا چېكىت قويۇلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن قەلبى بارا - بارا قارىدايدۇ. ئاخىرى، ﷲنىڭ دەرگاھىدا يالغانچى دەپ يېزىلىدۇ»[3].

مۇسۇلمان تىلىنى مەھكەم تۇتۇشى، پەقەت پايدىلىق سۆزلەرنى قىلىشى كېرەك. سۈكۈت قىلىش (يەنى تىلنى چىڭ تۇتۇش) خاتىرجەملىك ئېلىپ كېلىدۇ. خاتىرجەملىككە تەڭ كېلىدىغان ھېچ نەرسە يوق. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى ﷲقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن بولسا، توغرا سۆزلىسۇن ياكى جىم تۇرسۇن»[4]. بۇ ھەدىس ئىنساننىڭ پەقەت ياخشى ۋە ئۆزىگە پايدىلىق سۆز قىلىشىنىڭ لازىملىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن:

_ ئى ﷲنىڭ پەيغەمبىرى! قانداق مۇسۇلمان ئەۋزەل؟ - دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

_ تىلى ۋە قولى بىلەن مۇسۇلمانلارغا ئازار بەرمىگەن مۇسۇلمان، - دەپ جاۋاب بەردى[5].

---

[1] بۇخارى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

[2] بۇخارى ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

[3] ئىمام مالىك "مۇۋەتتەئ" ناملىق كىتابىدا رىۋايەت قىلغان.

[4] ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

[5] بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

سەھىھ بۇخارى ۋە سەھىھ مۇسلىمدا رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىشى (ھارام ئىكەنلىكىنى) ئويلىماستىن بىرەر سۆزنى قىلىپ سالىدۇ. بىراق، شۇ سۆز تۈپەيلى مەشرىق بىلەن مەغرىب ئارىسىدىنمۇ چوڭقۇر بولغان جەھەننەمگە يىقىلىپ چۈشىدۇ».

ئىمام مالىك بىلال ئىبنى ھارىس مۇزىنىدىن رىۋايەت قىلدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئىنسان اللە خۇرسەن بولىدىغان بىرەر سۆزنى قىلىدۇ. بۇنىڭ ساۋابىنىڭ قانچىلىك چوڭ ئىكەنلىكىنى ئويلاپمۇ باقمايدۇ. اللە تائالا ئۇنىڭغا شۇ سۆز تۈپەيلى قىيامەت كۈنىگە قەدەر رازى بولىدىغانلىقىنى يازىدۇ. ئىنسان يەنە اللەنىڭ ئاچچىقى كېلىدىغان بىرەر سۆزنى قىلىدۇ. بۇنىڭ گۇناھىنىڭ قانچىلىك چوڭ ئىكەنلىكىنى ئويلاپمۇ باقمايدۇ. اللە تائالا ئۇنىڭغا شۇ سۆز تۈپەيلى قىيامەت كۈنىگە قەدەر نارازى بولىدىغانلىقىنى يازىدۇ»[1].

بۇنىڭغا ئوخشاش سەھىھ ھەدىسلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، يۇقىرىدا بايان قىلغانلىرىمىز يېتەرلىكتۇر.

بىر كىشى دانالارنىڭ بىرىدىن:

_ ئىنساندىن قانچە ئەيىب تاپتىڭ؟ - دەپ سورىغان ئىكەن، ئۇ:

_ ئۇنىڭدىكى ئەيىبنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. ئەمما مەن سەككىز مىڭ ئەيىب سانىدىم. ئۇنىڭدا يەنە بىر خىسلەتنى تاپتىم، ئەگەر ئىنسان شۇ خىسلەتنى ئىشلىتىشنى بىلسە، پۈتۈن ئەيىبلىرىنى ياپالايدۇ. ئۇ بولسىمۇ تىلنى چىڭ تۇتۇشتىن ئىبارەت، - دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

اللە تائالا بىزنى يامان ئىشلاردىن يىراقلاشتۇرۇپ، ئۆزى رازى بولىدىغان ئىشلارنى قىلىشقا نېسىپ قىلسۇن، ئامىن. ئۇ ناھايىتى سېخىي، ناھايىتى كەرەملىكتۇر.

*****

[1] ئىمام مالىك، تىرمىزى، ئىبنى ماجە ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

**ۋەز ـ نەسىھەت:** ئى ئىنسان! سەن ئۆچۈن ئۆمرۈڭدىن قىممەتلىك نەرسە يوق، بىراق سەن ئۇنى زايا قىلىۋاتىسەن. شەيتاندىن يامان دۈشمەن يوق، بىراق سەن ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىۋاتىسەن. نەپسى خاھىشىڭغا بويسۇنۇشتىن زىيانلىق نەرسە يوق، بىراق سەن ئۇنىڭغا ئەگىشىۋاتىسەن. سالامەتلىكىڭدىن چوڭ بايلىق يوق، بىراق سەن ئۇنى بىھۇدە ئىسراپ قىلىۋاتىسەن. ھاياتىڭنىڭ ئەڭ گۈزەل چاغلىرى ئۆتۈپ كەتتى. ئەمدىلىكتە پەقەت چېچىڭنىڭ ئاقارغىنى قالدى. جىسمى ھازىر، ئەمما قەلبى باشقا جايدا بولغان ئى ئىنسان! چاچ ئاقارغاندىمۇ گۇناھ سادىر قىلىش ئەڭ چوڭ مۇسىبەتتۇر. مانا ئەمدى باللىق چاغلىرىڭ ۋە يىقىنلىرىڭغا مېھرى ـــ مۇھەببەت قىلىدىغان ۋاقىت ئارقاڭدا قالدى. چېچىڭنىڭ ئاقىرىشى ساڭا يېتەرلىك ئىبرەت ۋە ۋەز - نەسىھەت ئەمەسمۇ؟!

ئەڭ ياخشى پۇرسەتنى قولدىن بەرگەن ئى غاپىل ئىنسان! يىگانە اللهتىن قورقۇپ تۆككەن كۆز ياشلىرىڭ بارمۇ؟ ئويۇن - تاماشاغا بېرىلىپ ئۆتكۈزىۋەتكەن ھاياتىڭ مانا ئەمدى قەيەردە قالدى؟ پەرىشتىلەر تەرىپىدىن ئەمەل دەپتىرىڭگە يېزىلغان گۇناھلار ئۈچۈن قانچىلىك كۆز ياش تۆكتۈڭ؟ اللهنىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن نىجاتلىق تىلەمسەن؟ ئۆلۈم قاتتىق، تەمى ناھايىتى ئاچچىقتۇر. شۇڭا نەپسىڭنى باشقۇرغىن. قەھر - غەزەپ بىلەن كېلىدىغان، نىشاننى تولۇق ئالىدىغان، ئەجەل ئوقىنى ئاتىدىغان ئەزرائىلنى ساقلىغىن.

بارلىق بالايىئاپەتلەردىن ساقلىنىپ قېلىشنى ئارزۇ قىلىدىغان ئى ئىنسان! سەن ئۆمۈچۈك تورىدەك نازۇك بىر ئۆي بىنا قىلدىڭ. سەندىن بۇرۇن تاشتىن قەسىرلەرنى سالغانلار ھازىر قەيەردە؟ ئۆلۈم ئۇلارنىڭ يوللىرىنىمۇ قىستاپ كەلگەنىدى. سەنمۇ ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتمەي، بۇ مۇسىبەتكە يولۇقىسەن. شۇنداق ئىكەن، قىيامەتنىڭ بۇ دەھشەتلىك مەنزىرىسىگە دۈچ كېلىشتىن بۇرۇن ياخشى ئويلانغىن، تەپەككۇر قىلغىن ۋە تەدبىر قوللانغىن.

## ئوتتۇز بىرىنچى چوڭ گۇناھ:

### ناھەق ھۆكۈم چىقارغۇچى قازىنىڭ قىلمىشى

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَن لَّمْ يَحْكُم بِمَا أَنزَلَ اللهُ فَأُوْلَئِكَ هُمُ الْكَافِرُونَ﴾ ﴿كىملەركى اللە نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇلار كاپىرلاردۇر﴾[1]؛ ﴿وَمَن لَّمْ يَحْكُم بِمَا أنزَلَ اللهُ فَأُوْلَئِكَ هُمُ الظَّالِمُونَ﴾ ﴿اللە نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىغان كىشىلەر زالىملاردۇر﴾[2]؛ ﴿وَمَن لَّمْ يَحْكُم بِمَا أَنزَلَ اللهُ فَأُوْلَئِكَ هُمُ الْفَاسِقُونَ﴾ ﴿اللە نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمىغانلار پاسىقلاردۇر﴾[3].

تەلھە ئىبنى ئوبەيدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «اللە نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىغان پادىشاھنىڭ نامىزىنى اللە قوبۇل قىلمايدۇ»[4].

بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قازىلار ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرسى جەننەتكە، ئىككىسى دوزاخقا كىرىدۇ. ھەقنى تونۇپ، ھەق بويىچە ھۆكۈم چىقارغان قازى جەننەتكە كىرىدۇ. ھەقنى تونۇپ تۇرۇپ، قەستەن زۇلۇم قىلغان قازى دوزاخقا كىرىدۇ. ئىلىمسىز ھۆكۈم چىقارغان قازىمۇ دوزاخقا كىرىدۇ» دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ساھابىلەر:

_ ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى! ئىلىمسىز كىشىنىڭ نېمە گۇناھى بار؟ - دەپ سورىغاندى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

---

[1] سۈرە مائىدە، 44 ـ ئايەت.

[2] سۈرە مائىدە، 45 ـ ئايەت.

[3] سۈرە مائىدە، 47 ـ ئايەت.

[4] ھاكىم رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

_ ئۇنىڭ گۇناھى شۇكى، ئىلىم ئۆگەنمىگچە قازىلىق قىلماسلىقى كېرەك ئىدى، - دەپ جاۋاب بەردى[1].

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «قازىلىققا تەيىنلەنگەن كىشى پىچاقتىن باشقا نەرسە بىلەن بوغۇزلانغان بولىدۇ»[2].

فۇزەيل ئىبنى ئىياز (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دەيدۇ: قازى بولغان كىشى بىر كۈن قازىلىق قىلىپ، بىر كۈن ئۆزىگە يىغلىشى كېرەك.

مۇھەممەد ئىبنى ۋاسىئ (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دەيدۇ: قىيامەت كۈنى بىرىنچى بولۇپ ھېساب بېرىشكە چاقىرىلىدىغان كىشى قازىدۇر.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: «قىيامەت كۈنى ئادىل قازى كەلتۈرۈلىدۇ. ئۇ ھېسابنىڭ قاتتىقلىقىنى كۆرۈپ، ئىككى كىشى ئارىسىدا بىر خورما چاغلىق نەرسە ھەققىدىمۇ ھۆكۈم چىقارمىغان بولسام ئىكەن دەپ ئارزۇ قىلىپ كېتىدۇ»[3].

مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «قازى دوزاخنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىگە يىقىلىپ چۈشىدۇ».

ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: «ھەرقانداق ۋالىي، ھاكىم ۋە قازى قىيامەت كۈنى اللهنىڭ ھۇزۇرىغا كەلتۈرۈلۈپ، پۇلسىرات كۆۋرۈكى ئۈستىدە تۇرغۇزۇلىدۇ. كېيىن ھۆكۈم دەپتەرلىرى ئېچىلىپ، پۈتۈن خالايىقنىڭ ئالدىدا ئوقۇلىدۇ. ئەگەر ئادالەت بىلەن ھۆكۈم چىقارغان بولسا، الله

---

[1] ھاكىم رىۋايەت قىلغان.

[2] تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، ئەھمەد ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

[3] ئىمام ئەھمەد ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: زەئىپ، - دېگەن.

ئۇنى نىجاتلىققا ئېرىشتۈرىدۇ. ئەگەر ئادالەت بىلەن ھۆكۈم چىقارمىغان بولسا، كۆۋرۈك ئۇنى قاتتىق سىلكىيدۇ – دە، ئۇنىڭ ئەزالىرى پارچىلىنىپ، يىراق – يىراق جايلارغا ئۇچۇپ كېتىدۇ. ئاندىن كۆۋرۈك پاچاقلىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە دوزاخقا چۈشۈپ كېتىدۇ».

مەكھۇل مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر ماڭا يا قازىلىق قىلىش، يا كاللامنىڭ ئېلىنىشى ئارىسىدا بىرنى تاللاش ئىختىيارلىقى بېرىلسە، قازىلىق قىلىشتىن كۆرە كاللامنىڭ ئېلىنىشىنى تاللىغان بولاتتىم.

ئەييۇب سەختىيانى: قازىلىق قىلىشتىن ئەڭ قاچقان ئىنسانلارنىڭ ئەڭ بىلىملىك كىشىلەر ئىكەنلىكىنى بايقىدىم، - دېگەن ئىكەن.

بىرى سۇفيان سەۋرىگە: شۇرەيھ قازى بولدى، - دېگەندە، ئۇ: ئۇنىڭ ھاياتىنى كىم ۋەيران قىلدى؟ - دېگەن ئىكەن.

مالىك ئىبنى مۇنزىر بەسرە شەھرىگە مۇھەممەد ئىبنى ۋاسىئنى قازى قىلىش ئۈچۈن چاقىرىدۇ. ئەمما ئۇ رەت قىلىدۇ. مالىك ئۇنى تەكرار چاقىرىپ: قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرسەن، بولمىسا ساڭا دەررە ئۇرىمەن، دەپ تەھدىت سالىدۇ. مۇھەممەد ئىبنى ۋاسىئ بولسا: دەررە ئۇرساڭ، سەن سۇلتانسەن، دۇنيا خارلىقى ئاخىرەت خارلىقىدىن ياخشىدۇر، - دەيدۇ.

ۋەھب ئىبنى مۇنەببەھ مۇنداق دەيدۇ: قاچانكى پادىشاھ خەلققە زۇلۇم قىلىشنى نىيەت قىلسا ياكى زۇلۇم قىلسا، الله تائالا ئۇنىڭ پۇقرالىرىدىكى، ھەتتا ئۇلارنىڭ بازارلىرىدىكى، رىزىقلىرىدىكى، ئېكىنزارلىقلىرىدىكى، چارۋا ماللىرىدىكى، ئىش قىلىپ، بارلىق نەرسىلىرىدىكى بەرىكەتنى كېمەيتىۋېتىدۇ. ئەگەر ئۇ خەلققە ياخشىلىق قىلىشنى ياكى ئادالەت يۈرگۈزۈشنى نىيەت قىلسا، الله ئۇنىڭ پۇقرالىرىغا بەرىكەت ياغدۇرۇۋېتىدۇ.

ھىمس ۋالىسى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزگە: «ھىمس شەھرى بۇزۇلۇپ كەتتى، ئىسلاھ قىلىشقا موھتاج» دەپ مەكتۇپ يازدى. خەلىپە بۇنىڭغا جاۋابەن: «ئۇ يەرنى ئادالەت بىلەن ئىسلاھ

قىلغىن، يوللىرىنى زۇلۇمدىن تازىلىغىن... ۋەسسالام» دەپ خەت يازدى.

قازىنىڭ ئاچچىغى كەلگەن پەيتتە ھۆكۈم چىقىرىشى ھارامدۇر. ئەگەر قازىنىڭ ئىلمى ئاز، ئوي - پىكرى تار، خۇي - پەيلى يامان ۋە تەقۋالىقى ئاجىز بولسا، بۇ ئۇنىڭ ھالاكىتى دېمەكتۇر. بۇ چاغدا ئۇ بۇ ۋەزىپىدىن ئۆزىنى تارتىشى ۋە ئونى ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە ئالدىرىشى لازىم. الله تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ، بىزنى ئەپۇ ۋە ئامان قىلىشنى تىلەيمىز، ئۇ ناھايىتى سېخىي، ناھايىتى كەرەملىكتۇر.

*****

**ۋەز - نەسىھەت:** ئى ئىنسان! يېشىڭ چوڭايغانسېرى ئۆمرۈڭ قىسقارماقتا! ئۆلۈم پەرىشتىسىدىن كىم قېچىپ قۇتۇلالىسۇن؟ ئۇ ئەلۋەتتە ئۇنىڭ جېنىنى ئېلىشنى بىلىدۇ. ئى ئىنسان! دۇنياغا شۇنچىلىك بېرىلىپسەن – يۇ، توققۇزۇڭ تەل بولۇپ باقتىمۇ؟ ئۆمرۈڭنى بىھۇدە ئۆتكۈزدۈڭ – يۇ، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىشكە ئالدىراپ باقتىڭمۇ؟ ھىدايەت يولىغا قەدەم باسقىنىڭدا، ھاۋايى - ھەۋەس يولى كۆرۈنۈۋىدى، ھىدايەتتىن يېنىۋالدىڭ. قىيامەت كۈنى نامە - ئەمال كىتابىڭ ئېچىلغاندا قانداق قىلارسەن؟! يۈرەكنى لەرزىگە سالىدىغان ۋەز - نەسىھەتلەرنى ئاڭلاپ تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ئىبرەت ئالماستىن، كېچىسى خاتىرجەم ئۇخلاپ، قىيامەتنىڭ دەھشەتلىرىنى ئېسىدىن چىقارغان ئىنسانغا مىڭ ئەپسۇس! ئىنسانلار اللهنىڭ كەرەمىگە ئىشىنىدۇ، ئەمما كۆپ ھاللاردا ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلمايدۇ. ھىدايەتنىڭ كەڭ يوللىرى كۆرسىتىپ بېرىلسە، ئۇلار ھاۋايى - ھەۋەسلىرىگە ئەگىشىشكە رازى بولىدۇ. ئۇلار ئاشۇ قاراڭغۇ زۇلمەت پاتقاقلىرىغا پېتىپ قالغاچقا، ۋائىزلارنىڭ ۋەز - نەسىھەتلىرى ئۇلارغا كار قىلمايدۇ. ئۇلار بۇ يامان ئاقىۋەتتىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇلسا، تەۋبىنى كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر يېرىگە پەردىلەپ قويۇپ، ھالال بولمىغان ئىشلارنى قايتا – قايتا قىلىشتىن قىلچە تەپ تارتمايدۇ.

## ئوتتۇز ئىككىنچى چوڭ گۇناھ:

### بىراۋنىڭ پايدىسىغا ھۆكۈم چىقىرىپ بېرىش ئۈچۈن پارا ئېلىش

الله تائـــالا مۇنـــداق دەيـــدۇ: ﴿وَلاَ تَأْكُلُواْ أَمْوَالَكُم بَيْنَكُم بِالْبَاطِلِ وَتُدْلُواْ بِهَا إِلَى الْحُكَّامِ لِتَأْكُلُواْ فَرِيقًا مِّنْ أَمْوَالِ النَّاسِ بِالإِثْمِ وَأَنتُمْ تَعْلَمُونَ﴾ ﴿بىــــر - بىرىڭلارنىــــڭ مـــاللىرىنى نــاھەق يەۋالمــاڭلار، بىلىــپ تــۇرۇپ كىشــلەرنىڭ بىــر قىســم مــاللىرىنى زۇلــۇم بىــلەن يەۋېلىــش ئۈچــۈن ھاكىملارغــا پــارا بەرمەڭــلار﴾[1]. بــۇ ئــايەت: ســىلەر ئۆزەڭلارنىــڭ ھەققــى ئەمەســلىكىنى بىلىــپ تــۇرۇپ، باشــقىلارنىڭ ھەققىنــى ســىلەرگە ئېلىــپ بېرىشــى ئۈچــۈن ھاكىملارغــا ۋە باشــلىقلارغا پــارا بەرمەڭــلار، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئەبــۇ ھــۇرەيرە رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇدىن رىــۋايەت قىلىنىــدۇكى، پەيغەمــبەر ســەللاللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەم مۇنــداق دېــگەن: «الله ھۆكــۈم مەسىلىســىدە پــارا بەرگــۈچى ۋە پــارا ئالغۇچىغــا لەنەت قىلىدۇ»[2].

ئابــدۇللاھ ئىبنــى ئەمــر رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇدىن مۇنــداق رىــۋايەت قىلىنىــدۇ: پەيغەمــبەر ســەللاللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەم پــارا بەرگــۈچى ۋە پارا ئالغۇچىغا لەنەت قىلغان[3].

پــارا بەرگــۈچى پــارا بېــرىش ئــارقىلىق بىــر مۇســۇلمانغا زۇلــۇم قىلىشــنى يــاكى باشــقىلارنىڭ نەرسىســىگە ئىــگە بولىۋېلىشــنى نىــيەت قىلســا، لەنەتــكە ئۇچرايــدۇ. ئەممــا ئــۆز ھەققىنــى قولغــا كەلتــۈرۈش يــاكى نــــاھەقچىلىككە ئۇچراشـــتىن ســـاقلىنىش ئۈچـــۈن بەرگەن بولســـا لەنەتكە ئۇچرىمايدۇ.

ئەممـــا ھاكىمغـــا كەلســـەك، ئـــۇ مەيلـــى ھەقنـــى نـــاھەق قىلىۋەتســـۇن يـــاكى ئـــۇۋالچىلىقنى قوغدىســـۇن، ئۇنىـــڭ پـــارا ئېلىشـــى شەكســـىز ھارامــدۇر. بىــر ھەدىســته رىــۋايەت قىلىنىشــچە، پــارا بەرگــۈچى بىــلەن

[1] سۈرە بەقەرە، 188 ـ ئايەت.

[2] تىرمىزى، ئەھمەد ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

[3] تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، ئەھمەد ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

پارا ئالغۇچى ئارىسىدا دەللاللىق قىلغان كىشىمۇ لەنەتلەنگەن[①]. ئۇنىڭ مەقسىتى پارا بەرگۈچىگە قىياس قىلىنىدۇ. ئەگەر ياخشىلىقنى نىيەت قىلغان بولسا، لەنەتكە ئۇچرىمايدۇ. ئەكسىچە بولسا، لەنەتكە ئۇچرايدۇ.

*****

ئەبۇ داۋۇد ئەبۇ ئۇمامە باھىلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىراۋغا شاپائەتچى بولغاندىن كېيىن، بۇنىڭ بەدىلى ئۇچۇن ئۇنىڭغا ھەدىيە بېرىلسە، بۇ ھالدا ئۇ جازانە ۋە ئۆسۈم دەرۋازىلىرىدىن ناھايىتى چوڭ بىر دەرۋازىغا كەلگەن بولىدۇ»[②].

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىرەر بۇرادىرىڭ سەندىن ياردەم سورايدۇ، سەن ئۇنىڭ ئىشىنى پۈتكۈزۈپ بېرىسەن. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ساڭا ھەدىيە بېرىدۇ، سەن ئۇ ھەدىيەنى قوبۇل قىلىسەن. مانا بۇ ھەدىيە ھارامدۇر.

مەسرۇقتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ زۇلۇمغا ئۇچرىغان بىر كىشى ھەققىدە ئىبنى زىياد بىلەن گەپلىشىپ، ئۇنىڭ ھەققىنى ئېلىپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن، مەزلۇم مەسرۇققا بىر چۆرە ھەدىيە قىلدى. ئەمما مەسرۇق بۇنى رەت قىلىپ، قوبۇل قىلمىدى ۋە: مەن ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: كىمكى بىرەر مۇسۇلماندىن بىرەر زۇلۇمنى توسۇپ قالسا، بۇنىڭ ئۇچۇن ئۇنىڭغا مەيلى ئاز ياكى كۆپ نەرسە بەرسە، مانا بۇ نەرسە ھارامدۇر، - دېگەنلىكىنى، بىر كىشى ئۇنىڭغا: ئى ئىبنى مەسئۇد! بىز پەقەت بىراۋنىڭ پايدىسىغا ھۆكۈم چىقىرىش ئۇچۇن بېرىلگەن پارىنى ھارام دەپ بىلەتتۇق، - دېگەندە، ئۇنىڭ: بۇ كۇپرىلىقتۇر، - دەپ جاۋاب بەرگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، - دېدى[③].

---

① ھاكىم ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: مۇنكەر ھەدىستۇر، - دېگەن.

② ئەبۇ داۋۇد ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

③ ھەيسەمى: بۇنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، - دېگەن.

اللہ تائالاغا سېغىنىپ، ھارام نەرسىلەردىن ۋە پارىخورلۇقتىن پاناھ تىلەيمىز، ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلىپ، بىزنى ئەپۇ قىلىشىنى، بارلىق بالايىئاپەتلەردىن ۋە يامانلىقلاردىن ساقلىشىنى سورايمىز.

*****

**ھېكايە:** ئىمام ئەبۇ ئۆمەر ئەۋزائىي (اللہ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) بېيرۇتتا ئىستىقامەت قىلاتتى. بىر خرىستىئان ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:

_ بەئلەبەككە ۋالىسى ماڭا زۇلۇم قىلدى. ئۇنىڭغا بىر پارچە خەت يېزىپ بەرگىن، - دېدى. ئۇ ئۇنىڭغا بىر قۇتا ھەسەل ئېلىپ كەلگەنىدى. ئەۋزائىي (اللہ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) ئۇنىڭغا:

_ خالىساڭ ھەسەلنى ئالماي خەت يېزىپ بېرەمەن، خالىساڭ ھەسەلنى قوبۇل قىلىمەن، ئەمما خەت يېزىپ بەرمەيمەن، - دېدى. خرىستىئان خەت يېزىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەۋزائىي ۋالىغا: بۇ خرىستىئاندىن خەراج (يەنى باج) نى يەڭگىللەتكىن، - دەپ خەت يېزىپ بەردى. خرىستىئان ئېلىپ كەلگەن ھەسەلنى ۋە خەتنى ئېلىپ ۋالىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، خەتنى ئۇنىڭغا بەرگەنىدى، ۋالى ئەۋزائىنىڭ شاپائىتى ئۈچۈن خرىستىئاننىڭ خەراجىدىن ئوتتۇز تەڭگە چۈشۈپ بەردى. اللہ ئىمام ئەۋزائىغا رەھمەت قىلسۇن ۋە قىيامەت كۈنى بىزنى ئۇنىڭ جامائىتىدە يىغسۇن، ئامىن.

*****

**ۋەز ـ نەسىھەت:** اللہنىڭ ئى بەندىلىرى! ئاقىۋەتنىڭ ئاقىۋەتلىرىنى ئويلاڭلار! جازالىغۇچىنىڭ جازاسىدىن ساقلىنىڭلار! جان ئالغۇچىنىڭ جان ئېلىشىدىن قورقۇڭلار! ئۇ زات ۋاقتى كەلگەندە ھەممىدىن ھېساب ئالىدۇ، يېگىلمەيدۇ، ھەممە نەرسىدىن غالىب كېلىدۇ. ئارزۇ ھەۋەسلىرىگە بېرىلىپ، بۇ دۇنيادىن كەتمەسلىك ئۈچۈن تاشتىن قەسىرلەرنى سالغانلار ھازىر قەيەردە؟! ئەپسۇسكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى كېتىپ قالدى. ئۇلار بۇ دۇنيادا بەكمۇ ئاز ياشىدى. ئەمما ياشىغان چاغلىرىدا ۋاپا قىلمىدى. پەقەت قەبرىگە كىرگەندىن كېيىنلا بۇرۇن ئۆتكۈزگەن ھاياتلىرى ئۈچۈن ئۆزلىرىگە مالامەت قىلدى، ئاھ ئۇردى.

بىر شائىر شېئىر ئوقۇپ مۇنداق دەيدۇ (مەزمۇنى): ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئىنسانلار نېمە ئۈچۈن يارىتىلغانلىقىنى بىلسە ئىدى، ھېچ ئۇخلىمىغان بولاتتى. ئۇلار شۇنداق چوڭ بىر ئىش ئۈچۈن يارىتىلدىكى، قەلب كۆزلىرى ئۇنى كۆرەلىسە ئىدى، قورقىنىدىن ھېچ خاتىرجەم بولالمايتتى. ئۇلار تۇنجى بولۇپ ئۆلۈم، ئاندىن قەبرە، ئاندىن مەھشەرگاھ، ئاندىن ئۆزىگە مالامەت قىلىش، ئاندىن قىيامەت دەھشەتلىرى قاتارلىقلارغا دۇچ كېلىدۇ. بىر گورۇھ كىشىلەر بۇ كۈننىڭ دەھشىتىدىن قورقۇپ، ئەمەل قىلىدى، روزا تۇتتى، ناماز ئوقۇدى. ھالبۇكى، بىز ئىبادەتكە بۇيرۇلغىنىمىزدا ياكى يامانلىقلاردىن توسۇلغىنىمىزدا، خۇددى ئەسھابۇلكەھفتەك، ئۆزى ئويغاق، قەلبى ئۇخلىغان كىشىلەردىن بولۇپ قېلىۋاتىمىز.

خاتالىق ۋە گۇناھلار بىلەن كىرلەنگەن، بالايىئاپەت پاتقىقىغا پېتىپ كەتكەن ئى ئىنسان! سەن ئۆزىگە مالامەت قىلغان ۋە ئاھ ئۇرغان كىشىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، سەھەر ۋاقتى تەۋبىگە ئولتۇرسەن - يۇ، كەچ كىرگىچە تەۋبەڭنى بۇزىسەن. ھەممىگە قادىر ئاللاھ تاغدەك مۇستەھكەم نۇرغۇن پادىشاھلارنى يوق قىلدى، چوڭچىلىق قىلىپ ھەددىدىن ئاشقانلارنى يەر بىلەن يەكسەن قىلدى. ئۇلارنى قەبرىنىڭ قاراڭغۇ زۇلمىتىگە ئەكىرىپ تاشلىدى. مانا ئەمدى ئۇلارنى بەرزەخ ھاياتى كۈتۈپ تۇرماقتا. قەلبىنى تىنىدىنمۇ بەك كىر باسقان، ئەزىمەتلىك كۈچ ساھىبىغا قارشى چىققان ئى ئەخمەق ئىنسان! سېنى يەر يۈتۈشتىن ياكى شەكلىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشتىن قورقامسەن؟ چاچلىرىڭغا ئاق كىرگەندىن كېيىنمۇ گۇناھ قىلىشتىن قول ئۈزمىگەن ئى ئىنسان! بىلىپ قويغىنكى، قىلمىشلىرىڭ بىر - بىرلەپ يېزىلىپ تۇرىدۇ. جىمى ھەمدۇسانالار ھەمىشە ۋە مەڭگۈ ئاللاھ تائالاغا خاستۇر!

## ئوتتۇز ئۈچىنچى چوڭ گۇناھ:

### كىيىنىش، ياسىنىش ۋە باشقا جەھەتلەردە ئاياللارنىڭ ئەرلەرگە، ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا ئوخشىۋېلىشى

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «الله ئۆزىنى ئەرلەرگە ئوخشىتىۋالغان ئاياللارغا ۋە ئۆزىنى ئاياللارغا ئوخشىتىۋالغان ئەرلەرگە لەنەت قىلىدۇ»[1]. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېگەن: «الله ئەرلەرگە ئوخشىۋالغان ئاياللارغا لەنەت قىلىدۇ»[2]. ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: «الله تائالا ئايالغا ئۆزگىرىۋالغان (يەنى ئايال جىنسىلىق بولىۋالغان) ئەرلەرگە ۋە كىيىنىش، گەپ – سۆز جەھەتتە ئەرگە ئوخشىۋالغان ئاياللارغا لەنەت قىلىدۇ»[3].

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «الله ئەردەك كىيىنىۋالغان ئايالغا ۋە ئايالدەك كىيىنىۋالغان ئەرگە لەنەت قىلىدۇ»[4].

ئايال كىشى ئەرلەرگە ئوخشاش كىيىنىۋالسا، ئەرلەرگە ئوخشىۋالغان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن اللهنىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ لەنىتىگە لايىق بولىدۇ. ئەگەر ئېرى ئايالىنىڭ ئەنە شۇنداق يۈرۈشىگە رازى بولسا ۋە ئۇنى توسمىسا، ئۇمۇ لەنەتكە شېرىك بولىدۇ. نېمىشقا دېگەندە، ئەر ئايالىنى اللهقا ئىتائەت قىلدۇرۇش ۋە گۇناھ بولىدىغان ئىشلاردىن توسۇشقا بۇيرۇلغان. چۈنكى الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا قُوا أَنفُسَكُمْ وَأَهْلِيكُمْ نَارًا وَقُودُهَا النَّاسُ وَالْحِجَارَةُ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! ئۆزەڭلارنى ۋە بالا - چاقاڭلارنى ئىنسان

---

[1] بۇخارى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

[2] ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

[3] بۇخارى، تىرمىزى، دارىمى ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

[4] ئەبۇ داۋۇد ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان دوزاختىن ساقلاڭلار﴾[1]. يەنى ئۆزەڭلارنى دوزاخ ئوتىدىن ساقلىغاندەك، بالا - چاقاڭلارنىمۇ ساقلاڭلار، ئۇلارغا تەلىم - تەربىيە بېرىڭلار، اللهقا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇڭلار، ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلىشتىن توسۇڭلار. بۇ، سىلەرگە ۋاجىپتۇر.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ھەممىڭلار پادىچى، ھەممىڭلار پاداڭلاردىن سوراق قىلىنىسىلەر (يەنى ھەر بىرىڭلار ئۆزىگە تەۋە كىشىلەرگە مەسئۇل، ھەر بىرىڭلار ئۆزىگە تەۋە كىشىلەردىن ھېساب بېرىسىلەر). ئەر كىشى ئۆزىنىڭ ئائىلىسىنىڭ پادىچىسىدۇر، قىيامەت كۈنى ئۇلار ھەققىدە سوراققا تارتىلىدۇ»[2].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بىلىپ قويۇڭلاركى، ئەرلەر ئاياللارغا ئىتائەت قىلغان چاغدا ھالاك بولىدۇ»[3].

ھەسەن بەسرى مۇنداق دەيدۇ: اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەر ئايالىنىڭ خاھىشىغا بويسۇنۇپ، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغان كۈنى الله تائالا ئۇ ئەرنى دوزاخقا دۈم چۈشۈرىدۇ.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «ئىككى تۈرلۈك دوزاخ ئەھلى بار، مەن تېخى ئۇلارنى كۆرمىدىم. بىرىنچى تۈرى ئەرلەر بولۇپ، قوللىرىدا كالىنىڭ قۇيرۇقىغا ئوخشاش قامچىلار بولىدۇ، ئۇلار بۇ قامچىلار بىلەن ئىنسانلارنى ئۇرىدۇ. ئىككىنچى تۈرى ئاياللار بولۇپ، كىيىم كىيگەن، ئەمما يالىڭاچ (يەنى بەدىنى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان نېپىز، تار ۋە قىسقا كىيىملەرنى كىيىدىغان)، باشلىرىنى خۇددى تۆگىنىڭ لوككىسىغا ئوخشاش لىڭشىتىپ، نايناقلاپ ماڭىدىغان (يەنى چاچلىرىنى تۆگۈپ باشلىرىنى يوغانتىپ، باش ۋە مۈرىلىرىنى لىڭشىتىپ ناز قىلىدىغان ۋە باشقىلارنى ئۆزىگە جەلىپ قىلىدىغان) ئاياللاردۇر. ئۇلار

[1] سۈرە تەھرىم، 6 ـ ئايەت.

[2] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

[3] ئەھمەد ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: زەئىپ، - دېگەن.

جەننەتكە كىرەلمەيدۇ. ھەتتا جەننەتنىڭ پۇرىقىنىمۇ پۇريالمايدۇ. ھالبۇكى، ئۇنىڭ پۇرىقى ناھايىتى ئۇزاق - ئۇزاق جايلاردىن كېلىدۇ»[1].

نافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىككىسى زۇبەير ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىدا ئىدى. شۇ چاغدا مۇرىسىگە ئوقيا ئېسىۋالغان بىر ئايال قوي ھەيدەپ چىقىپ كەلدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر:

_ سەن ئەرمۇ، ئايالمۇ؟ - دەپ سورىغان ئىدى، ئۇ:

_ مەن ئايال، - دەپ جاۋاب بەردى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرگە لاپپىدە قاراپ قويۇپ:

_ الله تائالا پەيغەمبىرىنىڭ تىلى بىلەن ئۆزىنى ئەرلەرگە ئوخشىتىۋالغان ئاياللارغا ۋە ئۆزىنى ئاياللارغا ئوخشىتىۋالغان ئەرلەرگە لەنەت قىلغان، - دېدى.

ئاياللارنىڭ لەنەتكە ئۇچرىشىغا سەۋەب بولىدىغان بەزى ئىشلار تۆۋەندىكىچە: زىبۇزىننەتلىرىنى، ئالتۇن - مەرۋايىتلىرىنى كىيىمىنىڭ سىرتىغا چىقىرىپ كۆز - كۆز قىلىشى، كوچىغا چىققاندا ئەتىر چېچىپ، ئۇپا - ئەڭلىك ۋە باشقا خۇشپۇراق نەرسىلەرنى سۇرتۇشى، كىشىنىڭ كۆزى چۈشىدىغان رەڭلىك ۋە يىپەك كىيىملەرنى كىيىشى، كىبىرلىك قىلىپ، ئۇزۇن كىيىملەرنىڭ ئۇستىگە قىسقا كىيىملەرنى ئارتىپ چىقىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى اللهنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرىدىغان ياسىنىش تۈرلىرىدۇر. بۇنداق قىلغانلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە اللهنىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ. تولىمۇ ئەپسۇسكى، ئاياللارنىڭ كۆپىنچىسى ئاشۇ ئىشلارنى قىلماقتا. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەنە شۇنداق ئاياللار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ماڭا دوزاخ كۆرسىتىلدى، مەن دوزاخ ئەھلىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئاياللار ئىكەنلىكىنى كۆردۈم»[2].

---

[1] مۇسلىم ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

[2] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئەرلەرگە ئاياللاردىنمۇ زىيانلىقراق پىتنە قويۇپ كەتمىدىم»[1]. الله تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ، بىزنى ئۇلارنىڭ پىتنىسىدىن ساقلىشىنى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلارنى ۋە بىزنى ئىسلاھ قىلىشىنى تىلەيمىز، ئامىن.

*****

**ۋەز ـ نەسىھەت:** ئى ئىنسان! ئۆلۈم ئەلۋەتتە ساڭا يولۇقىدۇ، سېنى سەندىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئىنسانلارغا قوشۇپ قويىدۇ. ئاخىرى ئايرىپ يالغۇز قالدىغان ۋە قاراڭغۇ زۇلمەت باسقان ئۆيگە (قەبرىگە) سولاپ قويىدۇ. كېيىن ئۇ يەردىن ئۆلۈكلەر توپلانغان مەيدانغا چىقىسەن. توپلىغان مال ـ مۈلكۈڭ، گۈزەل ئۆتكۈزگەن ھاياتىڭ دۇنيادا قالىدۇ. خىزمەتچىلىرىڭنىڭ ۋە مال ـ مۈلكىڭنىڭ كۆپلۈكى ساڭا ئەسقاتمايدۇ. ھاياتىنى دۇنيادا بىھۇدە ئۆتكۈزگەن ھاياتىڭغا قاتتىق پۇشايمان قىلىسەن. خاتىرجەم ئۇخلىغانلارغا ھەيرانمەنكى، ئۆلۈم ئۇنى ئۇخلىماستىن كۈتمەكتە. ئاگاھلاندۇرۇشتىن ۋە قورقۇتۇلغان ئازابتىن قاچانمۇ تەپ تارتىسەن؟ قەلبىڭ ئاخىرەتتىن قاچان قورقۇپ تىترەيدۇ؟ قاچانغىچە ياخشىلىق ئاز، گۇناھلىرىڭ كۆپىيىپ ماڭىدۇ؟ قاچانغىچە ۋەز ـ نەسىھەت قىلغۇچىنىڭ قاتتىق تەسىرلىك ۋەز ـ نەسىھەتلىرىمۇ سېنى قورقۇتالمايدۇ؟ قاچانغىچە بوشاڭلىق ۋە لايىغەزەللىك قىلىپ يۈرىسەن؟ ئەزالىرىڭ ساڭا قارشى سۆزلەيدىغان ۋە گۇۋاھلىق بېرىدىغان ئۇ دەھشەتلىك كۈندىن قاچان ھەزەر ئەيلەيسەن؟ ھېچقاچان تۈگىمەيدىغان ئاخىرەت ھاياتى بەدىلىگە بۇ پانىي ھاياتنى قاچان تەرك ئېتىسەن؟ قورقۇنچ ۋە ئۈمىد شاماللىرى سېنى قاچان ئۇچۇرىدۇ؟ قاچان كېچىسى تۇرۇپ سەجدە قىلىسەن؟ پەرۋەردىگارىنى ئەسلەپ، ئۇنىڭ بىلەن خىلۋەت قىلغانلار، تۈن كېچىلىرى قىيامدا تۇرۇپ، رۇكۇ ۋە سەجد قىلغانلار، تاڭ سەھەرلىرى ئۇنىڭ بۇسۇغىسىغا بېرىپ، دۇئا – تەلەپتە بولغانلار،

[1] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

كۈندۈزلىرى روزا تۇتۇپ، قىيىنچىلىقلارغا سەۋر قىلغانلار، تىرىشىپ – تىرمىشىپ تائەت – ئىبادەت قىلغانلار قەيەرگە كەتتى؟ ئۇلار ھەقىقەتەن مۇراد - مەقسەتكە يەتتى. سەن بولساڭ ئارقىدا قالدىڭ. ئۇلار قولغا كەلتۈرگەن نەرسىنى سەن قولدىن بەردىڭ. ئۇلارغا يېتىشۋالمىساڭ، تېخىمۇ يىراقتا قالىسەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، پەخەس بولغىن!

بىر شېئىردا مۇنداق دېيىلگەن (مەزمۇنى): كېچىسى بەخىرامان ئۇخلايدىغان بۇرادەر! قاچانغىچە ئۇخلاۋېرىسەن؟ ئى دوستۇم! ئەمدى ئورنىڭدىن دەس تۇرغىن. ئۆلۈم سائىتى يېقىنلاشتى. بىلمەمسەنكى، كېچىسى تاڭ ئاتقىچە ئۇخلىغان يولۇچى كۆزلىگەن مەنزىلگە ھەرگىزمۇ جاپا - مۇشەققەتسىز يېتىپ بارالمايدۇ. تەقۋادار ئەقىل ئىگىلىرىگە ئېيتقىنكى، پۇلسىرات كۆۋرۈكى توغرىسىغا قويۇلىدىغان ۋاقىت سىلەر ئۈچۈن ۋەدە قىلىنغان كۈندۇر.

## ئوتتۇز تۆتىنچى چوڭ گۇناھ:

## دۆيۇزلۇق (خوتۇن – قىزلىرىنىڭ يامان ئىشلىرىغا كۆز يۇمۇش) ۋە ئىككى كىشى ئارىسىنى بۇزۇشقا ھەرىكەت قىلىش

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿الزَّانِي لَا يَنكِحُ إِلَّا زَانِيَةً أَوْ مُشْرِكَةً وَالزَّانِيَةُ لَا يَنكِحُهَا إِلَّا زَانٍ أَوْ مُشْرِكٌ وَحُرِّمَ ذَٰلِكَ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ﴾ ﴿زىنا قىلغۇچى ئەر پەقەت زىنا قىلغۇچى ئايالنى ياكى مۇشرىك ئايالنىلا ئالىدۇ. زىنا قىلغۇچى ئايال پەقەت زىنا قىلغۇچى ئەرگە ياكى مۇشرىككىلا تېگىدۇ. ئۇ (يەنى زىنا) مۇئمىنلەرگە ھارام قىلىندى﴾[1].

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئۈچ كىشى جەننەتكە كىرمەيدۇ: بىرى، ئاتا ـ ئانىسىنى قاقشاتقۇچى؛ ئىككىنچىسى، دۆيۇز؛ ئۈچىنچىسى، ئەركەكزەدەك ئايال»[2].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «ئۈچ كىشىگە جەننەت ھارام قىلىندى: بىرى، ھاراقكەش؛ ئىككىنچىسى، ئاتا ـ ئانىسىنى قاقشاتقۇچى؛ ئۈچىنچىسى، دۆيۇز، يەنى خوتۇن – قىزلىرىنىڭ ھاياسىزلىقىغا كۆز يۇمغۇچى»[3]. اللهقا سىغىنىپ، مۇنداق پەسكەشلىكتىن پاناھ تىلەيمىز، ئامىن!

كىمكى ئايالىنىڭ پاھىشە قىلغانلىقىدىن گۇمانلىنىپ تۇرۇپ، ئۇنى ياخشى كۆرگەنلىكى ياكى خوتۇنىغا ئۆتەيدىغان قەرزى بارلىقى ۋە ئۇنى ئۆتەشتىن ئاجىز كېلىدىغانلىقى ياكى ئايالىغا كېچىكتۈرۈپ بېرىدىغان مەھرى ھەققى كۆپ بولغانلىقى ياكى كىچىك باللىرى بولغانلىقى تۈپەيلى ئايالىنىڭ سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئۆزى ۋە باللىرى ئۈچۈن كۆپ مىقداردا نەپىقە تەلەپ

---

[1] سۈرە نۇر، 3 ـ ئايەت.

[2] ھاكىم رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

[3] ئەھمەد، نەسائى ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان.

قىلدىغانلىقىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنىڭ پەسكەشلىكىگە سەل قاراش ۋە سۈرۈشتە قىلمىسا، مۇنداق كىشى ئايالىنىڭ ئۇنداق ئىشلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ كۆز يۇمغان كىشىگە قارىغاندا تېخىمۇ ئېغىر گۇناھكار بولىدۇ. ئەمما ئايالىنى كۈنلىمەيدىغان ھەرقانداق ئەردە خەير يوقتۇر. اللهقا ئىلتىجا قىلىپ، بىزنى ھەرقانداق بالايىئاپەت ۋە ئەزىيەتلەردىن ئامان قىلىشنى تىلەيمىز.

*****

**ۋەز - نەسىھەت:** ئاخىرى پانىي بولىدىغان ھاۋايى - ھەۋەسلەرگە بېرىلگۈچى ئى ئىنسان! ساڭا كېلىۋاتقان ئۆلۈمگە قاچان تەييارلىق قىلىسەن! ئۆتۈپ كەتكەن كارۋانلارغا يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن قاچانغىچە ھەرىكەت قىلمايسەن؟ سەن بېشىڭنى يۇمشاق ياستۇقلارغا قويۇپ تۇرۇپ، تەقۋادارلارغا قوشۇلۇشنى ئارزۇ قىلامسەن؟ بۇ، قۇرۇق خىيالدىن ئىبارەتتۇر. ھەمىشە دۇنيا لەززىتىنىلا ئويلايدىغان ئى ئىنسان! لەززەتنى زەھەرگە ئايلاندۇرىدىغان ئۆلۈم كېلىشتىن ھەزەر ئەيلىگىن. ئۇنىڭ ھىيلىسىدىن پەخەس بولغىن. چۈنكى ئۇنىڭ ھىيلىسى ساناقلىق نەپەس ۋە لەھزىگە يوشۇرۇنغاندۇر.

بىر شېئىردا مۇنداق دېيىلگەن (مەزمۇنى): يوشۇرۇن قىلغان ئىشلارنىڭ تەمى ۋە لەززىتى بىر پەستە ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئەمما ئارقىدا ئۇنىڭ دەرد - ئەلەملىرى قالىدۇ. قىيامەت كۈنىدە جەننەتكە كىرىش ئۈچۈن ھەسرەت - نادامەت چېكىدىغان ئى ئاسى بەندىلەر! ئەيىبلەرنى يوشۇردىغان زاتتىن ھايا قىلىش بولمىسا ئىدى، ئۇلار تېخىمۇ كۆپ ھەسرەت چەككەن بولاتتى.

نامە - ئەمال دەپتىرى گۇناھ بىلەن تولغان، گۇناھلىرىنىڭ كۆپلۈكى تۈپەيلى تارازىلىرى يەڭگىل كەلگەن ئىنسان! سەن دوستلىرىڭنىڭ ئارزۇ – ئارمانلىرىغا يېتەلمىگىنىنى، ئىنسانلارنىڭ قەبرىدە توپا بىلەن بىرلىشىپ كەتكىنىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ راھەت - پاراغەتتە ياشىغان كىشىلەرنىڭ كەپەنگە ئورالغىنىغا گۇۋاھ بولمىدىڭمۇ؟ ئۇلارنىڭ بەچچىدانىدا ئۆتكۈزگەن ھاياتىنى تەپەككۇر قىلمىدىڭمۇ؟

ئى مۇگدەپ يۈرگۈچى ئىنسان! نەپسىڭنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قاچان ئويغىنىسەن؟ باشقىلارنىڭ ھاياتىدىن قاچان ئىبرەت ئالىسەن؟ باتۇر ۋە جاسارەتلىك قەھرىمانلار ھازىر قەيەردە؟ ئاي يۈزلۈك، ئاھۇ كۆزلۈك ئاياللار بىلەن ھاياتىنىڭ پەيزىنى سۈرگەنلەر قەيەردە قالدى؟ قاپاقلىرىنى سىلىپ يۈرگەن مۇتەكەببىرلەرچۇ؟ ئالى قەسىرلەردە باياشات ياشىغانلار، كۆرەڭلەپ ماختىنىش ئۈچۈن ئالى كىيىم كىيگەنلەر قېنى؟ مانا ئەمدى ئۇلار داق يەردە، تار قەبرىلەردە يالڭاچ يېتىۋاتىدۇ. خام خىياللار ئارقىسىدىن مېڭىپ ئەجىلىنى ئۇنۇتقانلار قېنى؟ ئەجەل ئۇلارنى توساتتىن ئۆزىگە تارتتى. مال - دۇنيا توپلىغانلارچۇ؟ مانا ئەمدى ئۇلارنىڭ مال - دۇنياسىمۇ، ئۆزىمۇ كەتتى.

دۇنيانىڭ ھىيلە - نەيرىڭىنى بىلگەن كىشى ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈشى، نەپسىنىڭ ھىيلىسىدىن غەپلەتتە قالغان كىشى ئۇنىڭدىن ئاگاھ بولۇشى، بۇ دۇنيادىن ئۆتۈپ كېتىشىنى بىلگەن كىشى نەپسىگە بۇنى ئەسلىتىشى، راھەت - پاراغەتتە ياشىغان كىشى شۈكرانىسىنى ئادا قىلىشى، دارۇسسالامغا (يەنى جەننەتكە) چاقىرىلغان كىشى ئۇ يەردە ھازىر بولۇشى ئۈچۈن ھاۋايى - ھەۋەستىن ۋاز كېچىشى لازىم.

## ئوتتۇز بەشىنچى چوڭ گۇناھ:

### ھالاللىغۇچى ۋە ھالاللانغۇچى

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ھالاللىغۇچى ۋە ھالاللانغۇچىغا لەنەت قىلىندى»[1].

ئىمام تىرمىزى مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب، ئوسمان ئىبنى ئەففان ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم قاتارلىق ئىلىم ئەھلى يۇقىرىدىكى ھەدىسكە ئەمەل قىلغان. تابىئىنلاردىن چىققان فىقھشۇناسلارنىڭ قارىشىمۇ شۇنداق ئىدى. ئىمام ئەھمەد ۋە ئىمام نەسائىمۇ ئۆزلىرىنىڭ كىتابلىرىدا بۇ قاراشنى رىۋايەت قىلغان.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: بىرى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ھاللىغۇچى ھەققىدە سورىغاندا، ئۇ: «دۇرۇس ئەمەس، پەقەت رىغبەت (يەنى ئۆي تۇتۇش مەقسىتى) بىلەن قىلىنغان نىكاھ دۇرۇس، ھىيلە بىلەن قىلىنغان نىكاھ دۇرۇس ئەمەس، اللەنىڭ كىتابىنى مەسخىرە قىلىشقا بولمايدۇ. نىكاھىغا ئالغۇچى ئەر ئايال بىلەن چوقۇم بىر تۆشەكتە بولۇشى كېرەك»[2] دەپ جاۋاب بەردى.

ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

_ ئارىيەتكە ئېلىنغان تېكە ھەققىدە سۆزلەپ بېرەيمۇ؟ - دېگەن ئىدى، ساھابىلەر:

_ شۇنداق قىلغىن، ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى! دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

---

[1] تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، دارىمى ۋە نەسائى رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

[2] ئەبۇ ئىسھاق جۆزجانى رىۋايەت قىلغان.

_ ئۇ، ھالاللىغۇچىدۇر، الله تائالا ھالاللىغۇچى ۋە ھالاللانغۇچىغا لەنەت قىلدۇ[1]، - دېدى.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، بىر كىشى ئۇنىڭغا:

_ بىر ئايالنى بۇرۇنقى ئېرىگە ھالال قىلىپ بېرىش ئۈچۈن نىكاھىمغا ئالسام، ھالبۇكى، ئېرى مېنى مۇنداق قىلىشقا بۇيرۇمىدى ۋە نىيىتىمنىمۇ بىلمەيدۇ؟ بۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟ - دېگەن ئىدى، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئۇنىڭغا:

_ دۇرۇس بولمايدۇ، پەقەت رىغبەت بىلەن قىلىنغان نىكاھ دۇرۇس، ئايالنى ياقتۇرۇپ قالساڭ ئۆيي تۇتىسەن، يامان كۆرۈپ قالساڭ قويۇۋېتىسەن. بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا بۇنى زىنا دەپ ھېسابلايتتۇق[2]، - دېدى.

ساھابە ۋە تابىئىنلارنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرى: ئەسرەم ۋە ئىبنى مۇنزىردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: مېنىڭ ئالدىمغا ھالاللىغۇچى ۋە ھالاللانغۇچى ئېلىپ كېلىنسە، ھەر ئىككىلىسىنى چالما - كېسەك قىلىمەن[3]. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۈچ تالاق قىلىنغان ئايالنى ئېرىگە ھالال قىلىپ بېرىش ھەققىدە سورالغاندا، ئۇ: ھالاللىغۇچى زىنا قىلغان بولىدۇ، - دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئابدۇللاھ ئىبنى شۇرەيك ئامىرى مۇنداق دەيدۇ: بىرى ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن:

_ بىر ئادەم تاغىسىنىڭ قىزىنى تالاق قىلىپ، كېيىن پۇشمان قىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭ بىلەن يارىشىشنى خالايدىغانلىقى، باشقا بىر ئادەم ئۇنى نىكاھىغا ئېلىپ، ئېرىگە ھالالاپ بەرمەكچى بولغانلىقى ھەققىدە سورىغاندا، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما:

---

[1] ئىبنى ماجە ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: ھەسەن، - دېگەن.

[2] ھەيسەمى: بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، - دېگەن.

[3] ھەيسەمى نەقىل قىلغان.

_ ئەگەر ئىككىنچى ئەر ئۇ ئايالنى ھاالللاپ بېرىدىغانلىقىنى بىلسە، گەرچە ئۇالر يىگىرمە يىل ئۇيى تۇتقان تەقدىردىمۇ، ھەر ئىككىلىسى زىناخور بولىدۇ، - دەپ جاۋاب بەردى.

ئىبنى ئاببـاس رەزىيەلالھۇ ئەنھۇمـادىن رىـۋايەت قىلىنىـدۇكى، بىر كىشى ئۇنىڭدىن:

_ تاغامنىـڭ ئـوغلى ئايـالىنى ئـۈچ تـاالق قىلىپتـۇ، كېـيىن پۇشـمان قىلىپتـۇ، ئەمـدى قانـداق قىلسـۇن؟ - دەپ سـورىغاندا، ئىبنـى ئاببـاس رەزىيەلالھۇ ئەنھۇما:

_ تاغاڭنىـڭ ئـوغلى اللهقـا ئاسـىيلىق قىلىپتـۇ، اللهمـۇ ئـۇنى پۇشـمان قىلـدۇرۇپتۇ. ئـۇ شـەيتانغا ئىتـائەت قىلىپتـۇ، ئەممـا شـەيتان ئۇنىڭغـا بىـر چىقىـش يـولىنى كۆرسـەتمەپتۇ، - دەپ جـاۋاب بەردى. ئـۇ كىشـى ئىبنى ئابباس رەزىيەلالھۇ ئەنھۇمادىن:

_ بىـرى ئـۇ ئايـالنى نىكاھىغـا ئېلىـپ ھـاالللاپ بەرسـە قانـداق دەيسەن؟ - دەپ سورىغانىدى، ئىبنى ئابباس رەزىيەلالھۇ ئەنھۇما:

_ كىمكـى اللهنـى ئالـدىماقچى بولسـا، الله ئـۇنى ئالـداپ قويىـدۇ، - دېدى.

ئىبـراھىم نەخەئـي مۇنـداق دەيـدۇ: ئالـدىنقى ئەر، كېيىنكـى ئەر ۋە ئايالـدىن ئىبـارەت ئـۈچ كىشـىدىن بىرىنىـڭ نىيىتـى ھـاالللاپ بېـرىش بولسـا، كېيىنكـى ئەرگە قىلىنغـان نىكـاھ باتىـل ھېسـابلىنىدۇ. ئايـال بـۇرۇنقى ئېـرىگە ھـاالل بولمايـدۇ. ھەسـەن بەسـرى: ئۈچىـدىن بىـرى ھـاالللاپ بېرىشـنى نىـيەت قىلسـا، بـۇ نىكـاھ ئىناۋەتسـىزدۇر، - دېگەن.

تابىئىنالرنىـڭ ئىمـامى سـەئىد ئىبنـى مۇسـەييەب: بىرىنچـى ئېـرىگە ھـاالللاپ بېـرىش ئۈچـۈن ئـۆيلەنگەن بىـر كىشـى ھەققىـدە سـورالغاندا، ئـۇ: ھـاالل بولمايـدۇ، - دەپ جـاۋاب بەرگەن. مالىـك ئىبنـى ئەنەس، لەيـس ئىبنـى سـەئىد، سـۇفيان سـەۋرى ۋە ئىمـام ئەھـمەد قاتارلىقالرمۇ مۇشۇ قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئىسـمائىل ئىبنـى سـەئىد مۇنـداق دەيـدۇ: مەن ئىمـام ئەھمەدتىن:

_ بىر كىشى بىر ئايال بىلەن ئۆيلىنىدۇ، مەقسىتى، ئۇنى بۇرۇنقى ئېرىگە ھالاللاپ بېرىشتۇر. ئەمما بۇنى ئۇ ئايال بىلمەيدۇ،
- دەپ سورىغان ئىدىم، ئىمام ئەھمەد:

_ ئۇ ھالاللاپ بەرگۈچىدۇر، ھالاللاپ بېرىشنى مەقسەت قىلغانلىقى ئۈچۈن لەنەتكە ئۇچرىغۇچىدۇر، - دەپ جاۋاب بەردى.

ئىمام شافىئىنىڭ (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) مەزھىبىدە مۇنداق قارىلىدۇ: نىكاھ قىلغاندا ھالاللاپ بېرىشنى شەرت قىلسا، بۇ نىكاھ باتىل بولىدۇ. چۈنكى بۇ شەرتلىك نىكاھ بولۇپ، نىكاھنىڭ ئۆمۈرلۈك ئۆيي تۇتۇش غايىسىگە خىلاپتۇر. شۇڭا ئۇ ۋاقىتلىق نىكاھقا ئوخشاش باتىلدۇر. ئەگەر ھالاللاپ بېرىش نىكاھ قىلىدىغان ۋاقىتتىن بۇرۇن شەرت قىلىنسا، نىكاھ دۇرۇس بولىدۇ (بۇ، ھالاللاشنى ئەمەس، پەقەت نىكاھنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ). شۇنىڭدەك، نىكاھ قىلغاندا ھالاللاپ بېرىشنى شەرت قىلماستىن نىكاھ قىلسا، نىكاھ بۇزۇلمايدۇ.

ئەگەر ئەر ھالاللاپ بولغاندىن كېيىن قويۇۋېتىشنى شەرت قىلىپ خوتۇن ئالسا، بۇ توغرىدا ئالىملارنىڭ ئىككى خىل قارىشى بار: توغرىسى، ئۇنداق نىكاھ باتىلدۇر. باتىل بولۇشىنىڭ بىرىنچى سەۋەبى شۇكى، بۇ، نىكاھنىڭ داۋاملىشىشىنى مەنئى قىلىدىغان شەرتتۇر. شۇڭا بۇ ۋاقىتلىق نىكاھقا ئوخشاپ قالىدۇ. باتىل بولۇشىنىڭ ئىككىنچى سەۋەبى شۇكى، قوشۇلغان شەرت ئىناۋەتسىزدۇر، ئەمما نىكاھ ئىناۋەتلىكتۇر. مەسىلەن، بىر ئايالنىڭ ئۈستىگە باشقا خوتۇن ئالمايمەن ۋە ئۇنىڭ بىلەن سەپەرگە چىقمايمەن دېگەنگە ئوخشاش. بۇنداق شەرتلەر ئىناۋەتسىزدۇر.

توغرىسىنى الله بىلگۈچىدۇر، اللهقا ئىلتىجا قىلىپ، بىزنى ئۆزى رازى بولىدىغان ئىشلارغا مۇۋەپپەق قىلىشىنى ۋە گۇناھلاردىن ساقلىشىنى تىلەيمىز. ئۇ ناھايىتى سېخىي، ناھايىتى كەرەملىك، ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى ۋە ناھايىتى مېھرىباندۇر.

*****

**ۋەز - نەسىھەت:** دۇنيادىن ئايرىلماي تۇرۇپ، دۇنيانى تەرك ئەتكەن كىشىلەر نېمە دېگەن ياخشى - ھە؟! ئۇلار قەلبلىرىنى ئۇنىڭ قاراڭغۇ زۇلمەتىدىن قۇتقازدى. سالامەت كۆڭۈللىرىنى غەنىيمەت بىلدى. رەببىنىڭ سۆزلىرىدىن لەززەت ئالدى. ئۇنىڭ ئەمرىگە تەسلىم بولۇپ، ئامان قالدى، رەھمىتىنى شۈكۈر بىلەن قارشى ئېلىپ، سالامەت قالدى. ئۇنىڭغا تائەت – ئىبادەت قىلغاندا، شېرىن ئۇيقۇنى تەرك ئەتتى. بارلىق ھاۋايى - ھەۋەسلەرنى تاشلاپ، ئۇنىڭ تەرىپىگە يۈگۈردى. ئۇنىڭغا تائەت – ئىبادەت قىلىشنىڭ ھەممىدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي بىلىپ يەتتى. بېشىغا كەلگەن ھەرقانچە ئېغىر كۆلپەتلەرگە رازى بولدى – يۇ، ھېچ ئېتىراز بىلدۈرمىدى. بارلىقىنى ئۇنىڭغا بېغىشلىدى. بۇ نېمە دېگەن پايدىلىق تىجارەت - ھە؟

ئۇلار جانلىرىنى پەرۋەردىگارىغا تاپشۇرغاندا چىن دىللىرىدىن تەسلىم بولدى. ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولغاندا، ئىچ – ئىچىدىن خۇشال بولدى. ئۇنىڭ دەرۋازىسىنى چەككەندە، دەرۋازا ئۇلار ئۈچۈن ئاللىبۇرۇن ئېچىلىپ بولغان ئىدى. ئۇلار تولا يىغلاپ، كۆزلىرى يارا بولدى. كېچىلىرى قىيامدا تۇرۇپ، نالە قىلدى ۋە يىغلىدى. تىتىلىپ كەتكەن يۈك ۋە پاسمال كىيىملەرگە سەۋر قىلدى. ھەممە جاپا – مۇشەققەتلەرگە رازى بولدى. چۈنكى ئەنە شۇنداق خورلانغانلار ھامان بىر كۈنى ماختاشقا سازاۋەر بولاتتى. ئۇلارنى سىمالىرىدىن تونۇۋالىسەن، راستچىللىق ئالامەتلىرى ئۇلارنىڭ يۈزلىرىدە جىلۋىلىنىدۇ. ئۇلاردىن چىققان خۇش - پۇراقلار ھەر تەرەپنى قاپلايدۇ. پۈتۈن ئالەم بۇ خۇش - پۇراقلار بىلەن لىق تولىدۇ. ئۇنى پەقەت ئۇلارنىڭ تەركىۋىدىكىلەردىن باشقىلار ھېس قىلالمايدۇ ياكى بەتبۇي ھېس قىلىدۇ.

## ئوتتۇز ئالتىنچى چوڭ گۇناھ:

## سۈيدۈكتىن ساقلانماسلىق (بۇ، خرىستىئانلارنىڭ ئالامىتىدۇر)

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَثِيَابَكَ فَطَهِّرْ﴾ «كىيىمىڭنى پاك تۇت»[1]. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى قەبرىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ: «بۇ ئىككىسى ئازابلىنىۋېتىپتۇ. ئۇلار چوڭ گۇناھ تۈپەيلى ئازابلانمايۋېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرى، چېقىمچىلىق قىلاتتىكەن. يەنە بىرى، سۈيدۈكىدىن ساقلانمايتتىكەن» دېدى[2].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «سۈيدۈكتىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى قەبرە ئازابىنىڭ كۆپىنچىسى ئۇنىڭدىن بولىدۇ»[3].

بەدىنىنى، كىيىم - كېچەكلىرىنى سۈيدۈكتىن ساقلىمىغان كىشىنىڭ نامىزى قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئەبۇ نەئىم «ھىلىيە (زىبۇزىننەت)» ناملىق ئەسىرىدە شەفى ئىبنى ماتىئ ئەسبەھدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «تۆت تۈرلۈك كىشى بولۇپ، ئۇلار دوزاخ ئەھلىنىڭ ئازابى ئۈستىگە ئازاب قوشىدۇ. بۇ تۆت تۈرلۈك كىشى ھەمىم (دوزاخ ئىسسىقى) بىلەن جەھىم (دوزاخ ئىسسىقى) ئارىسىدا توختىماي يۈگۈرىدۇ ۋە:

ـ ۋاي ئىسىت! ھالىمىزغا ۋاي! - دەپ تولايدۇ. دوزاخ ئەھلى بىر بىرىگە قاراپ:

ـ بۇلار قانداق ئىنسانلار، ئازابىمىز يەتمىگەندەك، ئۇلارمۇ ئازابىمىزغا ئازاب قوشۇۋاتىدۇ؟ - دەيدۇ. بۇ تۆت تۈرلۈك كىشىدىن بىرى چوغدىن ياسالغان تاۋۇت ئىچىگە سولىنىدۇ. ئىككىنچىسى

---

[1] سۈرە مۇددەسسىر، 4 ـ ئايەت.

[2] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

[3] دارۇقۇتنى، تەبەرانى ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان. سەنەدىدە ھەدىسى زەئىپ بىرى بار.

ئۈچەي باغرىنى سۆرەپ تۇرىدۇ. ئۈچىنچىسىنىڭ ئاغزىدىن قان - يىرىڭ ئېقىپ تۇرىدۇ. تۆتىنچىسى ئۆزىنىڭ گۆشىنى ئۆزى يەيدۇ. دوزاخ ئەھلى تاۋۇتتىكى كىشىگە:

_ اللهنىڭ رەھمىتىدىن يىراقلاشتۇرۇلغان بۇ ئادەم نېمە گۇناھ قىلدىكى، تارتىۋاتقان ئازابىمىز يەتمىگەندەك، بۇمۇ بىزگە ئازاب قوشىۋاتىدۇ، - دەيدۇ. ئۇ:

_ اللهنىڭ رەھمىتىدىن يىراقلاشتۇرۇلغان بۇ ئادەم كىشىلەرنىڭ ھەققىنى يەپ ئۆلگەن، - دەيدۇ. دوزاخ ئەھلى ئۈچەي باغرىنى سۆرەپ تۇرغان كىشىگە:

_ اللهنىڭ رەھمىتىدىن يىراقلاشتۇرۇلغان بۇ ئادەم نېمە گۇناھ قىلدىكى، تارتىۋاتقان ئازابىمىز يەتمىگەندەك، بۇمۇ بىزگە ئازاب قوشىۋاتىدۇ، - دەيدۇ. ئۇ:

_ اللهنىڭ رەھمىتىدىن يىراقلاشتۇرۇلغان بۇ ئادەم سۈيدۈك تەگكەن جايغا پەرۋا قىلمايتتى ۋە ئۇ يەرنى يۇمايتتى، - دەيدۇ. دوزاخ ئەھلى ئاغزىدىن قان - يىرىڭ ئېقىۋاتقان كىشىگە:

_ اللهنىڭ رەھمىتىدىن يىراقلاشتۇرۇلغان بۇ ئادەم نېمە گۇناھ قىلدىكى، تارتىۋاتقان ئازابىمىز يەتمىگەندەك، بۇمۇ بىزگە ئازاب قوشىۋاتىدۇ، - دەيدۇ. ئۇ:

_ اللهنىڭ رەھمىتىدىن يىراقلاشتۇرۇلغان بۇ ئادەم سەت گەپلەرنى ئاڭلاپ، ھۇزۇرلىناتتى، - دەيدۇ (يەنە بىر رىۋايەتتە: ئۇ، ئىنسانلارنىڭ گۆشىنى يەيتتى، چېقىمچىلىق قىلاتتى، - دەيدۇ، دېيىلگەن). دوزاخ ئەھلى ئۆزىنىڭ گۆشىنى يېگەن كىشىگە:

_ اللهنىڭ رەھمىتىدىن يىراقلاشتۇرۇلغان بۇ ئادەم نېمە گۇناھ قىلدىكى، تارتىۋاتقان ئازابىمىز يەتمىگەندەك، بۇمۇ بىزگە ئازاب قوشىۋاتىدۇ، - دەيدۇ. ئۇ:

_ اللهنىڭ رەھمىتىدىن يىراقلاشتۇرۇلغان بۇ ئادەم ئىنسانلارنىڭ گۆشىنى يەيتتى (يەنى چېقىمچىلىق قىلاتتى)، - دەيدۇ»[1].

اللهنىڭ پەزلى – كەرەمىگە ئىلتىجا قىلىپ، بىزنى ئەپۇ ۋە ئامان قىلىشىنى، تىلەيمىز. الله ئەڭ مەرھەمەتلىكتۇر.

[1] ھەيسەمى: بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، - دېگەن.

**ۋەز - نەسىھەت:** ئى بەندىلەر! سىلەردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنىڭ يىقىلىپ چۈشكەن يەرلىرىنى ئەسلەڭلار. ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ نېمە بولغانلىقىنى ۋە قەيەرگە كەتكەنلىكىنى ئويلاڭلار. بىلىڭلاركى، ئۇلار بىر - بىرلىرىدىن ئايرىلدى. ياخشىلار بەخت - سائادەتكە ئېرىشتى، يامانلار بەختسىز بولدى. ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، سەنمۇ ئۇلار يولۇققان بۇ تالاپەتكە يولۇقۇشتىن بۇرۇن ئۆزەڭنى كونترول قىلغىن.

بىر شېئىردا مۇنداق دېيىلگەن (مەزمۇنى): ئىنسان يېڭى چىققان ئايغا ئوخشايدۇ. ئۇ دەسلەپ ئوغاقتەك ئىنچىكە كۆرۈنۈپ، ئاستا - ئاستا تولىدۇ، ئاندىن يەنە ئاستا - ئاستا كىچىكلەپ، يوقىلىشقا باشلايدۇ. ياشلىق كىشىنى يىپيېڭى توندەك بېزەيدۇ. زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن كونىراپ، يىرتىلىشقا باشلايدۇ. تەبەسسۇم جىلۋىلىنىپ تۇرغان ياشلىق تۈگەپ، ئۇنىڭ ئورنىنى خۇددى يورۇق كۈندۈزنى قاراڭغۇ كېچە قاپلىغاندەك قېرىلىق ئىگەللەيدۇ. دۇنيانىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى ئاشكارا بولغاندىن كېيىنمۇ يەنىلا نادانلىق قاراڭغۇلۇقىغا چۆمۈلۈپ يۈرگەن ئى نادان ئىنسانلار! بىلىڭلاركى، دۇنياغا ئالدانغانلار ئۇنىڭ بىلەن غۇرۇرلىنىدۇ، مېنى دۇنيانىڭ ھاۋايى - ھەۋەسلىرىگە قىزىقتۇرغان نەپسىمگە ئېيتىمەنكى، قالتىس سەلتەنەت سۈرگەن پادىشاھلار، ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرگەن ھۆكۈمدارلار، ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلگەنلەر قېنى؟ مانا ئەمدى ئۇلارنىڭ ئالىي قەسىرلىرى خارابىلىققا ئايلاندى. ھەتتا ھېچقانداق ئىمارەت قۇرۇلمىغاندەك، ئىزنالىرى ئۆچۈپ كەتتى. ئى نادان ئىنسانلار! ئاخىرى تۈگەيدىغان، مەڭگۈ داۋام قىلمايدىغان نازۇنېمەتلەرگە بېرىلىش ئۇچىغا چىققان ھاماقەتلىك ئەمەسمۇ؟

## ئوتتۇز يەتتىنچى چوڭ گۇناھ:

## رىياكارلىق قىلىش

اللە تائالا مۇناپىقلار توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يُرَآؤُونَ النَّاسَ وَلاَ يَذْكُرُونَ اللّهَ إِلاَّ قَلِيلاً﴾ ﴿(نامازنى) كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن ئوقۇيدۇ (يەنى رىياكارلىق قىلىدۇ). اللەنى پەقەت ئازغىنا ياد ئېتىدۇ﴾[1]؛ ﴿فَوَيْلٌ لِّلْمُصَلِّينَ الَّذِينَ هُمْ عَن صَلَاتِهِمْ سَاهُونَ الَّذِينَ هُمْ يُرَاؤُونَ وَيَمْنَعُونَ الْمَاعُونَ﴾ ﴿شۇنداق ناماز ئوقۇغۇچىلارغا ۋايكى، ئۇلار نامازنى غەپلەت بىلەن ئوقۇيدۇ. نامازنى رىيا بىلەن ئوقۇيدۇ. ئۇلار قولقا بەرمەيدۇ﴾[2].

اللە تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ لاَ تُبْطِلُواْ صَدَقَاتِكُم بِالْمَنِّ وَالأذَى كَالَّذِي يُنفِقُ مَالَهُ رِئَاء النَّاسِ﴾ ﴿ئى مۇئمىنلەر! پۇل مېلىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان، اللەقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرمەيدىغان كىشى (نىڭ قىلغان ئەمىلىنى بىكار قىلىۋەتكىنىگە) ئوخشاش، بەرگەن سەدىقەڭلارنى مىننەت قىلىش ۋە ئەزىيەت يەتكۈزۈش بىلەن بىكار قىلىۋەتمەڭلار﴾[3]؛ ﴿فَمَن كَانَ يَرْجُو لِقَاء رَبِّهِ فَلْيَعْمَلْ عَمَلًا صَالِحًا وَلَا يُشْرِكْ بِعِبَادَةِ رَبِّهِ أَحَدًا﴾ ﴿كىمكى پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن (يەنى ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ، ئازابتىن قورقىدىكەن)، ياخشى ئىش قىلسۇن. پەرۋەردىگارىغا قىلىدىغان ئىبادەتكە ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمىسۇن﴾[4]. يەنى ئەمەلى بىلەن رىيا قىلمىسۇن.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنى دەسلەپ ھۆكۈم قىلىنىدىغان ئىنسانلاردىن بىر

[1] سۈرە نىسا، 142 ـ ئايەت.
[2] سۈرە مائۇن، 4 ـ ئايەتتىن 7 ـ ئايەتكىچە.
[3] سۈرە بەقەرە، 264 ـ ئايەت.
[4] سۈرە كەھف، 110 ـ ئايەت.

تــۈرى شــۈكى، الله يولــدا شــېھىد بولغــان بــر ئــادەم ئېلــىپ كېلىنىــدۇ. الله ئۇنىڭغــا (ئاتــا قىلغــان) نېمىتىنــى ئەســلىتىدۇ، ئۇمــۇ ئــۇ نېمەتلەرنــى ئەسلەپ ئۆتىدۇ. الله تائالا ئۇنىڭدىن:

_ ئـــۇ نېمەتىنـــىڭ بەدىلىـــگە نـــېمە ئەمەل قىلـــدىڭ؟ - دەپ سورايدۇ. ئۇ:

_ ئـــى پەرۋەردىگـــارىم! ســـېنىڭ يولۇڭـــدا شـــېھىد بولغانغـــا قەدەر جىھاد قىلدىم، - دەپ جاۋاب بېرىدۇ. الله تائالا:

_ يالغـــان ئېيتتىـــڭ، ســـەن "پـــالانچى ناھـــايىتى بـــاتۇر ئـــكەن" دېيىـــشۇن دەپ جىھـــاد قىلغـــان ئىـــدىڭ، دۇنيـــا ھاياتىـــدا شـــۇنداق دېيىلـــىپ بولــدى، - دەيــدۇ. ئانــدىن الله تائــالا ئــۇنى (دوزاخقــا تاشلاشــقا) ئەمــر قىلـــدۇ. شـــۇنىڭ بىـــلەن، ئـــۇ يـــۈزىچە ســـۆرەپ ئاپىرىلـــىپ، دوزاخقـــا تاشــلىنىدۇ. ئــۈلاردىن يەنە بــر تــۈرى شــۈكى، الله رىزقىنــى كەڭ قىلغــان ۋە ھەر تۈرلــۈك مــال - دۇنيــا ئاتــا قىلغــان بــاي بــر ئــادەم ئېلــىپ كېلىنىــدۇ. الله ئۇنىڭغــا (ئاتــا قىلغــان) نېمىتىنــى ئەســلىتىدۇ، ئۇمــۇ ئــۇ نېمەتلەرنى ئەسلەپ ئۆتىدۇ. الله تائالا ئۇنىڭدىن:

_ ئۇ نېمەتنى نېمىگە ئىشلەتتىڭ؟ - دەپ سورايدۇ. ئۇ:

_ ئـــى پەرۋەردىگـــارىم! ســـەن پـــۇل - مـــال ســـەرپ قىلىنىشـــنى ياخشـــى كـــۆرگەن يەرنـــىڭ بىرىنىمـــۇ قويمـــاي ســـېنىڭ رازىلىقـــىڭ ئۈچـــۈن سەرپ قىلدىم، - دەپ جاۋاب بېرىدۇ. الله تائالا:

_ يالغـــان ئېيتتىـــڭ، ســـەن "پـــالانچى ناھـــايىتى ســـېخى ئـــكەن" دېيىـــشۇن دەپ ســـەرپ قىلغـــان ئىـــدىڭ، دۇنيـــا ھاياتىـــدا شـــۇنداق دېيىلـــىپ بولــدى، - دەيــدۇ. ئانــدىن الله تائــالا ئــۇنى (دوزاخقــا تاشلاشــقا) ئەمــر قىلـــدۇ. شـــۇنىڭ بىـــلەن، ئـــۇ يـــۈزىچە ســـۆرەپ ئاپىرىلـــىپ، دوزاخقـــا تاشــلىنىدۇ. ئــۈلاردىن ئــۈچىنچى تــۈرى شــۈكى، ئىلىــم ئالغــان، ئىلىــم ئـــۆگەتكەن ۋە قۇرئـــان ئوقۇغـــان بـــر ئـــادەم اللهنىـــڭ ھۇزۇرىغـــا ئېلـــىپ كېلىنىـــدۇ. الله ئۇنىڭغـــا (ئاتـــا قىلغـــان) نېمىتىنـــى ئەســـلىتىدۇ، ئۇمـــۇ ئـــۇ نېمەتلەرنى ئەسلەپ ئۆتىدۇ. الله تائالا ئۇنىڭدىن:

_ ئـــۇ نېمەتىنـــىڭ بەدىلىـــگە نـــېمە ئەمەل قىلـــدىڭ؟ - دەپ سورايدۇ. ئۇ:

_ ئى پەرۋەردىگارىم! ئىلىم ئۆگەندىم، ئۆگەتتىم ۋە سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن قۇرئان ئوقۇدۇم، - دەپ جاۋاب بېرىدۇ. الله تائالا:

_ يالغان ئېيتتىڭ، سەن "ئۇ ناھايىتى ئالىم ئىكەن" دېيىشىسۇن دەپ ئىلىم ئۆگەندىڭ، "ئۇ ناھايىتى ياخشى ئوقۇيدىغان قارى ئىكەن" دېيىشسۇن دەپ قۇرئان ئوقۇدۇڭ، - دەيدۇ. ئاندىن الله تائالا ئۇنى (دوزاخقا تاشلاشقا) ئەمىر قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ يۈزىچە سۆرەپ ئاپىرىلىپ، دوزاخقا تاشلىنىدۇ»[1].

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى (قىلغان ياخشىلىقىنى باشقىلارغا) ئاڭلىتىشنى خالىسا، الله ئۇنى (باشقىلارغا) ئاڭلىتىپ قويىدۇ. كىمكى (قىلغان ياخشىلىقىنى باشقىلارغا) كۆرسىتىشنى خالىسا، الله ئۇنى (باشقىلارغا) كۆرسىتىپ قويىدۇ»[2].

خەتتابى مۇنداق دەيدۇ: بۇ ھەدىس: كىمكى ئىخلاس قىلماستىن ئەمەل قىلسا ۋە قىلغان ئەمىلىنى ئىنسانلارنىڭ ئاڭلىشىنى ۋە كۆرىشىنى خالىسا، ئۇنىڭ نىيىتى ھاسىل بولۇپ مەشھۇرلىشىدۇ ۋە كۆڭلىگە يوشۇرغان مەخپىيەتلىكى ئاشكارىلىنىپ رەسۋا بولىدۇ، - دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. توغرىسىنى الله بىلگۈچىدۇر.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «كىچىككىنە رىيامۇ شېرىكتۇر»[3]. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە:

_ سىلەردىن ئەڭ كۆپ ئەنسىرەيدىغىنىم كىچىك شېرىكتۇر، - دىگەن. ساھابىلەر:

_ ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى! كىچىك شېرىك دېگەن نېمە؟ - دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

_ رىيادۇر، الله تائالا بەندىلىرىنى قىلغان ئەمەللىرىگە يارىشا مۇكاپاتلايدىغان كۈندە (ئىبادىتىنى رىيا قىلغانلارغا): ھاياتى دۇنيادا

---

[1] مۇسلىم، نەسائى ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

[2] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

[3] ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ھەدىسى زەئىپ بىرى بار. ھاكىممۇ رىۋايەت قىلغان.

ئەمەلىڭلارنى كىمگە رىيا قىلغان بولساڭلار، شۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ قاراپ بېقىڭلار، ئۇلارنىڭ يېنىدا سىلەر ئۈچۈن مۇكاپات بارمىكەن؟ دەيدۇ، - دەپ جاۋاب بەرگەن[1].

الله تائالانىڭ: ﴿وَبَدَا لَهُم مِّنَ اللَّهِ مَا لَمْ يَكُونُوا يَحْتَسِبُونَ﴾ ﴿ئۇلارغا الله تەرىپىدىن (بۇ دۇنيادىكى چاغلىرىدا) ئويلاپ باقمىغان ئازابلار ئاشكارا بولىدۇ﴾[2] دېگەن ئايىتىنىڭ تەپسىرىدە: بەزى كىشىلەر دۇنيادا ساۋاب دەپ قىلغان بىر مۇنچە ئىشلار قىيامەت كۈنىدە گۇناھ بولۇپ چىقىدۇ، - دېيىلگەن.

سەلەف ئۆلىمالىرى بۇ ئايەتنى ئوقۇغاندا: رىياكارلارنىڭ ھالىغا ۋاي! - دەيتتى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، رىياكار قىيامەت كۈنى مۇنداق تۆت ئىسىم بىلەن چاقىرىلىدۇ: «ئى رىياكار! ئى ئەھدىسىنى بۇزغۇچى! ئى گۇناھكار! ئى زىيانكار! يوقال، كىم ئۈچۈن ئەمەل قىلغان بولساڭ، شۇنىڭ يېنىغا بارغىن. بىزنىڭ يېنىمىزدا سەن ئۈچۈن ساۋاب يوق»[3].

ھەسەن بەسرى مۇنداق دەيدۇ: رىياكار اللهنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى تەقدىرىنى يەڭمەكچى بولىدۇ. ئۇ ناچار كىشى بولۇپ، خەلققە ئۆزىنى ياخشى ئادەم قىلىپ كۆرسىتىشنى خالايدۇ. ئۇلار ئۇنى قانداقمۇ ياخشى ئادەم دېسۇن، چۈنكى ئۇ اللهنىڭ نەزىرىدە پەسكەش ئىنسانلارنىڭ قاتارىغا چۈشۈپ قالىدۇ. شۇڭا مۇئمىنلەرنىڭ قەلبى ئۇنى چوقۇم تونۇيالمايدۇ[4].

قەتادە مۇنداق دەيدۇ: بەندە رىياكارلىق قىلغان چاغدا، الله تائالا: بەندەمگە قاراڭلار! مېنى قانداق مەسخىرە قىلىۋاتىدۇ، - دەيدۇ.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بېشىنى ساڭگىلىتىپ كېتىۋاتقان بىر كىشىنى كۆرۈپ: ئى بۇرادەر! بېشىڭنى

[1] ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەنەدى ياخشى، - دېگەن.
[2] سۇرە زۇمەر، 47 ـ ئايەت.
[3] ئىراقى بۇ ھەدىسنىڭ سەنەدىنى ئىبنى ئەبۇ دۇنياغا نىسبەت بەرگەن بولۇپ، سەنەدى زەئىپتۇر.
[4] ئىمام غەززالى «ئىھيا» ناملىق كىتابىدا نەقىل قىلغان.

كۆتــۈر! خۇشــۇئ (يەنــى تەقۋالــق) باشــتا ئەمەس، قەلبــتە بولــدۇ، - دېگەن ئىكەن.

رىــۋايەت قىلىنىشـــچە، ئەبــۇ ئۇمــامە بــاھىلى رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇ مەســجىددە ســەجدىگە بېشــىنى قويغــان ھالــدا يىغــلاپ تــۇرۇپ دۇئــا قىلىۋاتقــان بىــر كىشــىنى كــۆرۈپ، ئۇنىڭغــا: ســەنمۇ؟ سەنكەنســەندە، كاشكى بۇ ھالىڭ ئۆيدە بولسا ئىدى، - دېگەن.

مــۇھەممەد ئىبنــى مۇبــارەك ســۈۋەرى: دۇئــانى كېچىســى قىلغــن، ئــۇ كۈنــدۈزى قىلىنغانــدىن كــۆپ ياخشــىدۇر. چــۈنكى كۈنــدۈزى قىلىنغــان دۇئــالار ئىنســانلار ئۈچۈنــدۇر، كېچىســى قىلىنغــان دۇئــالار ئالەملەرنىڭ رەببى الله ئۈچۈندۇر، - دېگەن.

ئەلــى رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇ مۇنــداق دەيــدۇ: رىياكارنىــڭ مۇنــداق ئــالامەتلىرى بــار: يــالغۇز قالغانــدا (ئىبــادەتتە) ھورۇنلــۇق قىلــدۇ، باشــقىلارنىڭ ئالدىــدا ئاكتىــپ بولــۇپ كېتىــدۇ. قىلغــان ئىشــىنى ماختــاپ قويسا ئاشۇرۇپ قىلىدۇ، ئەيىبلەپ قويسا كەم قىلىدۇ.

فۇزەيــل ئىبنــى ئىيــاز مۇنــداق دەيــدۇ: ئىنســانلار ئۈچــۈن ئەمەلنــى تەرك ئېــتىش رىيــادۇر. ئىنســانلار ئۈچــۈن ئەمەل قىلىــش شــېرىكتۇر. ئىخــلاس بولســا، الله تائالانىــڭ ســېنى بــۇ ئىككىســىدىن ئامــان قىلىشـــدۇر. الله تائالاغـــا ئىلتىجـــا قىلىـــپ، ئەمەلىمىـــز، ســۆزىمىز ۋە يــۈرۈش - تۇرۇشــىمىزدا بىــزگە يــاردەم قىلىشــىنى ۋە ئىخلاســنى رىزىــق قىلىپ بېرىشىنى تىلەيمىز، ئامىن.

*****

**ۋەز - نەســـىھەت:** ئــى اللەنىــڭ قــۇللىرى! كــۆڭلىرىڭلار ئــاز قالــدى، ۋەز – نەســـىھەتلەرمۇ تـــوگەپ بـــاردى. ئالـــدىنقىلار كېيىــنكىلەرگە ئېيتىــپ قويىســۇنكى، كــارۋانلار يولغــا چىقىشــتىن بــۇرۇن، غـــاپىللار غەپـــلەت ئۇيقۇســـىدىن ئويغانســـۇن. ســـەپەرگە چىقىــدىغانلىقىنى بىلىــپ تــۇرۇپ، تــېخىچە نە ئــوزۇق - تۈلــۈك، نە ئــات – ئــۇلاغ تەييارلىمىغــان ئــى ئىنســان! ســەن تــېخىچە ھــاۋايى – ھەۋەس دېڭىزىــدا شــۇڭغۇپ يۈرەمســەن، ســاھىلغا قاچــان چىقىســەن! قــاتتىق ئۇيقــۇدىن ئويغانــدىڭمۇ؟ ۋەز - نەســىھەتكە ئويغــاق قەلــب بىــلەن قــۇلاق ســالدىڭمۇ؟ ئەقىللىــق كىشــىلەردەك كېچىلــرى قىيامــدا تۇردۇڭمــۇ؟

ئەمەل دەپتىرىڭنى بىرەر قېتىم بولسىمۇ كۆز ياشلىرىڭ بىلەن نەملەپ، پۇشمان نادامەتلىرىڭنى ئەكس ئەتتۇردۇڭمۇ؟ ئەنە شۇ دەپتىرىڭنى كۆز ياشلار كېمىسى بىلەن ئەۋەتتىڭمۇ؟ بەلكى ئۇ سېنى قىرغاققا ئېلىپ چىقار.

مەغرۇر، نادان ۋە غاپىل كىشىنىڭ ھالىغا ۋاي! ئۇ قېرىشقا باشلىغان تۇرۇپمۇ، گۇناھتىن قول ئۈزمىدى. گۇناھلىرى ئۇنى تېخىمۇ مۈكچەيتىۋەتتى. كۈچ - قۇۋۋىتىدىن قالغاندا، ھاۋايى - ھەۋەس كېمىسىگە چىقتى. خۇددى ئۆلمەيدىغاندەك، ئىگىز بىنالارنى ۋە قەلئەلەرنى سالدى. ھالبۇكى، ئۇنىڭ ئۆز قەبرىسىنى ئەسلەشكە ۋاقتى يوق. شۇنچە ئىشلاردىن كېيىن، ئۆزىنى تېخى ئەقىللىق ھېسابلايدۇ. الله بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئەزىمەتلەر ئەڭ ئالىي ماقاملارغا ئېرىشتى. ئۇ تېخى ئۆزىنى ئەزىمەت ساناپ، ھەقىقىي ئەمەل قىلغان ئەزىمەتلەردىن ئۈستۈن كېلىشنى ئارزۇ قىلىۋاتىدۇ. قۇرۇق خىيال بىلەن ئۇتۇق قازانغان نەدە بار؟!

بىر شېئىردا مۇنداق دېيىلگەن (مەزمۇنى): ھەشەمەتلىك قەسىرلىرى بىلەن ماختىنىپ ئۆزىنى ئۆزى گوللاپ يۈرگەن ئى ئىنسان! دۇنيا پەقەت ئىبادەت ۋە دۇئا ئورنىدۇر. ھامان بىر كۈن تار قەبرىگە كىرىسەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، دۇنيادا بىر قۇر كىيىمگە ۋە بىر كۈنلۈك ئوزۇقلۇققا رازى بولغىنكى، كەپىدە بولسىمۇ ئاددى ئۆيدە ياشىغىن. ئاندىن ئۆز ئۆزەڭگە: بۇ سېنىڭ ئۆلگەنگە قەدەر تۇرىدىغان جايىڭ، - دەپ خىتاب قىلغىن.

## ئوتتۇز سەككىزىنچى چوڭ گۇناھ:

## ئىلىمنى مال - دۇنيا ئۈچۈن ئۆگىنىش ۋە ئىلىمنى يوشۇرۇش

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّمَا يَخْشَى اللَّهَ مِنْ عِبَادِهِ الْعُلَمَاءُ﴾ ﴿اللهنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە اللهتىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ﴾[1] يەنى الله تائالانى ھەقىقىي تونىغان ئۆلىمالارلا بەك قورقىدۇ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بۇ ئايەتنى: اللهنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئۇنىڭدىن پەقەت ئۇنىڭ قۇدرىتىنى، كۈچىنى ۋە سەلتەنىتىنى بىلگەنلەرلا قورقىدۇ، - دەپ تەپسىر قىلغان. مۇجاھىد ۋە شەئبى: ئالىم اللهتىن قورققان كىشىدۇر، - دېگەن. رەبىئ ئىبنى ئەنەس: اللهتىن قورقمىغان كىشى ئالىم ئەمەس، - دېگەن.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الَّذِينَ يَكْتُمُونَ مَا أَنزَلْنَا مِنَ الْبَيِّنَاتِ وَالْهُدَى مِن بَعْدِ مَا بَيَّنَّاهُ لِلنَّاسِ فِي الْكِتَابِ أُولَئِكَ يَلعَنُهُمُ اللهُ وَيَلْعَنُهُمُ اللَّاعِنُونَ﴾ ﴿بىز كىتابتا (يەنى تەۋراتتا) كىشىلەرگە توغرا يولنى ئېنىق بايان قىلغىنىمىزدىن كېيىن، بىز نازىل قىلغان (مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان) روشەن دەلىللەرنى ۋە توغرا يولنى يوشۇرىدىغانلارغا الله لەنەت قىلىدۇ (يەنى رەھمىتىدىن يىراق قىلىدۇ)، لەنەت قىلغۇچىلار (يەنى پەرىشتىلەر ۋە مۇئمىنلەر)مۇ ئۇلارغا لەنەت قىلىدۇ﴾[2].

بۇ ئايەت يەھۇدىي ئالىملىرى توغرىسىدا نازىل قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدىكى: ﴿كىشىلەرگە توغرا يولنى ئېنىق بايان قىلغىنىمىزدىن كېيىن﴾ دېگەن سۆز: ئىسرائىل ئەۋلادىنى؛ ﴿توغرا يول﴾ دېگەن سۆز: مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە

[1] سۈرە فاتىر، 28 ـ ئايەت.
[2] سۈرە بەقەرە، 159 ـ ئايەت.

ئۇنىڭ سۈپەتلىرىنى: ﴿روشەن دەلىللەرنى﴾ دېگەن سۆز: چالما - كېسەك ھۆكمى، جىنايى ئىشلار جازالىرى ۋە ئەھكاملارنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: يەھۇدىيلارغا مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ئۇنىڭ سۈپەتلىرى، چالما - كېسەك ھۆكمى، جىنايى ئىشلار جازالىرى ۋە ئەھكاملار تەۋراتتا بايان قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنى يوشۇرىدىغانلارغا الله لەنەت قىلىدۇ ۋە لەنەت قىلغۇچىلارمۇ ئۇلارغا لەنەت قىلىدۇ، - دېگەن بولىدۇ. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە يەنە: ئىنسانلار ۋە جىنلاردىن باشقا ھەممە نەرسە ئۇلارغا لەنەت ئوقۇيدۇ، - دېگەن.

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: قاچانكى ئىككى مۇسۇلمان بىر - بىرى بىلەن لەنەت قىلىشىپ قالسا، بۇ لەنەت پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىك سۈپەتلىرىنى يوشۇرغان يەھۇدىي ۋە ناسارالارغا قايتىدۇ.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِذَ أَخَذَ اللهُ مِيثَاقَ الَّذِينَ أُوتُواْ الْكِتَابَ لَتُبَيِّنُنَّهُ لِلنَّاسِ وَلاَ تَكْتُمُونَهُ فَنَبَذُوهُ وَرَاء ظُهُورِهِمْ وَاشْتَرَوْاْ بِهِ ثَمَناً قَلِيلاً فَبِئْسَ مَا يَشْتَرُونَ﴾ ﴿ئۆز ۋاقتىدا الله كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار)دىن كىتابنى (يەنى كىتابتىكى اللهنىڭ ئەھكاملىرىنى) كىشىلەرگە چوقۇم بايان قىلىپ بېرىشكە ۋە يوشۇرماسلىققا ئەھدە ئالدى. لېكىن بۇنى (يەنى ئەھدىنى) ئۇلار ئارقىسىغا چۆرۈۋەتتى ۋە ئۇنى ئازغىنا بەدەلگە (يەنى دۇنيانىڭ ئەرزىمەس نەرسىسىگە) تېگىشتى. ئۇلارنىڭ تېگىشىپ ئالغىنى نېمىدېگەن يامان!﴾[1]

ۋاھىدى مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەت مەدىنە يەھۇدىيلىرى ھەققىدە نازىل بولغان. الله تائالا ئۇلاردىن تەۋراتتا مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى، ئۇنىڭ سۈپەتلىرىنى ۋە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىش، يوشۇرماسلىق ھەققىدە ئەھدۇپەيمان ئالغان ئىدى. الله تائالانىڭ: ﴿كىشىلەرگە چوقۇم بايان

[1] سۈرە ئال ئىمران، 187 ـ ئايەت.

قىلىپ بېرىشكە ۋە يوشۇرماسلىققا ئەھدە ئالدى﴾ دېگەن سۆزى بۇنىڭ دەلىلىدۇر.

ھەسەن بەسرى: بۇ، الله تائالانىڭ يەھۇدىي ئالىملىرىدىن ئۇلارنىڭ كىتابلىرىدا نازىل قىلىنغان ھۆكۈملەرنى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىرگە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈپەتلىرىنى خەلققە بايان قىلىپ بېرىش ھەققىدە ئالغان ئەھدۇپەيمانىدۇر، - دېگەن.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: ئۇلار بۇ ئەھدۇپەيماننى ئارقىسىغا چۆرۈۋەتتى، ئىلىمنى ئازغىنا بەدەلگە تېگىشتى. ئۇلارنىڭ تېگىشىپ ئالغىنى نېمىدېگەن يامان! ئۇلار ھەققەتەن زىيان تارتتى، - دېدى.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى الله رىزاسىنى تەلەپ قىلىدىغان ئىلىمنى ئەرزىمەس دۇنيا مەتاسىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆگەنسە، جەننەتنىڭ پۇرىقىنى پۇرىيالمايدۇ» دېگەن[1].

يۇقىرىدا ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە يۈزىچە سۆرەپ ئاپىرىلىپ، دوزاخقا تاشلىنىدىغان ئۈچ تۈرلۈك كىشىدىن بىر تۈرىنىڭ: ″ئۇ ناھايىتى ئالىم ئىكەن″ دېيىسۇن دەپ ئىلىم ئۆگەنگەنلىكى بايان قىلىنغان ئىدى[2].

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ئالىملار بىلەن ئۈستۈنلۈك تالىشىش، جاھىللار بىلەن جېدەل قىلىش ۋە ئىنسانلارنىڭ قەلبلىرىنى ئۆزىگە جەلب قىلىش ئۈچۈن ئىلىم ئۆگەنسە، دوزاخقا كىرىدۇ»[3]. يەنە بىر رىۋايەتتە: «الله ئۇنى دوزاخقا كىرگۈزىدۇ» دېيىلگەن.

[1] ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

[2] مۇسلىم، نەسائى ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

[3] تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: ھەسەن، - دېگەن.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى بىرەر ئىلىم سورالغاندا ئۇنى يوشۇرسا، قىيامەت كۈنى ئاغزىغا ئوتتىن يۈگەن سېلىنىدۇ»[1].

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «ئى الله! ساڭا سېغىنىپ، پايدا بەرمەيدىغان ئىلىمدىن پاناھ تىلەيمەن».

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى اللهنىڭ رازىلىقىدىن باشقا نەرسىنى كۆزلەپ ئىلىم ئۆگەنسە ياكى ئۆگەنگەن ئىلمى بىلەن اللهنىڭ رازىلىقىدىن باشقا نەرسىنى كۆزلىسە، دوزاختىن ئۆزىگە جاي تەييارلىسۇن»[2]؛ «كىمكى ئىلىم ئۆگىنىپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىسا، ئۇ ئىلىم پەقەت ئۇنىڭ كىبىرلىكىنى زىيادە قىلىدۇ».

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنى ئەمەلسىز ئالىم ئېلىپ كېلىنىپ، دوزاخقا تاشلىنىدۇ. ئۇ ئۈچەي باغرى ئەتراپىدا، خۇددى ئېشەك تۈگمەن تېشىنى ئايلانغاندەك ئايلىنىدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭدىن:

_ نېمە ئۈچۈن بۇ ھالغا چۈشۈپ قالدىڭ، بىز سېنىڭ سۆزۈڭ بىلەن ھىدايەت تاپقان ئىدۇق ئەمەسمۇ؟ دەپ سورىغاندا، ئۇ:

_ سىلەرنى توسقان يامان ئىشلارنى ئۆزەم قىلاتتىم، - دەپ جاۋاب بېرىدۇ»[3].

ھىلال ئىبنى ئەلا مۇنداق دەيدۇ: ئىلىم ئۆگىنىش قىيىن بىر ئىش، ئۇنى ئەستە چىڭ ساقلاش تېخىمۇ قىيىن. ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش ئەستە چىڭ ساقلاشتىنمۇ قىيىن. ئۇنىڭدىن سالامەت قۇتۇلۇش ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشتىنمۇ قىيىن.

---

[1] ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ئەھمەد ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

[2] تىرمىزى رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: زەئىپ، - دېگەن.

[3] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

بىز اللهقا ئىلتىجا قىلىپ، بارلىق بالايىئاپەتلەردىن سالامەت قىلىشىنى، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ئىشلارغا مۇۋەپپەق قىلىشىنى تىلەيمىز. الله ناھايىتى سېخىي، ناھايىتى كەرەملىكتۇر.

*****

**ۋەز ـ نەسىھەت:** ئى بۇرادەر! ئىشىڭنىڭ ئاقىۋىتىنى قاچان ئويلايسەن؟ ئىنسانلار بۇ كەمچىلىكىدىن قاچانمۇ قۇتىلار؟ تاپقان تەرگىنىڭ ئەتراپىدا قاچانغىچە پەرۋانە بولۇپ يۈرىسەن؟ سىلەردىن بۇرۇن ئالىي قەسىرلەردە ياشىغانلار ھازىر قەيەرگە كەتتى؟ بۇ نېمەتلەردىن ھېچ ئايرىلمايمىز دەپ ئويلىغانلارچۇ؟ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى قەبرىگە بېرىپ يىغىلدى. داق يەرنى سۇ چېلىنغانغا قەدەر ئۆزلىرىگە ماكان تۇتتى. ئۇلار ھەق بىلەن ناھەق ئايرىلىدىغان كۈندە قەبرىلىرىدىن چىقىدۇ، يوشۇرۇن قىلغان ئەمەللىرى ئاشكارا بولىدۇ، پەردىلەر ئېلىپ تاشلىنىدۇ، ئاجايىپ قىلمىشلار، ھەتتا دىللاردىكى سىرلار بىر - بىرلەپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. پۇلسىرات كۆۋرۈكى تىكلىنىدۇ، قانچىلىغان قەدەملەر تېيىلىپ چۈشىدۇ، مەغرۇرلارنى ئېلىپ تارتىش ئۈچۈن تۆمۈر ئىلمەكلەر قويۇلىدۇ. تەقۋادارلارنىڭ يۈزلىرى خۇددى تولۇن ئايدەك نۇرلۇق بولۇپ كېتىدۇ. ئەنە شۇلار زىيان تارتمايدىغان تىجارەتنى قىلغان بولىدۇ.

ئەمما گۇناھكارلار: ۋاي ئىست! ۋاي ھالىمىزغا! - دەپ پەرياد قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ تۇمشۇقلىرىغا نوقتىلار سېلىنىپ، دوزاخقا ئاپىرىپ تاشلىنىدۇ. دوزاخ ئۇلارنى كۆرۈپ سەت ئاۋاز بىلەن گۈركىرەيدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِذَا أُلْقُوا فِيهَا سَمِعُوا لَهَا شَهِيقًا وَهِيَ تَفُورُ﴾ ﴿ئۇلار دوزاخقا تاشلانغان چاغدا، قايناپ تۇرغان دوزاخنىڭ (ئېشەك ھاڭرىغاندەك) سەت ئاۋازىنى ئاڭلايدۇ﴾[1].

ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن كىشىگە بۇ دۇنيادا خۇشاللىق يوق. بۇ دۇنيادا پەقەت جاھىللار ياكى كاپىرلار خۇشال ئۆتىدۇ. بىر شېئىردا مۇنداق دېيىلگەن (مەزمۇنى): بۇ دۇنيا مال - ماتا بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھەممە نەرسە تۇزاقتۇر. سەن پەقەت ئاسمان يېرىلغاندىلا، ئاندىن ھوشۇڭنى تاپىسەن.

[1] سۈرە مۇلك، 7 ـ ئايەت.

## ئوتتۇز توققۇزىنچى چوڭ گۇناھ:

## خىيانەت

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ لاَ تَخُونُواْ اللهَ وَالرَّسُولَ وَتَخُونُواْ أَمَانَاتِكُمْ وَأَنتُمْ تَعْلَمُونَ﴾ ﴿ئى مۇئمىنلەر! اللەقا، پەيغەمبەرگە خىيانەت قىلماڭلار، سىلەرگە قويۇلغان ئامانەتلەرگە بىلىپ تۇرۇپ خىيانەت قىلماڭلار﴾[1].

ۋاھىدى مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەت ئەبۇ لۇبابە ھەققىدە نازىل بولغان. ۋەقە مۇنداق: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەنى قۇرەيزە قەبىلىسىنى قورشىۋالغان چاغدا، ئەبۇ لۇبابەنى ئۇلارغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىدۇ. ئۇنىڭ ئايالى ۋە بالا - چاقىلىرى ئۇلارنىڭ قولىدا ئىدى. يەھۇدىيلار ئۇنىڭدىن: ئەگەر بىز سەئدنىڭ ھۆكمىگە[2] رازى بولۇپ، تەسلىم بولساق، بىزگە قانداق جازا بېرىلىدۇ؟ - دەپ سورىغاندا، ئەبۇ لۇبابە (ئۇلارنىڭ) ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى ئىشارەت قىلىپ، تەسلىم بولماسلىققا شەپە بېرىدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق شەپە بېرىشى اللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قىلىنغان خىيانەت ئىدى[3].

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: ئايەتتە بايان قىلىنغان ″ئامانەت″ دېگەن سۆز اللە تائالا بەندىلىرىگە ئامانەت قويغان ئەمەللەرنى، يەنى پەرز ئىبادەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، پەرز ئىبادەتلەرنى دەخلى – تەرۇزسىز ئادا قىلىڭلار دېگەنلىك بولىدۇ، - دېگەن.

[1] سۈرە ئەنفال، 27 ـ ئايەت.

[2] پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قورشاۋدىكى يەھۇدىيلارغا قانداق جازا بېرىش ھەققىدە ساھابىلەر بىلەن مەسلىھەتلەشكەندە، سەئد ئىبنى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارنىڭ قورال تۇتالايدىغانلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، خوتۇن – بالىلىرىنى ئەسىر ئېلىش ھەققىدە مەسلىھەت بەرگەن.

[3] سۇيۇتى «ئەسبابۇننۇزۇل» ناملىق كىتابىدا نەقىل قىلىنغان.

كەلبى مۇنداق دەيدۇ: اللە ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا خىيانەت قىلىش ئۇ ئىككىسىگە ئاسىيلىق قىلىش دېمەكتۇر. ئەمما ئامانەتكە خىيانەت قىلىشقا كەلسەك، اللە ھەربىر ئىنسانغا پەرز قىلغان ئىبادەت ئۇنىڭغا قويۇلغان ئامانەت بولۇپ، ئۇ خالىسا بۇ ئامانەتكە خىيانەت قىلىدۇ، خالىسا ئۇنى ئادا قىلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئىشىنى اللە تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ.

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَنَّ اللّهَ لاَ يَهْدِي كَيْدَ الْخَائِنِينَ﴾ ﴿اللە خائىنلارنىڭ ھىيلىسىنى ھەرگىزمۇ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرمەيدۇ﴾[1]. يەنى اللە ئامانەتكە خىيانەت قىلغان كىشىنى توغرا يولغا باشلىمايدۇ، ئاخىرى ھىدايەتتىن مەھرۇم قېلىپ رەسۋا بولىدۇ.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «مۇناپىقنىڭ ئالامىتى ئۈچتۇر: گەپ قىلسا، يالغان سۆزلەيدۇ. ۋەدە قىلسا، خىلاپلىق قىلىدۇ. ئامانەت قويۇلسا، خىيانەت قىلىدۇ»[2]؛ «ئامانەتكە رىئايە قىلمىغاننىڭ ئىمانى يوق، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمىغاننىڭ دىنى يوق»[3].

ھەرقانداق ئىشتا خىيانەت قىلىش پەسكەشلىكتۇر. ئەمما خىيانەتنىڭ بەزىسى بەزىسىدىن ياماندۇر. شۇڭا سېنىڭ بىرقانچە تەڭگەڭگە خىيانەت قىلغان كىشى خوتۇن – بالىلىرىڭ ۋە مال – مۈلكۈڭگە خىيانەت قىلىپ، چوڭ گۇناھلارنى سادىر قىلغان كىشى بىلەن ھەرگىزمۇ ئوخشاش بولمايدۇ.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «ساڭا ئامانەت قويغان كىشىنىڭ ئامانىتىنى تولۇق ئادا قىلغىن. ساڭا خىيانەت قىلغان كىشىگە ھەرگىزمۇ خىيانەت قىلمىغىن»[4]؛ «مۇئمىن خىيانەت ۋە يالغان گەپتىن باشقا ھەممە ئىشنى قىلىپ سالىدۇ»[5]؛ «اللە تائالا: ئىككى شېرىك بىر - بىرىگە خىيانەت

---

[1] سۈرە يۇسۇف، 52 ـ ئايەت.

[2] بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

[3] ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

[4] ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، دارىمى، دارۇقۇتنى ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

[5] ئەھمەد رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: زەئىپ، - دېگەن.

قىلمىسىلا، مەن ئۇلارنىڭ ئۈچىنچى شېرىكىمەن، - دەيدۇ»[1]؛ «ئىنسانلاردىن ئەڭ دەسلەپ ئامانەت كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ، ئەڭ ئاخىرىدا ناماز قالىدۇ. قانچىلىغان نامازئوقۇغۇچىلار باركى، ئۇلاردا ھېچقانداق خەير يوق»[2]؛ «خىيانەت قىلىشتىن قەتئىي ساقلىنىڭلار، ئۇ نېمىدېگەن يامان نەپسانىيەتچىلىكتۇر»[3].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «دوزاخ ئەھلى مانا شۇنداق بولىدۇ» دېگىنىچە، ئۇلاردىن بىر ئادەمنى تىلغا ئېلىپ: «ئۇ تەمەگەرلىكىدىن ۋاز كەچمەيدۇ، كىچىككىنە نەرسە بولسىمۇ خىيانەت قىلىدۇ»[4] دېگەن.

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: قىيامەت كۈنى دۇنيادا ئامانەتكە خىيانەت قىلغان كىشى ئېلىپ كېلىنىپ:

_ ئامانەتنى ئادا قىلغىن، دېيىلىدۇ. ئۇ:

_ ئى رەببىم! قانداق ئادا قىلىمەن، مال - دۇنيا كېتىپ قالدى، - دەيدۇ. شۇ چاغدا، ئۇ ئامانەت دوزاخنىڭ قەرىدە خۇددى خىيانەت قىلىنغان كۈندىكى پېتى كۆرسىتىلىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا:

_ پەسكە چۈشۈپ، ئۇنى ئېلىپ چىققىن، - دېيىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ كىشى جەھەننەمنىڭ ئاستىغا چۈشۈپ، ئامانەتنى يەلكىسىگە يۈدىگەن ھالدا ئېلىپ چىقىدۇ. ھالبۇكى، ئۇ ئامانەت ئۇنىڭغا دۇنيانىڭ تاغلىرىدىنمۇ ئېغىر تۇيۇلىدۇ. ئاخىرى ئۇ: ئەمدى بۇنىڭدىن قۇتۇلىدىغان بولدۇم، - دەپ ئويلىغاندا، جەھەننەمنىڭ قەرىگە ئۇ ئامانەت بىلەن بىرلىكتە مەڭگۈلۈك چۈشۈپ كېتىدۇ. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ناماز ئامانەت، تاھارەت ئامانەت، تارازا ئامانەت، ئۆلچەم ئامانەتتۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن ئېغىرى ئامانەت قويۇلغان نەرسىلەردۇر[5].

---

[1] ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: زەئىپ، - دېگەن.

[2] تەبەرانى رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: ھەسەن، - دېگەن.

[3] ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە ۋە نەسائى رىۋايەت قىلغان.

[4] مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[5] مۇنزىرى نەقىل قىلغان ۋە: ئەھمەد ۋە بەيھەقى رىۋايەت قىلغان، - دېگەن.

**ۋەز ـ نەسىھەت:** ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! ۋاقىت ئالتۇنىدىنمۇ قىممەت. بىراق، سىلەر ئۇنى زايا قىلىدىڭلار. نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىش نېمىدېگەن يامان جاھىللىق، ئەمما سىلەر ئۇنىڭغا باش ئەگىدىڭلار. مال ـ دۇنيادىن ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن سوراققا تارتىلىسىلەر؟ قاراڭلارچۇ، بۇنى قانداق توپلىدىڭلار؟ نامە ـ ئەمەل دەپتەرلىرى ناھايىتى پۇختا ساقلىنىدۇ. شۇڭا ئاخىرەتكە سەپەر قىلىش ۋە قەبرىگە كىرىپ، ھەر تەرىپى تاقالغان قاراڭغۇ گۆردە قۇرت ـ قوڭغۇزلارغا يەم بولۇشتىن بۇرۇن ئەمەل دەپتەرلىرىڭلارغا نېمىلەرنىڭ يېزىلغانلىقىنى، يىپ ـ يىڭنىدىن تارتىپ سوراققا تارتىلىدىغانلىقىڭلارنى مۇلاھىزە قىلىڭلار. ناۋادا گۇناھكاردىن گۆردە: قويۇپ بېرىلسەڭ، نېمە ئىش قىلىسەن؟ ـ دەپ سورالسا، ئەلۋەتتە، «دۇنياغا قايتىپ بارسام، ھېچقانداق گۇناھ ئىشلىمەيتتىم» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

بىر شېئىردا مۇنداق دېيىلگەن (مەزمۇنى): نۇھ قەۋمى، ئاد قەۋمى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن سەمۇد قەۋمى ئاھالىلىرى قەيەردە قالدى؟ مەخمەل دۇخاۋىلاردا ياتقانلارنىڭ، يىپەك كىيىملەرنى كىيگەنلەرنىڭ تەنلىرى ئاخىرى بېرىپ، داق تۇپراقلارغا، قاتتىق لەھەدلەرگە تەگدى. ساغلام كىشى كېسەل بولىدۇ، يوقلاپ كىرگەن كىشىگە قارىغاندا ئۆلۈمگە يېقىن بولىدۇ.

## قىرىقىنچى چوڭ گۇناھ:

# مىننەت قىلىش

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ لاَ تُبْطِلُواْ صَدَقَاتِكُم بِالْمَنِّ وَالأذَى﴾ ﴿ئى مۇئمىنلەر! پۇل - مېلىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان، اللەقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرمەيدىغان كىشى (نىڭ قىلغان ئەمىلىنى بىكار قىلىۋەتكىنىگە) ئوخشاش، بەرگەن سەدىقەڭلارنى مىننەت قىلىش ۋە ئەزىيەت يەتكۈزۈش بىلەن بىكار قىلىۋەتمەڭلار﴾[1].

ۋاھىدى (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) بۇ ئايەتنى: بەرگەن نەرسىسىنى مىننەت قىلىش، - دەپ تەپسىر قىلغان. كەلبى: بەرگەن سەدىقىسىنى اللەقا مىننەت قىلىش، سەدىقە ئالغان كىشىگە ئەزىيەت بېرىش، دەپ تەپسىر قىلغان.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «اللە تائالا ئۈچ تۈرلۈك كىشىگە قىيامەت كۈنى گەپ قىلمايدۇ، ئۇلارغا (رەھمەت نەزىرى بىلەن) قارىمايدۇ ۋە ئۇلارنى گۇناھتىن پاكلىمايدۇ. ئۇلار قاتتىق ئازابقا مۇپتىلا بولىدۇ. بىرىنچى، كىيىمنى ئۇزۇن كىيىپ، سۆرەلدۈرۈپ ماڭىدىغان كىشى؛ ئىككىنچى، مىننەت قىلىدىغان كىشى؛ ئۈچىنچى، مېلىنى يالغان قەسەم بىلەن ساتىدىغان كىشى»[2].

كىيىمنى ئۇزۇن كىيىشتىن مەيلى ئىشتان ياكى باشقا كىيىملەر بولسۇن، ئوشۇقنىڭ ئاستىغىچە ئۇزۇن كىيىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە بىر ھەدىستە: «كىيىمنىڭ ئوشۇقتىن تۆۋەنگە ساڭگىلىغان قىسمى دوزاختا بولىدۇ» دېگەن[3].

---

[1] سۈرە بەقەرە، 264 ـ ئايەت.

[2] مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسائى، تىرمىزى، ئەھمەد ۋە دارىمى رىۋايەت قىلغان.

[3] بۇخارى، ئىبنى ماجە، نەسائى ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «ئۈچ تۈرلۈك كىشى جەننەتكە كىرمەيدۇ: بىرى، ئاتا - ئانىسىنى قاقشاتقۇچى؛ يەنە بىرى، چېقىمچى؛ ئۈچىنچىسى، ھاراقكەش»[1]؛ «ھىيلىگەر، بېخىل ۋە مىننەتخور جەننەتكە كىرمەيدۇ»[2]. ھىيلىگەر باشقىلارنى ئالدايدۇ. مىننەتخور ئالدى بىلەن باشقىلارغا بىرەر نەرسە ياكى سەدىقە بېرىدۇ، ئارقىدىن بەرگەن نەرسىسىنى مىننەت قىلىدۇ.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كۈنى: «قىلغان ياخشىلىقىڭلارنى مىننەت قىلىشتىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى مىننەت قىلىش شۈكۈرنى بىكار قىلىپ، ساۋابىنى يوق قىلىۋېتىدۇ» دېدى[3]. ئاندىن مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇدى: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ لاَ تُبْطِلُواْ صَدَقَاتِكُم بِالْمَنِّ وَالأذَى﴾ ﴿ئى مۇئمىنلەر! پۇل - مېلىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان، اللهقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرمەيدىغان كىشى (نىڭ قىلغان ئەمەلىنى بىكار قىلىۋەتكىنىگە) ئوخشاش، بەرگەن سەدىقەڭلارنى مىننەت قىلىش ۋە ئەزىيەت يەتكۈزۈش بىلەن بىكار قىلىۋەتمەڭلار﴾.

ئىبنى سىيرىين بىر كىشىنىڭ باشقا بىر كىشىگە: ساڭا ياخشىلىق قىلدىم، ئۇنداق قىلدىم، مۇنداق قىلدىم دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا: بولدى قىلغىن، سانالغان ياخشىلىقتا خەير قالمايدۇ، - دېدى.

دانالاردىن بىرى مۇنداق دېگەن: قىلغان ياخشىلىقنى تىلغا ئېلىپ مىننەت قىلغان ۋە ئۆز ئەمەلىدىن ئەجەپلىنىپ قالتىس ئىش قىلىۋەتكەندەك تۇيغۇدا بولغان كىشى ساۋابتىن مەھرۇم قالىدۇ.

ئىمام شافىئى (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) بىر شېئىردا مۇنداق دەيدۇ (مەزمۇنى): ساڭا مىننەت قىلغان كىشىنىڭ مىننىتىنى ئۈستۈڭگە ئالمىغىن. ئۆزەڭ ئۈچۈن ئەزەلدىن تەقدىر قىلىنغان نېسىۋەڭنى تاللىغىن ۋە سەۋر قىلغىن. چۈنكى سەۋر

[1] دارىمى، نەسائى ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

[2] تىرمىزى رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: زەئىپ، - دېگەن.

[3] ھەيسەمى بۇ ھەدىسنى سەنەدسىز نەقىل قىلغان. رىۋايەت قىلىنغان مەنبەسى ئېنىق ئەمەس.

قالقانــــدۇر. مىنــــنەت قىلغۇچىلارنىـــڭ دىللارغـــا يەتكۈزىـــدىغان ئەزىيىتـــى يۈرەككە سانچىلغان نەيزىدىنمۇ ياماندۇر.

*****

**ۋەز ـ نەســــــھەت:** گۇناھقـــا يۈگـــۈرگەن ئـــى بـــۇرادەر! ســـەن نىمـــدىگەن نـــادان – ھە! ســـاڭا بىـــرىلگەن مـــۆھلەتكە قاچـــانغىچە گـــول بولســـەن؟ ســـىنىڭچە، ســـاڭا مـــۆھلەت بەرگەن زات ســـىنى تاشـــلاپ قويغانمـــــدۇ؟ ئۆلـــــۈمنى ئويلىمايۋاتامســـــەن؟ ھـــــالبۇكى، ئۆلـــــۈم يىقىنلىشـــىپ كىلىۋاتىـــدۇ. ئەزرائىـــل دەرۋازاڭنـــى چەككەنـــدە، ئـــۇ دۇنياغـــا ســـەپەر قىلمـــاي ئامالـــىڭ يـــوق. ئەيـــش – ئىشـــرەتلىك تۇرمۇشـــتىن كىـــيىن بالايىئـــاپەت ســـىنى ئەســـرگە ئالىـــدۇ. يەلكەڭنـــى بىســـىپ تۇرغـــان چـــوڭ گۇناھلىرىڭغا قاتتىق پۇشايمان قىلىسەن.

پـــانىي دۇنيـــادىن ھـــوزۇر ئـــالغۇچى ئـــى ئىنســـان! گۇناھلىرىـــڭ نىمـــدىگەن كـــۆپ؟! ۋەز ـ نەســـھەتتىن گويـــا ســـاڭا ھىچقاچـــان ۋەز - نەســـھەت قىلىنمىغانـــدەك يـــۈز ئۆرۈيســـەن. ياخشـــى كـــۆرگەن مەھبۇبلىرىـــڭ قىنـــى؟ ئـــۇلار قەيەرگە كەتتـــى؟ ئۇلارنىـــڭ قىرىـــپ مـــۈكچەيگىنى، ئانـــدىن يـــوق بـــولغىنى ســـاڭا ئىبـــرەت بولمىـــدىمۇ؟ مـــال ـ دۇنيـــا ئىگىلـــرى قىنـــى؟ ئـــۇزۇن خيـــاللاردا بولغـــانلار قەيەرگە كەتتـــى؟ ئـــۇلار قەبرىلىرىـــدە پەقەت ئەمەللـــرى بىـــلەن يـــالغۇز قالمىـــدىمۇ؟ ئـــۇزۇن ۋە ھەشـــەمەتلىك كيىملەرنـــى كيىـــپ كىبىرلىـــك قىلغـــان، دۇنيـــا ھايـــاتى بىـــلەن بولـــۇپ ئـــاخىرەتتىن غەپلەتـــتە قالغـــانلار قىنـــى؟ ئـــۇلار ســـەپەر قىلىـــدۇ – يـــۇ، تـــىخىچە مەنـــزىلىگە يىتەلمىـــدى. ئـــالىي قەســـرلەردە ھاياتىنـــىڭ پەيزىنـــى ســـۈرگەنلەر دۇنيـــادا ھـــىچ ياشـــىمىغاندەك قەبـــرىلەردە يىتىۋاتـــدۇ. شانۇشـــەۋكەت قۇرغـــانلار ۋە تەنـــتەنە قىلغـــانلار قىنـــى؟ اللهنىـــڭ نـــامى بىـــلەن قەســـەمكى، ئۇلارنىـــڭ پارلىغـــان يۇلتـــۇزلىرى ئۇزاققـــا بارمـــاي ئۆچـــۈپ كەتتـــى. دۇنياغـــا ھۆكۈمرانلىـــق قىلغـــان پادىشـــاھلار، زالىـــم ھۆكۈمـــدارلار قىنـــى؟ ئۇلارنىـــڭ مـــال - دۇنيالىرىغـــا ۋە ســـەلتەنەتلىرىگە باشـــقىلار ئـــىگە بولـــدى. دۇنيـــا مانـــا مۇشـــۇنداق ئۆتكۈنچى نەرسە ئەمەسمۇ؟!...

## قىرىق بىرىنچى چوڭ گۇناھ:

### تەقدىرنى يالغانغا چىقىرىش

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّا كُلَّ شَيْءٍ خَلَقْنَاهُ بِقَدَرٍ﴾ ﴿بىز ھەققەتەن ھەممە نەرسىنى (تەقدىر بىلەن) ئۆلچەملىك ياراتتۇق﴾[1]. ئىبنى جەۋزى (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) «زادۇلمەسىر» ناملىق تەپسىرىدە بۇ ئايەت ئۈستىدە توختىلىپ، ئۇنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى ھەققىدە مۇنداق ئىككى خىل قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

بىرى، مەككە مۇشرىكلىرى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ، تەقدىر ھەققىدە ئۇنىڭ بىلەن تالاش - تارتىش قىلغانىدى، بۇ ئايەت نازىل بولدى[2]. ئەبۇ ئۇمامەنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، بۇ ئايەت (تەقدىرنى ئىنكار قىلىدىغان) قەدەرىيە تائىپىسى ھەققىدە نازىل بولغان.

يەنە بىرى، نەجران پاپاسى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئى مۇھەممەد! گۇناھلارنىمۇ تەقدىر دەپ ئويلامسەن؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، - دېگەن ئىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— سىلەر الله بىلەن جېدەللەشكۈچىسىلەر، - دېدى. شۇ چاغدا بۇ ئايەتلەر نازىل بولدى: ﴿إِنَّ الْمُجْرِمِينَ فِي ضَلَالٍ وَسُعُرٍ يَوْمَ يُسْحَبُونَ فِي النَّارِ عَلَى وُجُوهِهِمْ ذُوقُوا مَسَّ سَقَرَ إِنَّا كُلَّ شَيْءٍ خَلَقْنَاهُ بِقَدَرٍ﴾ ﴿گۇناھكارلار ھەققەتەن (دۇنيادا) گۇمراھلىقتىدۇر، (ئاخىرەتتە) دوزاختىدۇر. ئۇلار دوزاختا دۈم ياتقۇزۇلۇپ سۆرىلىدىغان كۈندە، (ئۇلارغا):

---

[1] سۈرە قەمەر، 49 ـ ئايەت.

[2] مۇسلىم، تىرمىزى، ئىبنى ماجە ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

«دوزاخنىڭ ئازابىنى تېتىڭلار» (دېيىلىدۇ). بىز ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى (تەقدىر بىلەن) ئۆلچەملىك ياراتتۇق﴾[1].

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «اﷲ تائالا قىيامەت كۈنى بۇرۇن ئۆتكەنلەر ۋە كېيىن ئۆتكەنلەرنى بىر جايغا توپلىغان چاغدا، جاكارچىغا ئەمىر قىلىدۇ. جاكارچى بۇرۇن ئۆتكەنلەر ۋە كېيىن ئۆتكەنلەر ئاڭلايدىغان قىلىپ نىدا قىلىدۇ: ”اﷲ بىلەن جېدەللەشكۈچىلەر قېنى؟“” بۇ چاغدا (تەقدىرنى ئىنكار قىلغان) قەدەرىيە تائىپىسى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار دوزاخقا ھۆكۈم قىلىنىدۇ»[2]. اﷲ تائالا ئۇلارغا: ﴿دوزاخنىڭ ئازابىنى تېتىڭلار، بىز ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى (تەقدىر بىلەن) ئۆلچەملىك ياراتتۇق) دەيدۇ.

قەدەرىيە تائىپىسى ”اﷲ بىلەن جېدەللەشكۈچىلەر“ دەپ ئاتالدى. چۈنكى ئۇلار بەندىلەرنىڭ ئىشلىرىنىڭ ئالدىنئالا تەقدىر قىلىنىپ، ئاندىن شۇ ئىشلار تۈپەيلى ئازاب قىلىنىشىنى توغرا دەپ قارىمايدۇ ۋە بۇ توغرىدا اﷲ بىلەن جېدەل قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارغا بۇ ئىسىم بېرىلگەن.

ھەسەن بەسرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: اﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، قەدەرىيە تائىپىسىگە ئائىت كىشىلەر كۆپ روزا تۇتۇپ، (ئورۇقلاپ) تانىدەك بولۇپ قالغان، كۆپ ناماز ئوقۇغانلىقتىن ئوقيادەك مۈكچىيىپ قالغان تەقدىردىمۇ، اﷲ ئۇلارنى دوزاخقا دۈم چۈشۈرىدۇ. ئاندىن ئۇلارغا: ﴿دوزاخنىڭ ئازابىنى تېتىڭلار، بىز ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى (تەقدىر بىلەن) ئۆلچەملىك ياراتتۇق﴾ دەيدۇ[3].

---

[1] سۈرە قەمەر، 47 ـ ئايەتتىن 49 ـ ئايەتكىچە.

[2] تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە كىملىكى نامەلۇم بىرى بار.

[3] ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇلمەسىر» ناملىق تەپسىرى، 8 – جىلد، 102 ـ بەت.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ھەممە نەرسە، ھەتتا دۆتلۇك ۋە ئەقىلمۇ، تەقدىر قىلىنىدۇ»[1].

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: ھەممە ئىشنىڭ تەقدىرى ئۇ ئىش ۋۇجۇدقا چىقىشتىن بۇرۇن لەۋھۇلمەھفۇزغا يېزىلىپ بولغان، - دەيدۇ[2].

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَاللَّهُ خَلَقَكُمْ وَمَا تَعْمَلُونَ﴾ ﴿ھالبۇكى، سىلەرنى ۋە ياسىغان نەرسەڭلارنى الله ياراتقاندۇر﴾[3]. ئىبنى جەرىر بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە توختىلىپ: بۇ ئايەت مۇنداق ئىككى خىل مەنىنى ئىپادىلەيدۇ: بىرى، الله سىلەرنى ۋە ئەمەللىرىڭلارنى ياراتتى، دېگەن مەنىنى؛ يەنە بىرى، الله سىلەرنى ۋە ئۆز قوللىرىڭلار بىلەن ياسايدىغان بۇتلارنى ياراتتى دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ، - دەيدۇ. بۇ ئايەت بەندىلەرنىڭ قىلمىشلىرىنىڭمۇ يارىتىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. توغرىسىنى الله بىلگۈچىدۇر.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَأَلْهَمَهَا فُجُورَهَا وَتَقْوَاهَا﴾ ﴿ئۇنىڭغا ياخشى- يامانىنى بىلدۈردى﴾[4].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «شەك - شۈبھىسىزكى، الله تائالا بەزى قەۋمگە مەرھەمەت قىلىپ، ياخشىلىقنى ئاتا قىلدى. ئاندىن ئۇلارنى رەھمىتىگە داخىل قىلدى. يەنە بەزى قەۋمگە بالا بېرىپ، ئۇلارنى خار قىلدى. ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئەيىبلىدى. ئۇلار الله مۇپتىلا قىلغان بالادىن قۇتۇلالمىدى. شۇنىڭ بىلەن، الله ئۇلارنى ئازابلىدى. الله ئادىلدۇر». ﴿لَا يُسْأَلُ عَمَّا يَفْعَلُ وَهُمْ يُسْأَلُونَ﴾ ﴿اللهنىڭ قىلغانلىرىدىن سوئال - سوراق قىلىنمايدۇ، ئۇلاردىن سوئال - سوراق قىلىنىدۇ﴾[5].

[1] مۇسلىم، مالىك ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

[2] ئىبنى جەۋزىنىڭ «زادۇلمەسىر» ناملىق تەپسىرى، 8 – جىلد، 102 - بەت.

[3] سۈرە سافغات، 96 – ئايەت.

[4] سۈرە شەمس، 8 ـ ئايەت.

[5] سۈرە ئەنبىيا، 23 ـ ئايەت.

مۇئــــاز ئىبنـــــى جەبەل رەزىيەللاھــــۇ ئەنھـــــۇدىن رىـــــۋايەت قىلىنـــــدۇكى، پەيغەمـــبەر ســــەللاللاھۇ ئەلەيھــــى ۋەســــەللەم مۇنــــداق دېـــگەن: «اللە تائـــالا قانچىلـــك پەيغەمــــبەر ئەۋەتـــكەن بولســــا، ھەر پەيغەمبەرنىــــڭ ئــــۇممىتى ئىچىــــدە قەدەرىـــــيە ۋە مــــۇرجىيە تـــائىپىلىرى بـــار ئىـــدى. اللە تائـــالا قەدەرىـــيە ۋە مـــۇرجىيە تـــائىپىلىرىنى يەتمـــش پەيغەمبەرنىڭ تىلى بىلەن لەنەت قىلدى»[①].

ئائىشــــە رەزىيەللاھــــۇ ئەنھـــادىن رىـــۋايەت قىلىنـــدۇكى، پەيغەمـــبەر ســــەللاللاھۇ ئەلەيھـــى ۋەســــەللەم مۇنـــداق دېـــگەن: «قەدەرىــــيە بـــۇ ئۇممەتنىڭ مەجۇسلىرىدۇر»[②].

ئىبنــــى ئــــۆمەر رەزىيەللاھـــۇ ئەنھۇمـــادىن رىـــۋايەت قىلىنـــدۇكى، پەيغەمــــبەر ســــەللاللاھۇ ئەلەيھــــى ۋەســــەللەم: «ھەمــــمە ئۇممەتنىـــڭ مەجۇسىــــى بـــار، بــۇ ئۇممەتنىـــڭ مەجۇسىـــى: تەقـــدىر يـــوق نەرســــە، ھەر ئىـــش يېڭـــى يـــۈز بېرىـــدۇ، - دەپ بىلجىرلايــــدۇ. ئۇلارغــــا يولۇقســـاڭلار، مېنىـــڭ ئـــۇلاردىن ئـــادا - جـــۇدا ئىكەنلىكىمنىــــى، ئۇلارنىڭمـــۇ مەنـــدىن ئـــادا - جـــۇدا ئىكەنلىكىنــــى ئۇلارغـــا ئېيتىـــپ قويـــۇڭلار»[③] دېـــگەن. پەيغەمـــبەر ســــەللاللاھۇ ئەلەيھـــى ۋەســــەللەم ســـۆزىنى داۋام قىلىـــپ: «جېـــنىم ئىلكـــىدە بولغـــان زات اللە بىـــلەن قەســـەمكى، ئۇلارنىـــڭ بىرىـــدە ئۇھـــۇد تېغىـــدەك ئـــالتۇن بولـــۇپ، ئـــۇ ئـــۇنى اللە يولىـــدا ســـەرپ قىلغـــان تەقـــدىردىمۇ، تەقـــدىرگە، يەنـــى ياخشـــىلىق ۋە يامانلىقنىـــڭ اللەنىـــڭ تەقـــدىرى بىــــلەن بولىـــدىغانلىقىغا ئىمــــان ئېيتمىغىچە قوبۇل قىلىنمايدۇ» دېگەن.

جىبرىئىــــل ئەلەيھىســـــالام پەيغەمـــبەر ســــەللاللاھۇ ئەلەيھــــى ۋەســـەللەمنىڭ قېشـــىغا كېلىـــپ، ئۇنىڭـــدىن: «ئىمـــان دېـــگەن نـــېمە؟» دەپ ســـورىغاندا، پەيغەمـــبەر ســــەللاللاھۇ ئەلەيھــــى ۋەســــەللەم: «ئىمـــان دېـــگەن اللەقـــا، ئۇنىـــڭ پەرىشـــتىلىرىگە، كىتابلىرىغـــا، پەيغەمبەرلىـــرىگە، ئـــاخىرەت كـــۈنىگە، تەقـــدىرگە، يەنـــى ياخشـــىلىق ۋە يامانلىقنىـــڭ اللەنىـــڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىشتۇر» دەپ جاۋاب بەرگەن.

---

① ئىبنى ئەبۇ ئاسىم ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: بۇ ھەدىسنىڭ سەنەدى زەئىپ، - دېگەن.

② ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، ئەھمەد ۋە ئىبنى ئەبۇ ئاسىم رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: ھەسەن، - دېگەن.

③ مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

اللهقا ئىمان كەلتۈرۈشكە كەلسەك، ئۇ، الله تائالانىڭ بار ۋە بىرلىكلىنى، كاتتىلىق ۋە كەماللىق بىلەن سۈپەتلەنگەنلىكىنى، بارلىق نۇقسانلاردىن پاك ئىكەنلىكىنى چىن دىلىدىن تەستىقلاش، شۇنداقلا، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوق، ئۇ يېگانىدۇر، ھەممە ئۇنىڭغا موھتاجدۇر، ئۇ بارلىق مەخلۇقاتلارنى ياراتتى، مەخلۇقاتلىرىنى خالىغىنىچە تەسەررۇپ قىلىدۇ، مۇلكىدە خالىغان ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ، ـ دەپ قوبۇل قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈشكە كەلسەك، ئۇلارنىڭمۇ اللەنىڭ بەندىلىرى ئىكەنلىكىنى تەستىقلاشتىن ئىبارەت. الله تائالا قۇرئان كەرىمدە ئۇلارنى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿بَلْ عِبَادٌ مُّكْرَمُونَ لَا يَسْبِقُونَهُ بِالْقَوْلِ وَهُم بِأَمْرِهِ يَعْمَلُونَ يَعْلَمُ مَا بَيْنَ أَيْدِيهِمْ وَمَا خَلْفَهُمْ وَلَا يَشْفَعُونَ إِلَّا لِمَنِ ارْتَضَى وَهُم مِّنْ خَشْيَتِهِ مُشْفِقُونَ﴾ ﴿(پەرىشتىلەر اللەنىڭ) ھۆرمەتلىك بەندىلىرىدۇر. ئۇلار اللهقا ئالدى بىلەن سۆز قىلىشقا پېتىنالمايدۇ، ئۇلار اللەنىڭ ئەمرى بويىچە ئىش قىلىدۇ. الله ئۇلارنىڭ قىلغانلىرىنى ۋە قىلماقچى بولغانلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئۇلار الله رازى بولغانلارغىلا شاپائەت قىلىدۇ، اللەنىڭ ھەيۋىسىدىن تىترەپ تۇرىدۇ﴾[1].

پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈشكە كەلسەك، ئۇلارنىڭ الله تائالا تەرىپىدىن ئېلىپ كەلگەن ۋەھيىلىرىنى يەتكۈزۈشتە راستچىل ئىكەنلىكىنى، اللەنىڭمۇ ئۇلارنى ئۇلارنىڭ راستچىل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان روشەن مۆجىزىلەر بىلەن قۇۋۋەتلىگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ اللەنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى ئىنسانلارغا ناھايىتى ئوچۇق يەتكۈزگەنلىكىنى، ئۇلارنى ھۆرمەتلەشنىڭ لازىملىقىنى، ئۇلارنى بىر ـ بىرىدىن ھەرگىزمۇ ئايرىۋەتمەسلىكنى تەستىقلاشتىن ئىبارەت.

ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈشكە كەلسەك، قىيامەت كۈنىنى، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنى، مەھشەرگاھقا ھەيدىلىش ۋە توپلىنىشنى، ھېساب ـ كىتابقا تارتىلىشنى، تارازىنى، پۇلسىرات كۆۋرۈكىنى، جەننەت ۋە دوزاخنى، ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ كۈندە يۈز بېرىدىغان ئىشلارنى تەستىقلاشتىن

---

[1] سۈرە ئەنبىيا، 26 ـ ئايەتتىن 28 ـ ئايەتكىچە.

ئىبارەت. جەننەت ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ تۇرالغۇ - جايىدۇر، دوزاخ بولسا گۇناھكارلارنىڭ تۇرالغۇ - جايىدۇر.

تەقدىرگە ئىمان كەلتۈرۈشكە كەلسەك، ھەرقانداق ئىشنىڭ ئالدىنئالا بەلگىلىنىپ بولغانلىقىنى تەستىقلاشتىن ئىبارەت. بۇنى الله تائالانىڭ مۇنۇ ئايەتلىرى ئوچۇق ئىپادىلەپ بېرىدۇ: ﴿وَاللَّهُ خَلَقَكُمْ وَمَا تَعْمَلُونَ﴾ ﴿ھالبۇكى، سىلەرنى ۋە ياسىغان نەرسەڭلارنى الله ياراتقاندۇر﴾[①]؛ ﴿إِنَّا كُلَّ شَيْءٍ خَلَقْنَاهُ بِقَدَرٍ﴾ ﴿بىز ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى (تەقدىر بىلەن) ئۆلچەملىك ياراتتۇق﴾[②].

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «بىلگىنكى، بارلىق ئىنسانلار ساڭا بىرەر نەرسە بىلەن پايدا يەتكۈزۈش ئۈچۈن توپلانغان تەقدىردىمۇ، الله ساڭا تەقدىر قىلغان نەرسىدىن باشقا نەرسە بىلەن پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ. قەلەملەر ئاللىبۇرۇن كۆتۈرۈلدى، بەتلەر قۇرۇپ بولدى»[③].

ئىلگىرى ۋە كېيىن ئۆتكەن ئۆلىمالار يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىشلارنى چىن دىلىدىن تەستىقلىغان، ھېچ شەك قىلمىغان ۋە ئىككىلەنمىگەن كىشىنىڭ ھەقىقىي مۇئمىن بولىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. مەيلى ئۇ كىشى قەتئىي دەلىللەرنىڭ ياردىمى بىلەن مۇشۇ ئېتىقادقا كەلسۇن ياكى ئۆزلىكىدىن مۇشۇنداق ئېتىقاد قىلسۇن ئوخشاشتۇر.

*****

تابىئىنلارنىڭ كاتتىلىرىدىن يەتمىش نەپەر كىشى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىماملىرى، سەلەف سالىھلار ۋە فىقھشۇناسلار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تەقدىر ھەققىدە كۆرسەتكەن تەلىماتلىرىنىڭ تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت ئىكەنلىكىگە ئىجما قىلغان (بىرلىككە كەلگەن):

---

[①] سۈرە سافقات، 96 ـ ئايەت.

[②] سۈرە قەمەر، 49 ـ ئايەت.

[③] تىرمىزى رىۋايەت قىلغان ۋە: ھەسەن ۋە سەھىھ، - دېگەن.

ئالدى بىلەن الله تائالانىڭ ھۆكمىگە ۋە تەقدىرىگە رازى بولۇش، بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنۇش، ھۆكۈملىرى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەزىيەتلىك ھېكمەتلەرگە چىدامىلىق بولۇش، بۇيرۇغان ئىشلارنى بېجىرىش، توسقان ئىشلاردىن يېنىش، ئەمەلنى ئىخلاس بىلەن قىلىش، ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ الله تائالا تەرىپىدىن تەقدىر قىلىنغانلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈش، رىياخورلۇق ۋە جېدەلخورلۇقنى تەرك ئېتىش، دىندا تالاش - تارتىش قىلماسلىق، مەيلى ياخشى ياكى يامان بولسۇن، ھەرقانداق خەلىپىنىڭ ئارقىسىدىن جىھادقا چىقىش، ئەھلى قىبلىدىن ئۆلگەن كىشىلەرنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ئىمان _ سۆز، ئەمەل ۋە نىيەتتىن ئىبارەت. ئىمان تائەت - ئىبادەت بىلەن زىيادە بولىدۇ، گۇناھ - مەسىيەت بىلەن كېمىيىدۇ. قۇرئان اللەنىڭ كالامىدۇر، ھەرگىزمۇ مەخلۇق ئەمەس. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئۇنى اللەنىڭ دەرگاھىدىن پەيغەمبىرى مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئېلىپ چۈشتى. سۇلتان مەيلى ئادىل ياكى زالىم بولسۇن، ئۇنىڭ بايرىقى ئاستىدا سەۋر قىلىش لازىم. ئەمىرلەر زۇلۇم قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارغا قىلىچ كۆتۈرۈپ چىقماسلىقىمىز كېرەك. ھالالنى ھارام، ھارامنى ھالال دېمىگەنلا بولسا، چوڭ گۇناھلارنى قىلغان تەقدىردىمۇ، قىبلە ئەھلىنى كاپىرغا چىقارماسلىقىمىز لازىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جەننەت بىلەن بېشارەت بەرگەن كىشىلەردىن باشقا قىبلە ئەھلىدىن ھېچكىمكە بىرەر ياخشىلىقى ئۈچۈن "ئۇ دېگەن جەننەتتى" دەپ گۇۋاھلىق بېرىشكە بولمايدۇ. شۇنىڭدەك، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرى ئارىسىدا يۈز بەرگەن ھادىسىلەرنى تىل ئۇزارتماسلىق كېرەك. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن كېيىن ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ئەبۇ بەكر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئۇنىڭدىن قالسا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئۇنىڭدىن قالسا ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئۇنىڭدىن قالسا ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدۇر.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بارلىق ئايالىرىغا، بالىلىرىغا ۋە ساھابىلىرىگە ﷲتىن مول رەھمەت تىلەيمىز، ئامىن.

*****

**پايدىلىق مەلۇماتلار:** ئۆلىمالار ئىنسانلارنىڭ بەزى سۆزلىرىنىڭ كۇپرىلىق بولىدىغانلىقىنى ئوچۇق بايان قىلغان بولۇپ، ئۇ سۆزلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1 ـ ﷲنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىدىن بىرىنى، يا بۇيرۇقىنى، يا ۋەدىسىنى، يا ئاگاھلاندۇرۇشىنى مەسخىرە قىلىش كۇپرىلىقتۇر.

2 ـ ئەگەر بىراۋ: ”ﷲ مېنى پالانى ئىشنى قىلىشقا بۇيرۇغان بولسا، مەن ئۇنى قىلمايتتىم“ دېسە، كاپىر بولىدۇ.

3 ـ ئەگەر بىرى: ”قىبلە بۇ تەرەپتە بولۇپ قالغان بولسا، ئۇ تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇمايتتىم“ دېسە، كاپىر بولىدۇ.

4 ـ ئەگەر بىرى يەنە بىرىگە: ”نامازنى تاشلىمىغىن، بولمىسا ﷲ سېنى جازالايدۇ“ دېگەندە، ئۇ ئۇنىڭغا: ”كېسەل بولۇپ قالغانلىقىم ۋە ئېغىر كۈندە قالغانلىقىم ئۈچۈن ئوقۇيالمىغان نامىزىمغا ﷲ مېنى جازالىسا، ئۇ ماڭا زۇلۇم قىلغان بولىدۇ“ دېسە، كاپىر بولىدۇ.

5 ـ ئەگەر بىرى يەنە بىرىگە: ”تىرناقلىرىڭنى ئالغىن، چۈنكى تىرناقنى ئېلىش سۈننەتتۇر“ دېگەندە، ئۇ ئۇنىڭغا: ”سۈننەت بولغان تەقدىردىمۇ، مەن ئالمايمەن“ دېسە، كاپىر بولىدۇ.

6 ـ ئەگەر بىرى: ”پالانچى مېنىڭ كۆزۈمگە يەھۇدىيدەك كۆرۈنىدۇ“ دېسە، كاپىر بولىدۇ.

7 ـ ئەگەر بىرى: ”ﷲ تائالا ئادالەت يۈرگۈزۈش ئۈچۈن ئولتۇردى“ دېسە ياكى: ”ئادالەت يۈرگۈزۈش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى“ دېسە، كاپىر بولىدۇ.

8 ـ ئەگەر بىرى بىر مۇسۇلمانغا: ”ﷲ ئاقىۋىتىڭنى خەيرلىك قىلمىسۇن، ئىمانىڭنى ئېلىۋالسۇن“ دېسە، كاپىر بولىدۇ.

9 ـ بىراۋ يەنە بىراۋنىڭ قەسەم ئىچىشىنى تەلەپ قىلسا، ئۇ ﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەم ئىچمەكچى بولغاندا، ئۇنىڭغا: ”تالاقنى تىلغا ئېلىپ قەسەم ئىچكىن“ دېسە، كاپىر بولىدۇ.

10 ـ ئۆلىمالار بىرىنىڭ يەنە بىرىگە: "سېنى كۆرسەم ئۆلۈكنى كۆرگەندەك بولىمەن" دېسە، كاپىر بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشقان. بەزىلەر: كاپىر بولىدۇ، ـ دېگەن.

11 ـ ئەگەر بىرى: "پالانچى پەيغەمبەر بولغان بولسا، ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرمەيتتىم" دېسە، كاپىر بولىدۇ.

12 ـ ئەگەر بىرى: "پالانچىنىڭ دېگىنى توغرا چىقسا ئىدى، نىجات تاپاتتۇق" دېسە، كاپىر بولىدۇ.

13 ـ ئەگەر بىرى دىنىنى مەسخىرە قىلىش ياكى تاھارەتسىز ناماز ئوقۇشنى ھالال ساناش يۈزىسىدىن تاھارەتسىز ناماز ئوقۇسا، كاپىر بولىدۇ.

14 ـ ئىككى كىشى جېدەللىشىپ قىلغان بولۇپ، بىرى: "لا ھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھ" دېگەندە، يەنە بىرى: "لا ھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھ دېگىنىڭ ھېچ نەرسىگە دال بولمايدۇ" دېسە، كاپىر بولىدۇ.

15 ـ ئەگەر بىرى مۇئەززىنىنىڭ ئەزىنىنى ئاڭلاپ: "ئۇ يالغان سۆزلەۋاتىدۇ" دېسە، كاپىر بولىدۇ.

16 ـ ئەگەر بىرى: "قىيامەتتىن قورقمايمەن" دېسە، كاپىر بولىدۇ.

17 ـ ئەگەر بىرى يۈك ـ تاقلىرىنى چۈشۈرۈپ: "ئۇنى اللهقا تاپشۇردۇم" دېگەندە، باشقا بىرى: "ئۇنى ئوغرىنى تۇتمايدىغان زاتقا تاپشۇردۇڭ" دېسە، كاپىر بولىدۇ.

18 ـ ئەگەر بىرى ئۆزىنى ئىمامغا ئوخشىتىپ ئىگىز بىر جايغا چىقىپ ئولتۇرسا، ئاندىن باشقىلار ئۇنىڭدىن مەسىلە سوراپ، كۈلكە قىلسا ياكى: "بىر قاچا تاماق ئىلمىدىن ياخشىدۇر" دېسە، كاپىر بولىدۇ.

19 ـ ئەگەر بىرى مۇسىبەتكە يولۇققاندا: "بالا ــ چاقامنى، مال ــ مۈلكىمنى ئالدىڭ، ئەمدى قانداق قىلىمىز" دېسە، كاپىر بولىدۇ.

20 ـ ئەگەر بىرى بالىسىنى ياكى قۇلىنى ئۇرغاندا، باشقا بىرى ئۇنى كۆرۈپ: "سەن مۇسۇلمان ئەمەسمۇ؟" دېسە، ئۇ قەستەن: "ياق" دېسە، كاپىر بولىدۇ.

21 ـ ئەگەر بىرى: "اللە تائالا زىنانى، ئادەم ئۆلتۈرۈشنى، زۇلۇم قىلىشنى ھارام قىلمىغان بولسا ئىدى" دەپ ئارزۇ قىلسا، كاپىر بولىدۇ.

22 ـ ئەگەر بىرى بىلىكە شوينا باغلىۋېلىپ، "بۇ نېمە؟" دەپ سورالغاندا: "زۇننار (قىممەت باھالىق بەلۋاغ ياكى كەمەر)" دېسە، كۆپىنچە ئۆلىمالارنىڭ پىكرىگە ئاساسەن كاپىر بولىدۇ.

23 ـ ئەگەر بىرى: "يەھۇدىيلارنىڭ باللىرىنى ئوقۇتۇش مۇسۇلمانلارنىڭ باللىرىنى ئوقۇتۇشتىن ياخشىدۇر، چۈنكى يەھۇدىيلار باللىرىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىغا بىر نەرسىلەر بېرىدۇ" دېسە، كاپىر بولىدۇ.

24 ـ ئەگەر بىرى: "ئوتپەرەست ناسارادىن ياخشىدۇر" دېسە، كاپىر بولىدۇ.

25 ـ ئەگەر بىرىگە: "ئىمان دېگەن نېمە؟" دېيىلگەندە، ئۇ: "بىلمەيمەن" دەپ جاۋاب بەرسە، كاپىر بولىدۇ.

سېنىڭ دىنىڭ يوق، سېنىڭ ئىمانىڭ يوق، سېنىڭ ئىمانىي ئىشەنچىڭ يوق، سەن گۇناھكار، سەن مۇناپىق، سەن پاسىق... دېگەندەك سۆزلەرمۇ يۇقىرىدىكىگە ئوخشاشلا قەبىھ ۋە يامان سۆزلەردۇر. بۇ سۆزلەر ۋە بۇلارغا ئوخشاش سۆزلەرنىڭ ھەممىسى ھارام بولۇپ، بەندىنىڭ بۇ سۆزلەرنى قىلغانلىق سەۋەبىدىن ئىمانى چىقىپ كېتىش ۋە دوزاخقا مەڭگۈ كىرىپ كېتىش خەۋپى بار.

ئۇلۇغ ۋە مېھرىبان اللەقا ئىلتىجا قىلىپ، بىزنى قۇرئان ۋە سۈننەتكە مۇۋاپىق ئەمەل قىلىدىغان مۇسۇلمانلاردىن قىلىپ ۋاپات تاپتۇرۇشنى تىلەيمىز. شەك ـ شۈبھەسىزكى، اللە ناھايىتى مېھرىباندۇر.

*****

**ۋەز - نەسىھەت:** ئى اللەنىڭ بەندىلىرى! ھېسابسىز مال ـ دۇنيا يىغقانلار ھازىر قېنى؟ ھاۋايى ـ ھەۋەسكە بېرىلىپ، پەقەت شەھۋىتىنى قاندۇرغانلار قەيەرگە كەتتى؟ ئۇلار دۇنيادا ئەبەدىي قېلىشنى ئويلىدى، ئەمما ئارزۇلىرىغا يېتەلمىدى. ئۇلار مال – دۇنياغا ئالدىنىپ، ئۆمرىنى خازان قىلدى. ئاخىرى بېرىپ،

شەيتاننىڭ قاپقىنىغا چۈشتى. ئەزرائىل كەلگەندە، بوينىنى پۈكۈپ، تولىمۇ خارۇزار بولدى. ئەزرائىل ئۇلارنى دۇنيادىن ھەيدەپ چىقاردى. اللەنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇلار دۇنياغا ھەرگىز قايتىپ كەلمەيدۇ. ئۇلار قەبرىلەردە ئايرىم ـ ئايرىم ياتماقتا. قاچانكى سۇر چېلىنسا، مەھشەرگاھقا جەم بولۇشىدۇ.

بىر شېئىردا مۇنداق دېيىلگەن (مەزمۇنى): ئۆلۈم ئىلىم ئەھلىگە ئۇچۇق – ئاشكار تەھدىت سېلىۋاتقان تۇرسا، ئۇلار قانداقمۇ خۇشال – خۇرام ئۆتەلىسۇن، قانداقمۇ ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ خاتىرجەم ئۇخلىيالىسۇن!؟ ئاۋامنىڭ قۇلىقى بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە، بۇنى ئاڭلايتتى. دوزاخ ئۇلارنىڭ ئۆتە يولىدۇر. كىم قۇتۇلۇپ، كىم دۇم چۈشىدۇ بۇنى ھېچكىم بىلمەيدۇ؟ قۇشلار، ھايۋانلار، ھەتتا دېڭىزدىكى بېلىقلارنىڭ مۇنداق ئەندىشىسى يوق. لېكىن ئىنسان قىلمىشلىرى تۇپەيلى ئۇ كۈنى توختىتىپ قويۇلىدۇ. ئۇنىڭ سىرلىرىدىن ۋاقىپ بولغان بىر كۆزەتچىسى بار. ئۇ كۈنى ئەمەللىرىنىڭ ھېساب ـ كىتابى بىرمۇبىر كۆرۈلىدۇ. ھەتتا ئۇنىڭ دەۋاگەرلىرى ئۆزىنىڭ تېرىسى، كۆزلىرى ۋە قۇلاقلىرى بولىدۇ. ئىنسانلار قەبرىلىرىدىن تۇرغاندا، گۇۋاھچىلار ئالللىبۇرۇن تۇرۇپ بولغان بولىدۇ. جىنلار، ئىنسانلار ۋە پەرىشتىلەرنى قورقۇنچ باسىدۇ. ئەمەل دەپتەرلىرى قوللارغا ئۇچۇپ كېلىدۇ. ئۇنىڭدا بارلىق ئىشلار ۋە سىرلار پاش قىلىنىدۇ. ئەڭ كىچىك ھەرىكەتتىن تارتىپ، بارلىق چوڭ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇرغاندا، ئۇلار نېمىمۇ دېيەلىسۇن!؟ بۇ چاغدا ئىنسان ئۆزىنى كۈتۈۋاتقان نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنىمۇ بىلەلمەيدۇ. جەننەتكە كىرىپ ئەبەدى سائادەتكە ئېرىشەمدۇ ياكى كۆيدۈرۈپ چىچىل قىلىدىغان دوزاخقا كىرەمدۇ؟ دوزاخقا كىرگەنلەر قاتتىق ئازابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن چىقىشنى ئارزۇ قىلغان تەقدىردىمۇ، ھەرگىز يول تاپالمايدۇ. ئۇلار ھەرقانچە يىغلاپ يالۋۇرغان بولسىمۇ، بۇنىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ. ئۇ جايدا قانچىلىك پەرياد قىلغان، ئىڭرىغان، قاقشىغان بولسىمۇ، ئىچ ئاغرىتىش، رەھىم قىلىش ۋە ھېسداشلىق قىلىش دېگەن نەرسە ھەرگىز مەۋجۇد ئەمەس.

## قىرىق ئىككىنچى چوڭ گۇناھ:

## كىشىلەرنىڭ مەخپىي ئىشلىرىنى سۈرۈشتە قىلىش

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا تَجَسَّسُوا﴾ ﴿(مۇئمىنلەرنىڭ ئەيىبىنى) ئىزدىمەڭلار﴾[1].

تەپسىرشۇناسلار: بۇ ئايەت مۇسۇلمانلارنىڭ ئەيىبلىرىنى مارىش، ئىزدەش ۋە سۈرۈشتە قىلىشتىن چەكلەيدۇ، دەيدۇ. يەنى بۇ ئايەت: ئەگەر الله بىرىڭلارنىڭ قېرىندىشىنىڭ ئەيىبىنى يوشۇرغان بولسا، ئۇنىڭدىن خەۋەردار بولۇش ئۈچۈن سۈرۈشتە قىلىپ يۈرمىسۇن، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

ساھابىلەر ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:

ــ ۋەلىد ئىبنى ئۇقبەنىڭ ساقىلىدىن ھاراق تېمىۋاتىدۇ، - دېگەندى، ئۇ:

ــ بىز ئىزدەپ تېپىشتىن چەكلەندۇق، كۆرگەن نەرسىمىزگە ھۆكۈم چىقىرىمىز، - دەپ جاۋاب بەردى[2].

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى بىرەر قەۋمنىڭ سۆزىنى تىڭشىسا، ھالبۇكى، ئۇلار ئۇنىڭ مۇنداق قىلىشىنى يامان كۆرىدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ ئىككى قۇلىقىنىڭ ئىچىگە ئېرىتىلگەن قوغۇشۇن قۇيۇلىدۇ»[3].

اللهقا سېغىنىپ مۇنداق ئازابلاردىن پاناھ تىلەيمىز، شۇنداقلا ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلىپ، بىزنى ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ئىشلارغا مۇۋەپپەق قىلىشىنى سورايمىز! ئۇ ناھايىتى سېخىي، ناھايىتى كەرەملىكتۇر.

*****

[1] سۈرە ھۇجۇرات، 12 ـ ئايەت.

[2] ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

[3] بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، دارىمى ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

**ۋەز - نەســـــھەت:** ئـــى اللەنـــڭ بەنـــدىلىرى! ئۆلـــۈم يېقىنلاشـــتى. مـــال ـ دۇنيـــا تـــوپلاش ئۈچـــۈن چارچىغـــان جـــانلار مانـــا ئەمـــدى گـــۆرگە قويۇلـــدى. ئۆلـــۈم ســـىلەرنى ئـــۆز چاڭگىلىغـــا ئېلىـــپ، ھەمـــمە نەرســـەڭلاردىن قـــۇرۇق قويـــدى. بىـــر چـــاغلار قەبـــرىگە كـــۈن نـــۇرى چۈشـــۈۋاتقاندەك قىلاتتـــى، مانـــا ئەمـــدى ئـــاللىبۇرۇن پېتـــىپ كەتتـــى. ھەر تەرەپـــكە بالايىئـــاپەت قاپقـــانلىرى قۇرۇلـــدى. ئـــى اللەنـــڭ بەنـــدىلىرى! بـــارلىق گۇنـــاھلار قاتـــار ـ قاتـــار يېزىلـــدى. ھەمـــمە ئىنســـان قىلمىشـــىغا يارىشـــا مۇكاپاتقـــا ئېرىشـــــدۇ يـــاكى جازاغـــا تارتىلـــــدۇ. قىلغـــان ياخشىلىقى پايدىسىغا، يامانلىقى زىيىنىغا بولىدۇ.

ئـــاررۇ – ئارمانلارغـــا، يالغـــان خىياللارغـــا ئالـــدىنىپ، قەبىـــھ ئىشـــلاردىن قـــول ئۈزمەســـتىن دۇئىلغـــا چۈشـــكەن ئـــى ئىنســـان! كىـــم بىـــلەن دۇئىلغـــا چۈشـــكەنلىكىڭنى بىلەمســـەن؟ ســـەن جىســـمى بـــار، ئـــۆزى يـــوق مەخلۇققـــا ئايلىنىـــپ قاپســـەن، ياخشـــىلىقلارنى قولـــدىن بېرىشـــكە قانـــداقمۇ رازى بولـــدۇڭ؟ ئـــۆمرۈڭ ئاخىرلىشـــىپ، چېچىڭغـــا ئـــاق كىرســـىمۇ، تـــېخىچە تەۋبە قىلمامســـەن! قاچـــان ئويغـــۇڭنى ئاچىســـەن؟ ئۆلـــۈم بوســـۇغاڭغا كېلىۋاتســـا، ســـېنىڭ تـــېخىچە بەخىرامـــان ئۇخلاۋاتقىنىڭدىن تولىمۇ ھەيرانمەن!؟...



## قىرىق ئۈچىنچى چوڭ گۇناھ:

## چېقىمچىلىق قىلىش

چېقىمچى ــ ئىنسانلارنىڭ ئارىسىنى بۇزۇش ئۈچۈن گەپ توشۇيدىغان كىشىدۇر. مۇسۇلمانلارنىڭ بىردەك قارىشىغا كۆرە چېقىمچىلىقنىڭ ھۆكمى ھارامدۇر. ئۇنىڭ ھارام ئىكەنلىكىگە قۇرئان ۋە ھەدىستە شەرئىي دەلىللەر بايان قىلىنغان. اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا تُطِعْ كُلَّ حَلَّافٍ مَّهِينٍ هَمَّازٍ مَّشَّاءٍ بِنَمِيمٍ﴾﴿قەسەمخور، پەس، غەيۋەتخور، سۆخەنچى ئادەم (ۋەلىد ئىبنى مۇغىرە)گە ئىتائەت قىلمىغىن﴾[1].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «چېقىمچى جەننەتكە كىرمەيدۇ»[2]. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى ئادەمنىڭ قەبرىسىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ: «بۇ ئىككىسى ئازابلىنىۋېتىپتۇ. ئۇلار چوڭ گۇناھ تۈپەيلى ئازابلانمايۋېتىپتۇ. ئەمما ئۇ ئازابقا كۆرە ھەقىقەتەن چوڭ گۇناھتۇر. ئۇلارنىڭ بىرى، سۈيدۈكىدىن ساقلانماپتىكەن. يەنە بىرى، چېقىمچىلىق قىلاتتىكەن» دېدى. كېيىن ھۆل بىر شاخنى ئېلىپ، ئىككى پارچە قىلىپ سۇندۇرۇپ، ئىككى قەبرىنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن سانجىپ قويدى ۋە: «بەلكى بۇ شاخ قۇرۇپ قالغىچە ئۇلارنىڭ ئازابلىرى يەڭگىللەپ قالار» دېدى[3].

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «سىلەر ئىنسانلارنىڭ ئەڭ يامىنىنىڭ ئىككى يۈزلىمىلىك كىشى ئىكەنلىكىنى بايقايسىلەر. ئۇ ئۇلارغا بىر يۈزى بىلەن، بۇلارغا يەنە بىر يۈزى بىلەن كېلىدۇ. كىمكى دۇنيادا

---

[1] سۈرە قەلەم، 10 ـ ۋە 11 ـ ئايەتلەر.

[2] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

[3] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

ئىككى تىللىق (ئىككى يۈزلىمىلىك) بولسا، الله تائالا قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا ئوتتىن ئىككى تىل بېرىدۇ»[1].

ئىمام غەززالى (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دەيدۇ: چېقىمچىلىق ئادەتتە بىر كىشى ھەققىدە سۆزلەنگەن سۆزنى ئۇ كىشىگە يەتكۈزۈپ: پالانچى سەن توغرۇلۇق مۇنداق دەۋاتىدۇ، دېيىشتىن ئىبارەت. ئەمما ئۇ ئەمەلىيەتتە بۇنىڭ بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. بەلكى ئاشكارا بولۇپ قېلىشى يامان كۆرۈلگەن ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ، مەيلى بىرىنىڭ سۆزىنى باشقا بىرىگە ئېغىز ئارقىلىق يەتكەش ياكى يېزىش، كۆز قىسىش، ئىشارەت قىلىش ئارقىلىق بىلدۈرۈش بولسۇن، مەيلى بىرىنىڭ ئەيىبىنى ياكى باشقا خۇسۇسىي ئىشلىرىنى سۆزلەش بولسۇن، ھەممىسى ئوخشاش چېقىمچىلىقتۇر.

چېقىمچىلىقنىڭ ماھىيىتى مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاش، ئاشكارىلانسا بولمايدىغان ئىشلارنى يېيىۋېتىشتىن ئىبارەتتۇر. ئەسلىدە ئىنسان باشقىلارنىڭ ئەيىب - نۇقسانلىرىنى كۆرمەسكە سېلىشى كېرەك. پەقەت بۇ كەمچىلىكلەرنى سۆزلەش پايدىلىق بولسا ياكى گۇناھنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىمكانىيىتى ياراتسا، سۆزلەشكە بولىدۇ.

بىرى چېقىمچىلىق قىلىپ: پالانچى سېنى ئۇنداق دېدى، پۇكۇنچى مۇنداق دېدى، دەپ گەپ كۆتۈرۈپ كەلسە، مۇنۇ ئالتە ئىشنى قىلىش لازىم:

1 - گەپ كۆتۈرۈپ كەلگەن كىشىنىڭ سۆزىنى تەستىقلىماسلىق لازىم. چۈنكى ئۇ چېقىمچىدۇر، پاسىقتۇر. پاسىقنىڭ سۆزى قوبۇل قىلىنمايدۇ.

2 - ئۇنى چېقىمچىلىق قىلىشتىن توسۇش، ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىش ۋە بۇنىڭ يامان ئىش ئىكەنلىكىنى ئېيتىش لازىم.

3 - ئۇنى اللهنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن يامان كۆرۈش لازىم. چۈنكى ئۇ اللهنىڭ دەرگاھىدا دۈشمەن ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇنى اللهنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن يامان كۆرۈش ۋاجىپتۇر.

4 - گېپى قىلىنغان كىشى ھەققىدە يامان گۇمان قىلماسلىق لازىم. چۈنكى الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿اجْتَنِبُوا كَثِيرًا مِّنَ الظَّنِّ إِنَّ بَعْضَ الظَّنِّ إِثْمٌ﴾ ﴿نۇرغۇن گۇمانلاردىن ساقلىنىڭلار (يەنى ئائىلىدىكىلىرىڭلارغا ۋە

[1] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

كىشــــىلەرگە گۇمـــــانخورلۇق قىلمـــــاڭلار)، بەزى گۇمـــــانلار ھەقىـــــقەتەن گۇناھتۇر﴾[1].

5 ـ چېقىمچىنىــڭ گېپىنــى ئاڭلىغانــدا، ئاڭلىغــان سـۆزلەرنىڭ تــوغرىلىقىنى ئېنىقلاشــقا ئورۇنماســلىق ۋە ئــۇنى سۈرۈشــتە قىلماســلىق لازىــم. چــۈنكى اللە تائــالا بــۇ ھەقــتە مۇنــداق دەيــدۇ: ﴿وَلَا تَجَسَّسُوا﴾ ﴿(مۇئمىنلەرنىــڭ ئەيىبىنــى) ئىزدىمەڭلار﴾[2].

6 - چېقىمچىنــى توسـقان ئىشـنى ئـۆزىگە راۋا كۆرمەسـلىك كېـرەك. يەنــى باشـقىلارنى چېقىمچىلىـق قىلىشـتىن توسـۇپ تـۇرۇپ، بـۇ ئىشـنى ئـۆزى قىلسـا بولمايدۇ.

رىــۋايەت قىلىنىشــىچە، بىــر كىشــى ئــۆمەر ئىبنــى ئابــدۇلئەزىزنىڭ يېنىغــا يەنە بىر كىشىنى چېقىش ئۈچۈن كەلگەندە، خەلىپە ئۇنىڭغا:

ــ ئــى بــۇرادەر! خالىســاڭ بــۇ ئىشــنى تەكشــۈرۈپ چىقىمىــز. ئەگەر ســۆزۈڭ راســت چىقســا، ســەن مۇنــۇ ئايەتنىــڭ ھــۆكمىگە كىرىســەن: ﴿إِن جَاءَكُمْ فَاسِقٌ بِنَبَإٍ فَتَبَيَّنُوا﴾ ﴿ئەگەر ســىلەرگە بىــر پاســىق ئــادەم بىــرەر خەۋەر ئېلىــپ كەلســە، (ئــۇ خەۋەرنــى) ئېــنىقلاپ كــۆرۈڭلار﴾[3]. ئەگەر ســۆزۈڭ يالغــان چىقســا، ئــۇ چاغــدا ســەن مۇنــۇ ئايەتنىــڭ ھــۆكمىگە كىرىســەن: ﴿هَمَّازٍ مَّشَّاءٍ بِنَمِيمٍ﴾ ﴿غەيۋەتخــور، ســۆخەنچى﴾[4]. ئەگەر خالىســاڭ، ســېنى ئەپــۇ قىلىمىــز، - دېــگەن ئىــدى، ئــۇ كىشى:

ــ ئــى مۇئمىنلەرنىــڭ ئەمىــرى! مېنــى ئەپــۇ قىلغىــن، بۇنىڭــدىن كېــيىن ھەرگىزمۇ چېقىمچىلىق قىلمايمەن، - دېدى.

بىــر كىشــى ســاھىب ئىبنــى ئىبادقــا خەت يېزىلغــان بىــر پــارچە تېرىنــى سـۇندى. ئۇنىڭـدا مـال ـ دۇنياسـى كـۆپ بىـر يېتىمنىـڭ مېلىنـى ئېلىۋېلىشـقا قىزىقتـۇرۇش توغرىسـىدىكى مەزمـۇن يېزىلغـان ئىـدى. سـاھىب ئىبنـى ئىبـاد تېرىنىــڭ ئارقــا يــۈزىگە مۇنــداق ئەســكەرتىش يــازدى: چېقىمچىلىــق، گەرچە ئېيتىلغـان سـۆز تـوغرا بولسـىمۇ، ناھـايىتى قەبىـھ ئىشـتۇر. اللە ئـۆلگەن كىشـىگە

[1] سۈرە ھۇجۇرات، 12 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ھۇجۇرات، 12 ـ ئايەت.
[3] سۈرە ھۇجرات، 6 ـ ئايەت.
[4] سۈرە قەلەم، 11 ـ ئايەت.

رەھــمەت قىلســۇن، يېتىمنـــى ئــۆز پاناھـــدا ساقلىســۇن، ئۇنـــىڭ مېلىنـــى كۆپەيتسۇن، چېقىمچىنىڭ بالاسىنى بەرسۇن[1].

ھەســەن بەسـرى مۇنــداق دەيــدۇ: كىمكــى ســاڭا بىرىنىــڭ گېپىنــى توشــۇپ كەلســە، بىلگىنكــى، ئــۇ سـېنىڭ گېپىڭنىمـۇ باشـقىلارغا توشـۇپ بارىـدۇ. ماقـال تەمســىلدە مۇنــداق دېــيىلگەن: ســاڭا گەپ توشــۇپ كەلــگەن كىشــى ســېنىڭ گېپىڭنىمۇ توشۇيدۇ، ئۇنىڭدىن ھەزەر ئەيلىگىن.

ئىبنـــى مۇبــارەك مۇنـــداق دەيـــدۇ: ۋەلـــەدىزىنا ســـىر ســـاقلىمايدۇ. ئـــۇ بـــۇ ســـۆزى ئـــارقىلىق ســـىر ســـاقلىمايدىغان ۋە چېقىمچىلىـــق بىـــلەن شــــۇغۇللىنىدىغان ھەرقانـــــداق كىشـــــىنىڭ ۋەلــــــدىزىنا ئىكەنلىكــــــگە ئىشــــارەت قىلغــــان. ئـــۇ بـــۇ قارىشـــىنى اللە تائالانىـــڭ مۇنـــۇ ئايىتـــىدىن ئالغـــــان: ﴿عُتُلٍّ بَعْدَ ذَلِكَ زَنِيمٍ﴾ ﴿قوپـــــال، ئۇنـــــىڭ ئۇســـــتىگە ھارامـــــدىن بولغان﴾[2].

رىـــۋايەت قىلىنىشـــىچە، ســـەلەف ســـالىھلاردىن بىـــر كىشـــى بىـــر قېرىندىشـــىنى زىيـــارەت قىلىـــپ بېرىـــپ، ئۇنىڭغـــا باشـــقا قېرىنداشـــلىرىدىن بىرىنىــڭ ســاھىبخان يامــان كۆرىــدىغان گېپىنــى قىلىــپ بېرىپتىكەن، ســاھىبخان ئۇنىڭغــا: ئــى بــۇرادىرىم! غەيــۋەت قىلــدىڭ. ســەن ئــۈچ جىنــايەت بىــلەن مېنــى زىيــارەت قىلىــپ كەپســەن: بىــرى، قېرىندىشــىمنى ماڭــا يامــان كۆرســەتتىڭ؛ يەنە بىــرى، ئۇنــىڭ ســەۋەبىدىن قەلبىمنــى مەشــغۇل قىلــدىڭ (يەنــى ھــوزۇر - ھــالاۋىتىمنى بــۇزدۇڭ)؛ ئۈچىنچىســـى، ئـــۆزەڭگە ئـــۆزەڭ تـــۆھمەت قىلـــدىڭ، - دېگەن.

دانــالاردىن بىــرى مۇنــداق دەيــدۇ: بىــرى ســاڭا قېرىندىشــىڭنى تىلــلاپ بەرسە، سېنى تىللىغان بولىدۇ.

بىر كىشـى ئەلـى ئىبنـى ھۈسـەين رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇمانىـڭ يېنىغـا كېلىـپ، ئۇنىڭغا:

ــ پــالانچى ســېنى ئەيــىبلەپ، مۇنــداق، مۇنــداق ســۆزلەرنى قىلــدى، - دېگەندى، ئۇ ئۇنىڭغا:

ــ ئۇنــداق بولســا، بىــز ئۇنــىڭ قېشــىغا بىلــلە بــارايلى، - دېــدى. شــۇنداق قىلىــپ، ئــۇلار ئۇنــىڭ قېشــىغا بىلــلە بــاردى. ئــۇ يولــدا كېتىۋېتىــپ، كۆڭلىــدە:

[1] ئىمام غەززالى «ئىھيا» ناملىق كىتابىدا نەقىل قىلغان.

[2] سۈرە قەلەم، 13 ـ ئايەت.

ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۈچ ئالىدىغان بولدى، - دەپ ئويلىدى. بىراق، ئۇ ئۇنىڭ قېشىغا بارغاندا، ئۇنىڭغا:

_ ئى قېرىندىشىم! ئەگەر مەن توغرۇلۇق ئېيتقانلىرىڭ توغرا بولسا، الله مېنى ئەپۇ قىلسۇن. ئەگەر خاتا بولسا، الله سېنى ئەپۇ قىلسۇن، - دېدى.

ئەبۇ لەھەبنىڭ ئايالى چېقىمچىلىق قىلاتتى. چېقىمچىلىق ئىنسانلار ئارىسىدا دۈشمەنلىك پەيدا قىلىدۇ. الله تائالا قۇرئان كەرىمدە ئۇ ئايالنى «ئوتۇن توشۇغۇچى ئايال» دەپ سۈپەتلىدى. چۈنكى ئوتۇن ئوت بولۇپ كۆيىدۇ ۋە ئوتنىڭ ئۇلغىيىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

ئېيتىلىشىچە، چېقىمچىلىق قىلىش شەيتاننىڭ ئىشىدىن ياماندۇر. چۈنكى شەيتاننىڭ ئىشى ۋەسۋەسە قىلىشتىن ئىبارەت. چېقىمچى بولسا، يۈزتۇرانە دۈشمەنلىك پەيدا قىلىدۇ.

*****

**قىسسە:** رىۋايەت قىلىنىشىچە، بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنىڭ بىر قۇلنى: بۇ قۇلنىڭ چېقىمچىلىق قىلىشتىن باشقا ھېچقانداق ئەيىبى يوق، دەپ تووۋلاپ سېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بۇ ئەيىبكە ئانچە پىسەنت قىلماي قۇلنى سېتىۋاپتۇ. قۇل بۇ كىشىنىڭ يېنىدا بىر نەچچە كۈن تۇرغاندىن كېيىن، خوجايىنىنىڭ ئايالىغا: خوجايىنىم ئۈستىڭىزگە خوتۇن ئېلىشنى ئويلاۋاتىدۇ. ئۇ سىزنى ياخشى كۆرمەيدىكەن. ئۇنىڭ سىزگە مايىل بولۇشىنى ۋە بۇ پىكرىدىن ۋاز كېچىشىنى خالىسىڭىز، ئۇ ئۇخلاپ قالغان چاغدا ئۇستىرا بىلەن ئۇنىڭ ساقىلىنىڭ ئاستى تەرىپىدىن بىر نەچچە تال ساقالنى كېسىپ، ئۇنى يېنىڭىزدا ساقلاڭ، - دەپتۇ. ئايال كۆڭلىدە: شۇنداق قىلاي، - دەپتۇ. ئايال بۇ ئىشنى ئويلاپ قولى ئىشقا بارماپتۇ، ئاخىرى ئېرى ئۇخلىغاندا بۇ ئىشنى قىلىشقا بەل باغلاپتۇ.

كېيىن ئۇ قۇل خوجايىنىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا: ئى خوجايىنىم! ئايالىڭ بىر دوست تۇتۇۋاپتۇ. باشقا بىرىنى ياخشى كۆرىدىكەن. سەندىن قۇتۇلۇش يوللىرىنى ئىزدەۋېتىپتۇ. بۈگۈن كېچە سېنى بوغۇزلىۋەتمەكچى ئىكەن. ئەگەر سۆزۈمگە ئىشەنمىسەڭ، ئاخشاملىقا ئۇخلىغان بولۇپ يېتىۋېلىپ، قانداق قىلىدىغانلىقىنى كۆزەتكىن. ئۇ سېنى بوغۇزلاش ئۈچۈن قولىغا بىر نەرسە ئېلىپ كېلەمدۇ — يوق؟! - دەپتۇ. خوجايىنى ئۇنىڭغا ئىشىنىپتۇ.

ئاخشىمى ئۇخلىغان بولۇپ يېتىپتۇ. بىر چاغدا ئايالى قولىدا ئۇستىرا تۇتقان ھالدا ئېرىنىڭ ساقىلىنىڭ ئاستى تەرىپىدىن بىر نەچچە تال ساقالنى كېسىش ئۈچۈن كېلىۋاتقىدەك. ئېرى كۆڭلىدە: اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، قۇل توغرا سۆزلەپتىكەن - دە، - دەپتۇ. ئايال ئۇستىرىنى ئۇنىڭ گېلىغا ئاپىرىشىغا، ئېرى دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇستىرىنى تارتىۋېلىپ، ئايالنى بوغۇزلاپ تاشلاپتۇ.

ئايالنىڭ تۇغقانلىرى كېلىپ، ئايالنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئىككى ئائىلە بىر - بىرىنى ئۆلتۈرۈشكە باشلاپتۇ. بۇنىڭ ھەممىسى ئاشۇ قۇلنىڭ شۇملۇقىدىن سادىر بولۇپتۇ. شۇڭا الله تائالا چېقىمچىنىڭ پاسىق ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِن جَاءَكُمْ فَاسِقٌ بِنَبَأٍ فَتَبَيَّنُوا أَن تُصِيبُوا قَوْمًا بِجَهَالَةٍ فَتُصْبِحُوا عَلَى مَا فَعَلْتُمْ نَادِمِينَ﴾ ﴿ئى مۇئمىنلەر! ئەگەر سىلەرگە بىر پاسىق ئادەم بىرەر خەۋەر ئېلىپ كەلسە، (ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى) بىلمەستىن بىرەر قەۋمنى رەنجىتىپ قويۇپ، قىلمىشىڭلارغا پۇشايمان قىلىپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈن، (ئۇ خەۋەرنى) ئېنىقلاپ كۆرۈڭلار﴾[1].

*****

**ۋەز - نەسىھەت:** ھاۋايى - ھەۋەسكە ئەسىر چۈشكەن ئى ئىنسان! تېخىچە ئەسىرلىكتىن قۇتۇلالمايۋاتىسەن. ئۆلۈمدىن غەپلەتتە ئۆتتۈڭ، مانا ئەمدى ئۆلۈم يېتىپ كەلدى. سالامەتلىكىڭدىن مەغرۇرلاندىڭ، مانا ئەمدى ئۆلۈم تورىغا چۈشتۈڭ. قېنى ئويلاپ باقىنا، سەن مۇشۇ ھالەتتە ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلساڭ، ھالىڭ قانداق بولۇپ كېتەر؟! گەرچە سەن يىغلىمىساڭمۇ، ھېچ بولمىغاندا سېنى يىغا تۇتار!

---

[1] سۈرە ھۇجۇرات، 6 ـ ئايەت

## قىرىق تۆتىنچى چوڭ گۇناھ:

### لەنەت قىلىش

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «مۇسۇلمانلارنى تىللاش پاسىقلىقتۇر، ئۆلتۈرۈش كۇپۇرلۇقتۇر»[1]؛ «مۇئمىنگە لەنەت قىلىش ئۇنى ئۆلتۈرۈش بىلەن باراۋەردۇر»[2]؛ «ھەمىشە لەنەت ئوقۇيدىغانلار قىيامەت كۈنىدە شاپائەتچى ۋە گۇۋاھچى بولالمايدۇ»[3]؛ «راستچىل كىشىنىڭ لەنەت ئوقۇشى دۇرۇس ئەمەس»[4]؛ «مۇئمىن باشقىلارنى تىللىمايدۇ، لەنەت قىلمايدۇ، قەبىھ ۋە سەت گەپلەرنى قىلمايدۇ»[5].

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ئىنسان بىرەر نەرسىگە لەنەت قىلسا، بۇ لەنەت ئاسمانغا ئۆرلەيدۇ. ئەمما ئاسمان دەرۋازىلىرى لەنەتنى قوبۇل قىلماي تاقىلىپ قالىدۇ. ئاندىن لەنەت يەرگە چۈشۈشكە باشلايدۇ، يەرنىڭ دەرۋازىلىرىمۇ ئۇنىڭغا تاقىلىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، لەنەت ئوڭ ۋە سول تەرەپتە مېڭىشقا باشلايدۇ. كىرىدىغان جاي تاپالماي، ئاخىرى لەنەت قىلىنغان كىشى لەنەتكە لايىق بولسا، ئۇنىڭغا قايتىدۇ. ئەگەر لەنەتكە لايىق بولمىسا، لەنەت قىلغۇچىنىڭ ئۆزىگە قايتىدۇ»[6].

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىنگەن تۆگىسىگە لەنەت قىلغان بىر ئايالنى تۆگىسىنى ئېلىۋېلىپ جازالىغان ئىدى. ئىمران ئىبنى ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ۋەقەنى سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر

[1] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.
[2] بۇخارى ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.
[3] مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان. بۇخارىمۇ «ئەلئەدەبۇلمۇفرەد» ناملىق كىتابىدا رىۋايەت قىلغان.
[4] مۇسلىم ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان. بۇخارىمۇ «ئەلئەدەبۇلمۇفرەد» ناملىق كىتابىدا رىۋايەت قىلغان.
[5] تىرمىزى ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، - دىگەن.
[6] ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: ھەسەن، - دىگەن.

سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەلئۇم بىر سەپەردە بولۇپ، ئەنسارى بىر ئايال مىنگەن تۆگە سوكۇلداپ مېڭىپ، ئۇنى بىئارام قىلغان ئىدى، ئايال تۆگىگە لەنەت ئوقۇدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئايالنىڭ لەنەت قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ قېلىپ: «تۆگىنىڭ ئۈستىدىكى نەرسىلەرنى چۈشۈرۈۋېلىپ، ئۇنى قويىۋېتىڭلار، چۈنكى ئۇ لەنەتكە ئۇچرىدى» دېدى. ئىمران ئىبنى ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۆزنى داۋام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئۇ تۆگىنىڭ ئىنسانلار ئارىسىدا مېڭىپ يۈرگەنلىكىنى، ئەمما ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭغا چېقىلمايۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم[1].

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئۆسۈم ۋە جازانىنىڭ ئەڭ يامىنى بىراۋنىڭ بىر مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ ئابرۇيىغا تىل تەككۈزۈشىدۇر»[2].

ئەمر ئىبنى قەيس مۇنداق دەيدۇ: كىشى ئۇلىغىغا مىنگەن چاغدا، ئۇلاغ: ئى رەببىم! بۇ ئادەمنى ماڭا رەھىمدىل ھەمراھ قىلىپ بەرگىن، - دەپ ئىلتىجا قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى ئۇ ئۇلاغقا لەنەت ئوقۇسا، ئۇلاغ: ئۈستىمدە تۇرۇپ ماڭا لەنەت ئوقۇدۇڭ، اللهنىڭ لەنىتى ساڭا بولسۇن، - دەيدۇ.

*****

مەلئۇم ۋە مۇئەييەن شەخسنى كۆزلىمەستىن، گۇناھ قىلغۇچىلارنى ئومۇمەن كۆزدە تۇتۇپ لەنەت ئوقۇش جايىزدۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَلاَ لَعْنَةُ اللهِ عَلَى الظَّالِمِينَ﴾ ﴿راستىنلا اللهنىڭ لەنىتى زالىملارغا بولىدۇ (يەنى زالىملارنى رەھمىتىدىن يىراق قىلىدۇ)﴾[3]؛ ﴿ثُمَّ نَبْتَهِلْ فَنَجْعَل لَّعْنَةُ اللهِ عَلَى الْكَاذِبِينَ﴾ ﴿اللهنىڭ لەنىتى يالغانچىلارغا بولسۇن، دەپ اللهقا يالۋۇرۇپ دۇئا قىلايلى، دېگىن﴾[4].

[1] مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.
[2] ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەد ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان.
[3] سۈرە ھۇد، 18 ـ ئايەت.
[4] سۈرە ئال ئىمران، 61 ـ ئايەت.

پەیغەمبەر سەللاللاهۆ ئەلەیهی ۋەسەللەم مۆنداق دەیدۆ: «الله تائالا ئۆسۆم ۋە جازانە یێگۆچگە، یێگۆزگۆچگە، گۆۋاهچی بولغۆچیغا ۋە كاتبلق قلغۆچیغا لەنەت قلدۆ»①؛ «الله تائالا هالاللغۆچی ۋە هالاللانغۆچیغا لەنەت قلدۆ»②؛ «الله تائالا چاچ ئۆلغۆچی ۋە ئۆلاتقۆچی ئایالغا، خال چەككۆچی ۋە چەكتۆرگۆچی ئایالغا، قێشنی تەرگۆچی ۋە تەرگۆزگۆچی ئایالغا لەنەت قلدۆ»③.

پەیغەمبەر سەللاللاهۆ ئەلەیهی ۋەسەللەم مۆسبەت بولغاندا دات - پەریاد سێلپ یێغلغۆچی ئایالغا، چێچنی چۆشۆرۆۋەتكۆچی ئایالغا ۋە یاقا یێرتپ یێغلغۆچی ئایالغا لەنەت قلغان④؛ پەیغەمبەر سەللاللاهۆ ئەلەیهی ۋەسەللەم رەسم ۋە سۆرەت سزغۆچیلارغا لەنەت قلغان⑤؛ پەیغەمبەر سەللاللاهۆ ئەلەیهی ۋەسەللەم یەنە یولنڭ بەلگسنی ئۆزگەرتۋەتكەن ئادەمگە لەنەت قلغان⑥.

پەیغەمبەر سەللاللاهۆ ئەلەیهی ۋەسەللەم مۆنداق دەیدۆ: «الله تائالا ئاتا - ئانسغا لەنەت قلغان ۋە ئانسنی تللغان ئادەمگە لەنەت قلدۆ»⑦؛ «الله تائالا قارغۆ كشنی یولدن ئازدۆرۋەتكەن ئادەمگە لەنەت قلدۆ»⑧؛ «الله تائالا هایۋان بلەن جما قلغان ئادەمگە لەنەت قلدۆ»⑨؛ «الله تائالا لۆت ئەلەیهسسالامنڭ قەۋمنڭ ئشنی (یەنی لۆاتە) قلغان كشگە لەنەت قلدۆ»⑩؛ «الله تائالا پالچنڭ قێشغا بارغان كشگە، ئایالنڭ ئارقا یولغا جما قلغان كشگە لەنەت قلدۆ»؛ «الله تائالا مێیتقا ئۆن سێلپ یێغلغان ئایالغا ۋە ئۆنڭ ئەتراپدكی كشلەرگە لەنەت قلدۆ»[11].

---

① مۆسلم ۋە ترمزی رۋایەت قلغان.

② ئبنی ماجە ۋە هاكم رۋایەت قلغان. ئەلبانی: هەسەن، - دێگەن.

③ بێرلككە كەلگەن هەدس.

④ نسائی ۋە ئەهمەد رۋایەت قلغان. بۆخارمۆ ئاشۆ مەزمۆندا هەدس رۋایەت قلغان.

⑤ بۆخاری ۋە ئەهمەد رۋایەت قلغان.

⑥ مۆسلم ۋە نەسائی رۋایەت قلغان.

⑦ ئمام ئەهمەد رۋایەت قلغان. ئەلبانی: سەهێه، - دێگەن.

⑧ ئمام ئەهمەد رۋایەت قلغان. ئەلبانی: سەهێه، - دێگەن.

⑨ ئمام ئەهمەد رۋایەت قلغان. ئەلبانی: سەهێه، - دێگەن.

⑩ ئمام ئەهمەد رۋایەت قلغان. ئەلبانی: سەهێه، - دێگەن.

11 ئەلبانی بۆ هەدسنی زەئپ هەدسلەر قاتاردا بایان قلغان.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «الله تائالا جامائەت ياقتۇرمىسىمۇ، ئۇلارغا ئىمام بولۋالغان كىشىگە لەنەت قىلدۇ»[1]؛ «الله تائالا ئېرىنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ يېتىپ قالغان ئايالغا لەنەت قىلدۇ»[2]؛ «الله تائالا ئەزاننى ئاڭلاپ تۇرۇپ نامازغا بارمىغان كىشىگە لەنەت قىلدۇ»[3]؛ «الله تائالا ئۆزىنىڭ نامىدىن باشقا نەرسىنى ئاتاپ مال بوغۇزلىغان كىشىگە لەنەت قىلدۇ»؛ «الله تائالا ئوغرىغا، ساھابىلەرنى تىللىغان كىشىگە لەنەت قىلدۇ»[4].

«ئايالغا ئوخشىۋالغان ئەرلەرگە (يەنى ھەزىلەكلەرگە)، ئەرگە ئوخشىۋالغان ئاياللارغا لەنەت قىلىنغان»؛ «ئايالغا ئوخشاش ياسىنىۋالغان ئەرلەرگە، ئەرگە ئوخشاش ياسىنىۋالغان ئاياللارغا لەنەت قىلىنغان»؛ «ئايالغا ئوخشاش كىيىنىۋالغان ئەرگە، ئەرگە ئوخشاش كىيىنىۋالغان ئايالغا لەنەت قىلىنغان»؛ «ئاۋامنىڭ ماڭىدىغان يولىغا تەرەت قىلىپ قويغان كىشىگە لەنەت قىلىنغان»[5]؛ «قولىغا خېنە ياقمايدىغان ئايالغا، كۆزىگە سۈرمە تارتمايدىغان ئايالغا لەنەت قىلىنغان».

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «ئايالنى ئېرىدىن، قۇلنى خوجايىنىدىن سوۋۇتقان كىشىگە، ھەيزدار ئايال بىلەن جىما قىلغان ياكى ئايالنىڭ ئارقا يولىغا جىما قىلغان كىشىگە، مۇسۇلمان قېرىندىشىغا تىغ كۆتۈرگەن كىشىگە، زاكات بەرمىگەن كىشىگە، ئۆزىنى ئاتىسىدىن باشقا ئادەمگە نىسبەت بەرگەن ياكى خوجايىنىدىن باشقا ئادەمنى خوجايىن قىلىۋالغان كىشىگە، ھايۋاننىڭ يۈزىنى داغلىغان كىشىگە، اللهنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە جازا كەلگەن ئادەم سوتچىنىڭ ئالدىغا بارغاندا ئۇنىڭ كەچۈرۈلۈشىنى سوراپ شاپائەت تىلىگۈچى ۋە شاپائەت قىلغۇچى كىشىگە، ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز ئۆيىدىن سىرتقا

[1] ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەنەدى ئىنتايىن زەئىپ، - دېگەن.
[2] ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەنەدى ئىنتايىن زەئىپ، - دېگەن.
[3] ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەنەدى ئىنتايىن زەئىپ، - دېگەن.
[4] ئىبنى ھەجەر ھەيسەمى زەئىپ سەنەد بىلەن نەقىل قىلغان.
[5] ھاكىم رىۋايەت قىلغان.

چىققان ئايالغا، ئېرىنىڭ تۆشەككە كەلمەي يېتىپ قالغان ئايالغا (تاكى ئۇ ئېرىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلگەنگە قەدەر)، ئىمكان تېپىلغاندا كىشىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇمىغان ۋە يامانلىقتىن توسمىغان كىشىگە، لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ ئىشىنى (يەنى لىۋاتە) قىلغان ياكى قىلدۇرغان كىشىگە، ھاراقـقا، ھاراق ئىچكۈچىگە، ھاراق قۇيغۇچىغا، قۇيدۇرغۇچىغا، ساتقۇچىغا، سېتىۋالغۇچىغا، ھاراق ئىشلەپ چىقارغۇچىغا، ئىشلەتكۈزگۈچىگە، ھاراق ئاپىرىپ بەرگۈچىگە، ئەكەلدۈرگۈچىگە، ھاراقنىڭ پۇلىنى خەجلىگۈچىگە ۋە ھاراقنى كۆرسىتىپ قويغۇچىغا لەنەت قىلىندۇ».

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئالتە تۈرلۈك كىشى بولۇپ، مەن ئۇلارغا لەنەت قىلدىم، اللهمۇ ئۇلارغا لەنەت قىلدى، دۇئاسى قوبۇل بولىدىغان بارلىق پەيغەمبەرلەرمۇ ئۇلارغا لەنەت قىلدى: بىرىنچىسى، اللهنىڭ تەقدىرىنى يالغانغا چىقارغۇچى؛ ئىككىنچىسى، اللهنىڭ كىتابىغا بىر نەرسە قوشقۇچى؛ ئۈچىنچىسى، الله خار قىلغان كىشىلەرنى ئەزىز، الله ئەزىز قىلغان كىشىلەرنى خار قىلىش ئۈچۈن كۈچ ئىشلەتكەن كىشى؛ تۆتىنچىسى، اللهنىڭ ھەرىمىنىڭ (يەنى مەككىنىڭ) ھۆرمىتىنى ساقلىمىغان (يەنى ھەرەمدە چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلغان) كىشى؛ بەشىنچىسى، مېنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمدىن الله قىلىشنى ھارام قىلغان كىشىلەرنىڭ قىلىشىنى ھالال سانىغۇچى؛ ئالتىنچىسى، مېنىڭ سۈننىتىمنى تەرك ئەتكۈچى»[1].

«قوشنىسىنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلغان كىشىگە، ئانىنىزم قىلغان (يەنى قولى بىلەن زەكىرىنى ئوينىاپ كۆڭۈل ئاچىدىغان) كىشىگە، ئانا ۋە قىزنى (ھەم بىر ئايالنى ھەم ئۇنىڭ قىزىنى) نىكاھىغا ئالغان كىشىگە، پارا ئالغۇچىغا، پارا بەرگۈچىگە ۋە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ۋاستىچى بولغۇچىغا، بىلىمنى يوشۇرغان كىشىگە، بىسمىدارلىق قىلغۇچىغا، مۇسۇلمانىنى خورلىغان، ئۇنىڭغا ياردەم بەرمىگەن كىشىگە، رەھىمسىز ۋالىغا، ئۆيلەنمەي بويتاق ياشاشنى

---

[1] تىرمىزى، مالىك، ھاكىم، ئىبنى ھىببان ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان.

تاللىغــــان ئەرگە، يـــاتلىق بولماســــلىقنى تاللىغــــان ئايالغـــا، چـــۆل - باياۋانغــــا يـــالغۇز ســــەپەرگە چىققـــان كىشــــىگە ۋە هـــايۋان بىــــلەن جىمـــا قىلغـــان كىشـــىگە لەنەت قىلىنغـــان». ئاللاھقـــا ســـېغىنىپ، ئۇنىـــڭ ۋە ئۇنىـــڭ پەيغەمبىرىنىڭ لەنىتىدىن پاناھ تىلەيمىز، ئامىن!

*****

بىلگىنكـــى، بـــارلىق مۇســـۇلمانلارنىڭ بىـــردەك قارىشـــىغا كـــۆرە، گۇناھســـىز بىـــر مۇســـۇلماننى لەنەت قىلىـــش هارامـــدۇر. ئەممـــا يامـــان ســـۈپەتلەرگە ئىـــگە كىشـــىلەرنى ئاممىبـــاپ قىلىـــپ لەنەت قىلىـــش جـــايىزدۇر. مەســـىلەن، ئاللاھ زالىملارغـــا لەنەت قىلســـۇن، ئاللاھ كاپىرلارغـــا لەنەت قىلســـۇن، ئاللاھ پاســـىقلارغا لەنەت قىلســـۇن، ئاللاھ يەھۇدىيلارغـــا لەنەت قىلســـۇن، ئاللاھ ناســـارالارغا لەنەت قىلســـۇن، ئاللاھ رەســـىم ۋە سۈرەت سىزغۇچىلارغا لەنەت قىلسۇن! دېگەنگە ئوخشاش.

شـــۇنىڭدەك، بىـــرەر گۇنـــاهنى ســـادىر قىلغـــان مـــۇئەييەن بىـــر شەخســـكە كەلســـەك، ھەدىســـلەرنىڭ زاهىـــرى مەنىســـىگە ئاساســـەن، ئۇنىڭغـــا لەنەت قىلىـــش هـــارام ئەمەس. مەســـىلەن، يەهـــۇدىي، خرىســـتىئان، زالىـــم، زىنـــاخور، ئـــوغرى، جـــازانىخور دېگەنـــگە ئوخشـــاش. ئەممـــا ئىمـــام غەززالـــى بۇنىڭمـــۇ هـــارام ئىكەنلىكـــى ھەققـــىدە توختىلىـــپ مۇنـــداق دەيـــدۇ: ئەبـــۇ لەھەب، ئەبـــۇ جەهـــل، پىـــرئەۋن ۋە هامانغـــا ئوخشـــاش كـــاپىر هـــالەتتە ئـــۆلگەنلىكىنى ئېنىـــق بىلىـــدىغان كىشـــىلەرگە لەنەت قىلىـــــاق بولىـــدۇ. چـــۈنكى لەنەت ئاللاھنىـــڭ رەهمىتىـــدىن يىراقلاشـــتۇرۇش دېمەكتـــۇر. ئەممـــا بىـــز بىـــرەر پاســـىق يـــاكى كاپىرنىـــڭ ئـــاخىرقى نەپەســـتە نېمە بولىـــدىغانلىقىنى بىلمەيمـــىز. پەيغەمـــبەر ســـەللاللاھۇ ئەلەيهـــى ۋەســـەللەمنىڭ ئىســـىملىرىنى تىلغـــا ئېلىـــپ: «ئـــى رەببىـــم! ئاللاھقـــا ۋە ئۇنىـــڭ پەيغەمبىـــرىگە قارشـــى چىققـــان رەئـــلە، زەكـــۋان ۋە ئەســـىييە قەبىلىلـــىرىگە لەنەت قىلغـــىن!»[1] دېـــگەن ســـۆزىگە كەلســـەك، بـــۇ ئـــۈچ ئەرەب قەبىلىســـىگە لەنەت قىلىـــش جـــايىزدۇر. چـــۈنكى پەيغەمـــبەر ســـەللاللاھۇ ئەلەيهـــى ۋەســـەللەم ئۇلارنىـــڭ كـــاپىر هالەتتە ئۆلىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلەتتى.

[1] مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ئىمام غەززالىي سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىر ئىنسانغا يامانلىق تىلەش ئۇنى لەنەتلىگەن بىلەن يېقىن بولۇپ قالىدۇ. ھەتتا زالىمغىمۇ: الله ئۇنىڭغا سالامەتلىك بەرمىسۇن، بالالاردىن ساقلىمىسۇن دېگەنگە ئوخشاش بەتدۇئالارنى قىلىشمۇ لەنەتكە يېقىنلىشىپ قالىدۇ. شۇ سەۋەبتىن بۇلار ئەيىبلىنىدىغان ئىشتۇر. ھايۋانلارغا ۋە جانسىز مەخلۇقاتلارغا لەنەت ئوقۇشمۇ يامان كۆرۈلىدىغان ئىش. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئالىملارنىڭ بىرى مۇنداق دەيدۇ: لەنەتكە لايىق بولمىغان ئادەمگە لەنەت ئوقۇغان كىشى دەرھال: لەنەتكە لايىق بولمىسا، سۆزۈمنى قايتۇرۇۋالىمەن، - دېسۇن.

*****

ياخشى ئىشقا بۇيرۇپ، يامان ئىشتىن توسقۇچى پاكى ئەخلاق ئۈگەتكۈچى ئۆزىنىڭ تىڭشىغۇچىلىرىغا: ھالىڭغا ۋاي! ئى ئەقلى كەم! ئى يىراقنى كۆرەلمەيدىغان! ئى ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچى! دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر بىلەن خىتاب قىلسا بولىدۇ. گەرچە ئۇ سۆزدە راستچىل بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنى يالغانچىغا چىقارماسلىقى، ئوپئوچۇق ياكى دارىتمىلاپ ۋەياكى پۈرۈتۈپ قارىلىماسلىقى كېرەك. بىزنىڭ يۇقىرىدا دۇرۇسلۇقىنى تىلغا ئالغان سۆزلىرىمىزدىن تىڭشىغۇچىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىش، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش ۋە قىلىنغان سۆزلەرنىڭ ئۇلارنىڭ دىللىرىغا ئۆزلىشىشى مەقسەت قىلىنىدۇ. توغرىسىنى الله بىلگۈچىدۇر.

ئى الله! قەلبلىرىمىزنى سەندىن باشقىغا باغلىنىپ قېلىشتىن پاكلىغىن. بىزنى، ئاتا - ئانىمىزنى ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارنى سەن ياخشى كۆرىدىغان، ئۇلارمۇ سېنى ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەردىن قىلغىن، ئامىن!

*****

**ۋەز - نەسىھەت:** يىراق سەپەرگە چىققان، ئەمما ئوزۇق — تۈلۈكنى ئاز ئالغان، پايدىنى تاشلاپ، زىيانغا يۈز تۇتقان ئى ئىنسان!

تـــوغرا يـــول ســـاڭا مەخپـــي قىلىۋاتامـــدۇ؟ ۋاقىتنـــى قاچـــانغىچە زايـــا قىلىسەن؟ ھالبۇكى، پەرىشتىلەر ئۇنى بىرمۇبىر خاتىرىلەپ تۇرىدۇ.

بـــىر شـــېئىردا مۇنـــداق دېـــيىلگەن (مەزمـــۇنى): تۈنۈگـــۈنكى كۈنـــۈڭ ئادىـــل گـــۇۋاھچى بولـــۇپ ئۆتـــۈپ كەتتـــى. ئۇنىڭـــدىن كېـــيىن، يېڭـــى بـــىر كـــۈن گـــۇۋاھچى بولـــۇپ كەلـــدى. ئەگەر ســـەن تۈنۈگـــۈن گۇنـــاھ ئىشـــلىگەن بولســـاڭ، تېزنـــىڭ ســـاغلام چاغـــدا ياخشـــىلىق قىلىـــۋالغىن. ياخشـــى ئەمەللەرنـــى ھەرگـــىز ئەتـــىگە قويمـــا. بەزى ئەتـــىلەر كەلگەنـــدە، ســـەن ئـــالىلىبۇرۇن كېتـــىپ قالغـــان بولۇشـــۇڭ مـــۇمكىن. نـــاۋادا ئۆلـــۈم ســـاڭا كەلـــمەي، يـــېقىن دوســـتۇڭنى ئېلـــىپ كەتـــكەن بولســـا، بىلگىنكـــى، ئـــۇ ئەتە ساڭا چوقۇم كېلىدۇ.



## قىرىق بەشىنچى چوڭ گۇناھ:

### ئەھدىگە خىلاپلىق قىلىش ۋە ۋەدىگە ۋاپا قىلماسلىق

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَوْفُواْ بِالْعَهْدِ إِنَّ الْعَهْدَ كَانَ مَسْؤُولاً﴾ ﴿ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار، (قىيامەت كۈنى) ئەھدە ئۈستىدە (يەنى ئەھدىگە ۋاپا قىلغان - قىلمىغانلىق ئۈستىدە) ئەلۋەتتە سوئال - سوراق قىلىنىسىلەر﴾[1]. زۇججاج مۇنداق دەيدۇ: اللە بۇيرىغان ياكى توسقان ھەممە ئىشلار ئەھدىدىن ھېسابلىنىدۇ.

اللە تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ أَوْفُواْ بِالْعُقُودِ﴾ ﴿ئى مۆئمىنلەر! ئەھدىلەرگە (يەنى اللە بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ۋە سىلەرنىڭ ئۆز ئاراڭلاردىكى ئەھدىلەرگە) ۋاپا قىلىڭلار﴾[2]. ئىبنى ئاببا‍س رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بۇ ئايەت ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: بۇ ئەھدىلەردىن قۇرئان كەرىمدە ھالال ۋە ھارام دەپ كۆرسىتىلگەن، پەرز قىلىنغان، جازاسى بەلگىلەنگەن ھەممە نەرسىلەر مەقسەت قىلىنىدۇ.

زەھھاك مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئەھدىلەردىن اللە تائالا ھالال قىلغان نەرسىلەرنى ھالال، ھارام قىلغان نەرسىلەرنى ھارام بىلىش، پەرز نامازلارنى ئۆتەش ۋە باشقا پەرزلەرنى ئادا قىلىش ئۈچۈن اللە تائالا بۇ ئۈممەتتىن ئالغان ئەھدىلەر مەقسەت قىلىنىدۇ. ئەھدە اللە تائالا بىزگە پەرز قىلىپ بېكىتكەن ئەھدىنامە بولۇپ، ئۇنى بۇزۇشقا بولمايدۇ.

مۇقاتىل مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئەھدىلەردىن اللە تائالا قۇرئان كەرىمدە ئەمەل قىلىشقا بۇيرۇغان ئىشلارغا، توسقان ئىشلاردىن يېنىشقا، مۆئمىنلەر بىلەن مۇشرىكلار ئوتتۇرىسىدىكى ئەھدىلەرگە،

---

[1] سۈرە بەنى ئىسرائىل، 34 ـ ئايەت.

[2] سۈرە مائىدە، 1 ـ ئايەت.

شۇنىڭدەك، ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئۆزئارا ئەھدىلەرگە ۋاپا قىلىش مەقسەت قىلىنىدۇ.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «تۆت ئالامەت بولۇپ، كىمدە بۇ تۆت ئالامەت تېپىلسا، خالىس مۇناپىق بولىدۇ. كىمدە بۇ ئالامەتلەردىن بىرسى تېپىلسا، تاكى ئۇ ئۇنى تەرك ئەتمىگىچە ئۇنىڭدا مۇناپىقلىقنىڭ بىر ئالامىتى تېپىلغان بولىدۇ: ئۇ گەپ قىلسا، يالغان سۆزلەيدۇ. ئىشەنچلىك دەپ قارالسا، خىيانەت قىلىدۇ. ۋەدە قىلسا، ۋەدىسىدە تۇرمايدۇ. بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالسا، ئاغزىنى بۇزىدۇ»[①]؛ «قىيامەت كۈنىدە ۋەدىسىنى بۇزغان ھەربىر كىشىنىڭ بايرىقى بولىدۇ ۋە: بۇ پالانچىنىڭ ئوغلى پالانچىنىڭ خىيانىتى (يەنى بۇزغان ئەھدىسى) دېيىلىدۇ»[②].

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دەيدۇ: «اﷲ تائالا: قىيامەت كۈنى مەن ئۈچ تۈرلۈك كىشىنىڭ دەۋاگىرىمەن. بىرى، مېنىڭ نامىمنى تىلغا ئېلىپ ۋەدە قىلغان، ئاندىن ۋەدىسىنى بۇزغان كىشى؛ يەنە بىرى، ھۆر كىشىنى قۇل قىلىپ سېتىپ، پۇلىنى خەجلىگەن كىشى؛ ئۈچىنچىسى، بىرىنى ياللاپ تولۇق ئىشلىتىپ، ئاندىن ئىش ھەققىنى بەرمىگەن كىشى، - دەيدۇ»[③].

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى اﷲقا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتسا (يەنى شەرئىي خەلىپىگە بويسۇنمىسا)، قىيامەت كۈنى اﷲنىڭ ھۇزۇرىغا ھېچقانداق دەلىل - ئىسپاتى يوق ھالدا بارىدۇ. كىمكى خەلىپىگە بەيئەت قىلماستىن ئۆلسە، جاھىلىيەت ئۆلۈمىدە (يەنى ھىدايەتتىن ئازغان ھالدا) ئۆلگەن بولىدۇ»[④].

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى دوزاختىن يىراقلىشىپ، جەننەتكە كىرىشنى خالىسا،

① بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

② بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

③ ئىمام بۇخارى، ئىبنى ماجە ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

④ ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ئۆلۈمنى الله ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن (يەنى مۆئمىن بولغان) ھالدا كۈتسۇن. قانداق مۇئامىلە كۆرۈشنى خالىسا، ئالدى بىلەن ئۆزى باشقىلارغا شۇنداق مۇئامىلە قىلسۇن. كىمكى بىرەر خەلىپىگە بەيئەت قىلسا، خەلىپە ئۇنىڭغا قولىنى ۋە قەلبىنى بەرگەن ئەھۋالدا، ئۇمۇ ئۇنىڭغا كۈچى يەتكىنىچە ئىتائەت قىلسۇن. ئەگەر بىرى ئوتتۇرىغا چىقىپ خەلىپىلىكنى تالاشسا، ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىڭلار»[1].



[1] مۇسلىم ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

## قىرىق ئالتىنچى چوڭ گۇناھ:

# پالچى ۋە مۇنەججىملەرنىڭ سۆزلىرىنى تەستىقلاش

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلاَ تَقْفُ مَا لَيْسَ لَكَ بِهِ عِلْمٌ إِنَّ السَّمْعَ وَالْبَصَرَ وَالْفُؤَادَ كُلُّ أُولئِكَ كَانَ عَنْهُ مَسْؤُولاً﴾ ﴿بىلمەيدىغان نەرسەڭگە ئەگەشمە (يەنى بىلمىگەننى بىلدىم، كۆرمىگەننى كۆردۇم، ئاڭلىمىغاننى ئاڭلىدىم دېمە)، (ئىنسان قىيامەت كۈنى) قۇلاق، كۆز، دىل (يەنى سەزگۇ ئەزالىرى)نىڭ قىلمىشلىرى ئۈستىدە ھەقىقەتەن سوئال - سوراق قىلىنىدۇ﴾[1].

بۇ ئايەتكە ئاساسەن، بىلمىگەن نەرسىنى سۆزلىمەسلىك لازىم. ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: الله تائالا بەندىلىرىدىن قۇلاق، كۆز ۋە دىللىرىنى نېمىگە ئىشلەتكەنلىكىنى سورايدۇ. شۇڭا بۇ ئايەت كىشىنى ھالال بولمىغان نەرسىلەرگە قاراشتىن، ھارامغا قۇلاق سېلىشتىن ۋە جايىز بولمىغان نەرسىلەرنى ئارزۇ قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرىدۇ.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿عَالِمُ الْغَيْبِ فَلَا يُظْهِرُ عَلَى غَيْبِهِ أَحَدًا إِلَّا مَنِ ارْتَضَى مِن رَّسُولٍ﴾ ﴿الله غەيبنى بىلگۈچىدۇر، ئۆزىنىڭ غەيبىدىن ھېچبىر ئادەمنى خەۋەردار قىلمايدۇ. پەقەت الله ئۆزى مەمنۇن بولغان پەيغەمبىرىگىلا (بەزى غەيبنى بىلدۈرىدۇ)﴾[2].

ئىبنى جەۋزى بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: غەيبنى پەقەت الله تائالالا بىلىدۇ. ئۇ يېگانىدۇر، پادىشاھلىقىغا ھېچكىم شېرىك ئەمەس. ئىنسانلار ئىچىدىن پەقەت ئۆزى خالىغان پەيغەمبەرگىلا ئۆزىنىڭ غەيبىدىن بىلدۈرىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىنسانلارغا غەيبتىن خەۋەر بېرىشى ئۇلارنىڭ راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. دېمەك، الله تائالا

---

[1] سۈرە بەنى ئىسرائىل، 36 ـ ئايەت.
[2] سۈرە جىن، 26 ۋە 27 ـ ئايەتلەر.

پەيغەمـــبەرلىككە تالىلغـــان كىشـــىلەرگە ئۆزىنىـــڭ غەيبىـــدىن خالىغـــان مىقـــداردا بىلدۈرىـــدۇ. بـــۇ ئـــايەت: يۇلتۇزلارغـــا قـــاراپ غەيبنـــى بىلگىلـــى بولىـــدۇ، - دەپ بىلجىرلايـــدىغان كىشـــىلەرنىڭ كـــاپىر بولىـــدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

پەيغەمـــبەر ســـەللەللاھۇ ئەلەيھـــى ۋەســـەللەم مۇنـــداق دەيـــدۇ: «كىمكـــى رەمچـــى يـــاكى پالچىنىـــڭ ئالـــدىغا بېرىـــپ، ئۇنىـــڭ ســـۆزلىرىنى تەســـتىق قىلســـا، مـــۇھەممەد ســـەللەللاھۇ ئەلەيھـــى ۋەســـەللەمگە نازىـــل قىلىنغان نەرسىگە كاپىر بولغان بولىدۇ»[1].

زەيـــد ئىبنـــى خالـــد جـــۇھەنى رەزىيەللاھـــۇ ئەنھـــۇ مۇنـــداق دەيـــدۇ: پەيغەمـــبەر ســـەللەللاھۇ ئەلەيھـــى ۋەســـەللەم (ھـــۇدەيبىيەدە) يـــامغۇر يېغىـــپ توختىغـــان بىـــر ســـەھەر ۋاقتـــى بامـــدات نـــامىزىنى ئوقـــۇدى. نامازدىن كېيىن جامائەتكە ئالدىنى قىلىپ:

_ رەببىڭلارنىـــڭ نـــېمە دېگەنلىكىنـــى بىلەمســـىلەر؟ - دەپ سورىدى. ساھابىلەر:

_ الله ۋە ئۇنىـــڭ پەيغەمبىـــرى بىلگۈچىـــدۇر، - دەپ جـــاۋاب بەرگەندى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

_ ئـــۇ: بەندىلىرىمـــدىن بەزىســـى ماڭـــا ئىمـــان كەلتـــۈرگەن ھالـــدا، يەنە بەزىســـى كـــاپىر بولغـــان ھالـــدا تـــاڭ ئـــاتقۇزدى. كىمكـــى: اللهنىـــڭ پەزلـــى - كەرىمـــى بىـــلەن يـــامغۇر ياغـــدى دېـــگەن بولســـا، ئـــۇ ماڭـــا ئىمـــان كەلتـــۈرگەن، يۇلتۇزلارغـــا كـــاپىر بولغـــان بولىـــدۇ. ئەممـــا كىمكـــى: پـــالانى ۋە پۇســـتانى يۇلتۇزنىـــڭ ســـەۋەبى بىـــلەن يـــامغۇر ياغـــدى دېـــگەن بولســـا، ئـــۇ ماڭـــا ئىمـــان كەلتـــۈرمىگەن، يۇلتۇزلارغـــا ئىمـــان كەلتـــۈرگەن بولىـــدۇ، دېدى[2]، - دېدى.

ئـــالىملار: ئەگەر بىـــر مۇســـۇلمان: پـــالانى يۇلتۇزنىـــڭ چىقىشـــى بىـــلەن يـــامغۇر ياغـــدى، دەپ يـــامغۇرنى شـــۇ يۇلتۇزنىـــڭ پەيـــدا قىلغـــانلىقىنى ۋە ياغـــدۇرغانلىقىنى نەزەردە تۇتســـا، شۈبھىســـىز كـــاپىر ۋە مـــۇرتەد بولىـــدۇ. ئەممـــا ئـــۇ: پـــالانى يۇلتۇزنىـــڭ چىقىشـــى يـــامغۇر ياغـــدىغانلىقىنىڭ ئـــالامىتى، دەپ يـــامغۇرنى اللهنىـــڭ ياراتقـــانلىقىنى ۋە

[1] ئەھمەد ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

[2] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

ياغدۇرغانلىقىنى نەزەردە تۇتسا، ئىماندىن چىقمايدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەمما ئۇلار: مەلۇم يۇلتۇز يامغۇر ياغدۇرغانلىقتا ئالامەت بولىدۇ، دەپ قاراشنىڭ مەكروھلىقىدا ئىختىلاپ قىلىشتى. توغرىسى، مۇنداق قاراش مەكروھتۇر. چۈنكى بۇ كاپىرلارنىڭ سۆزلىرىدىن ئىبارەت. مانا بۇ، بۇ ھەدىسنىڭ زاھىرى مەنىسىدۇر. توغرىسىنى الله ياخشى بىلىدۇ.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى پالچىنىڭ ئالدىغا بارسا ۋە ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى تەستىقلىسا، ئۇنىڭ نامىزى قىرىق كۈنگىچە قوبۇل قىلىنمايدۇ»[1].

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بەزى كىشىلەر پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن پالچىلارنىڭ ئېيتقانلىرى ھەققىدە سورىغان ئىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرى ھېچ نەرسە ئەمەس» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇلار:

_ ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرى بەزىدە راست چىقىپ قالىدۇ ئەمەسمۇ؟ - دېگەن ئىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

_ راست چىققىنى ھەق سۆز بولۇپ، ئۇنى جىنلار (پەرىشتىلەردىن ئوغرىلىقچە) ئاڭلىۋالىدۇ. ئاندىن ئۇنى پالچى دوستىغا يەتكۈزىدۇ. پالچى بولسا بۇ ھەق سۆزگە يۈز يالغاننى قوشۇپ سۆزلەيدۇ، - دېدى[2].

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: «پەرىشتىلەر "ئانان" دېگەن بۇلۇتقا چۈشكەندە، ئاسماندا ھۆكۈم چىقىرىلغان بەزى نەرسىلەر ھەققىدە ئۆزئارا سۆزلىشىدۇ. بۇ چاغدا شەيتانلار ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئوغرىلىقچە ئاڭلايدۇ - دە،

[1] مۇسلىم ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

[2] ھەدىس بىرلىككە كەلگەن.

ئاڭلىغـــانلىرىنى پالچىلارغـــا يەتكۈزىـــدۇ. پـــالچىلار ئۇنىڭغـــا ئـــۆز ئىچىـــدىن يۈز يالغاننى قوشۇپ سۆزلەيدۇ»[①].

قۇبەيســـە ئىبنـــى ئەبـــۇ مەخـــارىق رەزىيەللاھـــۇ ئەنھـــۇ مۇنـــداق دەيـــدۇ: مەن پەيغەمـــبەر ســـەللەللاھۇ ئەلەيھـــى ۋەســـەللەمنىڭ مۇنـــداق دېگەنلىكىنـــى ئاڭلىـــدىم: «تـــاش تىزىـــپ يـــاكى ســـىزىق ســـىزىپ پـــال ئـــېچىش، قۇشـــلارنى قـــوغلاپ ئۇچۇرتـــۇپ ياخشـــى يـــاكى شـــۇم پـــال ئـــېلىش، قـــۇش يـــاكى باشـــقا نەرســـىدىن شـــۇم پـــال ئـــېلىش ســـېھىرگەرلىك ۋە پالچىلىق ھېسابلىنىدۇ»[②].

ئىبنـــى ئاببـــاس رەزىيەللاھـــۇ ئەنھۇمـــادىن رىـــۋايەت قىلىنىـــدۇكى، پەيغەمـــبەر ســـەللەللاھۇ ئەلەيھـــى ۋەســـەللەم مۇنـــداق دېـــگەن: «كىمكـــى ئىلمـــى نۇجۇمـــدىن بىـــرەر نەرســـە ئۆگەنســـە، ســـېھىرگەرلىكتىن مەلـــۇم نەرســـە ئـــۆگەنگەن بولىـــدۇ. ئـــۇنى قانچىلىـــك زىيـــادە ئۆگەنســـە، سېھىرگەرلىكنى شۇنچىلىك زىيادە ئۆگەنگەن بولىدۇ»[③].

ئەلـــى ئىبنـــى ئـــابۇ تالىـــب رەزىيەللاھـــۇ ئەنھـــۇ مۇنـــداق دەيـــدۇ: پـــالچى ســـېھىرگەردۇر، ســـېھىرگەر دۇنيـــا ۋە ئـــاخىرەتتە كـــاپىردۇر. الله تائالاغـــا ئىلتىجـــا قىلىـــپ، بىزنـــى ئۇنـــداق گۇنـــاھلاردىن ساقلىشـــىنى ۋە ئامان قىلىشنى تىلەيمىز، ئامىن!

*****

**ۋەز ـ نەســـــھەت:** ئـــى اللهنىـــڭ بەنـــدىلىرى! ئـــاخىرەتكە ســـەپەر قىلىشـــتىن بـــۇرۇن ســـىلەردىن بـــۇرۇن ئۆتكەنلەرنىـــڭ ئەھـــۋالىنى ئـــويلاپ بـــېقىڭلار. قەبرىلىرىڭلارغـــا كىرىشـــتىن بـــۇرۇن ئىشـــڭلارغا نەزەر ســـېلىڭلار. ئىمكانىڭلارنىـــڭ بىرىـــدا ســـەپەرگە تەييـــارلىق قىلىڭـــلار. ئـــۇرۇق - تۇغقـــان قېرىنداشـــلار ۋە دوســـتلار قېنـــى؟ ھەشـــەمەتلىك قەســـىرلەرنى ســـالغانلار قەيەرگە كەتتـــى؟ اللهنىـــڭ نـــامى بىـــلەن قەســـەمكى، ئـــۇلار ئـــۆز ۋەتەنلىرىـــدىن ئايرىلـــدى. قەبرىلىرىـــدە كېپەنلىرىمۇ چۇرۇپ تىتىلدى.

---

① بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

② ئەبۇ داۋۇد ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: زەئىپ، - دېگەن.

③ ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىدىن: ﴿كُلُّ مَنْ عَلَيْهَا فَانٍ﴾ ﴿زېمىننىڭ ئۈستىدىكى ھەممە يوقىلىدۇ﴾[1] دەپ نىدا كەلگەنىدى، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى ئۆزگەردى. ئۇلارنى كېچە قوينىدىن تارتىپ ئالدى. ئۇلار بالىلىرى ۋە مال - دۇنياسىدىن خەۋەر ئالالمىدى. ئۇزاق ئۆتمەي دوستلىرى ئۇلارنى ئۇنۇتتى. ئۇلار تۇپراق بىلەن قۇچاقلاشتى. مال — دۇنياسىدىن ئايرىلدى. ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرگە سۆز قىلىش پۇرسىتى بېرىلسە ئىدى، ئەلۋەتتە، مۇنداق دېگەن بولاتتى: بىزنى كۆرگەنلەر ئۆز — ئۆزىگە ئۆزلىرىنىڭمۇ زاۋاللىققا يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى سۆزلەپ بەرسۇن. زاماننىڭ ئۆتۈشى ھېچكىمنى مەڭگۈ ياشىغىلى قويمايدۇ. ئۆز ۋاقتىدا توگە بىلەن سەپەرگە چىققانلار، ھارغان يېرىدە تۆگىلىرىنى چۆكتۇرۇپ، بەزمە قۇرغانلار، شارابنى خۇددى سۇزۇك سۇدەك ئىچكەنلەر، نازۇنېمەت ئىچىدە ئۇزۇپ يۇرگەنلەر مانا ئەمدى قەيەرگە كەتتى؟! زامان ئۇلارنى بىخۇتلاشتۇرۇپ، ئاخىرى تۇيۇقسىز ھالاك قىلدى.

[1] سۈرە رەھمان، 26 – ئايەت.

## قىرىق يەتتىنچى چوڭ گۇناھ:

## ئايالنىڭ ئېرىگە سەركەشلىك قىلىشى

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَاللاَّتِي تَخَافُونَ نُشُوزَهُنَّ فَعِظُوهُنَّ وَاهْجُرُوهُنَّ فِي الْمَضَاجِعِ وَاضْرِبُوهُنَّ فَإِنْ أَطَعْنَكُمْ فَلاَ تَبْغُواْ عَلَيْهِنَّ سَبِيلاً إِنَّ اللّهَ كَانَ عَلِيًّا كَبِيرًا﴾ ﴿سىلەر سەركەشلىك قىلىشلىرىدىن قورققان ئاياللارغا نەسىھەت قىلىڭلار، (بۇ ئۈنۈم بەرمىسە) بىر تۆشەكتە بىللە ياتماڭلار، (بۇمۇ ئۈنۈم بەرمىسە) ئۇلارنى ئەدەپلەش مەقسىتىدە ئاستىراق ئۇرۇڭلار. ئەگەر سىلەرگە ئىتائەت قىلسا، ئۇلارنى بوزەك قىلىش خىيالىدا بولماڭلار. الله ھەققەتەن سىلەردىن ئۈستۈندۇر، بۈيۈكتۇر (الله ئاياللارغا زۇلۇم قىلغانلارنى جازالايدۇ)﴾[1].

ۋاھىدى (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) بۇ ئايەت ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: سەركەشلىك قىلىشتىن ئېرىگە قارشى چىقىش ۋە بويسۇنماسلىق كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئەتا ئىبنى ئەبۇ رەباھ مۇنداق دەيدۇ: سەركەشلىك ئېرى ئۈچۈن ئۆزىگە ئەتىر چېچىپ ياسانماسلىق، ئېرىنىڭ تۆشىكىگە كەلگىلى ئۇنىماسلىق ۋە ئادىتىنى ئۆزگەرتىۋېلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مۇنداق ئايالغا اللهنىڭ كىتابى بىلەن ۋەز - نەسىھەت قىلىش، الله قۇرئاندا ئۇلارنى بۇيرىغان ئىشلارنى ئەسلىتىش لازىم.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ﴿بىر تۆشەكتە بىللە ياتماڭلار﴾ دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرىدە توختىلىپ: ئېرى ياتقىنى ئايرىۋالىدۇ، ئايالى بىلەن بىر تۆشەكتە ياتمايدۇ، - دېگەن. ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: ئەر سەركەشلىك قىلغان ئايالنى الله رۇخسەت قىلغان ۋە بۇ ئايەتتە تىلغان ئالغان ئۇسۇل بىلەن ئۆزگەرتىشى لازىم. ئەگەر ئايالى ئۇنىڭ دېگەن يېرىگە كەلسە (يەنى ئوڭشالسا)، باشقا باھانىلەرنى تېپىپ، ئۇنى بوزەك قىلىشقا بولمايدۇ.

[1] سۇرە نىسا، 34 ـ ئايەت.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ئەر ئايالنى تۆشەككە چاقىرغاندا، ئايالى ئۇنىڭ يېنىغا كەلگىلى ئۇنىمىسا، پەرىشتىلەر تاڭ ئاتقۇچە ئۇ ئايالغا لەنەت ئوقۇيدۇ»[1]. يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئېرى ئايالىدىن نارازى يېتىپ قالسا، پەرىشتىلەر تاڭ ئاتقۇچە ئۇ ئايالغا لەنەت ئوقۇيدۇ» دېيىلگەن. مۇسلىمنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە: «ئايالى ئېرىنىڭ يېنىغا كېلىشتىن باش تارتىپ، ئۇنىڭ تۆشىكىنى تەرك ئەتكەن ھالدا يېتىپ قالسا، ئېرى ئۇنىڭدىن رازى بولغانغا قەدەر پەرىشتىلەر ئۇ ئايالغا غەزەپ قىلىدۇ»[2] دېيىلگەن.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئۈچ تۈرلۈك كىشىنىڭ نامىزى قوبۇل بولمايدۇ، قىلغان ياخشىلىقلىرى ئاسمانغا كۆتۈرۈلمەيدۇ. بىرىنچى، خوجايىنىدىن قاچقان قۇل، تاكى قايتىپ كېلىپ خوجايىنىنىڭ قولىغا قويمىغىچە؛ ئىككىنچى، ئېرىنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرگەن ئايال، تاكى ئېرى ئۇنىڭدىن رازى بولمىغىچە؛ ئۈچىنچى، مەست تاكى مەستلىكى ئۆڭشالمىغىچە»[3].

ھەسەن بەسرى مۇنداق دەيدۇ: مۇنۇ ھەدىسنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىغان كىشى ماڭا سۆزلەپ بەردى: «قىيامەت كۈنى ئاياللار بىرىنچى بولۇپ نامازدىن ۋە ئېرىگە ئىتائەت قىلغان - قىلمىغانلىقىدىن سوراققا تارتىلىدۇ»[4].

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن ئايالنىڭ ئېرى ھازىر تۇرۇپ (يەنى سەپەردە ئەمەس چاغدا) ئېرىنىڭ ئىزنىنى ئالماي (نەپلە) روزا تۇتۇشى ۋە ئېرىنىڭ ئىزنىسىز ئۆيگە نامەھرەم كىشىنى كىرگۈزۈشى دۇرۇس ئەمەس»[5]. يەنى ئەرنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش

---

[1] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

[2] مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[3] ئىبنى خۇزەيمە رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: زەئىپ، - دېگەن.

[4] سۇيۇتى «ئەلجامىئۇلكەبىر» ناملىق كىتابىدا نەقىل قىلغان.

[5] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ۋە ئەرگە ئىتائەت قىلىش ۋاجىپ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئايالى ئۇنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي تۇرۇپ روزا تۇتسا بولمايدۇ.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بىراۋنى يەنە بىراۋغا سەجدە قىلىشقا بۇيرىسام ئىدىم، ئايالنى ئېرىگە سەجدە قىلىشقا بۇيرىغان بولاتتىم»[1].

ھۇسەين ئىبنى مىھسەننىڭ ھاممىسى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئېرى ھەققىدە شىكايەت قىلغان ئىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئېرىڭىزگە قانداق مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقىڭىزغا قاراپ چىقىڭ. چۈنكى ئۇ سىزنىڭ يا جەننىتىڭىز، يا دوزىخىڭىز بولىدۇ»[2] دېدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «الله ئېرىگە موھتاج بولۇپ تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتمىغان ئايالغا رەھمەت نەزىرى بىلەن قارىمايدۇ»[3].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «ئايال ئېرىنىڭ ئۆيىدىن (رۇخسەت سورىماستىن) چىقسا، ئۇ ئۆيگە قايتقان ياكى تەۋبە قىلغانغا قەدەر پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا لەنەت ئوقۇيدۇ»[4]؛ «ئېرىنى رازى قىلىپ ئۆلگەن ھەرقانداق ئايال جەننەتكە كىرىدۇ»[5].

ئاياللار ئېرىنىڭ رازىلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشى، ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويۇشتىن ساقلىنىشى، ئېرى قاچان يېقىنچىلىق قىلىشنى خالىغان چاغدا ئۇنىڭغا قارشى چىقماسلىقى لازىم. چۈنكى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «ئەر

---

[1] تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

[2] ئەھمەد ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: ھەسەن، - دېگەن.

[3] ئەھمەد ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان.

[4] ئىبنى ھەجەر ھەيسەمى: بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ھەدىسى مەترۇك بىرى بار، - دېگەن. ئالبانى: ئىنتايىن زەئىپ، - دېگەن.

[5] تىرمىزى، ئىبنى ماجە ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان.

ئايالنى تۆشەككە چاقىرسا، ئۇ تونۇر بېشىدا بولسىمۇ ئېرىنىڭ قېشىغا دەرھال كەلسۇن»[1].

ئالىملار مۇنداق دەيدۇ: ئەمما ئايال ھەيز ياكى نىفاس كۈندە (يەنى ئادەت كۈندە) بولسا، ئېرىنىڭ تەلىۋىگە ماقۇل بولۇش دۇرۇس ئەمەس. ئەرمۇ ئايالنى مۇنداق ھالەتتە تەلەپ قىلسا، توغرا بولمايدۇ. شۇڭا ئايال مۇنداق ھالەتتىن پاكلىنىپ يۇيۇنغانغا قەدەر ئېرىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولۇشى جايىز ئەمەس. چۈنكى اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَاعْتَزِلُواْ النِّسَاء فِي الْمَحِيضِ وَلاَ تَقْرَبُوهُنَّ حَتَّىَ يَطْهُرْنَ﴾ ﴿ھەيز مەزگىلىدە ئاياللاردىن نېرى تۇرۇڭلار، (ھەيزدىن) پاك بولغۇچە ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلماڭلار﴾[2].

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ئايالىغا ھەيز ھالىتىدە يېقىنلاشسا ياكى ئارقا يولىغا يېقىنچىلىق قىلسا، مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە نازىل قىلىنغان نەرسىگە كاپىر بولىدۇ». يەنە بىر رىۋايەتتە: «ھەيزدار ئايالىغا يېقىنچىلىق قىلغان ياكى ئۇنىڭ ئارقا يولىغا يېقىنچىلىق قىلغان كىشى لەنەتكە ئۇچرايدۇ» دېيىلگەن.

نىفاسلىق ئايالغا قىرىق كۈنگىچە ھەيزنىڭ ھۆكمى بېرىلىدۇ. شۇڭا ھەيزدار ۋە نىفاسلىق ئايالنى ئېرى يېقىنچىلىق قىلىش ئۈچۈن چاقىرسا، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشى جايىز بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئىشلاردا چوقۇم ئىتائەت قىلىشى كېرەك. ئاياللار ئۆزلىرىنى ئېرىنىڭ قۇلىغا ئوخشاش بىلىشى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئۆزلىرىگە تەئەللۇق ئىشلارنى ۋە ئېرىنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز تەسەررۇپ قىلالمايدۇ. ئېرىنىڭ ھەققىنى ئۆزلىرىنىڭ ھەققىدىن ئەلا بىلىشى، ئېرىنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ ھەقلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ ھەقلىرىدىن ئۈستۈن بىلىشى كېرەك. ھەرقانداق چاغدا پاكىزلىققا دىققەت قىلىپ، ئېرىنىڭ ھوزۇر ئېلىشى ئۈچۈن تەييار تۇرۇشى، گۈزەللىكىنى كۆز ـ كۆز قىلىپ،

[1] ترمىزى ۋە نەسائى رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، ـ دېگەن.
[2] سۈرە بەقەرە، 222 ـ ئايەت.

ئــۆزىنى ئىبــدىن ئۈســتۈن تۇتماســلىقى، نــاۋادا ئىــرى يېقىمســىز بولســا، ئۇنى ئەيىبلىمەسلىكى لازىم.

ئەســمەئى مۇنــداق دەيــدۇ: مەن چۆلــدە بىــر ئەر - ئايــال بىــلەن ئۇچراشــتىم. ئايــالى ناھــايىتى چىرايلىــق، ئەممــا ئىــرى ناھــايىتى يېقىمسىز ئىكەن. مەن ئۇ ئايالدىن:

_ مۇشــۇنداق ســەت ئــادەم بىــلەن بىلــلە بولۇشــقا قانــداقمۇ رازى بولدىڭىز؟ - دەپ سورىسام، ئايال:

_ ئــى بــۇرادەر! قــۇلاق ســېلىپ ئــاڭلىغىن، بەلكــى ئــۇ، يــاراتقۇچى اللهنىــڭ ھەق – ھوقــۇقلىرىنى ئەڭ ياخشــى شــەكىلدە ئــادا قىلغــان، شــۇنىڭ بىــلەن، الله مېنــى ئۇنىــڭ مۇكاپــاتى قىلىــپ بەرگەن، مەن بولســام يــاراتقۇچى اللهنىــڭ ھەق – ھوقــۇقلىرىنى ياخشــى ئــادا قىلمىغــان، شــۇنىڭ ئۇچــۈن الله مېنــى ئۇنىــڭ بىــلەن جازالىغــان بولۇشــى مۇمكىن، - دەپ جاۋاب بەردى.

ئائىشــە رەزىيەللاھــۇ ئەنھــا مۇنــداق دەيــدۇ: ئــى ئايــاللار جامائەســى! ئىرىڭلارنىــڭ ئۈســتۈڭلاردىكى ھەققىنــى بىلســەڭلار ئــدى، ئۇلارنىــڭ ئاياغلىرىــدىن چىققــان توپــا - چــاڭلارنى يــۈزۈڭلار بىلەن سۈرتكەن بولاتتىڭلار.

پەيغەمــبەر ســەللاللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەم مۇنــداق دەيــدۇ: «ئايــاللىرىڭلاردىن كۆيۈمچــان، تۇغۇمچــان ۋە كــۆپ نەپ بېرىــدىغان، (ئىرىــدىن) ئــازار يېگەنــدە يــاكى ئــازار كۆرگەنــدە ئىرىنىــڭ يېنىغــا كېلىــپ، قــولىنى ئۇنىــڭ ئالقىنىغــا قويــۇپ تــۇرۇپ: "ســەن رازى بــولمىغىچە كىرپىــك قاقمــايمەن" دەيــدىغان ئايــاللار جەنــنەت ئەھلىدۇر» [1].

ئايــال ئىــرىگە قارىتــا ھەمىشــە ھايــالىق بولۇشــى، ئىرىنىــڭ ئالدىــدا يەرگە قــاراپ تۇرۇشــى، بۇيرۇقىغــا بويسۇنۇشــى، ئىــرى گەپ قىلىۋاتقانــدا شــۈك تۇرۇشــى، ئىــرى ســىرتتىن كىرگەنــدە ئورنىــدىن تۇرۇشــى، ئۇنىــڭ ئــاچچىقىنى كەلتۈرىــدىغان ھەرقانــداق ئىشــتىن يىــراق تۇرۇشــى، ســىرتقا ماڭغانــدا ئورنىــدىن تــۇرۇپ ئۇزىتــۇپ قويۇشــى، ئۇخلايــدىغان چاغــدا ئــۆزىنى ئىــرىگە تاپشۇرۇشــى، ئىــرى يــوق ۋاقىتــدا ئۇنىــڭ

[1] ئىبنى ھەجەر ھەيسەمى بىرقانچە سەنەد بىلەن نەقىل قىلغان بولۇپ، ھەممىسىنىڭ سەنەدى زەئىپتۇر.

ئامانىتىگە، ئۆيىگە ۋە مېلىغا خىيانەت قىلماسلىقى، ئېرى يېنىدىكى چاغدا ھەمىشە چىرايلىق ياسىنىپ، خۇش - پۇراقلىق بويۇملارنى ئىشلىتىشى، ئېغىزىنى ھەمىشە مىسۋاك قىلىشى ۋە خۇش پۇرايدىغان نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىشى، ئېرى يوق ۋاقىتتا ياسىنىشىنى تەرك ئېتىشى، ئېرىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە ۋە تۇغقانلىرىغا ھۆرمەت بىلدۈرۈشى، ئېرى بەرگەن ئاز نەرسىنىمۇ كۆپ دەپ بىلىشى ۋاجىپتۇر.

*****

## ئېرىگە ئىتائەت قىلغان ئايالنىڭ پەزىلىتى ۋە قارشى چىققان ئايالنىڭ تارتىدىغان ئازابى ھەققىدە:

اللە تائالادىن قورقىدىغان ئايال ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشقا ۋە ئېرىگە ئىتائەت قىلىشقا تىرىشىشى، شۇنداقلا، پۈتۈن غېمى ئېرىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىش بولۇشى لازىم. چۈنكى ئېرى ئۇنىڭ يا جەننىتى، يا دوزىخى بولىدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ئېرىنى رازى قىلىپ ئۆلگەن ھەرقانداق ئايال جەننەتكە كىرىدۇ»[1]؛ «قانداق بىر ئايال بەش ۋاخ نامىزىنى ئوقۇسا، رامىزان ئېيىنىڭ روزىسىنى تۇتسا، ئېرىگە ئىتائەت قىلسا، جەننەتكە ئۇنىڭ دەرۋازىلىرىنىڭ قايسىسىدىن كىرىشنى خالىسا شۇنىڭدىن كىرىدۇ»[2].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «ئېرىگە ئىتائەت قىلغان ھەرقانداق ئايال ئېرىنى رازى قىلغان مۇددەتكىچە ھاۋادىكى قۇشلار، سۇدىكى بېلىقلار، ئاسماندىكى پەرىشتىلەر، ھەتتا قۇياش ۋە ئاي ئۇنىڭ گۇناھىغا مەغپىرەت تىلەيدۇ. قانداق بىر ئايال ئېرىگە ئاسىيلىق قىلسا، اللەنىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ ۋە بارلىق ئىنسانلارنىڭ لەنىتى ئۇنىڭ ئۈستىگە بولىدۇ. قانداق بىر ئايال ئېرىگە چىراينى تۈرگەن بولسا، ئۇنىڭغا

[1] تىرمىزى، ئىبنى ماجە ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان.

[2] ئەھمەد رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

تەبەسسۇم قىلىپ، ئۇنى رازى قىلغانغا قەدەر اللەنىڭ غەزىپىدە بولىدۇ. قانداق بىر ئايال ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز ئۆيىدىن چىقسا، ئۆيگە قايتىپ كەلگىچە پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا لەنەت ئوقۇيدۇ»[1].

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دەيدۇ: «تۆت تۈرلۈك ئايال جەننەتتى، تۆت تۈرلۈك ئايال دوزىختىدۇر. جەننەتتى بولىدىغان تۆت تۈرلۈك ئايالغا كەلسەك، بىرىنچىسى، اللەقا ۋە ئېرىگە ئىتائەت قىلىدىغان ئىپپەتلىك ئايال؛ ئىككىنچىسى، تۇغۇمچان، چىداملىق، ئېرىنىڭ تېپىپ بەرگىنىگە ئاز بولسىمۇ قانائەت قىلىدىغان ئايال؛ ئۈچىنچىسى، ھايالىق، ئېرى يوق ۋاقىتتا ئىپپىتىنى ۋە ئېرىنىڭ مال - مۈلكىنى چىڭ ساقلايدىغان، ئېرى يېنىدىكى چاغدا ئۇنىڭغا گەپ ياندۇرمايدىغان ئايال؛ تۆتىنچىسى، ئېرى ۋاپات بولۇپ كەتكەن، ئۇنىڭدىن كىچىك بالىلىرى قالغان، بارلىقنى بالىلىرىغا ئاتاپ، ئۇلارنى ياخشى تەربىيىلەپ قاتارغا قوشقان، ئۇلارنىڭ ئىگە – چاقىسىز قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ياتلىق بولمىغان ئايال. دوزىخى بولىدىغان تۆت تۈرلۈك ئايالغا كەلسەك، بىرىنچىسى، ئېرىنى ئاغزىنى بۇزۇپ تىللايدىغان، ھاقارەت قىلىدىغان، ئېرى يوق ۋاقىتتا (سەپەردىكى چاغدا) ئىپپىتىنى ساقلىمايدىغان، ئېرى بار ۋاقىتتا (سەپەردىن كەلگەن چاغدا) ئۇنىڭغا ئازار بېرىدىغان ئايال؛ ئىككىنچىسى، ئېرىدىن كۈچى يەتمەيدىغان نەرسىلەرنى تەلەپ قىلىدىغان ئايال؛ ئۈچىنچىسى، يېيىش، ئىچىش ۋە ئۇيقۇدىن باشقا غېمى بولمىغان، ناماز ئوقۇشقا قىزىقمايدىغان، اللەقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلمايدىغان، شۇنداقلا ئېرىگە ئىتائەت قىلمايدىغان ئايال؛ تۆتىنچىسى، ئەرلەردىن ئۆزىنى تارتمايدىغان، سىرتقا چىققاندا، ئەۋرەتلىرىنى كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان كىيىملەرنى كىيىدىغان ئايال»[2].

ئەگەر خوتۇن كىشىنىڭ سۈپەتلىرى مۇشۇنداق بولۇپ، ئۆيدىن ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز چىقسا، لەنەتكە ئۇچرايدۇ ۋە اللەقا تەۋبە

[1] بۇ ھەدىس زەئىپتۇر.

[2] ئىبنى ھەجەر ھەيسەمى «ئەززەۋاجىر» ناملىق كىتابىنىڭ 427 – بېتىدە نەقىل قىلىنغان.

قىلمىغىچە، دوزاخ ئەھلىدىن ھېسابلىنىدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مەن دوزاختا قاراپ، دوزاخ ئەھلىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئاياللار ئىكەنلىكىنى كۆردۈم» دېگەن[1]. بۇنىڭ سەۋەبى ئۇلارنىڭ ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە، شۇنداقلا ئەرلىرىگە ئاز ئىتائەت قىلغانلىقى، كۆپ ياسانغانلىقى ئۈچۈندۇر. چۈنكى ئايال ئۆيىدىن چىقىدىغان چاغدا، ئەڭ ئالىي كىيىملىرىنى كىيىپ ياسىنىدۇ. پەداز قىلىپ ئاندىن چىقىدۇ. ھۆسن - جامالى ئارقىلىق ئىنسانلارغا پىتنە سالىدۇ. بۇ پىتنىدىن ئۆزى سالاقلانغان تەقدىردىمۇ، ئىنسانلارنى بۇنىڭغا مۇپتىلا قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «خوتۇن كىشى ئەۋرەتتۇر. ئۇ ئۆيىدىن چىقسا، شەيتان ئۇنى (باشقىلارغا) چىرايلىق كۆرسىتىدۇ»[2].

ئۆيىدىن سىرتقا چىقماي ئولتۇرغان ئايالنىڭ مەرتىۋىسى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ چوڭدۇر. بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «ئايال كىشى ئەۋرەتتۇر. ئۇنى ئۆيدە تۇتۇڭلار. ئايال سىرتقا چىققاندا، ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنىڭغا: نەگە بارىسەن؟ - دېسە، ئۇ: كېسەل يوقلايمەن، جىنازىغا قاتنىشىمەن، - دەيدۇ. ھالبۇكى، شەيتان ئۇنىڭغا توختىماستىن ۋەسۋەسە قىلىپ، ئاخىرى ئۇنى ئۆيىدىن چىقىرىدۇ. ئايال ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۆيىدە ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلغان ۋە ئېرىگە ئىتائەت قىلغاندىن ئارتۇق ئىش قىلالمايدۇ»[3].

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئايالى فاتىمە رىزىيەللاھۇ ئەنھادىن:

_ ئى فاتىمە! ئايالغا ئەڭ خەيرلىك نەرسە نېمە؟ - دەپ سورىغان ئىدى، ئۇ:

_ ئايالنىڭ ئەرلەرنى، ئەرلەرنىڭمۇ ئاياللارنى كۆرمەسلىكى، - دەپ جاۋاب بەردى.

[1] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[2] تىرمىزى رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

[3] ئىبنى ھەجەر ھەيسەمى نەقىل قىلغان ۋە: بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، - دېگەن.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئى ئەرلەر! سىلەر خىجىل بولماسسىلەر؟ كۆندەشلىك قىلماسسىلەر؟ ئاياللىرىڭلارنى ئەرلەر ئارىسىدا ئايلىنىپ يۈرۈشكە قويۇپ بېرىسىلەر، ئۇلار ئەرلەرگە، ئەرلەرمۇ ئۇلارغا قارايدۇ، - دېگەن ئىدى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىر كۈنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئىدى، ساھابىلەردىن ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم كىرىپ كەلدى. بۇ كىشى ئەما ئىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاياللىرىغا: «ئۆزەڭلارنى دالدىغا ئېلىڭلار» دېگەن ئىدى، ئۇلار: ئى اﷲنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇ كىشى قارىغۇ تۇرسا، ئۇ بىزنى كۆرەلمەيدۇ ۋە تونۇمايدۇ ئەمەسمۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنىڭ سۆزىگە جاۋابەن: «سىلەر ئۇنى كۆرمەيۋاتامسىلەر؟»[1] دېدى.

ئەرلەرنىڭ نامەھرەم ئاياللارغا قارىشى دۇرۇس بولمىغىنىدەك، ئاياللارنىڭمۇ نامەھرەم ئەرلەرگە قارىشى دۇرۇس ئەمەس. فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: ئايالغا ئەڭ خەيرلىك نەرسە ئۇنىڭ ئەرلەرنى، ئەرلەرنىڭمۇ ئۇنى كۆرمەسلىكى، - دېگەن ئىدى. ئاتا - ئانىسىنى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى زىيارەت قىلىش ياكى ھامامغا بېرىش ۋە شۇنىڭدەك، قىلمىسا بولمايدىغان ئىشلار ئۈچۈن سىرتقا چىقىشقا توغرا كەلسە، ئالدى بىلەن ئېرىدىن رۇخسەت ئېلىپ، ياسانماستىن ۋە چىرايلىق كىيىملىرىنى كىيمەستىن، تولۇق ئورۇنۇپ چىقىشى، يولدا نامەھرەملەرگە قارىماسلىقى ۋە يەرگە قاراپ مېڭىشى، ئۇياق - بۇياققا قارىماسلىقى كېرەك. ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا، گۇناھكار بولىدۇ.

بىر ھېكايىدە ئېيتىلىشىچە، بىر ئايال دۇنيادىكى چاغدا زىبۇزىننەتلىرىنى ۋە چىرايلىق جايلىرىنى ئوچۇق قويۇپ سىرتقا چىقىدىكەن. ئۇ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن تۇغقانلىرىدىن بىرى ئۇنى چۈشىدە كۆرۈپتۇ. قارىغىدەك بولسا، ئۇ اﷲنىڭ ھۇزۇرىغا چىقىۋاتقان ئىكەن. شۇ چاغدا تۇيۇقسىز شامال چىقىپ، ئايالنىڭ كىيىمىنى

[1] ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسائى ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان. تىرمىزى: سەھىھ، - دېگەن.

ئېچىۋېتىپتۇ. الله ئۇنىڭدىن دەرھال يۈز ئۆرۈپتۇ ۋە: بۇنى چەپ تەرەپكە، دوزاخقا تاشلاڭلار، چۈنكى ئۇ دۇنيادا ياسىنىپ ئوچۇق يۈرەتتى، - دەپتۇ[1].

ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى مەن ئايالىم فاتىمە بىلەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كىردىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قاتتىق يىغلاۋاتقان ئىكەن. مەن:

_ ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! ئاتا - ئانام ساڭا پىدا بولسۇن، سېنى نېمە يىغلاتتى؟ - دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

_ ئى ئەلى! مىراج كېچىسى مەن ئۈممىتىمنىڭ ئاياللىرىنىڭ تۈرلۈك ئازاب بىلەن ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇلارغا بولىۋاتقان ئازابنىڭ قاتتىقلىقىنى ئەسلەپ يىغلىدىم. ئۇ كېچىسى چېچىدىن ئېسىپ قويۇلغان بىر ئايالنىڭ مېڭىسىنىڭ قايناۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. يەنە بىر ئايالنىڭ تىلىدىن ئېسىپ قويۇلغانلىقىنى ۋە كانىيىغا قايناق سۇ قۇيۇلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. يەنە بىر ئايالنىڭ كۆكسىدىن ئېسىپ قويۇلغانلىقىنى كۆردۈم. يەنە بىر ئايالنىڭ ئىككى پۇتىنىڭ ئىككى كۆكسىگە، ئىككى قولىنىڭ پېشانىسىگە باغلانغانلىقىنى، يىلان ۋە چايانلارنىڭ ئۇنىڭغا مۇسەللەت قىلىنغانلىقىنى كۆردۈم. يەنە بىر ئايالنىڭ بېشى چوچقىنىڭ بېشىدەك، بەدىنى ئېشەكنىڭ بەدىنىدەك بولۇپ قالغانلىقىنى، ئۇنىڭغا نەچچە ئون مىڭ خىل ئازابنىڭ بولىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. يەنە بىر ئايالنىڭ ئىت سۈرىتىدە بولۇپ قالغانلىقىنى، ئوت ئۇنىڭ ئاغزىدىن كىرىپ، ئارقىسىدىن چىقىۋاتقانلىقىنى، پەرىشتىلەر بولسا ئۇنى ئوتتىن بولغان بازغانلار بىلەن ئۇرىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، - دەپ جاۋاب بەردى. فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا دادىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرۇپ:

[1] ئىبنى ھەجەر ھەيسەمى «ئەززەۋاجىر» ناملىق كىتابىدا نەقىل قىلغان.

_ كۆزۈمنىڭ نۇرى بولغان سۆيۈملۈك دادا! ئۇلار مۇشۇنچىۋالا ئېغىر ئازابقا قالغىدەك نېمە ئىشلارنى قىپتۇ؟ - دەپ سورىغان ئىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

_ ئى قىزىم! چېچىدىن ئېسىپ قويۇلغان ئايال بولسا، چېچىنى ئەرلەردىن ياپمايتتىكەن. تىلىدىن ئېسىپ قويۇلغان ئايال بولسا، تىلى بىلەن ئېرىگە ئازار بېرىپتىكەن. كۆكسىدىن ئېسىپ قويۇلغان ئايال بولسا، ئېرىگە خىيانەت قىلىپتىكەن. ئىككى پۇتى ئىككى كۆكسىگە، ئىككى قولى پېشانىسىگە باغلانغان، يىلان ۋە چايانلار مۇسەللەت قىلىنغان ئايال بولسا، جۇنۇب بولغاندا ۋە ھەيز كۆرگەندە پاكلانمايتتىكەن، نامازنى كۆزگە ئىلمايدىغان، مەسخىرە قىلىپتىكەن. بېشى چوچقىنىڭ بېشىدەك، بەدىنى ئېشەكنىڭ بەدىنىدەك بولۇپ قالغان ئايال بولسا، چېقىمچى ۋە يالغانچى ئىكەن. ئىت سۈرىتىدە بولۇپ قالغان، ئوت ئاغزىدىن كىرىپ، ئارقىسىدىن چىقىۋاتقان ئايال بولسا، مىننەتخور ۋە ھەسەتخور ئىكەن. ئى قىزىم! ئېرىگە قارشى چىققان ئاياللارنىڭ ھالىغا ۋاي![1] - دەپ جاۋاب بەردى.

مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «خوتۇن كىشى دۇنيادا ئېرىگە ئازار بەرمىسۇن. (ئەگەر ئازار بەرسە) ئۇنىڭ جەننەتتىكى ھۆر - پەرىلەردىن بولغان ئايالى: ئۇنىڭغا ئازار بەرمە، ساڭا اللهنىڭ لەنىتى بولسۇن! - دەپ قاغايدۇ»[2].

*****

مادامىكى ئايال ئېرىگە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىكەن، ئەرمۇ ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىشقا، كۆيۈنۈشكە، ئۇنىڭ بەزى يامان خۇيلىرىغا ۋە باشقا كەمچىلىكلىرىگە سەۋر قىلىشقا، نەپىقىسىنى بېرىش، كىيىم – كېچەكلىرىنى قىلىپ بېرىش ۋە چىرايلىق

[1] ئىبنى ھەجەر ھەيسەمى «ئەززەۋاجىر» ناملىق كىتابىدا نەقىل قىلغان. ئەمما بۇ سەھىھ ھەدىسلەردىن ئەمەس.

[2] تىرمىزى، ئىبنى ماجە ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: زەئىپ، - دېگەن.

ئۆتۈشتىن ئىبارەت ھەققىنى ئادا قىلىشقا بۇيرۇلغان. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَعَاشِرُوهُنَّ بِالْمَعْرُوفِ﴾ ﴿ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە تىرىكچىلىك قىلىڭلار﴾[1].

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «ئاياللارغا چىرايلىق مۇئامىلە قىلىڭلار. چۈنكى ئۇلار سىلەرنىڭ ئەسىرىڭلاردۇر. ئاگاھ بولۇڭلاركى، سىلەرنىڭ ئاياللىرىڭلار ئۈستىدە ھەققىڭلار بار، ئاياللىرىڭلارنىڭمۇ سىلەرنىڭ ئۈستىڭلاردا ھەققى بار. ئۇلارنىڭ سىلەرنىڭ ئۈستىڭلاردىكى ھەققى بولسا، ئۇلارنىڭ كىيىم - كېچەك ۋە يېمەك - ئىچمەكلىرىدىن خەۋەر ئېلىش. سىلەرنىڭ ئۇلار ئۈستىدىكى ھەققىڭلار ئۇلارنىڭ سىلەر ياقتۇرمايدىغان كىشىلەرنى ئۆيىڭلارغا ۋە كۆرپەڭلارغا دەسسەتمەسلىكىدۇر»[2].

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلار خوتۇن - بالىلىرىغا ياخشى مۇئامىلە قىلغانلىرىڭلاردۇر»[3] دېگەن. يەنە بىر رىۋايەتتە: «سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلار خوتۇن – بالىلىرىغا ئەڭ كۆيۈمچان بولغانلىرىڭلاردۇر» دېگەن. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاياللارغا ناھايىتى بەك كۆيۈنەتتى.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «قانداق بىر ئەر ئايالىنىڭ يامان خۇيلىرىغا سەۋر قىلسا، اللە تائالا ئۇنىڭغا بالاغا سەۋر قىلغان ئەييۇب ئەلەيھىسسالامغا بەرگەن ساۋابتەك ساۋاب بېرىدۇ. قانداق بىر ئايال ئېرىنىڭ يامان خۇيلىرىغا سەۋر قىلسا، اللە تائالا ئۇنىڭغا مۇزاھىمنىڭ قىزى، پىرئەۋننىڭ ئايالى ئاسىيەگە بەرگەن ساۋابتەك ساۋاب بېرىدۇ».

رىۋايەت قىلىنىشىچە، بىر كىشى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا ئايالىنىڭ ناچار خۇيىدىن شىكايەت قىلىپ كەپتۇ. ئۇ، ئۆمەر

---

[1] سۈرە نىسا، 19 ـ ئايەت.

[2] تىرمىزى، ئىبنى ماجە، نەسائى ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

[3] تىرمىزى، ئىبنى ماجە ۋە دارىمى رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ دەرۋازا ئالدىدا ساقلاپ تۇرغاندا، ئىچكىرىدىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئايالىنىڭ ئۇنىڭغا گەپ ياندۇرۇپ، ئۇرۇشۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپتۇ. ئەمما ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جىم تۇرۇپتۇ، گەپ قايتۇرماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ كىشى قايتىپ مېڭىپتۇ ۋە ئۆز - ئۆزىگە: ئاچچىقى يامان، مەجەزى چۇس، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى بولغان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھالى بۇ بولسا، مېنىڭ ھالىم نېمە بولاتتى، - دەپتۇ. شۇ ئارىدا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تاشقىرىغا چىقىپ، دەرۋازىسى ئالدىدىن قايتىپ كېتىۋاتقان كىشىنى كۆرۈپ، ئۇنى چاقىرىپتۇ ۋە:

— نېمە ئىشىڭ بار ئىدى؟ - دەپ سوراپتۇ. ئۇ كىشى:

— ئى مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! ئايالىمنىڭ ناچار خۇيىدىن شىكايەت قىلىپ كەلگەن ئىدىم. ئۇ مەن بىلەن تاكاللىشىدۇ. ئەمما سېنىڭ ئايالىڭنىڭمۇ ساڭا شۇنداق قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، قايتىپ ماڭدىم ۋە ئۆز - ئۆزەمگە: مۆئمىنلەرنىڭ ئەمرىنىڭ ئايالى بىلەن ھالى بۇ بولسا، مېنىڭ ھالىم نېمە بولاتتى، دەپ ساڭا شىكايەت قىلىشتىن ۋاز كەچتىم، - دەپتۇ. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

— ئى قېرىندىشىم! ئۇنىڭ مېنىڭ ئۈستۈمدە ھەقلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن كۆتۈردۈم. ئۇ مېنىڭ تاماقىمنى پىشۇرىدۇ، نېنىمنى ياقىدۇ، كىيىمىمنى يۇيىدۇ، بالامنى ئېمىتىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەسلىدە ئۇنىڭ مەجبۇرىيىتى ئەمەس. قەلبىم ئۇنىڭ بىلەن ھارامدىن ساقلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۇنىڭ قىلغانلىرىنى كۆتۈرىمەن، - دەپتۇ. ئۇ كىشى:

— ئى مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! مېنىڭ ئايالىممۇ شۇ ئىشلارنى قىلىدۇ، - دەپتىكەن. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

— ئى قېرىندىشىم! ئۇنداق بولسا سەنمۇ ئۇنىڭ ئېغىرىنى كۆتۈرگىن. بۇ ھايات بەكمۇ ئاز مۇددەتتۇر، ئۆتۈپ كېتىدۇ، - دەپتۇ.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، سالىھلاردىن بىرىنىڭ اللەنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن تۇتقان بىر دوستى بار ئىكەن. ئۇنىڭ بۇ دوستىمۇ سالىھلاردىن بولۇپ، ھەر يىلى ئۇ دوستىنى بىر قېتىم زىيارەت

قىلىدىكەن. بىر قېتىم ئۇنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كېلىپ ئىشىكنى قېقىپتۇ. ئايالى:

_ كىم؟ - دەپتىكەن، ئۇ:

_ پېقىر ئېرىڭىزنىڭ اللەنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن تۇتقان دوستى پالانچى بولىمەن، ئۇنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كەلدىم، - دەپتۇ. ئايالى:

_ ئېرىم ئوتۇن ئېلىپ كەلگىلى كەتتى. الله ئۇنى سالامەت قايتۇرمىسۇن! - دەپ قارغاپ، بىرمۇنچە يامان گېپىنى قىلىپتۇ. شۇ ئەسنادا دوستى تاغ تەرەپتىن بىر باغلام ئوتۇن ئارتىلغان بىر شىرنى ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ يېتىپ كەپتۇ. دەرۋازا ئالدىدا ساقلاۋاتقان دوستىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا سالام بېرىپتۇ ۋە ئۇنى قىزغىن قارشى ئېلىپتۇ. ئوتۇننى چۈشۈرۈپ ئۆيگە ئەكىرىۋېتىپ، شىرغا: ئەمدى كەتكىن، الله ساڭا بەرىكەت بەرسۇن، - دەپتۇ. كېيىن مېھماننى ئۆيگە باشلاپتۇ. ئەمما ئايالى تېخىچە ئېرىنى يامانلاشتىپ تىللاۋاتقىدەك. ئېرى ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرماپتۇ ۋە دوستى بىلەن بىرلىكتە بىر نەرسە يەپتۇ. كېيىن دوستى ساھىبخان بىلەن خوشلىشىپ، قايتىپ كېتىپتۇ ۋە ئۇنىڭ ئايالىغا كۆرسەتكەن سەۋرچانلىقىدىن ھەيران قاپتۇ. بىر يىلدىن كېيىن، ئۇ ئادىتى بويىچە يەنە دوستىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كېلىپ، ئىشىكنى قېقىپتۇ. بىر ئايال:

_ كىم؟ - دەپ سوراپتىكەن، ئۇ:

_ پېقىر ئېرىڭىزنىڭ اللەنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن تۇتقان دوستى پالانچى بولىمەن، - دەپتۇ. ئايالى:

_ خۇش كەپسەن، ھارمىغايسەن، مەرھەمەت، ئولتۇرۇپ تۇرغىن. ئېرىم الله خالىسا بىرئازدىن كېيىن تىنچ - ئامان قايتىپ كېلىدۇ، - دەپتىكەن، ئۇ بۇ قېتىم ئۇ ئايالنىڭ يۇمشاق سۆزلىرىدىن ۋە ئەدەپ - ئەخلاقىدىن ھەيران قاپتۇ. بىرپەستىن كېيىن دوستى دۈمبىسىگە ئوتۇن يۈدۈگەن ھالدا يېتىپ كەپتۇ. ئۇ بۇنىڭدىن تېخىمۇ ھەيران بولۇپتۇ. دوستى كېلىپ سالام بېرىپتۇ ۋە ئۇنى ئۆيگە باشلاپتۇ. ئايالى ئۇلارغا تاماق تەييارلاپ بېرىپ، ئۇلار ئۈچۈن ياخشى

تىلەكلەر بىلەن دۇئا قىلىپتۇ. مېھمان خوشلاشماقچى بولغاندا، دوستىغا:

— ئى قېرىندىشىم! قېنى ئېيتقىنچۇ، مەن سەندىن بەزى نەرسىلەرنى سورىسام دەيمەن، - دەپتىكەن، دوستى:

— قېنى سورىغىن؟ - دەپتۇ. دوستى:

— ئۆتكەن يىلى كەلگەن چېغىمدا، تىلى بوزۇق، ئەخلاقسىز، سېنى يامانلايدىغان بىر ئايالنى كۆرگەن ئىدىم. سەنمۇ تاغ تەرەپتىن ئوتۇننى شىرنىڭ ئۇستىگە ئارتقان ھالدا كەلگەن ئىدىڭ. الله ئۇنى ساڭا بويسۇندۇرۇپ بېرىپتىكەن. ئەمما بۇ يىل ناھايىتى يۇمشاق سۆز، سېنى يامانلىمايدىغان ئايالنى كۆردۈم. سەنمۇ ئوتۇننى ئۆزەڭ كۆتۈرۈپ كەلدىڭ. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ - دەپ سوراپتىكەن، ساھىبخان:

— ئى قېرىندىشىم! ئۇ ناچار ئايال ئۆلۈپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ ناچار ئەخلاقىنى ۋە بارلىق ئەزىيەتلىرىنى كۆتۈرگەن ئىدىم. ئۇنىڭ بىلەن ناھايىتى كۆڭۈلسىز ياشىغانتىم. مەن ئۇنىڭ قىلمىشلىرىغا چىداپ، سەۋر قىلغانلىقىم ئۈچۈن الله مېنى مۇكاپاتلاپ، ئوتۇن توشىغان ئۇ شىرنى ماڭا بويسۇندۇرۇپ بەرگەن ئىدى. بۇرۇنقى ئايالىم ئۆلگەندىن كېيىن، مەن بۇ ياخشى ئايال بىلەن ئۆيلەندىم. بۇ ئايالىم بىلەن ياخشى ئۆتىۋاتىمەن. شۇنىڭدىن باشلاپ شىرمۇ ماڭا كۆرۈنمەي قويدى. ئىتائەتچان، بەرىكەتلىك بۇ ئايالىم بىلەن راھەتكە چىققانلىقىم ئۈچۈن ئوتۇننى ئۆزەم توشۇشقا مەجبۇر بولدۇم، - دەپتۇ[1].

اللهقا ئىلتىجا قىلىپ، بىزگە ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ئىشلارنى قىلىشتا چىداملىق بولۇشىمىزغا مەدەت بېرىشىنى تىلەيمىز. ئۇ ناھايىتى سېخىي، ناھايىتى كەرەملىكتۇر.

[1] سەييىد ئىبراھىم: بۇ ھېكايىنى ۋە ئالدىنقى رىۋايەتنى ئىبنى ھەجەر ھەيسەمى «ئەززەۋاجىر» ناملىق كىتابىدا نەقىل قىلغان بولۇپ، زاھىرىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا ھەر ئىككىسى رىئاللىققا ئۇيغۇن ئەمەس، - دېگەن.

## قىرىق سەككىزىنچى چوڭ گۇناھ:

## رەسىم ۋە سۈرەت سىزىش

(كىيىم – كېچەك، تام، قورام تاش، مېتال پۇل ۋە باشقا نەرسىلەرگە مەيلى ماي بوياق ياكى سۇ بوياق بىلەن بولسۇن، مەيلى تۆمۈر ياكى مىس بىلەن بولسۇن، مەيلى يىپ ياكى باشقا نەرسە بىلەن بولسۇن، رەسىم سىزىلغان ياكى سۈرەت چۈشۈرۈلگەن بويۇمنى بۇزىۋېتىش كېرەك)

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الَّذِينَ يُؤْذُونَ اللَّهَ وَرَسُولَهُ لَعَنَهُمُ اللَّهُ فِي الدُّنْيَا وَالْآخِرَةِ وَأَعَدَّ لَهُمْ عَذَابًا مُّهِينًا﴾ ﴿اللهنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى رەنجىتىدىغانلار (يەنى الله ۋە رەسۇلۇللاھ يامان كۆرىدىغان ئىشلارنى قىلىدىغانلار)نى الله دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە رەھمىتىدىن يىراق قىلىدۇ ۋە ئۇلارغا خار قىلغۇچى ئازابنى تەييارلايدۇ﴾[1].

ئىكرىمە: اللهنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى رەنجىتىدىغانلار رەسىم سىزىدىغان كىشىلەردۇر، - دېگەن.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «رەسىم ۋە سۈرەت سىزىدىغان كىشىلەر قىيامەت كۈنى ئازابلىنىدۇ ۋە ئۇلارغا: سىزغان رەسىمڭلارغا جان كىرگۈزۈڭلار، - دېيىلىدۇ»[2].

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر سەپەردىن قايتىپ كەلگەن ئىدى. ئۆيىنىڭ تەكچىسىگە رەسىم چۈشۈرۈلگەن نېپىز پەردە ئېسىپ قويغان ئىدىم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى كۆرۈشى بىلەن رەڭگىرويى ئۆزگىرىپ كەتتى ۋە: «ئى ئائىشە! قىيامەت كۈنى ئەڭ قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدىغانلار اللهنىڭ

[1] سۈرە ئەھزاب، 57 ـ ئايەت.

[2] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

مەخلۇقاتنىغا ئوخشاش شەكىل پەيدا قىلغان كىشىلەردۇر»[①] دېدى.
ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: شۇنىڭدىن كېيىن پەردىنى كېسىپ، ئىككى تال ياستۇق قېپى تىكتىم.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئېيتىلىشىچە، مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: «رەسىم سىزغان ھەرقانداق كىشى دوزاختا كىرىدۇ. ئۇنىڭدىن ئۇ سىزغان ھەربىر رەسىمگە جان كىرگۈزۈش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئۇ دوزاختا مۇشۇنداق ئازابلىنىدۇ»[②].

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئېيتىلىشىچە، مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: «كىمكى دۇنيادا رەسىم سىزسا، قىيامەت كۈنى ئۇ رەسىمگە جان كىرگۈزۈشكە مەجبۇر قىلىنىدۇ. ھالبۇكى، ئۇ ئۇنىڭغا ھەرگىزمۇ جان كىرگۈزەلمەيدۇ»[③].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: مەن ياراتقان نەرسىلەرگە ئوخشاش نەرسىلەرنى يارىتىشقا ئۇرۇنغان كىشىلەردىنمۇ زالىمراق كىشى بارمۇ؟ ئۇنداقتا ئۇلار دان ياراتسۇن، ئارپا دېنى ياراتسۇن، چۈمۈلە ياراتسۇن»[④].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دەيدۇ: «قىيامەت كۈنى دوزاختىن بىر گەۋدە چىقىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئۈچ تۈرلۈك كىشىنى ئازابلاشقا بۇيرۇلدۇم. بىرىنچىسى، اللەقا باشقا نەرسىنى شېرىك قىلغان كىشى؛ ئىككىنچىسى، ھەددىدىن ئاشقان زالىم؛ ئۈچىنچىسى، رەسىم سىزغۇچىلار»[⑤]. ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «رەسىم ۋە ئىت بار ئۆيگە پەرىشتە كىرمەيدۇ»[⑥].

---

[①] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

[②] مۇسلىم ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

[③] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

[④] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

[⑤] تىرمىزى ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

[⑥] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «جۇنۇب كىشى، رەسىم ۋە ئىت بار ئۆيگە پەرىشتە كىرمەيدۇ»[1] .

خەتتابى (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «جۇنۇب كىشى، رەسىم ۋە ئىت بار ئۆيگە پەرىشتە كىرمەيدۇ» دېگەن سۆزىنى شەرھلەپ: ئۇنداق ئۆيگە رەھمەت ۋە بەرىكەت پەرىشتىسى كىرمەيدۇ. ئەمما ئىنساننىڭ نامە ـ ئەمالىنى يازىدىغان ۋە ئۇلارنى قوغدايدىغان پەرىشتىلەر ئۇنىڭدىن ھېچقاچان ئايرىلمايدۇ، - دەيدۇ.

ئېيتىلىشىچە، بۇ يەردە جۇنۇب كىشىدىن جۇنۇب بولۇپ قېلىپ، يۇيۇنۇشنى ناماز ۋاقتىغىچە كېچىكتۈرىدىغان كىشى نەزەردە تۇتۇلماستىن، بەلكى جۇنۇب بولۇپ يۈرۈۋېرىدىغان، يۇيۇنمايدىغان، يۇيۇنۇشقا سەل قارايدىغان ۋە بۇنى ئۆزىگە ئادەت قىلىۋالغان كىشى نەزەردە تۇتۇلىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەممە ئاياللىرىنى ئايلىنىپ چىقىپ، ئاندىن بىرلا قېتىم يۇيۇناتتى. مانا بۇ، يۇيۇنۇشنى ۋاجىپ بولغان دەسلەپكى ۋاقىتتىن كېچىكتۈرۈشنىڭ جايىزلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەزىدە جۇنۇب بولسىمۇ يۇيۇنماستىن ئۇخلاپ قالاتتى، - دېگەن[2] .

ئىت مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ يەردە زىرائەت ۋە مال – چارۋا بېقىش ياكى ئوۋ ئوشلاش ئۈچۈن بېقىلغان ئىت ئەمەس، بەلكى ھەۋەس ئۈچۈن بېقىلغان ئىت نەزەردە تۇتۇلىدۇ. ئەمما بەزى ئىشلاردا ئىت بېقىش زۆرۈر بولۇپ قالسا ياكى ئۆي باقتۇرۇشقا موھتاج بولۇپ قالسا، ھېچ گۇناھ بولمايدۇ.

ئەمما رەسىم ۋە سۈرەت مەسىلىسىگە كەلسەك، ھەرقانداق جانلىق نەرسىلەرنى، مەيلى ئۇ شەخسلەرنىڭ تىكلەنگەن

[1] ئەبۇ داۋۇد، نەسائى، ھاكىم ۋە دارىمى رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: زەئىپ، - دېگەن.

[2] تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

ھەيكەللىرى بولسۇن ياكى تۇرۇس، تاملارغا سىزىلغان رەسىم ۋە سۈرەتلەر بولسۇن، مەيلى گىلەم، پالاسلارغا چۈشۈرۈلگەن ياكى رەخت، كىيىملەرگە توقۇلغان ۋەياكى جايلارغا سىزىلغان رەسىم ۋە سۈرەتلەر بولسۇن، ھەممىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ نەرسىلەردىن ساقلىنىش لازىم. رەسىم ۋە سۈرەتلەرنى يوق قىلىشقا كۈچى يېتىدىغان كىشىنىڭ ئۇنى يوق قىلىشى ۋاجىپ بولىدۇ. اللە تائالا مۇۋەپپەقىيەت ئاتا قىلسۇن، ئامىن!

ھەييان ئىبنى ھۇسەين مۇنداق دەيدۇ: ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ماڭا: «قۇلاق سېلىپ تىڭشىغىنكى، مەن سېنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى ئەۋەتكەن ۋەزىپە بىلەن ئەۋەتىمەن: بارغان يېرىڭدە ھېچقانداق رەسىم ۋە سۈرەت قويماي يوق قىلغىن! ئىگىز ياسالغان بىرمۇ قەبرىنى قويماي تۈزلىۋەتكىن» دېگەن[①].

اللەقا ئىلتىجا قىلىپ، بىزنى ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ئىشلارنى قىلىشىمىزغا مۇۋەپپەق قىلىشىنى تىلەيمىز. ئۇ ناھايىتى سېخىي، ناھايىتى كەرەملىكتۇر.

[①] مۇسلىم، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسائى رىۋايەت قىلغان.

## قىرىق توققۇزىنچى چوڭ گۇناھ:

### ئۆلگەن كىشى ئۈچۈن يۈزنى كاچاتلاش، قوشاق قېتىپ يىغلاش، ياقا يىرتىش، چاچنى چۇشۇرۇۋېتىش، چاچ يۇلۇش، ئۆزىگە ئۆلۈم ۋە ھالاكەت تىلەش

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «(ئۆلگەن كىشىلەر ئۈچۈن) يۈزلىرىنى ئۇرۇپ، ياقىلىرىنى يىرتىپ، جاھىلىيەت ئادەتلىرى بويىچە دات - پەرياد قىلغان كىشى بىزدىن ئەمەس»[1].

ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇسىبەت يەتكەندە (يەنى ئۆلۈملۈك بولغاندا) دات - پەرياد سېلىپ يىغلايدىغان، چېچىنى چۇشۇرۇۋېتىدىغان ۋە يۇلىدىغان، كىيىمنى يىرتىدىغان ئاياللاردىن بىزار ئىدى[2].

بۇ قىلىقلارنىڭ ھەممىسى ئالىملارنىڭ بىردەك ئىتتىپاقى بىلەن ھارامدۇر. شۇنىڭدەك، مۇسىبەت يەتكەندە چاچنى چۇۋۇش، يۈزنى كاچاتلاش ۋە تاتىلاش، ئۆزىگە ئۆلۈم ۋە ھالاكەت تىلەش قاتارلىقلارمۇ ھارامدۇر.

ئۇممۇ ئەتىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزدىن بەيئەت ئالغان چاغدا، ئۆلگەنلەرنىڭ كەينىدىن دات - پەريات سېلىپ يىغلىماسلىقىمىز ھەققىدە ۋەدە ئالغان ئىدى[3].

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

[1] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.
[2] بۇخارى رىۋايەت قىلغان.
[3] بۇخارى ۋە مەسلىم رىۋايەت قىلغان.

«ئىنسانلاردا ئىككى تۈرلۈك يامان ئادەت بولۇپ، بۇ ئادەت كۇپۇرلۇقتۇر. بىرى، نەسەبلەرگە تىل تەككۈزۈش؛ يەنە بىرى، ئۆلگەنلەرنىڭ كەينىدىن دات - پەريات سېلىپ يىغلاش»[1].

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دات - پەريات سېلىپ يىغلىغان ئايالغا ۋە ئۇنى ئاڭلاپ تۇرغان ئايالغا لەنەت قىلغان[2].

ئەبۇ بۇردەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېسەل بولۇپ قالغاندا ھوشىدىن كەتتى. ئۇ چاغدا ئۇنىڭ بېشى ئائىلىسىدىكى ئاياللاردىن بىرىنىڭ قۇچىقىدا ئىدى. ئايال ئۈن سېلىپ يىغلاشقا باشلىدى. ئەمما ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا بىر نەرسە دېيىشكە قادىر بولالمىدى. ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزار بولغان نەرسىدىن بىزارمەن. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇسىبەت يەتكەندە (يەنى ئۆلۈملۈك بولغاندا) دات - پەرياد سېلىپ يىغلايدىغان، چېچىنى چۇشۇرۇۋېتىدىغان ۋە يۇلىدىغان، كىيىمىنى يىرتىدىغان ئاياللاردىن بىزار ئىدى، - دېدى.

نوئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى راۋاھە ھوشىدىن كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ھەمشىرىسى ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرىنى ساناپ يىغلاشقا باشلىدى. ئۇ ھوشىغا كەلگەندە، ھەمشىرىسىگە: سەن مېنىڭ ھەققىمدە نېمە دېگەن بولساڭ، ماڭا: سەن راست مۇنداقمۇ، سەن راست شۇنداقمۇ؟ دېيىلدى، - دېدى[3].

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «مېيىت ئۇچۇن نېمە دەپ يىغلانغان بولسا، قەبرىسىدە سەن راست شۇنداقمۇ؟ دەپ ئازابلىنىدۇ»[4].

---

[1] مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[2] ئەبۇ داۋۇد ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان، ئەلبانى: بۇنى زەئىپ، - دېگەن.

[3] بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

[4] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ھەرقانداق كىشى ئۆلگەندە، ئۇنىڭ تۇغقانلىرى: ۋاي بىگىم! ۋاي مۇرەببىم! دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى قوشاق قېتىپ يىغلىسا، مېيىتكە ئىككى پەرىشتە مۇئەككەل قىلىنىدۇ. ئۇلار ئۇنى: سەن راست شۇنداقمىدىڭ؟ - دەپ دۇمبالايدۇ[①].

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «ئۆلگەنلەر ئۈچۈن يىغلىغان ئاياللار تەۋبە قىلماستىن ئۆلسە، قىيامەت كۈنى مومدىن تىكىلگەن كۆڭلەك بىلەن قىچىشقاق قىلىدىغان ساۋۇت كىيدۈرۈلىدۇ»[②].

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئىككى تۈرلۈك ئەخمىقانە يامان ئاۋازدىن مەنئى قىلىندىم. بىرى، نېمەتكە ئېرىشكەندە ئويۇن – تاماشا قىلىپ ۋە شەيتاننىڭ نەغمە – ناۋالىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ ۋاراڭ – چۇرۇڭ قىلىش؛ يەنە بىرى، مۇسىبەت بولغاندا يۈزنى تاتىلاپ، ياقا يىرتىپ ۋە شەيتاننىڭ قوشاقلىرىنى قېتىپ يىغلاش»[③].

ھەسەن بەسرى مۇنداق دەيدۇ: ئىككى تۈرلۈك ئاۋاز لەنەتكە ئۇچرايدۇ. بىرى، نېمەتكە ئېرىشكەندە نەغمە – ناۋا قىلىش؛ يەنە بىرى، مۇسىبەت بولغاندا قوشاق قېتىپ يىغلاش[④].

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «مۇسىبەت بولغاندا قوشاق قېتىپ يىغلىغان ئاياللار دوزاختا ئىككى سەپ بولۇپ تىزىلىدۇ. ئاندىن ئۇلار دوزاختا خوددى ئىت ھۇۋلىغاندەك ھۇۋلىشىدۇ»[⑤].

ئەۋزائى مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئۇ ئۆيگە كىردى. ئۇنىڭ قولىدا دەررە بار ئىدى. ئۇ ئۇنى ئاياللارغا شىلتىپ، قوشاق قېتىپ يىغلاۋاتقان ئايالنىڭ يېنىغا باردى ۋە ئۇنى بىر دەررە ئۇرغان ئىدى، ئۇنىڭ لېچەكى چۈشۈپ كەتتى.

---

① ترمىزى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

② مۇسلىم، ئىبنى ماجە ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

③ ترمىزى رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

④ بەززار رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: ھەسەن، - دېگەن.

⑤ تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە سۇلەيمان ئىبنى داۋۇد يەمامى ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: بۇ ئايال قوشاق قېتىپ يىغلىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئۇرمەن، چۈنكى ئۇنىڭ ھۆرمىتى يوق (يەنى نامەھرەم بولالمايدۇ). ئۇ سىلەرگە ئىچ ئاغرىتىپ ئەمەس، بەلكى پۇلۇڭلارنى ئېلىش ئۈچۈن كۆز يېشىنى تۆكىدۇ. ئۇ بۇ يىغىسى بىلەن قەبرىدىكى ئۆلۈكلەرگە ئازار بېرىۋاتىدۇ، ئۆيدىكى تىرىكلەرنىڭ كۆڭلىنى تېخىمۇ يېرىم قىلىۋاتىدۇ. ئۇ، اللهنىڭ مۇسىبەتكە سەۋر قىلىش بۇيرۇقىنى توسۇپ، ئاھ ئۇرماسلىق ھەققىدىكى چەكلىمىسىنى تەشۋىق قىلىۋاتىدۇ، - دېدى[1].

ئالىملار مۇنداق دەيدۇ: يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ئۈن سېلىپ يىغلاش ھارامدۇر. ئەمما ئاھ ئۇرماستىن ۋە قوشاق قاتماستىن ئىچ ئاغرىتىپ ئىچىدە يىغلاش ھارام ئەمەس.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف، سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار بىلەن بىرلىكتە سەئد ئىبنى ئۇبادەنى يوقلاپ كەلدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ كېسىلىنىڭ ئېغىر ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يىغلىدى. يېنىدىكى ساھابىلەرمۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يىغلىغىنىنى كۆرۈپ يىغلىدى. كېيىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قۇلاق سېلىپ ئاڭلاڭلاركى، الله تائالا مېيىتنى كۆز يېشى ۋە دىلنىڭ قايغۇسى بىلەن ئازابلىمايدۇ. لېكىن ئۇ ئۇنى بۇنىڭ سەۋەبى بىلەن ئازابلايدۇ ياكى ئۇنىڭغا بۇنىڭ سەۋەبى بىلەن رەھىم قىلىدۇ»[2] دەپ تىلىغا ئىشارەت قىلدى.

ئۇسامە ئىبنى زەيد مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سەكراتتا ياتقان نەۋرىسى (قىزىنىڭ ئوغلى) بېرىلگەن ئىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئاقتى. بۇنى كۆرگەن سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

_ ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! بۇ نېمە ئىش؟ - دېگەن ئىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

---

[1] ئىبنى ھەجەر ھەيسەمى «ئەززەۋاجىر» ناملىق كىتابىدا ئەۋزائىدىن نەقىل قىلغان. ئەمما مەنبەنى بايان قىلمىغان.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ـ بۇ، الله تائالانىڭ بەندىلىرىنىڭ قەلبىدە قىلغان رەھمىتىدۇر. الله تائالا ھەقىقەتەن رەھىمدىل بەندىلىرىگە رەھىم قىلىدۇ، ـ دېدى[1].

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوغلى ئىبراھىمنىڭ يېنىغا كىردى. ئىبراھىم جان تالىشىۋاتاتتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئېقىشقا باشلىدى. بۇنى كۆرگەن ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! سەنمۇ يىغلاۋاتامسەن؟ ـ دېگەن ئىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئى ئىبنى ئەۋف! بۇ، رەھىم ـ شەپقەت يىغىسىدۇر، ـ دېدى. ئاندىن يەنە ياش تۆكۈپ: «كۆز يىغلايدۇ، قەلب يېرىم بولىدۇ. ئەمما بىز رەببىمىز رازى بولىدىغان سۆزدىن باشقا سۆزنى قىلمايمىز. ئى ئىبراھىم! سېنىڭ پىراقىڭدا كۆڭلىمىز بەكمۇ يېرىم بولدى»[2] دېدى.

«مېيىت تۇغقانلىرىنىڭ يىغىسى سەۋەبىدىن ئازابلىنىدۇ»[3] دېگەن سەھىھ ھەدىسلەرگە كەلسەك، بۇ ھەدىسلەرنىڭ زاھىرىي مەنىسىگە قاراپ ھۆكۈم چىقىرىلمايدۇ. بەلكى بۇ خىلدىكى ھەدىسلەر شەرھلەپ چۈشەندۈرۈلىدۇ. ئالىملار بۇ خىلدىكى ھەدىسلەرنى شەرھلەپ چۈشەندۈرۈشتە بىر – بىرىگە ئوخشىمىغان قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ قاراشلاردىن توغرىغا ئەڭ يېقىن بولغىنى: يىغلاشنىڭ سەۋەبى بولۇشى كېرەك. مەسىلەن، مېيىت تۇغقانلىرىغا يىغلاشنى ۋەسىيەت قىلغان بولۇشى ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش بىرەر سەۋەب بولۇشى كېرەك، دېگەندىن ئىبارەت. توغرىسىنى الله بىلگۈچىدۇر.

ئىمام شافىئىنىڭ شاگىرتلىرى مۇنداق دەيدۇ: ئۆلۈمدىن ئىلگىرى ۋە ئۆلگەندىن كېيىن يىغلاش جايىز. ئەمما: «جان چىقىپ بولغاندىن كېيىن ھېچبىر ئايال يىغلىمىسۇن»[4] دېگەن ھەدىسنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئۆلۈمدىن بۇرۇن يىغلاش ئەۋزەلدۇر. ئىمام شافىئى ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى:

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[2] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[4] ئەبۇ داۋۇد، نەسائى ۋە مالىك رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: زەئىپ، ـ دېگەن.

ئۆلگەندىن كېيىن يىغلاش مەكرۇھ تەنزىھىدۇر، ھارام ئەمەس، - دەپ كۆرسەتكەن ۋە: «ھېچبىر ئايال يىغلىمىسۇن» دېگەن ھەدىسنى: يىغلىسا مەكرۇھ بولىدۇ، - دەپ چۈشەندۈرگەن.

*****

دات - پەرياد سېلىپ يىغلىغۇچى ئايالغا مۇنداق ئازابنىڭ بولۇشى ۋە ئۇنىڭ لەنەتكە ئۇچرىشىشىغا كەلسەك، ئۇ مېيىتنىڭ تۇغقانلىرىنى ئاھ ئۇرۇشقا بۇيرۇپ، سەۋر قىلىشتىن توسىدۇ. ھالبۇكى، اللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئۇلارنى سەۋر قىلىشقا، ساۋاب ئۈمىد قىلىشقا بۇيرۇپ، دات - پەرياد قىلىشتىن ۋە ئاھ ئۇرۇپ قاقشاشتىن توسىدۇ.

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ اسْتَعِينُواْ بِالصَّبْرِ وَالصَّلاَةِ إِنَّ اللّهَ مَعَ الصَّابِرِينَ وَلاَ تَقُولُواْ لِمَنْ يُقْتَلُ فِي سَبيلِ اللّهِ أَمْوَاتٌ بَلْ أَحْيَاء وَلَكِن لاَّ تَشْعُرُونَ وَلَنَبْلُوَنَّكُمْ بِشَيْءٍ مِّنَ الْخَوفْ وَالْجُوعِ وَنَقْصٍ مِّنَ الأَمَوَالِ وَالأنفُسِ وَالثَّمَرَاتِ وَبَشِّرِ الصَّابِرِينَ الَّذِينَ إِذَا أَصَابَتْهُم مُّصِيبَةٌ قَالُواْ إِنَّا لِلّهِ وَإِنَّا إِلَيْهِ رَاجِعونَ﴾ ﴿ئى مۆئمىنلەر! سەۋر ئارقىلىق ۋە ناماز ئارقىلىق ياردەم تىلەڭلار. اللە ھەقىقەتەن سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر. اللەنىڭ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنى (يەنى شېھىتلەرنى) ئۆلۈك دېمەڭلار، بەلكى ئۇلار تىرىكتۇر. لېكىن سىلەر بۇنى سەزمەيسىلەر. بىز سىلەرنى بىرئاز قورقۇنچ بىلەن، بىرئاز قەھەتچىلىك بىلەن ۋە ماللىرىڭلارغا، جانلىرىڭلارغا، باللىرىڭلارغا، زىرائەتلىرىڭلارغا يېتىدىغان زىيان بىلەن چوقۇم سىنايمىز. (بېشىغا كەلگەن مۇسىبەت زىيان - زەخمەتلەرگە) سەۋر قىلغۇچىلارغا (جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگىن. ئۇلارغا بىرەر مۇسىبەت كەلگەن چاغدا، ئۇلار: «بىز ئەلۋەتتە اللەنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز (يەنى اللەنىڭ بەندىلىرىمىز)، چوقۇم اللەنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز» دەيدۇ﴾[1].

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: ﴿اللە ھەقىقەتەن سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر﴾ دېگەن ئايەتنى تەپسىر قىلىپ: اللە ئۇلار بىلەن بىللە بولىدۇ، ئۇلارغا ياردەم قىلىدۇ، ئۇلارنى زىيان تارتقۇزمايدۇ، - دەيدۇ. اللە تائالا: ﴿بىز سىلەرنى چوقۇم سىنايمىز﴾

[1] سۈرە بەقەرە، 153 – ئايەتتىن 156 – ئايەتكىچە.

دېدى. يەنى ﷲ تائالا ئىنسانلارغا سىنىغۇچىنىڭ مۇئامىلىسىنى قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتىنى بىلىدۇ. شۇڭا ھېچكىمنى سىناشقا موھتاج بولمايدۇ. ئۇلارغا پەقەت سىنىغۇچىنىڭ مۇئامىلىسىنى قىلغاندىن كېيىن، كىمكى سەۋر قىلسا، ئۇنىڭ سەۋرىسىگە ساۋاب بېرىدۇ. كىمكى سەۋر قىلمىسا، ساۋابقا لايىق بولالمايدۇ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: ﴿بىرئاز قورقۇنچ بىلەن، بىرئاز قەھەتچىلىك بىلەن ۋە ماللىرىڭلارغا، جانلىرىڭلارغا، باللىرىڭلارغا، زىرائەتلىرىڭلارغا يېتىدىغان زىيان بىلەن﴾ دېگەن ئايەتنى تەپسىر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﷲ تائالا ئىنسانلارنى دۈشمەن قورقۇنچىسى بىلەن، ئاچارچىلىق ۋە قەھەتچىلىك بىلەن، پۇل - مالغا يېتىدىغان زىيان - زەخمەت بىلەن، مال – چارۋىلارنى ھالاك قىلىش بىلەن، جانغا يېتىدىغان ئۆلتۈرۈلۈش، كېسەللىك ۋە قېرىلىق بىلەن، زىرائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئادەتتىكىدەك چىقماي كېمىيىپ كېتىپ، ئېھتىياجنى قامدىيالماسلىقى بىلەن سىنايدۇ.

ﷲ تائالا بۇ مۇسىبەتلەرگە سەۋر قىلغۇچىلارغا ساۋاب بېرىشكە ۋەدە قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، بۇ ئايەتنى ئۇلارغا خۇش خەۋەر بېرىش بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇپ: ﴿سەۋر قىلغۇچىلارغا خۇش خەۋەر بەرگىن﴾ دەيدۇ. ئاندىن ئۇلارنى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلارغا بىرەر مۇسىبەت كەلگەن چاغدا﴾ يەنى ئۇلارنىڭ بېشىغا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان مۇسىبەتلەردىن بىرى كەلگەن چاغدا، ﴿ئۇلار: «بىز ئەلۋەتتە ﷲنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز﴾ يەنى ﷲنىڭ بەندىلىرىمىز، بىزگە نېمىنى خالىسا شۇنى قىلىدۇ، ﴿چوقۇم ﷲنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز» دەيدۇ﴾ يەنى ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىن يېگانە ﷲنىڭ ھۆكمىگە قايتىدۇ. ﷲ تائالا دۇنيادا بەزى كىشىلەرنى ھۆكۈمدار قىلىدۇ. بەندىلەرنىڭ ھۆكۈمدارلىقى تۈگىگەندىن كېيىن، ئەلۋەتتە، ﷲ تائالانىڭ ئەمرىگە قايتىدۇ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مۇئمىنگە بىرەر

مۇسىبەت يەتسە، ھەتتا ئۇنىڭ پۇتىغا كىرىپ كەتكەن بىرەر تىكەن چاغلىق نەرسە بولسىمۇ، الله ئۇنىڭ گۇناھىنى شۇ مۇسىبەت سەۋەبىدىن مەغپىرەت قىلىدۇ»[1].

ئەلقەمە ئىبنى مۇرسىد ئىبنى سابىت ئاتىسىدىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمنىڭ بېشىغا بىرەر مۇسىبەت كەلسە، مېنى يوقىتىپ قويغانلىق مۇسىبىتىنى ئەسلىسۇن (يەنى بۇنىڭ بىلەن تەسەللى تاپسۇن). چۈنكى ئۇنىڭ مېنى يوقىتىپ قويۇشى ئەڭ چوڭ مۇسىبەتتۇر»[2].

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «بىراۋنىڭ بالىسى ئۆلسە، الله تائالا پەرىشتىلەرگە:

_ بەندەمنىڭ بالىسىنىڭ جېنىنى ئالدىڭلارمۇ؟ - دەيدۇ.

پەرىشتىلەر:

_ ھەئە، - دەيدۇ.

_ ئۇنىڭ يۈرەك پارىسىنى قەبزىروھ قىلدىڭلارمۇ؟

_ ھەئە،

_ بەندەم نېمە دېدى؟

_ ئۇ ساڭا ھەمدۇسانا ئېيتتى ۋە: ﴿بىز ئەلۋەتتە اللهنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز (يەنى اللهنىڭ بەندىلىرىمىز)، چوقۇم اللهنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز﴾[3] دېدى.

_ ئۇ بەندەم ئۈچۈن جەننەتتە بىر قەسىر سېلىڭلار ۋە ئۇنىڭ ئىسمىنى ھەمدۇسانا قەسرى دەپ ئاتاڭلار»[4].

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دەيدۇ: «الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: مۆئمىن بەندەمنىڭ دۇنيا ئەھلىدىن ئەڭ يېقىنىنىڭ جېنىنى ئالغىنىمدىن كېيىن، ئۇ مەندىن ساۋاب ئۈمىد قىلىپ سەۋر قىلسا، مېنىڭ ئۇنىڭغا بېرىدىغان مۇكاپاتىم مۇھەققەق

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[2] دارىمى رىۋايەت قىلغان.

[3] سۈرە بەقەرە، 156 – ئايەت.

[4] تىرمىزى ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: ھەسەن، - دېگەن.

جەننەتتۇر»[1]؛ «الله تائالانىڭ ھۆكمىگە رازى بولۇش ئىنساننىڭ سائادىتىدۇر. الله تائالانىڭ ھۆكمىگە نارازى بولۇش ئىنساننىڭ بەختسىزلىكىدۇر»[2].

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئەزرائىل ئەلەيھىسسالام مۇئمىننىڭ جېنىنى ئالغاندىن كېيىن، مېيىتنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا تۇرىدۇ. مېيىت ئەھلى دات - پەريات قىلىشقا باشلايدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىسى يۈزىنى كاچاتلايدۇ، بەزىسى چېچىنى چۇۋۇيدۇ، يەنە بەزىسى ئۆلۈمنى تىلەيدۇ. ئەزرائىل ئەلەيھىسسالام: بۇ دات - پەريات نېمە ئۈچۈن؟ بۇ يىغلاش كىم ئۈچۈن؟ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ھېچكىمنىڭ ئۆمرىنى قىسقارتىۋەتمىدىم، رىزقىنىمۇ ئېلىپ كەتمىدىم، ھېچكىمگە زەررىچىلىك زۇلۇم قىلمىدىم. ناۋادا ماڭا نارازى ۋە ئاچچىغلار بولسا، اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن جان ئېلىشقا مۇئەككەلمەن. ئەگەر مېيىتكە نارازى بولسا، ئۇ جېنىنى بېرىشكە مەجبۇردۇر. ئەگەر رەببىڭلارغا نارازى بولساڭلار، ئۇ چاغدا سىلەر كاپىر بولۇپ كېتىسىلەر، مەن پات - پات سىلەرنى يوقلاپ تۇرىمەن. ئاخىرى سىلەردىن ھېچكىمنى ھايات قويمايمەن، - دەيدۇ. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «جېنىم ئىلكىدە بولغان اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەگەر ئۇلار ئەزرائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ماقامىنى بىلسە، سۆزلىرىنى ئاڭلىسا ئىدى، مېيىتلىرىنى قويۇپ، ئەلۋەتتە، ئۆزلىرى ئۈچۈن يىغلىغان بولاتتى».

*****

**پەتە قىلىش ھەققىدە:** ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

[1] بۇخارى ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

[2] ترمىزى ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: زەئىپ، - دېگەن.

مۇنداق دېگەن: «كىمكى مۇسىبەتكە ئۇچرىغان كىشىنى پەتە قىلسا، ئۇنىڭغىمۇ مۇسىبەتكە سەۋر قىلغان كىشىگە ئوخشاش ساۋاب بېرىلىدۇ»[1].

ئەبۇ بۇردە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا مۇنداق دېگەن: «كىمكى (بالىسى ئۆلگەن) ھازىدار ئايالنى پەتە قىلىپ تەسەللى بەرسە، جەننەتتە تون كىيگۈزۈلىدۇ»[2].

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن:

_ ئۆيدىن نېمە ئۈچۈن چىقتىڭىز؟ - دەپ سورىغان ئىدى، فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

_ بۇ ئۆيگە پەتە قىلىپ كەلگەن ئىدىم. ئۆلگەن كىشىگە رەھمەت تىلىدىم. تۇغقانلىرىغا سەۋر قىلىشنى تەۋسىيە قىلدىم، - دەپ جاۋاب بەردى[3].

ئەمر ئىبنى ھەزم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ھەرقانداق مۇئمىن مۇسىبەتكە يولۇققان بۇرادىرىنى يوقلىسا، قىيامەت كۈنى الله تائالا ئۇنىڭغا ھەشەمەتلىك تونلاردىن كىيگۈزىدۇ»[4].

بىلىشىڭ كېرەككى، پەتە قىلىش _ مېيىت ئىگىلىرىنى سەۋر قىلىشقا ئۈندەش ۋە ئۇلارغا تەسەللى بولىدىغان، غەم - قايغۇلىرىنى يەڭگىللىتىدىغان، ھەسرىتىنى پەسەيتىدىغان سۆزلەرنى قىلىشتىن ئىبارەت. پەتە قىلىش مۇستەھەبتۇر. چۈنكى ئۇ ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. شۇنداقلا، الله تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ: ﴿وَتَعَاوَنُواْ عَلَى الْبِرِّ وَالتَّقْوَى﴾

[1] ترمىزى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: زەئىپ، - دېگەن.
[2] ترمىزى رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: زەئىپ، - دېگەن.
[3] ئەبۇ داۋۇد، نەسائى ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان. نەسائى: سەنەدىدىكى رەبىئە ئىبنى سەيپۇلمەئافىرى ئىسىملىك كىشىنىڭ ھەدىسى زەئىپتۇر، - دېگەن.
[4] ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: زەئىپ، - دېگەن.

﴿ياخشىلىقتا ۋە تەقۋادارلىقتا ياردەملىشىڭلار﴾[1]. مانا بۇ، پەتە قىلىشنى كۆرسىتىدىغان ئەڭ ياخشى دەلىلدۇر.

پەتە قىلىش ــ مېيىت ئەھلىنى سەۋر قىلىشقا بۇيرۇش بولۇپ، ئۇلارنى مېيىتنى دەپنە قىلىشتىن كېيىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىن بۇرۇن پەتە قىلىش مۇستەھەبتۇر. ئىمام شافىئىنىڭ شاگىرتلىرى مۇنداق دەيدۇ: مېيىتكە پەتە قىلىش ئۇ ئۆلگەندىن باشلاپ، دەپنە قىلىنغاندىن كېيىن ئۈچ كۈنگىچە داۋاملىشىدۇ. ئۈچ كۈندىن كېيىن پەتە قىلىش مەكروھتۇر. چۈنكى پەتە قىلىش مۇسىبەتكە ئۇچرىغان كىشىنىڭ كۆڭلىنى تەسكىن تاپقۇزىدۇ. ئادەتتە ئۇنىڭ قەلبى ئۈچ كۈندىن كېيىن تەسكىن تاپىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ كۆڭلىنى قايتىدىن يېرىم قىلماسلىق لازىم.

ئەبۇلئابباس مۇنداق دەيدۇ: ئۈچ كۈندىن كېيىنمۇ پەتە قىلىشنىڭ ھېچقانداق زىيىنى يوق. بەلكى ۋاقىت ئۆتۈپ كەتسىمۇ، پەتە قىلىش داۋام قىلسا بولىدۇ.

ئىمام نەۋەۋى (اللّٰه ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دەيدۇ: ياخشىسى، ئۈچ كۈندىن كېيىن پەتە قىلماسلىق لازىم. ئەمما ئىككى خىل ئەھۋال بۇنىڭدىن مۇستەسنا. بىرى، پەتە قىلىنىدىغان كىشى ياكى مۇسىبەت ئىگىسى مېيىتنى دەپنە قىلغاندا يوق بولۇپ، ئۇنىڭ كېلىشى ئۈچ كۈندىن كېيىنگە توغرا كەلسە، ئۈچ كۈندىن كېيىنمۇ ئۇنى پەتە قىلسا بولىدۇ. يەنە بىرى، پەتە قىلىش مېيىتنى دەپنە قىلىشتىن بۇرۇن ئەمەس، دەپنە قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئەۋزەلدۇر. چۈنكى ئۇنى دەپنە قىلىشتىن بۇرۇن، مېيىت ئەھلى ئۇنى دەپنە قىلىشقا ھازىرلاش بىلەن مەشغۇل بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنى دەپنە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، مېيىت ئەھلى ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن تېخىمۇ چوڭ قايغۇغا چۆمىدۇ. بۇ، مېيىت ئەھلى دەسلەپكى كۈنلەردە بەك ئاھ ئۇرۇپ كەتمەيدىغان ئەھۋالغا قارىتىلىدۇ. ئەگەر ئۇلار دەسلەپكى كۈنلەردە بەك ئاھ ئۇرۇپ كېتىدىغان ئەھۋال بولسا، ئۇلارغا تەسەللى بېرىش ئۈچۈن ئۇلارنى بالدۇر پەتە قىلىش لازىم.

---

[1] سۈرە مائىدە، 2 ـ ئايەت.

مېيتنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ پەتە قىلىدىغان كىشىلەرنى كۈتۈپ بىر ئۆيگە توپلىشىۋېلىشى مەكرۇھتۇر. پەتە قىلغاندا تەسەللى بېرىلىدىغان ئەڭ ياخشى سۆز تۆۋەندىكى ھەدىستە ئىپادىلىنىدۇ. ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىزلىرىدىن بىرى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئوغلىنىڭ سەكراتتا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنى چاقىرىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەۋەر ئېلىپ كەلگەن ئادەمگە: «سەن قايتىپ بېرىپ ئۇنىڭغا ئېيتقىنكى، الله ئالغان نەرسىمۇ ئۇنىڭدۇر، بەرگەن نەرسىمۇ ئۇنىڭدۇر. ھەممە نەرسىنىڭ ئۆمرى ئۇنىڭ دەرگاھىدا تەقدىر قىلىنىپ بولغان. ئۇنىڭغا ئېيتقىنكى، سەۋر قىلسۇن ۋە سەۋرنىڭ ئەجرىنى اللهتىن تىلىسۇن...» دېدى.

ئىمام نەۋەۋى (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دەيدۇ: بۇ ھەدىس ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ چوڭ ئاساسلىرىدىن بىرى بولۇپ، دىنىنىڭ نۇرغۇن مۇھىم قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندىن سىرت، ئۇنىڭ ئەدەپ – ئەخلاق قىسمىنى، شۇنىڭدەك، بالايىئاپەتلەرگە، غەم ـ قايغۇلارغا، دەرت ـ ئەلەملەرگە، كېسەللىكلەرگە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئوڭۇشسىزلىقلارغا سەۋر قىلىش قىسمىنى ئۆز ـ ئىچىگە ئالىدۇ.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «الله ئالغان نەرسىمۇ ئۇنىڭدۇر» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى: بۇ ئالەمنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ مۈلكىدۇر. ئۇ سىلەرنىڭ ھېچ نەرسەڭلارنى ئېلىۋالمىدى، بەلكى ئۇ سىلەرگە ئارىيەتكە بەرگەن نەرسىسىنى ئالدى، دېگەن بولىدۇ. ئۇنىڭ: «الله بەرگەن نەرسىمۇ ئۇنىڭدۇر» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى: سىلەرگە ئاتا قىلغان نەرسە ئۇنىڭ مۈلكىنىڭ سىرتىدىكى شەيئى ئەمەس. بەلكى ئۇ ئۆز مۈلكىدە خالىغان ئىشنى قىلىدۇ، دېگەن بولىدۇ. ئۇنىڭ: «ھەممە نەرسىنىڭ ئۆمرى ئۇنىڭ دەرگاھىدا تەقدىر قىلىنىپ بولغان» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى: سىلەر بىكارغا دات - پەرياد قىلماڭلار. الله كىمنى

قەبزىروھ قىلىنغان بولسا، ئۇنىڭ ئەجىلى توگىدى دېمەكتۇر. ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، ئەجەلنى كىچىكتۈرۈش ياكى ئىلگىرى سۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر سىلەر بۇلارنى بىلسەڭلار، سەۋر قىلىڭلار ۋە اللەتىن سىلەرگە يەتكەن مۇسىبەتلەرنىڭ مۇكاپاتىنى تىلەڭلار، دېگەن بولىدۇ. الله ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.

ئىياس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلىرىدىن بىرىنى كۆرەلمەي، ئۇنى سۈرۈشتە قىلغان ئىدى، ساھابىلەر:

_ ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇنىڭ سەن كۆرگەن ئوغلى ۋاپات بولدى، - دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەندە ئوغلى ھەققىدە سورىدى. ئۇ كىشى ئوغلىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا تەسەللى بەرگەندىن كېيىن:

_ ئى پالانچى! سېنىڭ ئۆمرۈڭ بويى بالاڭدىن بەھرىمەن بولۇشۇڭ ياخشىمۇ ياكى ئۇنىڭ سەندىن بۇرۇن جەننەتكە بېرىپ، سەن تاڭلا جەننەتكە بارغاندا ئۇنىڭ جەننەت دەرۋازىسىنى ساڭا ئېچىپ بېرىشى ياخشىمۇ؟ سەن قايسىسىنى ياخشى كۆرىسەن؟ - دېگەن ئىدى، ئۇ كىشى:

_ ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇنىڭ مەندىن بۇرۇن جەننەتكە بېرىپ، ماڭا جەننەتنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىپ بېرىشىنى ياخشى كۆرىمەن، - دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

_ ئۇنداقتا ئۇ ساڭا شۇنداق بولىدۇ، - دېدى[①]. بۇنى ئاڭلىغان ساھابىلەر:

_ ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى! بۇ ئۇنىڭغىلا خاسمۇ ياكى بارلىق مۇسۇلمانلارغا ئامىمباپمۇ؟ - دەپ سورىغان ئىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

_ بارلىق مۇسۇلمانلارغا ئامىمباپ، - دېدى.

[①] نەسائى، ئەھمەد ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان. ھاكىم: سەنەدى سەھىھ، - دېگەن. زەھەبى ئۇنىڭغا قوشۇلغان. ھەيسەمى: ئەھمەدنىڭ راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، - دېگەن.

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىندۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىدىكى بەقىئ قەبرىستانلىقىغا چىققان ئىدى. ئۇ بىر قەبرە بېشىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ يىغلاۋاتقان بىر ئايالنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا:

ـ ئى ئاللاھنىڭ دېدەكى! ئاللاھتىن قورقۇڭ، سەۋر قىلىڭ، ـ دېدى. ئايال:

ـ ئى ئاللاھنىڭ بەندىسى! مەن يىغلاشقا لايىقمەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە:

ـ ئى ئاللاھنىڭ دېدەكى! ئاللاھتىن قورقۇڭ، سەۋر قىلىڭ، ـ دېگەن ئىدى، ئايال:

ـ ئى ئاللاھنىڭ بەندىسى! سۆزۈڭنى ئاڭلىدىم، ئەمدى قايتىپ كەتسەڭ بولىدۇ، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ يېنىدىن كەتتى. مۇسۇلمانلاردىن بىرى ئۇ ئايالنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭدىن:

ـ ئۇ كىشى سىزگە نېمە دېدى؟ ـ دەپ سورىدى. ئايال ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا نېمە دەپ جاۋاب قايتۇرغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەن ئىدى، ئۇ:

ـ ئۇ كىشىنى تونۇمىسىز؟ ـ دېدى. ئايال:

ـ ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇنى تونۇمايمەن، ـ دېگەن ئىدى، ئۇ:

ـ سىزنىڭ ھالىڭىزغا ۋاي! ئۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىدى، ـ دېدى. ئايال بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، يۈگۈرگىنىچە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يېتىشىپ:

ـ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! سەۋر قىلىمەن، ـ دېگەن ئىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ سەۋر مۇسىبەت يەتكەن دەسلەپكى ۋاقىتتا بولىدۇ، ـ دېدى[1]. يەنى سەۋر قىلىش مۇسىبەت يەتكەن چاغنىڭ ئۆزىدە بولىدۇ، كېيىن سەۋر قىلىش تەبىئى ئەھۋالدۇر.

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

سەھىھ مۇسلىمدا مۇنداق بىر ئەھۋال رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۇممۇ سۇلەيم رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن تۇغۇلغان بىر ئوغلى ۋاپات بولىدۇ. ئۇممۇ سۇلەيم رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئائىلىسىدىكىلەرگە:

_ بالامنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئەبۇ تەلھەگە ئېيتماڭلار، مەن ئۆزەم ئېيتىمەن، - دەيدۇ. ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كەلگەندە، ئايالى كەچلىك تاماقنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇ تامىقنى يەپ، چېيىنى ئىچىدۇ. ئاندىن ئايالى ئېرى ئۈچۈن بۇرۇنقىدىنمۇ چىرايلىق ياسىنىدۇ. ئېرى ئۇنىڭ بىلەن بىر تۆشەكتە بولىدۇ. ئېرىنىڭ قورسىقى تويغان، نەپسى قانغاندىن كېيىن، ئايالى ئۇنىڭغا:

_ ئى ئەبۇ تەلھە! قېنى ئېيتىپ باققىنچۇ؟ بىرى مەلۇم بىر ئائىلىگە بىرەر نەرسە ئارىيەت بېرىپ تۇرغان بولۇپ، كېيىن ئۇ ئۇلاردىن ئارىيەت بېرىپ تۇرغان نەرسىسىنى قايتۇرۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلسا، ئۇلارنىڭ بەرمەسلىكى مۇمكىنمۇ؟ - دەيدۇ. ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

_ ئۇلارنىڭ قايتۇرۇپ بەرمەسلىك ھەققى يوق، - دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئۇممۇ سۇلەيم رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

_ ئۇنداق بولسا، سەۋر قىلىپ، ئوغلۇڭنىڭ ساۋابىنى الله‌تىن تىلىگىن، - دەيدۇ. ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاچچىقلىنىپ:

_ ماڭا بۇنى بۇرۇن ئېيتماي، مېنى جۇنۇب قىلىپ قويۇپ، ئاندىن ئېيتامسەن؟ الله‌نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن بۇنىڭغا قانداق سەۋر قىلىمەن؟ - دەيدۇ ۋە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا بېرىپ، بولغان ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرىدۇ. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

_ الله تائالا سىلەرنىڭ كېچەڭلارنى مۇبارەك قىلسۇن، - دەيدۇ[1].

يەنە بىر ھەدىستە: «ھېچكىمگە سەۋردىن ياخشى ۋە كاتتا نېمەت بېرىلمىگەن»[2] دېيىلگەن.

[1] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

[2] بۇخارى، تىرمىزى ۋە نەسائى رىۋايەت قىلغان.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەشئەس ئىبنى قەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا مۇنداق دەيدۇ: ئى ئەشئەس! ئىمان ئېيتقان ۋە اللهتىن ساۋاب ئۈمىد قىلغان ھالدا سەۋر قىلسەن، ئۇنداق بولمىغاندا ھايۋاندەك ئاستا ـ ئاستا تەسەللى تېپىپ ئۇنتۇسەن.

دانا بىر كىشى مۇسىبەتكە ئۇچرىغان بىر كىشىگە مۇنداق دەپ خەت يېزىپتۇ: ساڭا رىزىق قىلىپ بېرىلگەن نەرسە قولۇڭدىن چىقىپ كەتتى. ئەمما ئۇنىڭ ئورنىغا بېرىلىدىغان ساۋاب قولۇڭدىن چىقىپ كەتمىسۇن.

يەنە بىر دانا كىشى مۇنداق دېگەن ئىكەن: ئەقىللىق كىشى مۇسىبەتكە ئۇچرىغاندا نادان كىشى بەش كۈندىن كېيىن قىلىدىغان ئىشنى بىرىنچى كۈنى قىلىدۇ.

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مۇسىبەتكە ئۇچرىغان كىشىنىڭ كۆڭلىنىڭ تەسكىن تاپىدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇسىبەت يەتكەن ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە سەۋر قىلىشقا بۇيرۇغان.

ئىمام شافىئى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئابدۇرراھمان ئىبنى مەھدى (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن)نىڭ ئوغلىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئۈچۈن كۆپ يىغلىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا مۇنداق خەت يازىدۇ: ئى قېرىندىشىم! باشقىلارنى سەۋر قىلىشقا تەۋسىيە قىلغىنىڭدەك، ئۆزەڭگىمۇ سەۋر قىلىشنى تەۋسىيە قىلغىن. باشقىلاردا كۆرگەن يامان ئىشنى ئۆزەڭ ئۈچۈنمۇ يامان بىلگىن. شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى، مۇسىبەتنىڭ ئەڭ يامىنى ھەم خۇرسەنلىكتىن ھەم ساۋابتىن مەھرۇم قېلىشتۇر. ئەگەر بۇ ئىككىسى گۇناھ بىلەن جەم بولسا، ئۇ چاغدا ئەھۋالىڭ قانداق بولىدۇ؟ ئى قېرىندىشىم! سەن تەلەپ قىلىشتىن بۇرۇن ئالدىڭغا كەلگەن نېسىۋەڭنى قولىدىن بېرىپ قويمىغىن. الله ساڭا مۇسىبەت يەتكەندە ئېھسان ئاتا قىلسۇن، بىزنى ۋە سېنى سەۋر بىلەن مۇكاپاتلىسۇن!

ئۇ، خېتىنىڭ ئاخىرىغا مۇنۇ ئىككى مىسرا شېئىرنى يېزىپ قويىدۇ (مەزمۇنى): ئەبەدى ياشاشقا ئىشەنچىم بولغانلىقى ئۈچۈن

ئەمەس، دىنىدىكى سۈننەت بولغانلىقى ئۈچۈن ساڭا تەزىيە بىلدۈرۈۋاتىمەن. گەرچە تەزىيە بىلدۈرگۈچى ۋە تەزىيە بىلدۈرۈلگۈچى (يەنى مېيىت ئىگىسى) بىر مەزگىل ياشىغان تەقدىردىمۇ، يەنىلا مەڭگۈ ھايات قالمايدۇ.

بىر كىشى ئوغلى ئۆلۈپ كەتكەن بۇرادىرىگە تەزىيە بىلدۈرۈپ مۇنداق خەت يازغان: بىلگىنكى، بالا ھايات مابەينىدە دادا ئۈچۈن غەم ۋە پىتنىدۇر. ئەمما ئۆلگەن بالا مۇكاپات ۋە رەھمەتتۇر. غەم ۋە پىتنىنىڭ كەتكەنلىكىگە قايغۇرۇپ، الله بېرىدىغان مۇكاپات ۋە رەھمەتتىن قۇرۇق قالمىغىن.

مۇسا ئىبنى مەھدى ئوغلى ۋاپات بولغان ئىبراھىم ئىبنى سەلەمەگە تەزىيە بىلدۈرۈپ مۇنداق دېگەن: ئوغلۇڭ قايغۇ ۋە پىتنە چېغىدا سېنى خۇشال قىلىپ، مۇكاپات ۋە رەھمەت بولغاندا سېنى قايغۇغا سېلىۋاتامدۇ؟

بىر كىشى يەنە بىر كىشىگە تەزىيە بىلدۈرۈپ مۇنداق دېگەن: ئاخىرەتتە ساڭا ساۋاب كەلتۈرىدىغان كىشى دۇنيادا خۇرسەنلىك ۋە شادلىق ئېلىپ كېلىدىغان كىشىدىن ياخشى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئوغلىنى دەفنە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، قەبرە بېشىدا كۈلۈپ تاشلىغان. ئەتراپىدىكىلەر:

_ قەبرە بېشىدا كۈلەمسەن؟ - دېگەندە، ئۇ:

_ مەن شەيتاننىڭ بۇرنىغا توپا كىرىشنى خالىدىم، - دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئىبنى جۇرەيج (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دەيدۇ: مۇسىبەتكە مۇكاپات ۋە ساۋابنى ئۈمىد قىلىپ تاقابىل تۇرمىغان كىشى ھايۋانلاردەك زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن تەسەللى تاپىدۇ.

ھەمىد ئەئرەج مۇنداق دەيدۇ: سەئىد ئىبنى جۇبەير ئوغلىغا قاراپ تۇرۇپ:

_ بىلىمەنكى، سەندە ئەڭ ياخشى خىسلەت بار، - دېدى. ئەتراپىدىكىلەر:

_ ئۇ قانداق خىسلەت؟ - دەپ سورىغان ئىدى، ئۇ:

ـ ئۇنىڭ ۋاپات بولۇشى، مېنىڭ سەۋر قىلىپ، مۇكاپاتنى كۈتۈشۈمدۇر، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

بىر كىشى بالىسىدىن ئايرىلىپ قالغىنىغا قايغۇرۇپ ھەسەن بەسرىگە دەرت ئېيتقان ئىدى، ھەسەن بەسرى:

ـ ئوغلۇڭ سەندىن ئايرىلىپ بىر يەرلەرگە كېتىپ قالامتى؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ كىشى:

ـ ھەئە... يېنىمدا بولغان ۋاقتىدىن بولمىغان ۋاقتى كۆپ ئىدى، ـ دەپ جاۋاب بەردى. ھەسەن بەسرى:

ـ ئۇنداقتا سەن ئۇنى غايىب بولدى دەپ بىلگىن. چۈنكى ئۇنىڭ يېنىڭدا بولمىغان چاغدا ساڭا كەلتۈرىدىغان ساۋابى يېنىڭدا بولغان چاغدا كەلتۈرىدىغان ساۋابتىن كۆپتۇر، ـ دېگەن ئىدى، ئۇ كىشى:

ـ ئى ھەسەن! ئوغلۇمنىڭ ھەسرىتىنى يەڭگىللەتتىڭ، ـ دېدى.

ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز كېسەل بولۇپ ياتقان ئوغلىنىڭ يېنىغا كىرىپ:

ـ ئى ئوغلۇم! ئۆزەڭنى قانداقراق ھېس قىلىۋاتىسەن؟ ـ دەپ سورىغان ئىدى، ئوغلى:

ـ ئۆزەمنى ھەققە تەسلىم بولىدىغاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن، ـ دەپ جاۋاب بەردى. دادىسى:

ـ ئى ئوغلۇم! مېنىڭ سېنىڭ تارازاڭدا بولۇشۇمدىن كۆرە سېنىڭ مېنىڭ تارازامدا بولۇشۇڭ مەن ئۈچۈن ياخشىدۇر، ـ دېگەن ئىدى، ئوغلى:

ـ ئى دادا! مەن ياخشى كۆرگەن نەرسىدىن كۆرە سەن ياخشى كۆرگەن نەرسىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى مەن ئۈچۈن ياخشىدۇر، ـ دېدى.

ئىمام شافىئى ئوغلى ئۆلۈپ كەتكەندە مۇنداق شېئىر ئوقۇغان (مەزمۇنى): زامان مانا شۇنداق نەرسىكى، ئۇ سېنى مال ـ دۇنيا ۋە سۆيۈملۈك دوستلاردىن ئايرىۋېتىدۇ. بۇنىڭغا سەۋر قىلغىن.

ئۆرۈۋە ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىر پاچىقى كۆيدۈرگە چىقىپ قالغانلىقى تۈپەيلى كېسىۋېتىلدى. ئۇ قىرىغان بولسىمۇ ھېچكىم ئۇنى تۇتۇپ تۇرمىدى. ئۇ، پاچىقى كېسىلگەن كۈنى الله تائالانىڭ: ﴿لَقَدْ لَقِينَا مِن سَفَرِنَا هَٰذَا نَصَبًا﴾ ﴿بۇ سەپىرىمىزدە ھەقىقەتەن چارچاپ كەتتۇق﴾[1] دېگەن سۆزىنى كېچىچە ئوقۇپ چىقتى ۋە مۇنۇ بېيىتلەر[2] بىلەن ئۆزىگە تەسەللى بەردى (مەزمۇنى): مەن ھاياتىم بويى ھاۋايى – ھەۋەسكە بېرىلمىدىم، قەبىھ ئىشلارغا ئاياق باسمىدىم، قۇلاق سالمىدىم ۋە كۆز تاشلىمىدىم، ھەتتا ئۇنداق ئىشلارنى ئويلاپمۇ باقمىدىم. ماڭا يەتكەن بۇ مۇسىبەتنىڭ مەندىن بۇرۇن ئۆتكەن يىگىتلەرگىمۇ يەتكەنلىكىنى بىلىمەن.

ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: ئى الله! مېنى كېسەلگە گىرىپتار قىلساڭ، شىپاسىنى بەردىڭ. بىر نەرسەمنى ئالساڭ، قالغانلىرىنى قويۇپ قويدۇڭ. بىر ئەزايىمنى ئالساڭ، قالغان ئەزالىرىمنى قويۇپ قويدۇڭ. بىر بالامنى ئالساڭ، قالغان بالىلىرىمنى قويۇپ قويدۇڭ.

شۇ كېچىسى ۋەلىدنىڭ يېنىغا ئەبەس قەبىلىسىدىن بىر قارىغۇ كىشى كەلدى. ۋەلىد ئۇنىڭدىن:

_ كۆزۈڭگە نېمە بولدى؟ - دەپ سورىغان ئىدى، ئۇ:

_ مەلۇم بىر كېچىسى بىر ۋادىدا قونۇپ قالدىم. ئەبەس قەبىلىسى ئىچىدە مەندىن بايراق كىشىنىڭ بارلىقىنى بىلمەيتتىم. بىزنى سەل باستى. بىر تۆگەم، بىر بالامدىن باشقا بارلىق مال - مۈلكۈم ۋە خوتۇن – بالىلىرىمنى كەلكۈن يۇتۇپ كەتتى. تۆگەم تېخى كۆندۈرۈلمىگەن ئىدى. مەن ئۇنى تۇتۇش ئۈچۈن ئارقىسىدىن قوغلىدىم. ئازراق ماڭمايلا بالامنىڭ چىقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدىم. قارىسام ئۇنىڭ بېشى تۆگىنىڭ قورسىقى ئاستىدا قاپتۇ. شۇنداق قىلىپ تۆگە بالامنى ئۆلتۈرۈپ قويدى. كېيىن مەن ئۇنى تۇتۇش ئۈچۈن يەنە ئارقىسىدىن قوغلىدىم. تۆگە يۈزۈمگە تېپىپ، ئىككى

---

[1] سۈرە كەھف، 62 ـ ئايەت.

[2] ئىبنى ھەجەر ھەيسەمى «تەھزىيبۇتتەھزىيب» ناملىق كىتابى، 7 – جىلد، 165 – بەتتە بۇ قىسسىنىڭ بىر قىسمىنى بايان قىلغان.

كۆزۈمنى قارىغۇ قىلىپ قويدى. مانا ئەمدى خوتۇن - بالىلىرىممۇ، مال - مۈلكىممۇ، تۆگەممۇ يوق، - دەپ جاۋاب بەردى. ۋەلىد يېنىدىكىلەرگە:

— بۇ كىشىنى ئۇرۋە ئىبنى زۇبەيرنىڭ قېشىغا ئېلىپ بېرىڭلار، بىلىپ قويسۇنكى، يەر يۈزىدە ئۇنىڭدىنمۇ قاتتىق بالاغا مۇپتىلا بولغان كىشى بار، - دېدى.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۈيىقەستكە ئۇچرىغاندا، قان ساقلىدىن ئېقىۋاتقان ھالدا تۇرۇپ مۇنداق دۇئا قىلغان ئىدى: سەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر. سەن بارلىق ئەيىب - نۇقسانلاردىن پاكسەن. مەن ھەقىقەتەن ئۆزۈمگە زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم. ئى اللە! ئۇلارغا قارشى سەندىن ياردەم تىلەيمەن. بارلىق ئىشلىرىمدا سەندىن ياردەم تىلەيمەن. مېنى مۇپتىلا قىلغان بالاغا سەندىن سەۋر تىلەيمەن.

مەدائىنى مۇنداق دەيدۇ: مەن چۆلدە چىرايلىق بىر ئايالنى كۆردۈم. ئۇنىڭدەك نۇرلۇق ۋە چىرايلىق ئايالنى ھېچ كۆرمىگەن ئىدىم. مەن ئۇنىڭدىن:

— اللەنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىزنى مۇشۇنداق چىرايلىق قىلغان مۆتىدىل ھايات ۋە خۇشال - خۇراملىقمۇ؟ - دەپ سورىدىم. ئۇ:

— ياق، اللەنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ئىنتايىن ئېغىر غەم — قايغۇلارنى ۋە ھەسرەت — نادامەتلەرنى بېشىمدىن ئۆتكۈزدۈم. مەن ئۇنى ساڭا سۆزلەپ بېرەي: مېنىڭ ئېرىم بار ئىدى، ئۇنىڭدىن ئىككى ئوغلۇم بولۇپ، ئېرىم مەلۇم بىر قۇربان ھېيتتا بىر قوينى قۇربانلىق قىلدى. بالىلىرىم ئويناۋاتاتتى. چوڭى كىچىكىگە: دادامنىڭ قوينى قانداق بوغۇزلىغانلىقىنى ساڭا كۆرسىتىپ قويايمۇ؟ - دەپتۇ. كىچىكى ماقۇل بوپتۇ. چوڭى ئۇنى ياتقۇزۇپ بوغۇزلاپتۇ. قاننى كۆرۈپ قورقۇپ كەتكىنىدىن تاغ تەرەپكە قېچىپتۇ. تاغدا ئۇنى بۆرە يەپ كېتىپتۇ. دادىسى ئۇنى ئىزدەپ چىقىپ، يولدا ئېزىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈپ كېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، مەن يالغۇز قالدىم، - دەپ جاۋاب بەردى. مەن ئۇنىڭدىن:

_ سىز ئۇنىڭغا قانداق سەۋر قىلدىڭىز؟ - دەپ سورىغان ئىدىم، ئايال:

_ ئەگەر ئۇ دەرت داۋام قىلسا ئىدى، قان يىغلىغان بولاتتىم. لېكىن ئۇ بىر يارا بولۇپ ئۆتۈپ كەتتى، - دېدى.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئۈممىتىمدىن كىمنىڭ بالاغەتكە يەتمىگەن ئىككى بالىسى ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتسە، جەننەتكە كىرىدۇ». بۇنى ئاڭلىغان ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

_ ئاتا - ئانام ساڭا پىدا بولسۇن، بىر بالىسى ئۆلۈپ كەتكەن كىشىچۇ؟ - دەپ سورىغان ئىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

_ بالاغەتكە يەتمىگەن بىر بالىسى بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن كىشىمۇ جەننەتكە كىرىدۇ، - دەپ جاۋاب بەردى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

_ ئۈممىتىڭدىن بالىسى بالاغەتكە يەتمەي تۇرۇپ ئۆلۈپ كەتكەن كىشى بولمىسىچۇ؟ - دېگەن ئىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

_ مەن ئۈممىتىمنىڭ بۇرۇن كەتكەن كىشىسىمەن، ئۇلارغا نىسبەتەن مېنىڭ ۋاپاتىمدىن چوڭ مۇسىبەت يوق، - دېدى[1].

ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دادىسىدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمنىڭ بالاغەتكە يەتمىگەن ئۈچ بالىسى ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتسە، ئۇلار ئۇنى جەھەننەمدىن ساقلىغۇچى قەلئە بولىدۇ». بۇنى ئاڭلىغان ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

_ مېنىڭ ئىككى بالام ئۆلۈپ كەتتى، - دېگەن ئىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

[1] ترمىزى رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: زەئىپ، - دېگەن.

_ ئىككــــى بالىســــى ئۆلــۈپ كەتســــىمۇ شـــۇنداق بولـــدۇ، - دېـــدى. بـــۇ چاغـــدا قارىلارنىـــــڭ ســـەردارى ئـــۇبەي ئىبنـــى كەئـــب رەزىيەللاھـــۇ ئەنھۇ:

_ مېنىـــڭ بىـــر بـــالام ئۆلـــۈپ كەتتـــى، - دېـــگەن ئـــدى، پەيغەمـــبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

_ بىـــر بالىســـى ئۆلـــۈپ كەتســـىمۇ شـــۇنداق بولـــدۇ، ئەممـــا ۋاپـــات بولغان چاغنىڭ ئۆزىدە سەۋر قىلىش كېرەك[1]، - دېدى.

ۋەكىـــئ مۇنـــداق دەيـــدۇ: ئىبـــراھىم ھەربىنىـــڭ ئـــون بىـــر ياشـــقا كىـــرگەن بىـــر ئـــوغلى ۋاپـــات بولـــدى. ئـــۇ، قۇرئـــاننى يـــاد ئالغـــان، فىقھـــى ئىلمىـــدىن ۋە ھەدىســـتىن خېلـــى كـــۆپ نەرســـىلەرنى ئـــۆگەنگەن بـــالا ئىدى. مەن پەتە قىلىش ئۈچۈن بارغىنىمدا، ئىبراھىم ماڭا:

_ بـــۇ ئوغلۇمنىـــڭ ئۆلـــۈپ كېتىشـــىنى ئـــارزۇ قىلاتـــتىم، - دېـــدى. مەن ئۇنىڭغا:

_ ئـــى ئىبـــراھىم! ســـەن چـــوڭ ئـــالىم تـــۇرۇپ مۇشـــۇنداق گەپنـــى قىلامســـەن؟ ئۇنىـــڭ ئۇســـتىگە ئوغلـــۇڭ قۇرئـــاننى يـــاد ئالغـــان، فىقھـــى ئىلمىـــدىن ۋە ھەدىســـتىن نۇرغـــۇن ئىلىـــم ئـــۆگەنگەن تۇرســـا؟ - دېـــگەن ئىدىم، ئۇ:

_ دېگىنىـــــڭ راســـــت، لـــــېكىن مەن چـــۈش كـــۆردۈم. چۈشـــــمدە قىيـــامەت قـــايىم بولغـــدەك. بـــالىلار قولىرىـــدا ســـۇ تۇلـــۇملىرىنى كۆتـــۈرۈپ، كىشـــىلەرگە ســـۇ بېرىۋاتقـــدەك. ئـــۇ كـــۈن ناھـــايىتى ئىسســـىق ئـــدى. مەن بـــالىلاردىن بىـــرىگە: بـــۇ ســـۇنى ماڭـــا بەرگـــن، - دېـــدىم. بـــالا ماڭـــا لاپپـــدە قـــاراپ: ســـەن مېنىـــڭ دادام ئەمەســـــەن، - دېـــدى. مەن: ســـــىلەر كىـــــم بولســـــىلەر؟ - دەپ ســـــورىدىم. بـــــالىلار: بىـــــز مۇســـۇلمانلارنىڭ بـــالىلىرىمىز، ئاتـــا - ئـــانىمىز ئـــارقىمىزدىن كەلـــدى. بىـــز ئـــۇلارنى قارشـــى ئېلىـــپ، ســـۇ بىـــلەن كۈتـــۋالىمىز، دېـــدى. شـــۇ ســـەۋەبتىن، مەن ئۇنىـــڭ ۋاپـــات بولۇشـــىنى ئـــارزۇ قىلغـــان ئىـــدىم، - دېدى.

ئىمـــام مۇســـلىم رىـــۋايەت قىلـــدۇكى، ئەبـــۇ ھەســـان مۇنـــداق دەيدۇ: مەن ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:

[1] تىرمىزى، ئىبنى ماجە ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: زەئىپ، - دېگەن.

_ مېيتلىرىمىز ھەققىدە كۆڭلىمىز تەسكىن تاپىدىغان بىر ھەدىس سۆزلەپ بەرسەڭ؟ - دېگەن ئىدىم، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

_ بولىدۇ، ئۆلۈپ كەتكەن كىچىك باللار جەننەتنىڭ سەيياھلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى دادىسىغا (ياكى ئاتا - ئانىسىغا) ئۇچراشقاندا، ئۇلارنىڭ كىيىمىدىن (ياكى قولىدىن) تۇتۇپ تاكى جەننەتكە ئېلىپ كىرمىگىچە قويۇۋەتمەيدۇ، - دېدى[①].

مالىك ئىبنى دىنار (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دەيدۇ: مەن بۇرۇن ئويۇن - تاماشا ۋە ھاراققا بېرىلگەن ئادەم ئىدىم. بىر چۆرە سېتىۋېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر تۆشەكتە بولدۇم. ئۇ ماڭا بىر قىز تۇغۇپ بەردى. مەن قىزىمنى ناھايىتى بەك ياخشى كۆرەتتىم. ئۇ كۇندىن – كۇنگە چوڭ بولۇپ ئۆمىلەشكە، ئاندىن مېڭىشقا باشلىدى. مەن ھاراق ئىچىش ئۈچۈن ئولتۇرغان چېغىمدا، ئۇ يېنىمغا كېلىپ مېنى تارتاتتى، ھاراقنى ئالدىمغا تۆكۈۋېتەتتى. قىزىم ئىككى ياشقا كىرگەندە ئۆلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ پىراقى يۈرىكىمنى ئەزدى. شۇ يىلى شەئبان ئېيىنىڭ ئون بەشىنچى كېچىسى غەرق مەست ھالدا ئۇخلاپ قالغان ئىدىم. چۈشۈمدە قىيامەت قائىم بوپتۇ. قەبرەمدىن چىقتىم. ناھايىتى يوغان بىر يىلان مېنى يېيىش ئۈچۈن ئارقامدىن كەلدى. مەن ئۇنىڭدىن قورقۇپ قاچتىم. ئۇ مېنى قوغلىدى. مەن قانچە تېز يۈگۈرسەم، ئۇ مېنى شۇنچە تېز قوغلايتتى. مەن ئۇنىڭدىن ناھايىتى بەك قورقۇپ كەتكەن ئىدىم. مەن قېچىپ كېتىۋېتىپ، پاكىز كىيىنگەن، ئەمما ياشىنىپ قالغان ۋە كۈچسىز بىر ئادەمنى ئۇچراتتىم. مەن ئۇنىڭغا:

_ ئى تاغا! اللەنىڭ رىزاسى ئۈچۈن مېنى بۇ يىلاندىن قۇتقۇزىۋالغىن، ئۇ مېنى يېمەكچى بولىۋاتىدۇ، - دېدىم. ئۇ كىشى:

_ ئى ئوغلۇم! مەن قېرىپ قالغان ئادەم، بۇ يىلان مەندىن كۈچلۈك، ئۇنىڭغا كۈچۈم يەتمەيدۇ، سەن يولۇڭنى داۋام قىلىپ تېز قاچقىن، بەلكى اللە ساڭا بىر قۇتۇلۇش يولى ئېچىپ بېرەر، - دېدى. مەن تېخىمۇ تېز قېچىشقا باشلىدىم، يىلان ئارقامدىن توختىماي

[①] مۇسلىم ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

قوغلايتتى. بىر چاغدا دوزاختىنىڭ بويىغا بېرىپ قالدىم. دوزاخ ئوتى يالقۇنجاپ كۆيۈۋېتىپتۇ. دوزاخقا چۈشۈپ كېتىشكە ئاز قالغاندا، بىرىنىڭ:

ـ سەن دوزاخ ئەھلىدىن ئەمەس! ـ دېگەن ئاۋازى كەلدى. مەن ئارقامغا قايتىپ، يەنە قېچىشقا باشلىدىم. يىلان بولسا يېتىشىۋالاي دېگەن ئىدى. مەن قېچىپ نۇرلۇق بىر تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قالدىم. تاغدا بىرمۇنچە ئۆيلەر بولۇپ، ئىشىكلىرى ۋە پەردىلىرى بار ئىكەن. شۇ چاغدا بىرىنىڭ:

ـ بۇ بەختسىزنى دۈشمىنى تۇتۇۋېلىشتىن بۇرۇن تېز قۇتقۇزۇڭلار! ـ دېگەن ئاۋازى كەلدى. شۇ ئەسنادا ئىشىكلەر ئېچىلىپ، پەردىلەر كۆتۈرۈلدى. ئۇ يەردە يۈزلىرى تولۇن ئايدەك چىرايلىق بالىلار بار ئىكەن. قىزىممۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىدى. قىزىم مېنى كۆرۈشى بىلەن تەڭ بىر ئالقان نۇر ئېلىپ يېنىمغا چۈشتى ۋە ئوڭ قولى بىلەن يىلاننى ئۇردى. يىلان ئارقىسىغا قاراپ قاچتى. قىزىم مېنىڭ قۇچىقىمدا ئولتۇرۇپ تۇرۇپ:

ـ ئى دادا! ـ دېدى ۋە: ﴿أَلَمْ يَأْنِ لِلَّذِينَ آمَنُوا أَن تَخْشَعَ قُلُوبُهُمْ لِذِكْرِ اللَّهِ وَمَا نَزَلَ مِنَ الْحَقِّ﴾ ﴿مۇئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ دىللىرى اللهنىڭ زىكرىگە ۋە نازىل بولغان ھەقىقەتكە (يەنى قۇرئان ئايەتلىرىگە) ئېرىيدىغان ۋاقىت يەتمىدىمۇ؟﴾[1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى. مەن ئەجەپلىنىپ:

ـ ئى قىزىم! سىلەر قۇرئاننى بىلەمسىلەر؟ ـ دەپ سورىغان ئىدىم، قىزىم:

ـ بىز قۇرئاننى سىلەردىن ياخشىراق بىلىمىز، ـ دەپ جاۋاب بەردى. مەن:

ـ ئى قىزىم! سىلەر بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسىلەر؟ ـ دېگەن ئىدىم، قىزىم:

ـ بىز مۇسۇلمانلارنىڭ كىچىك ئۆلۈپ كەتكەن بالىلىرىمىز. قىيامەت كۈنىگىچە مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇشقا بۇيرۇلدۇق. سىلەرنىڭ يېنىمىزغا كېلىشىڭلارنى كۈتۈۋاتىمىز، ـ دېدى. مەن:

---

[1] سۈرە ھەدىد، 16 ـ ئايەت.

_ ئى قىزىم! مېنى قوغلىغان ۋە يېمەكچى بولغان بۇ يىلان نېمە ئىدى؟ - دەپ سورىغان ئىدىم، قىزىم:
_ ئى دادا! ئۇ سېنىڭ يامان ئەمەلىڭدۇر. سەن ئۇنى كۈچەيتىۋەتتىڭ، شۇڭا ئۇ سېنى ھالاك قىلماقچى بولدى، - دەپ جاۋاب بەردى. مەن:
_ ئى قىزىم! مەن يولدا ئۇچراتقان قېرى، كۈچسىز ئادەم كىم ئىدى؟ - دېگەن ئىدىم، قىزىم:
_ ئۇ سېنىڭ سالىھ ئەمەلىڭدۇر. سەن ئۇنى ئاجىزلىتىۋەتتىڭ، شۇڭا ئۇنىڭ سېنىڭ يامان ئەمەلىڭنى يېڭىشقا كۈچى يەتمەيدۇ. ئى دادا! تەۋبە قىلغىن، ھالاك بولغۇچىلاردىن بولمىغىن، - دېدى. ئاندىن يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. شۇ چاغدا مەن ئويغىنىپ كەتتىم ۋە شۇ سائەتتىن باشلاپ اللهقا تەۋبە قىلدىم[1].

سىلەر بۇ قىسسىگە ياخشى نەزەر سېلىڭلاركى (الله سىلەرگە رەھمەت قىلسۇن)، مەيلى ئوغۇل ياكى قىز بولسۇن، كىچىك چېغىدا ئۆلۈپ كەتكەن باللار ئاتا - ئانىسى ئۈچۈن نېمىدېگەن خەيرلىك ۋە بەرىكەتلىك - ھە؟! شۇنى ئۇنۇتماسلىقىمىز لازىمكى، كىچىك ئۆلۈپ كەتكەن بالىنىڭ ئاخىرەتتە ئاتا - ئانىسىغا پايدا يەتكۈزۈشىنىڭ بىردىنبىر شەرتى، ئۇلارنىڭ بۇ مۇسىبەت ئۈچۈن اللهتىن ساۋاب ئۈمىد قىلىپ، سەۋر قىلىشىغا ۋە: ئەلھەمدۇلىللاھ (اللهقا ھەمدۇسانا بولسۇن)، بىز اللهنىڭ بەندىلىرىمىز، چوقۇم ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا قايتىمىز، دېيىشىگە باغلىق. ئۇلار مۇشۇنداق قىلالىسا، الله ۋەدە قىلغان مۇكاپاتقا ئېرىشەلەيدۇ.

سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «قانداق بىر قۇلغا بىرەر مۇسىبەت يەتسە، بۇ، مۇنداق ئىككى خىسلەت تۈپەيلى بولىدۇ. بىرى، ئىنسان بىرەر گۇناھ ئىشلىگەن بولۇپ، الله تائالا مۇشۇ مۇسىبەت ئارقىلىق ئۇنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ.

[1] بۇ قىسسىنى ئىبنى قۇدامە مەقدىسى «تاۋۋابىين (تەۋبە قىلغۇچىلار)» ناملىق كىتابىنىڭ 202 – بېتىدىن 205 – بېتىگىچە ئارىلىقتا بايان قىلغان. لېكىن رىۋايەت شەرتى سەھىھ رىۋايەتلەرنىڭ شەرتلىرىگە توشمايدۇ. شۇڭا بۇ قىسسىنى توغرا دېگىلى بولمايدۇ.

يەنە بىرى، اللە تائالا ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى كۆتۈرمەكچى بولۇپ، ئۇ مۇشۇ مۇسىبەت ئارقىلىق ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ»[1].

سەئىد ئىبنى جۇبەير مۇنداق دەيدۇ: مۇسىبەت يەتكەندە: ﴿إِنَّا لِلّهِ وَإِنَّـا إِلَيْـهِ رَاجِعُونَ﴾ ﴿بىز ئەلۋەتتە اللەنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز (يەنى اللەنىڭ بەندىلىرىمىز)، چوقۇم اللەنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز﴾[2] دېيىشتىن ئىبارەت بۇ ئۇممەتكە بېرىلگەن بۇ گۈزەل خىسلەت بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرگە بېرىلمىگەن. ئەگەر بۇ خىسلەت بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرگە بېرىلسە ئىدى، ئەلۋەتتە، يەئقۇب ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن بولاتتى. چۈنكى ئۇ: ﴿يَا أَسَفَى عَلَى يُوسُفَ﴾ ﴿ئىست يۇسۇف!﴾[3] دېگەن ئىدى.

ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «كىمكى مۇسىبەت يەتكەندە :﴿إِنَّا لِلّهِ وَإِنَّـا إِلَيْـهِ رَاجِعُونَ﴾ ﴿بىز ئەلۋەتتە اللەنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز (يەنى اللەنىڭ بەندىلىرىمىز)، چوقۇم اللەنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز﴾ ئى اللە! ماڭا يەتكەن مۇسىبەتكە ساۋاب بەرگىن، ماڭا ئۇنىڭدىن ياخشىسىنى ئاتا قىلغىن، - دېسە، شەك - شۈبھىسىزكى، اللە ئۇنىڭغا ساۋاب بېرىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ياخشىسىنى ئاتا قىلىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم. ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئېرىم ئەبۇ سەلەمە ۋاپات بولغان چاغدا، مەن مۇشۇ دۇئانى قىلغان ئىدىم. كېيىن اللە تائالا ماڭا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى مۇيەسسەر قىلدى[4].

شەئبىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، شۇرەيھ قازى مۇنداق دېگەن: ماڭا بىرەر مۇسىبەت كەلسە، بۇنىڭ ئۈچۈن مەن اللەقا تۆت قېتىم ھەمدى ئېيتىمەن: بىرىنچى بولۇپ، اللەقا مېنى بۇنىڭدىنمۇ چوڭ مۇسىبەتكە مۇپتىلا قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ھەمدى ئېيتىمەن؛

[1] بۇ ھەدىسنى مۇنزىرى «تەرغىب ۋە تەرھىب» ناملىق كىتابىدا بايان قىلغان.
[2] سۈرە بەقەرە، 156 ـ ئايەت.
[3] سۈرە يۇسۇف، 84 – ئايەت.
[4] مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ئىككىنچى بولۇپ، ئاللاھقا مېنى بۇ مۇسىبەتكە سەۋر قىلىشنى رىزىق قىلىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن ھەمدى ئېيتىمەن؛ ئۈچىنچى بولۇپ، ئاللاھقا مېنى ساۋاب ئۈمىد قىلىپ، ئىسترجا ئوقۇشقا، يەنى ﴿إِنَّا لِلَّهِ وَإِنَّا إِلَيْهِ رَاجِعونَ﴾ ﴿بىز ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز (يەنى ئاللاھنىڭ بەندىلىرىمىز)، چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز﴾ دېيىشكە مۇۋەپپەق قىلغانلىقى ئۈچۈن ھەمدى ئېيتىمەن؛ تۆتىنچى بولۇپ، ئاللاھقا بۇ مۇسىبەتنى دىنىمدا قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ھەمدى ئېيتىمەن.

ئاللاھ تائالا مۇسىبەتكە سەۋر قىلغانلارغا مۇنۇ خۇش ـ خەۋەر بىلەن بېشارەت بېرىدۇ: ﴿أُولَئِكَ عَلَيْهِمْ صَلَوَاتٌ مِّن رَّبِّهِمْ وَرَحْمَةٌ وَأُولَئِكَ هُمُ الْمُهْتَدُونَ﴾ ﴿ئەنە شۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ مەغپىرىتى ۋە رەھمىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر، ئەنە شۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر﴾[1]. يەنى ئۇلار ئىسترجا ئوقۇشقا مۇۋەپپەق بولىدۇ، ساۋاب ئۈمىد قىلىپ، جەننەتكە ئېرىشىدۇ.

سەئىد ئىبنى مۇسەييەبتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئايەت ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: بۇ، نېمىدېگەن گۈزەل مەغپىرەت ۋە رەھمەت! نېمىدېگەن گۈزەل ھىدايەت![2]

مۇسىبەتكە يولۇققان كىشى مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن، ئاچچىغلىسا ياكى ئۆزىگە بالا ۋە ئۆلۈم تىلىسە ياكى يۈزىنى كاچاتلىسا ياكى ياقا يىرتسا ياكى چېچىنى چۇۋۇسا، يا چۇشۇرسە، يا كەسسە، يا يۇلسا، بۇنداق كىشىلەر ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە ۋە ئۇنىڭ لەنىتىگە ئۇچرايدۇ.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، مۇسىبەت يەتكەن كىشىنىڭ يوتىسىغا ئۇرۇپ دات ـ پەرياد قىلىشىمۇ ئۇنى ساۋابتىن مەھرۇم قىلىپ قويىدۇ.

---

[1] سۈرە بەقەرە، 157 ـ ئايەت.

[2] ئىمام بۇخارى مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان. ھاكىممۇ رىۋايەت قىلغان.

يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق رىۋايەت قىلىنغان: مۇسىبەت يەتكەن كىشى كىيىمىنى يىرتسا ياكى يۈزنى كاچاتلىسا ياكى ياقا يىرتسا ياكى چېچىنى يۇلسا، گويا ئۇ پەرۋەردىگارىغا ئۇرۇش ئېچىش ئۈچۈن قولىغا نەيزە ئالغان كىشىگە ئوخشايدۇ. يۇقىرىدا، اللە تائالانىڭ مېيىتنى ئىنسانلارنىڭ كۆز ياش تۆككەنلىكى ياكى ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ قايغۇرغانلىقى ئۈچۈن ئازابلىمايدىغانلىقى، بەلكى ئۇنىڭغا مەرسىيە ئوقۇپ، دات - پەرياد قىلغانلىقى ئۈچۈن ئازابلايدىغانلىقى بايان قىلىندى. يۇقىرىدا يەنە، مېيىت ئۈچۈن نېمە دەپ يىغلانغان بولسا، قەبرىدە ئۇنىڭغا شۇنىڭ بىلەن ئازاب قىلىنىدىغانلىقى بايان قىلىنغان ئىدى. مەسىلەن، بىر ئايال: ۋاي مېنىڭ تۈۋرۈكۈم! ۋاي مېنىڭ ياردەمچىم! ۋاي مېنى ئاچ – يالىڭاچ قويمايدىغان بېگىم! - دەپ پەرياد قىلسا، ئازاب پەرىشتىلىرى مېيىتنىڭ ياقىسىدىن بوغۇپ تۇرۇپ: سەن ئۇنىڭ تۈۋرۈكىمىدىڭ؟ سەن ئۇنىڭ ياردەمچىسىمىدىڭ؟ سەن ئۇنى ئاچ – يالىڭاچ قويمايدىغان كىشىمىدىڭ؟ - دەيدىغانلىقى بايان قىلىنغان ئىدى. دات - پەرياد قىلىش ھارامدۇر. چۈنكى ئۇ غەم - قايغۇنى كۆچەيتىدۇ ۋە سەۋرسىزلىككە ئېلىپ بارىدۇ. ئۇ يەنە اللەنىڭ تەقدىرىگە تەن بەرمەسلىك ۋە ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنماسلىق بولىدۇ.

*****

**ھېكايە:** سالىھ مەرى مۇنداق دەيدۇ: بىر جۈمە كۈنى كىرگەن كېچىسى قەبرىستانلىقتا ئۇخلاپ قالدىم. چۈشۈمدە قەبرىلەرنىڭ يېرىلغانلىقىنى، ئۆلۈكلەرنىڭ قەبرىدىن چىقىپ چەمبەرسىمان بولۇپ ئولتۇرغانلىقىنى، ئۆلۈكلەرغا ئاغزى يېپىلغان قاچىلار سۇنۇلغانلىقىنى، ئۆلۈكلەرنىڭ ئارىسىدىن بىر يىگىتكە ھەر تۈرلۈك ئازابنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. مەن ئۇ يىگىتنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

_ ئى يىگىت! نېمە ئۈچۈن ئۆلۈكلەرنىڭ ئارىسىدىن پەقەت سەنلا ئازابلىنىۋاتىسەن؟ - دېگەن ئىدىم، ئۇ:

_ ئى سالىھ! ساڭا بىر ئىشنى تاپشۇرىمەن، اللەنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن بۇ ئىشنى بېجىرگىن، ئامانەتنى يەتكۈزگىن، مېنىڭ بۇ بىچارە

ھالىمغا ئىچىك ئاغرىسۇن. ئاللا تائالا سېنىڭ قولۇڭ ئارقىلىق ماڭا نىجاتلىق ئاتا قىلسا ئەجەپ ئەمەس... مەن ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئانام قوشاق قېتىپ ۋە ئۇن سېلىپ يىغلايدىغان ئاياللارنى تۇپلىدى. ئۇلار ھەر كۈنى دات - پەرياتسېلىپ ۋە قوشاق قېتىپ يىغلاۋاتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن مەن بۇ يەردە ئازابلىنىۋاتىمەن. ئانامنىڭ ئاشۇ يامان سۆزلىرى تۇپەيلى دوزاخ ئوتى مېنى ھەر تەرىپىمدىن ئورىۋالدى. ئاللا ئانامغا ياخشىلىق بەرمىسۇن، - دېدى. كېيىن ئۇ يىغلاشقا باشلىدى، مەنمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ يىغلىدىم. ئاندىن ئۇ:

_ ئى سالىھ! ئاللا رىزاسى ئۈچۈن ئانامنىڭ يېنىغا بارغىن. ئۇ پالانى جايدا ئولتۇرىدۇ، - دېدى ۋە ئۆيىنىڭ ئادرېسىنى ماڭا ئېيتىپ بەردى. ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ: ئى ئانا! نېمە ئۈچۈن بالاڭنى ئازابلايسەن...؟ سەن مېنى كىچىكىمدىن تەربىيىلەپ چوڭ قىلدىڭ، يامانلىقلاردىن قوغدىدىڭ. لېكىن ئۆلگەن چېغىمدا مېنى ئازابقا تاشلىدىڭ. ئى ئانا! سەن مېنى بوينۇمغا تاقاق، ئايغىمغا ئىشكەل سېلىنغان ھالدا، ئازاب پەرىشتىلىرىنىڭ ئۇرۇپ قىيناۋاتقانلىقىنى كۆرسەڭ ئىدىڭ، ئەلۋەتتە، ماڭا ئىچىڭ ئاغرىغان بولاتتى. سەن قىلىۋاتقان بۇ دات - پەرياتلىرىڭنى توختاتمىساڭ، ئاسمان يېرىلىدىغان، خالايىقلار ھۆكۈم چىقىرىلىشىنى كۈتۈپ توپلاشقان ئاشۇ قىيامەت كۈنىدە سەن بىلەن مېنىڭ ئارامدا ھۆكۈم قىلغۇچى يالغۇز ئاللاتۇر، - دېدى.

سالىھ مەرى سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: قورقۇپ ئويغىنىپ كەتتىم. تېخى تاڭ ئاتمىغان ئىكەن، تاڭ ئاتقىچە ئۇخلىغان يېرىمدە ئولتۇردۇم. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن شەھەرگە كىردىم. مېنىڭ پۈتۈن ئوي - پىكرىم پەقەت بۇ يىگىتنىڭ ئانىسىنىڭ ئۆيىنى تېپىش ئىدى. سوراپ يۈرۈپ ئۆيىنى تاپتىم. قارىسام دەرۋازىغا ھازا لاتىسى (قارا لاتا) ئېسىپ قويۇپتۇ. ئىچكىرىدىن ئايالارنىڭ دات - پەريات سالغان ئاۋازلىرى ئاڭلىناتتى. دەرۋازىنى قاقتىم، ئىچكىرىدىن قېرى بىر ئايال چىقىپ:

_ نېمە ئىشىڭ بار ئىدى؟ - دېدى. مەن:

_ ۋاپات بولغان بالىنىڭ ئانىسى بىلەن كۆرۈشۈشنى خالايمەن، - دېدىم. ئايال:

_ ئۇ ئۆزىنىڭ غېمى بىلەن ئاۋارە، سېنىڭ نېمە ئىشىڭ بار؟ - دەپ سورىدى. مەن:

_ ئۇنى چاقىرىپ قويۇڭ، بالىسىدىن خەت ئېلىپ كەلدىم، - دېدىم. ئايال كىرىپ كېتىپ، بىرئازدىن كېيىن ئۇ بالىنىڭ ئانىسى چىقتى. قارا كىيىم كىيىۋالغان ئىدى. كۆپ يىغلىغانلىقى ۋە ئۆزىنى كاچاتلىغانلىقى تۈپەيلى يۈزلىرى قارىداپ كېتىپتۇ. ئانىسى ماڭا:

_ سەن كىم بولىسەن؟ - دېدى. مەن:

_ مېنىڭ ئىسمىم سالىھ مەرى. ئاخشام قەبرىستانلىقتا كۆرگەن چۈشۈمدە ئوغلىڭىز بىلەن ئارىمىزدا بىر ۋەقە بولۇپ ئۆتتى. ئۇنىڭ ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ: ئى ئانا! سەن مېنى كىچىكىمدىن تەربىيلەپ چوڭ قىلدىڭ، يامانلىقلاردىن قوغدىدىڭ. لېكىن ئۆلگەن چېغىمدا مېنى ئازابقا تاشلىدىڭ. سەن قىلىۋاتقان بۇ دات - پەرياتلىرىڭنى توختاتمىساڭ، ئاسمان يېرىلىدىغان ئاشۇ قىيامەت كۈنىدە سەن بىلەن مېنىڭ ئارامىدا ھۆكۈم قىلغۇچى ئالغۇز اللهتۇر، دەۋاتىدۇ، - دېدىم. ئانىسى بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ھوشىدىن كېتىپ يەرگە يىقىلدى. ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن قاتتىق يىغلىدى ۋە: ئى ئەزىز ئوغلۇم! شۇ ھالىڭنى بىلسەم ئىدىم، ھەرگىز مۇنداق قىلمايتتىم. مەن بۇ ئىشىمدىن اللهقا تەۋبە قىلىمەن، - دېدى. كېيىن ئۆيگە كىرىپ، يىغلىشىپ بېرىدىغان ئاياللارنى ھەيدىۋەتتى. كىيىمنى ئالماشتۇرۇپ، بىر ھەميان تەڭگە ئېلىپ چىقتى ۋە ئۇنى ماڭا بېرىپ:

_ ئى سالىھ! بۇلارنى ئوغلۇمنىڭ نامىغا سەدىقە قىلغىن، - دېدى. مەن ئۇ ئايال بىلەن خوشلاشتىم. ھەققىگە دۇئا قىلدىم. ماڭا بەرگەن تەڭگىلەرنى بالىسىنىڭ نامىغا ئاتاپ سەدىقە قىلدىم. يەنە بىر جۈمە ئاخشىمى بولغاندا، ئادىتىم بويىچە قەبرىستانلىققا بېرىپ ئۇخلىدىم. چۈشۈمدە قەبرىدىكىلەر قەبرىدىن چىقىپ، چەمبەرسىمان بولۇپ ئولتۇرۇشتى. ئۇلارغا قاچىلار كەلتۈرۈلۈپ تارقىتىلدى. ھېلىقى يىگىت بولسا كۈلۈپ تۇراتتى. ئۇ بەكمۇ خۇشال ۋە خۇرسەن ئىدى. ئۇنىڭ ئالدىغىمۇ بىر قاچا كەلگەن ئىدى، ئۇ ئۇنى ئالدى. كېيىن ئۇ مېنى كۆرۈپ، يېنىمغا كەلدى ۋە:

_ ئـــى ســـالىھ! اللە ســـاڭا كاتتـــا ئەجــــر بەرســـۇن. ئانـــام قىلىۋاتقـــان ئىشــــنى توختاتقـــانلىقى ئۈچـــۈن اللە مەنــــدىن ئـــازابنى يەڭگىللەتتــــى. مېنىڭ نامىمغا قىلغان سەدىقىسىمۇ يېتىپ كەلدى، - دېدى. مەن:

_ بۇ قاچىلاردىكى نېمە؟ - دەپ سورىدىم. ئۇ:

_ ئـــۇلار تىرىكلەرنىـــڭ ئۆلـــۈكلەرگە ئەۋەتـــكەن ســـەدىقە، قۇرئـــان تىلاۋىتـــى ۋە دۇئـــادىن ئىبـــارەت ھەدىيەلىرىـــدۇر. ئۆلارنىـــڭ ھەدىيەلىـــرى ھەر جـــۈمە كېچىســـى ئۆلـــۈكلەرگە چۈشـــۈرۈلىدۇ ۋە: مانـــا بـــۇ پالانچىنىـــڭ ســـاڭا ئەۋەتـــكەن ھەدىيەســـى، دېيىلىـــدۇ، - دەپ جـــاۋاب بەردى. ئـــۇ يەنە:

_ ئـــى ســـالىھ! ســـەن بىزىـــپ مەنـــدىن ئانامغـــا ســـالام ئېيـــتقىن، اللە ئۇنىڭغـــا كاتتـــا ئەجـــر بەرســـۇن، قىلغـــان سەدىقىســـى ماڭـــا يېتىـــپ كەلـــدى. ئـــۇ پـــات - يېقىنـــدا مېنىـــڭ قېشـــىمغا كېلىـــدۇ، تەييـــار بولـــۇپ تۇرســـۇن، - دېـــدى. شـــۇنىڭدىن كېـــيىن مەن ئويغىنىـــپ كەتـــتىم. بىـــر نەچـــچە كۈنـــدىن كېـــيىن، مەن يىگىتنىـــڭ ئانىســـىنىڭ ئـــۆيىگە كەلـــدىم. دەرۋازىنىڭ ئالدىدا تاۋۇت بار ئىدى. مەن:

_ بۇ كىمنىڭ تاۋۇتى؟ - دەپ سورىدىم. ئەتراپتىكىلەر:

_ يىگىتنىـــڭ ئانىســـىنىڭ، - دېـــدى. مەن ئـــۇ ئايالنىـــڭ جىنـــازا نامىزىغـــا قاتناشـــتىم. ئـــۇ، بالىســـىنىڭ يېنىغـــا دەپـــنە قىلىنـــدى. مەن ئـــۇ ئىككىسىنىڭ ھەققىگە دۇئا قىلىپ، قايتىپ كەتتىم[1].

اللە تائـــالا ئىلتىجـــا قىلىـــپ، ھەممىمىزنـــى مۇســـۇلمان ھـــالەتتە ۋاپـــات تاپقۇزۇشـــنى، ســـالىھلاردىن قىلىشـــنى ۋە دوزاخ ئازابىـــدىن ساقلىشـــنى تىلەيمىـــز. ئـــۇ ناھـــايىتى ســـېخىي، ناھـــايىتى كەرەملىـــك، ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە ناھايىتى مېھرىباندۇر.

---

[1] بۇ قىسسىنىڭ ئاساسى يوق بولۇپ، ئىسلام ئەقىدىسىگە توغرا كەلمەيدۇ.

## ئەللىكىنچى چوڭ گۇناھ:

## ھەددىدىن ئېشىپ، يوغانچىلىق قىلىش ۋە پىتنە – پاسات تېرىش

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّمَا السَّبِيلُ عَلَى الَّذِينَ يَظْلِمُونَ النَّاسَ وَيَبْغُونَ فِي الْأَرْضِ بِغَيْرِ الْحَقِّ أُولَٰئِكَ لَهُم عَذَابٌ أَلِيمٌ﴾ ﴿ئەيىبلىنىدىغانلار پەقەت كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىدىغان، زېمىندا ناھەق رەۋىشتە پىتنە - پاسات تېرىيدىغان ئادەملەردۇر. ئەنە شۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾[①].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «اللە تائالا ماڭا: ئۆزئارا كەمتەر بولۇڭلار! ھېچكىم ھېچكىمنى بوزەك قىلمىسۇن، ھېچكىم ھېچكىمگە چوڭچىلىق قىلمىسۇن، - دەپ ۋەھيى قىلدى»[②].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دەيدۇ: «گۇناھكارنى دۇنيادىمۇ، ئاخىرەتتىمۇ اللە تائالانىڭ جازاسىغا مۇپتىلا قىلىدىغان ئەڭ ئېغىر گۇناھ يوغانچىلىق قىلىش ۋە سىلە - رەھىمنى ئۈزۈشتۇر»[③].

اللە تائالا قارۇننى قەۋمىگە يوغانچىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن يەرگە يۇتقۇزىۋەتتى. اللە تائالا قۇرئاندا قارۇننىڭ قىلمىشلىرىنى خەۋەر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ قَارُونَ كَانَ مِن قَوْمِ مُوسَىٰ فَبَغَىٰ عَلَيْهِمْ وَآتَيْنَاهُ مِنَ الْكُنُوزِ مَا إِنَّ مَفَاتِحَهُ لَتَنُوءُ بِالْعُصْبَةِ أُولِي الْقُوَّةِ إِذْ قَالَ لَهُ قَوْمُهُ لَا تَفْرَحْ إِنَّ اللَّهَ لَا يُحِبُّ الْفَرِحِينَ وَابْتَغِ فِيمَا آتَاكَ اللَّهُ الدَّارَ الْآخِرَةَ وَلَا تَنسَ نَصِيبَكَ مِنَ الدُّنْيَا وَأَحْسِن كَمَا أَحْسَنَ اللَّهُ إِلَيْكَ وَلَا تَبْغِ الْفَسَادَ فِي الْأَرْضِ إِنَّ اللَّهَ لَا يُحِبُّ الْمُفْسِدِينَ قَالَ إِنَّمَا أُوتِيتُهُ عَلَىٰ عِلْمٍ عِندِي أَوَلَمْ يَعْلَمْ أَنَّ اللَّهَ قَدْ أَهْلَكَ مِن قَبْلِهِ مِنَ الْقُرُونِ مَنْ هُوَ أَشَدُّ مِنْهُ قُوَّةً وَأَكْثَرُ جَمْعًا وَلَا يُسْأَلُ عَن ذُنُوبِهِمُ الْمُجْرِمُونَ فَخَرَجَ

---

[①] سۈرە شۇرا، 42 ـ ئايەت.

[②] مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

[③] ئىبنى ماجە، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئەھمەد ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

عَلَى قَوْمِهِ فِي زِينَتِهِ قَالَ الَّذِينَ يُرِيدُونَ الْحَيَاةَ الدُّنْيَا يَا لَيْتَ لَنَا مِثْلَ مَا أُوتِيَ قَارُونُ إِنَّهُ لَذُو حَظٍّ عَظِيمٍ وَقَالَ الَّذِينَ أُوتُوا الْعِلْمَ وَيْلَكُمْ ثَوَابُ اللَّهِ خَيْرٌ لِّمَنْ آمَنَ وَعَمِلَ صَالِحًا وَلَا يُلَقَّاهَا إِلَّا الصَّابِرُونَ فَخَسَفْنَا بِهِ وَبِدَارِهِ الْأَرْضَ﴾ ﴿قارۇن ھەققەتەن مۇسانىڭ قەۋمىدىن ئىدى. قارۇن ئۇلارغا يوغانلىق قىلدى. قارۇنغا خەزىنىلەردىن شۇ قەدەر كۆپ بەرگەن ئىدۇقكى، ئۇلارنىڭ ئاچقۇچلىرىنى (كۆتۈرۈش) كۈچلۈك بىر جامائەگىمۇ ھەققەتەن ئېغىرلىق قىلاتتى. ئەينى ۋاقىتتا قارۇنغا قەۋمى ئېيتتى: «كۆرەڭلەپ كەتمە! الله ھەققەتەن كۆرەڭلەپ كەتكۈچىلەرنى دوست تۇتمايدۇ. الله ساڭا بەرگەن بايلىق بىلەن ئاخىرەت يۇرتىنى تىلىگىن، دۇنيادىكى نېسىۋەڭنىمۇ ئۇنتۇمىغىن. الله ساڭا ياخشىلىق قىلغاندەك، سەن (اللهنىڭ بەندىلىرىگىمۇ) ياخشىلىق قىلغىن. يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىقنى تىلىمىگىن، الله ھەققەتەن بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ». قارۇن: «مېنىڭ ئالاھىدە بىلىمىم بولغانلىقتىن بۇ بايلىققا ئېرىشتىم» دېدى. قارۇندىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۇممەتلەردىن ئۇنىڭغا قارىغاندا تېخىمۇ كۈچلۈك، توپلىغان (مېلى) تېخىمۇ كۆپ بولغان كىشىلەرنى اللهنىڭ ھالاك قىلغانلىقىنى ئۇ بىلمىدىمۇ؟ گۇناھكارلارنىڭ گۇناھلىرىنىڭ سورىلىشى (الله بۇنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن) ھاجەتسىزدۇر. قارۇن ئۆز قەۋمىنىڭ ئالدىغا بارلىق زىننىتى بىلەن ھەشەمەتلىك ھالدا چىقتى. دۇنيا تىرىكچىلىكىنى كۆزلەيدىغانلار: «كاشكى، بىزگە قارۇنغا بېرىلگەن بايلىق بېرىلسىچۇ؟ ئۇ ھەققەتەن (دۇنيالىقتىن) چوڭ نېسىۋىگە ئىگە ئىكەن» دېدى. ئىلىملىك كىشىلەر: «ۋاي سىلەرگە! ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەلنى قىلغان كىشىگە اللهنىڭ ساۋابى ياخشىدۇر. ئۇ ساۋاب پەقەت سەۋر قىلغۇچىلارغىلا بېرىلىدۇ» دېدى. قارۇننى ئۇنىڭ ئۆيى بىلەن قوشۇپ يەرگە يۇتقۇزدۇق﴾[1].

ئىبنى جەۋزى (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) قارۇننىڭ يوغانچىلىقى ھەققىدە تۆۋەندىكى بىرقانچە قاراشنى نەقىل قىلغان:

[1] سۈرە قەسەس، 76 ـ ئايەتتىن 81 ـ ئايەتكىچە.

1 ـ ئىبنــى ئاببــاس رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇمــا مۇنــداق دەيــدۇ: قــارۇن مۇســا ئەلەيھىســسالامغا بوھتــان چــاپلاش ئۈچــۈن بــىر پاھىشــە ئايــال بىــلەن مەلــۇم مىقداردا پۇلغا كېلىشــتى. ئايــال: مۇســا مەن بىــلەن زىنــا قىلــدى، ـ دەپ بوھتــان قىلــدى. مۇســا ئەلەيھىســسالام ئايالــدىن ئېيتقانلىرىنىــڭ تــوغرا ئىكەنلىكىــگە قەســەم ئىچىشــنى تەلەپ قىلــدى. شــۇ چاغــدا، ئــۇ پاھىشــە ئايــال قــارۇن بىــلەن كېلىشــىم تــۈزگەنلىكىنى ئېتىــراپ قىلــدى. مانــا بــۇ، قارۇنىنىــڭ ھەددىــدىن ئېشىشى ئىدى.

2 ــــ زەھھــاك مۇنــداق دەيــدۇ: قــارۇن الله تائالاغــا كۇپرىلىــق قىلىــپ، ھەددىدىن ئاشتى.

3 ـ قەتادە مۇنداق دەيدۇ: كاپىر بولۇش بىلەن چوڭچىلىق قىلدى.

4 ـ ئەتــا خۇراســانى مۇنــداق دەيــدۇ: قــارۇن كىيىمىنــى ئــۇزۇن كىيىــپ، يەردە سۆرەپ يۇرۇش بىلەن يوغانچىلىق قىلدى.

5 ـ مــاۋەردى مۇنــداق دەيــدۇ: قــارۇن پىــرئەۋنگە خىــزمەت قىلاتتــى. ئــۇ مۇشۇ ئارقىلىق ئىسرائىل ئوغۇللىرىغا زۇلۇم ۋە ئۇۋال قىلدى.

تەپسىرشۇناســلار الله تائالانىــڭ: ﴿فَخَسَفْنَا بِهِ وَبِدَارِهِ الْأَرْضَ﴾ ﴿قــارۇننى ئۇنىــڭ ئــۆيى بىــلەن قوشــۇپ يەرگە يۇتقــۇزدۇق﴾ دېــگەن ســۆزى ھەققىــدە توختىلىــپ مۇنــداق دەيــدۇ: يۇقىرىــدا ئېيتىلغىنىــدەك، قــارۇن مۇســا ئەلەيھىســسالامغا بوھتــان قىلىــش ئۈچــۈن بــىر پاھىشــە ئايــال بىــلەن كېلىشــىم تــۈزگەن ئىــدى. مۇسـا ئەلەيھىسـسالام بۇنىڭغـا ناھـايىتى ئـاچچىغلاپ، قارۇنغـا بەتـدۇئا قىلـدى. الله تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا:

ــ مەن زېمىننــى ســاڭا ئىتــائەت قىلىشــقا بــۇيرۇدۇم. ســەن ئۇنىڭغــا ئەمــر قىلغىن! ـ دەپ ۋەھيى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، مۇسا ئەلەيھىسسالام:

ــ ئــى زېمىــن! قــارۇننى يــۇتقىن! ـ دېــدى. زېمىــن ئــۇنى تەختــى بىــلەن قوشــۇپ يۇتۇشــقا باشــلىدى. قـــارۇن بـــۇ ئەھـــۋالنى كـــۆرۈپ، مۇســـا ئەلەيھىسسالامغا:

ــ رەھىم قىلغىن! ـ دەپ يالۋۇردى. مۇسا ئەلەيھىسسالام:

ــ ئى زېمىن! ئــۇنى يــۇت! ـ دېــدى. زېمىــن ئــۇنى پــۇتىغىچە يــۇتتى. مۇســا ئەلەيھىســسالام: ئــى زېمىــن! ئــۇنى يــۇت! ـ دەۋەرگەن ئىــدى، زېمىــن ئــۇنى پۈتۈنلەي يۇتۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا:

ـ ئى مۇسا! ئىززىتىم ۋە بۈيۈكلۈكۈم بىلەن قەسەمكى، ئەگەر ئۇ (قارۇن) ماڭا ئەنە شۇنداق يالۋۇرسا ئىدى، مەن ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە ياردەم قىلغان بولاتتىم، ـ دەپ ۋەھيى قىلدى.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: زېمىن قارۇننى ئەڭ ئاستى قاتلىمغىچە يۇتىدۇ، ـ دېگەن.

سەمۇرە ئىبنى جۇندەب: قارۇن يەرنىڭ ئاستىغا ھەر كۈنى ئۆزىنىڭ بويى ئۇزۇنلۇقىدا توختىماي چۆكۈپ تۇرىدۇ، ـ دېگەن.

مۇقاتىل: قارۇن ھالاك بولغاندا، ئىسرائىل ئەۋلادلىرى: مۇسا قارۇننى ئۇنىڭ بايلىقىغا ۋە قەسىرلىرىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن ھالاك قىلدى، دېدى. بىراق، الله تائالا ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىنى ۋە قەسىرلىرىنى يەرگە يۇتقۇزدى، ـ دېگەن.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَمَا كَانَ لَهُ مِن فِئَةٍ يَنصُرُونَهُ مِن دُونِ اللَّهِ وَمَا كَانَ مِنَ الْمُنتَصِرِينَ﴾ ﴿ئۇنىڭدىن اللهنىڭ ئازابىنى دەپئى قىلىدىغان بىر جامائە بولمىدى. قارۇن ئۆزىنى قوغدىيالمىدى﴾[1]. يەنى ھېچكىم ئۇنى الله چۈشۈرگەن ئازابتىن قۇتقۇزالمىدى. الله ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

ئى الله! مەن ساڭا يۈزلەنسەم، سەن مېنى سالامەت قىلسەن. سەندىن يۈز ئۆرسەم، سەن مېنى بويسۇندۇرسەن. بىرەر ئىشقا مۇۋەپپەق بولسام، سەن ماڭا تېخىمۇ ئىلھام بېرىسەن. ئەگەر مەن ئۈمىدسىزلەنسەم، سەن مېنى رىغبەتلەندۈرسەن.

ئى الله! ھىدايىتىڭ ۋە مەرىپىتىڭنىڭ نۇرى بىلەن بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن. بىزنى سەن نەزەر سالغان بەندىلەر قاتارىدىن قىلغىن. سەندىن باشقىغا يۈزلەنگەنلەرنىڭ قاتارىدىن قىلمىغىن. بىزنىڭ، ئاتا ـ ئانىمىزنىڭ ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغىن، ئامىن!

[1] سۈرە قەسەس، 81 ـ ئايەت.

## ئەللىك بىرىنچى چوڭ گۇناھ:

## ئاجىزلارغا، قۇل ـ چۆرىلەرگە، ئۆزىنىڭ ئائىللىرىغا ۋە ھايۋانلارغا ئەزىيەت يەتكۈزۈش

الله تائالا ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَاعْبُدُواْ اللّهَ وَلاَ تُشْرِكُواْ بِهِ شَيْئًا وَبِالْوَالِدَيْنِ إِحْسَانًا وَبِذِي الْقُرْبَى وَالْيَتَامَى وَالْمَسَاكِينِ وَالْجَارِ ذِي الْقُرْبَى وَالْجَارِ الْجُنُبِ وَالصَّاحِبِ بِالجَنبِ وَابْنِ السَّبِيلِ وَمَا مَلَكَتْ أَيْمَانُكُمْ إِنَّ اللّهَ لاَ يُحِبُّ مَن كَانَ مُخْتَالاً فَخُورًا﴾ ﴿اللهقا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا ـ ئاناڭلارغا، خىش ـ ئەقرىبالىرىڭلارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، يېقىن قوشنىغا، يىراق قوشنىغا، ياندىكى ھەمراھقا (سەپەرداشقا ساۋاقداشقا)، مۇساپىرغا، قول ئاستىڭلاردىكى قۇل ـ چۆرىلەرگە ياخشىلىق قىلىڭلار، شۈبھىسىزكى، الله مۇتەكەببىر ماختانچاقنى ياقتۇرمايدۇ﴾[1].

ۋاھىدى (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) الله تائالانىڭ: ﴿وَاعْبُدُواْ اللّهَ وَلاَ تُشْرِكُواْ بِهِ شَيْئًا﴾ ﴿اللهقا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار﴾ دېگەن سۆزى ھەققىدە توختىلىپ، مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئارقىسىغا ئېشەككە مىنگىشىۋالغان ئىدىم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئى مۇئاز! ـ دېدى. مەن:

ـ مانا مەن، ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بۇيرۇقىڭغا تەييارمەن، ـ دېدىم.

ـ الله نىڭ بەندىلىرى ئۈستىدىكى ھەققىنى ۋە بەندىلەرنىڭ الله تىكى ھەققىنى بىلەمسەن؟

ـ الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلگۈچىدۇر.

[1] سۈرە نىسا، 36 ـ ئايەت.

_ اللەنىڭ بەندىلىرى ئۈستىدىكى ھەققى بولسا، ئۇلارنىڭ اللەقا ئىبادەت قىلىشى ۋە ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىكىدىن ئىبارەت. بەندىلەرنىڭ اللەتىكى ھەققى بولسا، ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرمىگەن كىشىلەرنى ئازابلىماسلىقىدىن ئىبارەت[1].

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا بىر ئەئرابى كېلىپ:

_ ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى! ماڭا نەسىھەت قىلغىن؟ - دېگەن ئىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

_ ئۆلتۈرۈلسەڭمۇ، ئوتتا كۆيدۈرۈلسەڭمۇ، اللەقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگىن. نامازنى تەرك ئەتمىگىن، چۈنكى ناماز اللەنىڭ سېنىڭ ئۈستۈڭدىكى ھەققىدۇر. ھاراق ئىچمىگىن، چۈنكى ھاراق بارلىق يامانلىقنىڭ ئاچقۇچىدۇر[2]، - دېدى.

«ئاتا - ئاناڭلارغا» ياخشىلىق قىلىڭلار دېگەن ئايەت: ئۇلارغا يۇمشاق ۋە مۇلايىم مۇئامىلە قىلىشنى، قوپاللىق قىلماسلىقنى، تىكىلىپ قارىماسلىقنى، يۇقىرى ئاۋازدا گەپ قىلماسلىقنى، بەلكى ئۇلارنىڭ ئالدىدا، خۇددى قول خوجايىنىنىڭ ئالدىدا تۇرغاندەك قول باغلاپ تۇرۇشنى؛ «خىش - ئەقرىبالىرىڭلارغا» ياخشىلىق قىلىڭلار دېگەن ئايەت: ئۇلارغا سىلە - رەھىم قىلىش ۋە كۆيۈنۈشنى؛ «يېتىملەرگە» ياخشىلىق قىلىڭلار دېگەن ئايەت: ئۇلارغا مۇلايىم بولۇپ، يېقىنچىلىق قىلىش ۋە بېشىنى سىلاشنى؛ «مىسكىنلەرگە» ياخشىلىق قىلىڭلار دېگەن ئايەت: ئاز بولسىمۇ، ئۇلارغا بىر نەرسە بېرىپ، چىرايلىق يولغا سېلىشنى كۆرسىتىدۇ.

«يېقىن قوشنىغا» ياخشىلىق قىلىڭلار دېگەن ئايەت: سەن بىلەن ھەم قوشنا ھەم تۇغقان كىشىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ تۇغقانلىق، قوشنىدارچىلىق ۋە مۇسۇلماندارچىلىقتىن ئىبارەت ئۈچ ھەققى بار. «يىراق قوشنىغا» ياخشىلىق قىلىڭلار دېگەن

[1] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

[2] ئىبنى ماجە ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

ئايەت: سەن بىلەن تۇغقاندارچىلىقى بولمىغان، ئەمما قوشنىدارچىلىقى بولغان كىشىنى كۆرسىتىدۇ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ماڭا ھەر دائىم قوشنا ھەققىدە نەسىھەت قىلاتتى. ھەتتا مەن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام قوشنىنى قوشنىغا مىراسخور قىلىپ قويىدىغان ئوخشايدۇ، - دەپ ئويلاپ قالغان ئىدىم»[1].

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنى (كەمبەغەل) قوشنا (باي) قوشنىنىڭ پېشىگە ئېسىلىۋېلىپ: ئى پەرۋەردىگارىم! بۇ قېرىندىشىمنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلدىڭ، مېنىڭ رىزقىمنى تار قىلدىڭ. مەن ئاچ ياتاتتىم، بۇ توق ياتاتتى. سەن ئۇنىڭدىن سوراپ باققىنكى، ئۇ نېمە ئۈچۈن ئىشىكىنى ماڭا تاقاپ، سەن ئۇنىڭغا بەرگەن مول رىزقتىن مېنى مەھرۇم قىلدى؟ - دەيدۇ»[2].

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ۋە مۇجاھىد: ﴿ياندىكى ھەمراھقا (سەپەرداشقا، ساۋاقداشقا)﴾ ياخشىلىق قىلىڭلار دېگەن ئايەت ھەققىدە توختىلىپ: ياندىكى ھەمراھ بىرلىكتە سەپەرگە چىققان مۇساپىر بولۇپ، ئۇنىڭ قوشنىلىق ۋە سۆھبەتداشلىق ھەققى بار، - دېگەن.

﴿مۇساپىرغا﴾ ياخشىلىق قىلىڭلار دېگەن ئايەتتىن سەپەردە چارىسىز قالغان كىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇنى باردىغان يېرىگە بېرىۋالغىچە مېھمان قىلىش ۋاجىپتۇر. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بۇ ھەقتە توختىلىپ: ئۇ يېرىم يولدا قالغان مۇساپىردۇر. ئۇنىڭغا جاي بېرىش ۋە ئۆيىگىدىن كەتكىچە مېھمان قىلىشىڭ كېرەك، - دېگەن.

[1] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

[2] بۇخارى «ئەلئەدەبۇلمۇفرەد» ناملىق كىتابىدا رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: زەئىپ، - دېگەن.

﴿قـــول ئاســـتىڭلاردىكى قـــۇل - چـــۆرىلەرگە ياخشــــىلىق قىلىڭـــلار﴾ دېـــگەن ئـــايەتتىن ئۇلارنىـــڭ ئـــوزۇق - تۈلـــۈكىنى ياخشـــىلاپ بېـــرىش، خاتالىقلىرىنى ئەپۇ قىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئىبنـــى ئاببـــاس رەزىيەللاھـــۇ ئەنھۇمـــا: ﴿شۈبھىســـىزكى، اللە مـــۇتەكەببىر ماختانچـــاقنى ياقتۇرمايـــدۇ﴾ دېـــگەن ئـــايەت ھەققـــىدە توختىلىـــپ مۇنـــداق دېـــگەن: مـــۇتەكەببىر دېـــگەن ئـــۆزىنى قـــالتىس چـــاغلاپ، اللەنىـــڭ ھەقلىرىنـــى ئـــادا قىلمايـــدىغان كىشـــىدۇر. ماختانچـــاق دېـــگەن اللە بەرگەن نـــېمەت، كـــۈچ ۋە ئىمكـــانىيەتتىن پايـــدىلىنىپ، اللەنىڭ بەندىلىرىگە ماختانغان كىشىدۇر.

ئەبـــۇ ھـــۇرەيرە رەزىيەللاھـــۇ ئەنھـــۇدىن رىـــۋايەت قىلىنىـــدۇكى، پەيغەمـــبەر ســـەللەللاھۇ ئەلەيھـــى ۋەســـەللەم مۇنـــداق دېـــگەن: «ســـىلەردىن ئىلگـــىرى ئـــۆتكەنلەردىن بىـــر يـــاش چىرايلىـــق تـــون كـــيگەن ھالـــدا مۇتەكەببىرلىـــك ۋە ماختانچـــاقلىق بىـــلەن ماڭغـــان ئىـــدى، ئـــۇنى يەر يۇتـــۇپ كەتتـــى. ئـــۇ قىيـــامەت قـــايىم بـــولغىچە يەرنىـــڭ ئاســـتىغا قـــاراپ توختىماي چۆكۈپ تۇرىدۇ»[1].

ئىبنـــى ئـــۆمەر رەزىيەللاھـــۇ ئەنھۇمـــادىن رىـــۋايەت قىلىنىـــدۇكى، پەيغەمـــبەر ســـەللەللاھۇ ئەلەيھـــى ۋەســـەللەم مۇنـــداق دېـــگەن: «كىمكـــى مۇتەكەببىرلىـــك قىلىـــپ كىيىمىنـــى ســـۆرەپ ماڭســـا، قىيـــامەت كـــۈنى اللە تائالا ئۇنىڭغا (رەھمەت) نەزىرى بىلەن قارىمايدۇ»[2].

پەيغەمـــبەر ســـەللەللاھۇ ئەلەيھـــى ۋەســـەللەم دۇنيـــادىن كېـــتىش ئالدىـــدىكى ئـــاخىرقى كېســـەلىدە ئـــۈممىتىگە نامـــازنى ئـــادا قىلىـــش ۋە قـــول ئاســـتىدىكى چـــۆرىلەرگە ياخشـــىلىق قىلىـــش ھەققـــىدە نەســـىھەت قىلىـــپ مۇنـــداق دېـــگەن ئىـــدى: «اللەتـــىن قورقـــۇڭلار، نامـــاز ئوقـــۇش ۋە قـــول ئاســـتىڭلاردىكى قـــۇل - چـــۆرىلەرگە ياخشـــىلىق قىلىـــش ھەققـــىدە اللەتىن قورقۇڭلار»[3].

---

[1] ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى، دارىمى ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

[2] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

[3] ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «قول ئاستىدىكى كىشىلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىش ئامان – ئېسەنلىكتۇر، يامان مۇئامىلە قىلىش شۇملۇقتۇر»[1].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «قول ئاستىدىكى كىشىلەرگە يامان مۇئامىلە قىلغۇچى جەننەتكە كىرمەيدۇ»[2].

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن ماڭا ئائىت بىر قۇلنى قامچا بىلەن ئۇرىۋاتاتتىم. ئارقامدىن:

_ ئى ئەبۇ مەسئۇد! بىلگىنكى، الله تائالا سېنىڭ بۇ قۇلغا ئىشلەتكەن كۈچىڭدىن بەكراق كۈچلۈكتۇر، - دېگەن ئاۋازنى ئاڭلىدىم. شۇ چاغدا مەن:

_ ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى! بۇنىڭدىن كېيىن قۇلۇمنى ھەرگىز ئۇرمايمەن، - دېدىم. يەنە بىر رىۋايەتتە: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى كۆرۈپ سۈر بېسىپ كەتكەنلىكتىن قولۇمدىكى قامچا چۈشۈپ كەتتى، دېيىلگەن. يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: ئۇ، اللەنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ئازاتتۇر، - دېدىم. شۇ چاغدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئەگەر بۇنداق قىلمىغىنىڭدا، قىيامەت كۈنى دوزاخ ئوتى سېنى ئورىۋالاتتى» دېگەن[3].

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى قۇلىنى ناھەق ئۇرسا ياكى دۇمباللىسا، ئۇنىڭ كەففارىتى قۇلنى ئازات قىلىشتۇر»[4].

ھەكىم ئىبنى ھىزام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق

[1] ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: زەئىپ، - دېگەن.
[2] ئىبنى ماجە ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: زەئىپ، - دېگەن.
[3] مۇسلىم، تىرمىزى ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.
[4] مۇسلىم ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

دېگەن: «شەك - شۈبھىسىزكى، الله تائالا دۇنيادا ئىنسانلارنى ئازابلىغان كىشىلەرنى ئاخىرەتتە ئازابلايدۇ»[1].

يەنە بىر ھەدىستە: «كىمكى بىراۋنى ناھەق بىر قامچا ئۇرسا، قىيامەت كۈنىدە ئۇنىڭدىن قىساس ئېلىنىدۇ»[2] دېيىلگەن.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن: خىزمەتكارلىرىمىزنىڭ خاتالىقلىرىنى قانچە قېتىم كەچۈرىمىز؟ - دەپ سورالغانىدى، ئۇ: «كۈندە يەتمىش قېتىم»[3] دەپ جاۋاب بەردى.

بىر كۈنى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قولىدا مىسۋاك بار ئىدى. خىزمەتچىسىنى چاقىردى، ئەمما ئۇ كېچىكىپ كەلدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئەگەر قىساس بولمىسا ئىدى، بۇ مىسۋاك بىلەن سېنى ئۇرغان بولاتتىم»[4] دېدى.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىر نېگىر دېدىكى بار ئىدى. بىر كۈنى ئۇ ئۇنى قامچا بىلەن ئۇرماقچى بولدى - يۇ، لېكىن ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: ئەگەر قىساس بولمىسا ئىدى، سېنى قامچا بىلەن ھوشۇڭدىن كەتكىچە ئۇرغان بولاتتىم. مەن سېنى پۇلنى تولۇق بېرىدىغان زاتقا سېتىۋېتىمەن. ماڭ، كەت! سەن اللهنىڭ رىزاسى ئۈچۈن ئازاتسەن، - دېدى.

بىر ئايال پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

_ ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! مەن چۆرەمنى: ئى زىناخور! دەپ تىللىدىم، - دېگەن ئىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

_ ئۇنىڭ زىنا قىلغىنىنى كۆردىڭىزمۇ؟ - دەپ سورىدى. ئايال:

---

[1] مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

[2] بۇخارى «ئەلئەدەبۇلمۇفرەد» ناملىق كىتابىدا رىۋايەت قىلغان. بەززار ۋە تەبەرانىمۇ رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

[3] تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەد ۋە ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان.

[4] ئىبنى ھەجەر «مەجمەئۇززەۋائىد» ناملىق كىتابىدا بايان قىلغان ۋە: ئەبۇ يەئلا ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان، - دېگەن. ئەلبانى: زەئىپ، - دېگەن.

_ كۆرمىدىم، - دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

_ بىلىپ قويۇڭكى، قىيامەت كۈنى ئۇ سىزدىن ھەققىنى تەلەپ قىلىدۇ، - دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئايال چۆرىسىنىڭ يېنىغا قايتتى ۋە ئۇنىڭغا بىر قامچا بېرىپ:

_ مېنى ئۇرغىن! - دېدى. چۆرىسى ئۇنى ئۇرغىلى ئۇنىمىدى. ئايال ئۇنى ئازات قىلدى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنى ئازات قىلغانلىقىنى ئېيتتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۇمىدكى، ئۇ كەففارەت بولار (يەنى ئۇنى ئازات قىلغانلىقىڭىز ئۇنىڭغا قىلغان تۆھمىتىڭىزگە كەففارەت بولۇشى مۇمكىن)»[1] دېدى.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى قۇلى ياكى چۆرىسىگە تۆھمەت قىلسا، قۇلى ياكى چۆرىسى ئۇنداق بولمىغان تەقدىردە، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا ھەد ئۇرۇلىدۇ»[2].

يەنە بىر ھەدىستە: «قۇل - چۆرىنىڭ يەپ - ئىچىدىغىنى ۋە كىيىدىغىنى خوجايىنىنىڭ بويىنىدىدۇر. قۇل - چۆرە كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا بۇيرۇلمايدۇ»[3] دېيىلگەن.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دۇنيادىن كېتىش ئالدىدىكى كېسەللىدە ساھابىلىرىگە مۇنداق ۋەسىيەت قىلغان ئىدى: «اللهتىن قورقۇڭلار، ناماز ئوقۇش ۋە قول ئاستىڭلاردىكى قۇل - چۆرىلەرگە ياخشىلىق قىلىش ھەققىدە اللهتىن قورقۇڭلار! ئۇلارغا ئۆزەڭلار يېگەن نەرسىلەردىن يېدۈرۈڭلار، ئۆزەڭلار كىيگەن نەرسىلەردىن كىيدۈرۈڭلار. ئۇلارنى قىلالمايدىغان ئىشقا بۇيرۇماڭلار. ئەگەر ئۇلارنى (ئېغىر ئىشقا) بۇيرۇساڭلار، سىلەرمۇ ئۇلارغا ياردەم بېرىڭلار. اللهنىڭ بەندىلىرىگە ئازاب قىلماڭلار.

---

① ھاكىم رىۋايەت قىلغان ۋە: بۇ ھەدىسنىڭ سەنىدى سەھىھتۇر، - دېگەن.

② بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

③ مۇسلىم، مالىك ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

چـــۈنكى، الله ســــلەرنى ئۇلارغـــا خوجـــايىن قىلـــدى. ئەگەر ئـــۇ خالىســـا ئىدى، ئۇلارنى سىلەرگە خوجايىن قىلىپ قوياتتى»[①].

ســــەلمان فارىســــى رەزىيەللاھـــۇ ئەنھـــۇ مەدائىـــن شـــەھىرىنىڭ ئەمىـــرى بولغـــان چاغـــدا ئۇنىـــڭ ئالـــدىغا بىـــر جامـــائەت كىرىـــدۇ. ئـــۇلار ئۇنى خېمىر يۇغۇرۇۋاتقان ھالدا كۆرۈپ:

_ خېمىرنىـــى چـــۆرەڭگە قويـــۇپ بەرســـەڭ بولمامـــدۇ؟ - دەيـــدۇ. سەلمان فارىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

_ بىـــز ئـــۇنى بىـــر ئىشـــقا ئەۋەتتـــۇق. ئۇنىڭغـــا يەنە بىـــر ئىشـــنى يۈكلەشنى مۇناسىپ كۆرمىدۇق، - دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

بەزى ســـەلەفلەر مۇنـــداق دەيـــدۇ: قـــۇل - چـــۆرىنى ھەربىـــر خاتـــالىقى ئۈچـــۈن ئۇرماســـتىن، ئېســـىدە ســـاقلاپ قـــويغىن. ئەگەر ئـــۇ اللهقـــا ئاســـىيلىق قىلســـا، شـــۇ چاغـــدا ئـــۇنى ئـــۇرغىن ۋە ســـېنىڭ ئالدىڭـــدا ئۆتكۈزگەن بۇرۇنقى خاتالىقلىرىنى ئەسلىتىپ قويغىن.

*****

قـــۇل ۋە چـــۆرىگە قىلىنغـــان ئەڭ چـــوڭ يامـــانلىقتىن بىـــرى، ئۇنىـــڭ بىـــلەن بالىســـىنى يـــاكى ئۇنىـــڭ بىـــلەن قېرىندىشـــىنى بىـــر - بىرىـــدىن ئايرىۋېتىشـــتۇر. پەيغەمـــبەر ســـەللاللاھۇ ئەلەيھـــى ۋەســـەللەم بـــۇ ھەقـــتە مۇنـــداق دەيـــدۇ: «كىمكـــى ئانـــا بىـــلەن بـــالىنى بىـــر - بىرىـــدىن ئايرىۋەتســـە، الله تائـــالا قىيـــامەت كـــۈنى ئـــۇنى ئەڭ ياخشـــى كۆرىـــدىغان كىشىلىرىدىن ئايرىۋېتىدۇ»[②].

ئەلـــى رەزىيەلاھـــۇ ئەنھـــۇ مۇنـــداق دەيـــدۇ: پەيغەمـــبەر ســـەللاللاھۇ ئەلەيھـــى ۋەســـەللەم ماڭـــا ئاكـــا - ئۇكـــا ئىككـــى قـــۇلنى بەرگەن ئىـــدى. مەن ئـــۇ ئىككىســـىنىڭ بىرىنـــى ســـاتتىم. پەيغەمـــبەر ســـەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇنى ئاڭلاپ: «ئۇنى قايتۇرىۋالغىن!»[③] دېدى.

قـــۇل - چـــۆرىلەرنى ۋە ھـــايۋانلارنى ئـــاچ قويـــۇش ئۇلارغـــا بېـــرىلگەن ئەڭ چـــوڭ ئەزىيەتلەردىنـــدۇر. پەيغەمـــبەر ســـەللاللاھۇ ئەلەيھـــى

[①] ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

[②] تىرمىزى، دارىمى، ئەھمەد ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

[③] تىرمىزى، ئىبنى ماجە ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان. ئىبنى مەئىن: زەئىپ، - دېگەن.

ۋەسسەللەم بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «قول ئاستىدىكى كىشىلەرنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكىنى ئۈزۈپ ئاچ قويۇش، ئىنساننىڭ گۇناھكار بولۇشىغا يېتەرلىكتۇر».

ھايۋانلارنى قاتتىق ئۇرۇش، سولاپ قويۇش، يېتەرلىك يەم - خەشەك بەرمەسلىك ۋە كۆتۈرەلمەيدىغان ئېغىر يۈكلەرنى ئارتىش قاتارلىقلارمۇ ئۇلارغا بىرلىگەن ئەزىيەتتۇر. اللە تائالانىڭ: ﴿وَمَا مِن دَآبَّةٍ فِي الأَرْضِ وَلاَ طَائِرٍ يَطِيرُ بِجَنَاحَيْهِ إِلاَّ أُمَمٌ أَمْثَالُكُم﴾ ﴿مەيلى يەر يۈزىدە ماڭىدىغان ھايۋان بولسۇن، مەيلى ئىككى قانىتى بىلەن ئۇچىدىغان ئۇچار قۇش بولسۇن، ھەممىسى سىلەرگە ئوخشاش ئۈممەتلەردۇر (يەنى اللە تەرىپىدىن يارىتىلغان مەخلۇقلاردۇر)﴾[1] دېگەن سۆزىنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دېيىلگەن: قىيامەت كۈنى ئىنسانلار مەھشەرگاھ مەيدانىغا توپلانغاندا ھايۋانلار ئېلىپ كېلىنىپ، ئۇلار ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ. ھەتتا مۈڭگۈزلۈك قويدىن مۈڭگۈزسىز قوينىڭ ھەققى ئېلىپ بېرىلىدۇ. چۈمۈلىدىنمۇ چۈمۈلىنىڭ قىساسى ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئاندىن ئۇلارغا: تۇپراق بولۇپ كېتىڭلار، - دېيىلىدۇ. بۇنى كۆرگەن ھەربىر كاپىر: ﴿يَا لَيْتَنِي كُنتُ تُرَابًا﴾ ﴿كاشكى مەن تۇپراق بولۇپ كەتكەن بولسامچۇ!﴾[2] دەيدۇ[3].

مانا بۇ شۇنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، ھايۋانلار بىلەن ھايۋانلار ئوتتۇرىسىدا ۋە ھايۋانلار بىلەن ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ. ھەتتا بىر ئىنسان بىرەر ھايۋاننى ناھەق ئۇرسا، يا ئاچ قويسا، يا سۇسىز قويسا، يا كۆتۈرەلمەيدىغان يۈكنى ئارتسا، قىيامەت كۈنى ئۇ ھايۋان ئۇ ئىنساندىن ئۇنىڭ زۇلمىغا چۈشلۇق قىساس ئالىدۇ. بۇنىڭغا سەھىھ بۇخارى ۋە سەھىھ مۇسلىمدا ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان مۇنۇ ھەدىس دەلىل بولىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «بىر ئايال بىر مۈشۈكنى باغلاپ قويۇپ، ئاچلىقتىن ئۆلتۈرۈپ

---

[1] سۈرە ئەنئام، 38 ـ ئايەت.

[2] سۈرە نەبەئ، 40 ـ ئايەت.

[3] بۇ ھەدىسنىڭ ئالدىنقى قىسمىنى ئىمام مۇسلىم قىسقىچە قىلىپ رىۋايەت قىلغان. قالغان قىسمىنى ئىمام تەبەرى مەزكۇر ئايەتنىڭ تەپسىرىدە نەقىل قىلغان.

قويغانلىقى، ئۇنىڭغا نە يەيدىغان نەرسە، نە سۇ بەرمىگەنلىكى ياكى ئۇنى زېمىندىن ھاشارەت تۇتۇپ يېيىشكە قويۇپ بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن ئازابقا دۇچار بولدى»[①].

سەھىھ بۇخارى ۋە سەھىھ مۇسلىمدا رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دوزاختا بىر ئايالنىڭ ئىبسىپ قويۇلغانلىقىنى، بىر مۈشۈكنىڭ ئۇنىڭ يۈزىنى ۋە كۆكرىكىنى تاتىلاۋاتقانلىقىنى كۆرگەن. چۈنكى ئۇ ئايال دۇنيادىكى چېغىدا ئۇ مۈشۈكنى سولاپ ۋە ئاچ قويۇپ قىينىغان ئىكەن. شۇڭا ئۇ مۈشۈك ئۇنىڭدىن ئۆچىنى ئېلىۋاتاتتى[②].

بۇ ھۆكۈم باشقا بارلىق ھايۋانلار ھەققىدىمۇ كۈچكە ئىگە. شۇنىڭدەك، كىمكى ھايۋانغا تاقەتتىن كۆپ يۈك يۈكلىسە، قىيامەت كۈنى ئۇ ئۇنىڭدىن قىساس ئالىدۇ. سەھىھ بۇخارى ۋە سەھىھ مۇسلىمدا رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «(ئىسرائىل ئەۋلادلىرى زامانىسىدا) بىر كىشى كالىسىنى ھەيدەپ كېتىۋېتىپ ئۇنىڭغا مىنىۋالغان ۋە ئۇنى ئۇرغان ئىكەن، كالا زۇۋانغا كېلىپ: بىز بۇنىڭ ئۈچۈن يارىتىلمىدۇق، يەر ھەيدەش ئۈچۈن يارىتىلدۇق» دەپتىكەن[③].

الله تائالا بۇ كالىنى دۇنيادا سۆزلەتكەن بولۇپ، ئۇ ئۆزىگە ئەزىيەت بېرىلمەسلىكى ۋە نېمىگە يارىتىلغان بولسا شۇنىڭغا ئىشلىتىلىشىنىڭ لازىملىقىنى ئېيتىپ، ئۆزىنى ھىمايە قىلغان. كىمكى ئۇنى تاقەتتىن تاشقىرى ئىشلارغا سالسا ياكى ناھەق ئۇرسا، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭدىن زۇلمىغا چۇشلۇق قىساس ئالىدۇ.

ئەبۇ سۇلايمان دارانى مۇنداق دەيدۇ: مەن بىر قېتىم ئېشەككە مىنىپ، ئۇنى ئىككى ياكى ئۈچ قېتىم ئۇرغان ئىدىم. ئېشەك بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا قاراپ تۇرۇپ:

ـ ئى ئەبۇ سۇلايمان! قىيامەت كۈنى بۇنىڭ قىساسى ئېلىنىدۇ. خالىساڭ ئاز ئۇر، خالىساڭ كۆپ ئۇر، - دېدى. مەن:

① بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

② ئىمام بۇخارى، ئىبنى ماجە ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

③ ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

_ بۇنىڭدىن كېيىن ھېچ نەرسىنى ئۇرمايمەن، - دېدىم.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما قۇرەيش قەبىلىسىدىن بىر توپ باللارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇلارنىڭ بىر قۇشنى نىشان قىلىپ ئوق ئېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. قۇشنى سوقالمىغان ھەربىر بالا ئوقنى قۇشنىڭ ئىگىسىگە بېرىش ئۈچۈن كېلىشكەن ئىدى. باللار ئىبنى ئۆمەرنى كۆرۈش بىلەن تەڭ قېچىپ كەتتى. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: بۇنى كىم قىلدى؟ بۇنى كىم قىلغان بولسا، اللهنىڭ لەنىتى ئۇنىڭغا بولسۇن! پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جانلىق نەرسىنى نىشان قىلغان كىشىگە لەنەت قىلغان ئىدى[1]، - دېدى.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھايۋانلارنى سولاپ قويۇپ ئۆلتۈرۈشتىن توسقان ئىدى[2]. گەرچە ئۇ، يىلان، چايان، چاچقان، غالجىر ئىت قاتارلىقلارغا ئوخشاش، شەرىئەتتە ئۇنجى قېتىم كۆرگەندە ئۆلتۈرۈش رۇخسەت قىلىنغان ھايۋانلاردىن بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنى قىيناپ ئۆلتۈرۈشكە بولمايدۇ. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئۆلۈمگە لايىق بىرىنى ئۆلتۈرگەن چېغىڭلاردا، ئەڭ ياخشى شەكىلدە (يەنى جېنى ئەڭ ئاسان چىقىدىغان شەكىلدە) ئۆلتۈرۈڭلار. ھايۋاننى بوغۇزلىغان چېغىڭلاردا، ئەڭ ياخشى شەكىلدە بوغۇزلاڭلار. پىچىغىڭلارنى بىلەڭلار، بوغۇزلايدىغان ھايۋاننى قىينىۋەتمەڭلار»[3].

شۇنىڭدەك، جانلىق مەخلۇقاتلارنى كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈش مەنئى قىلىندۇ. سەھىھ بۇخارىدا رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مەن سىلەرگە پالانچى ۋە پوكۇنچىنى ئوتتا كۆيدۈرۈۋېتىشكە بۇيرىغان ئىدىم. ئوت بىلەن ئازابلاش پەقەت اللهنىڭ ھەققىدۇر. شۇڭا ئۇ ئىككىسىنى تاپساڭلار ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار»[4].

---

[1] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

[2] ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، نەسائى، ئىبنى ماجە ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

[3] مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسائى ۋە دارىمى رىۋايەت قىلغان.

[4] ئىمام بۇخارى، تىرمىزى، دارىمى ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆلتۈرۈشكە بۇيرىغان بۇ ئىككى كىشى ھۇبەر ئىبنى ئەسۋەد بىلەن ئۇنىڭ دوستى بولۇپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىزى زەينەب بەدىر ئۇرۇشىدىن كېيىن مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كېتىۋاتقاندا، بۇلار ئۇنىڭ تۆگىسىنى ئۈركۈتىۋەتكەن ئىدى. زەينەب تۆگىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ، كېسەل بولغان. ئاخىرى شۇ كېسىلدە ۋاپات بولۇپ كەتكەن. بۇ ۋەقە مەشھۇر بولۇپ، ئىبنى ئىسھاق تارىخىدا تەپسىلى بايان قىلىنغان.

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز بىر سەپەردە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە ئىدۇق. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھاجەت قىلىش ئۈچۈن كېتىپ قالدى. شۇ ئەسنادا بىز بىر قۇشنى كۆرۈپ قالدۇق، ئۇنىڭ ئىككى چۈجىسى بار ئىدى. بىز چۈجىلەرنى تۇتىۋالدۇق. قۇش يېنىمىزغا كېلىپ، ئەتراپىمىزدا ساراپ يۈرەتتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېلىپ: «بۇ قۇشنى چۈجىلىرىدىن كىم ئايرىۋەتتى؟ ئۇنىڭ چۈجىلىرىنى قويۇپ بېرىڭلار؟» دېدى.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چۈمۈلىلەرنىڭ بىز كۆيدۈرۈۋەتكەن ئۇۋىلىرىنى كۆرۈپ:

_ بۇنى كىم كۆيدۈردى؟ - دېدى. بىز:

_ بىز كۆيدۈرۈۋەتتۇق، - دېگەن ئىدۇق، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

_ ھېچكىمنىڭ جانلىقلارنى ئوت بىلەن ئازابلىشى توغرا ئەمەس. ئوت بىلەن پەقەت ئوتنىڭ پەرۋەردىگارى ئازابلايدۇ، - دېدى[1]. بۇ ھەدىس ھەرقانداق جانلىقنى، ھەتتا پىت ۋە بۈرگە چاغلىق نەرسىنىمۇ ئوت بىلەن كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈشتىن چەكلەيدۇ.

*****

بىرەر جانلىقنى بىكاردىن - بىكارغا ئۆلتۈرۈش مەكرۇھتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمكى بىرەر قۇچقاچنى بىكاردىن - بىكارغا ئۆلتۈرسە، قىيامەت كۈنى ئۇ قۇشقاچ اللهقا ئەرز قىلىپ: ئى پەرۋەردىگارىم! بۇ ئادەمدىن سوراپ باققىنكى، نېمە ئۈچۈن مېنى پايدىلىنىش ئۈچۈن ئەمەس، بىكاردىن - بىكارغا ئۆلتۈردى؟ دەيدۇ[2].

قۇشنى چۈجىلىرى ۋە باشقىلىرىنىڭ ئالدىدا ئۇۋۇلاش مەكرۇھتۇر. شۇنىڭدەك، بىرەر ھايۋاننى ئانىسىنىڭ ئالدىدا بوغۇزلاش مەكرۇھتۇر. ئىبراھىم ئىبنى ئەدھەم (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: بىر

[1] ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەد ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان. ئىمام بۇخارىمۇ «ئەلئەدەبۇلمۇفرەد» ناملىق كىتابىدا رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

[2] نەسائى ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: زەئىپ، - دېگەن.

كىشى بىر مىزانى ئىنساننىڭ ئالدىدا بوغۇزلىغان ئىدى. كېيىن الله تائالا ئۇنىڭ قولىنى پالەچ قىلىپ قويىدى.

*****

**قۇل ئازات قىلىشنىڭ پەزىلىتى:** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىر مۇئمىن قۇلنى ئازات قىلسا، الله تائالا ئۇنىڭ ھەربىر ئەزاسى ئۈچۈن ئازات قىلغۇچىنىڭ ھەربىر ئەزاسىنى دوزاختىن خالاس قىلىدۇ. ھەتتاكى ئەۋرىتى ئۈچۈن ئەۋرىتىنى ئازات قىلىدۇ»[1].

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «قانداق بىر مۇسۇلمان بىر مۇسۇلمان قۇلنى ئازات قىلسا، ئازات قىلىنغان كىشى ئازات قىلغان كىشىنى دوزاخ ئوتىدىن خالاس قىلىدۇ. ئازات قىلىنغان كىشىنىڭ ھەربىر ئەزاسى ئازات قىلغان كىشىنىڭ ھەربىر ئەزاسىنى قۇتقۇزىدۇ. قانداق بىر مۇسۇلمان ئىككى مۇسۇلمان ئايالنى ئازات قىلسا، ئۇ ئىككى ئايال ئۇ كىشىنى دوزاخ ئوتىدىن خالاس قىلىدۇ. شۇنداقلا، ئۇ ئىككى ئايالنىڭ ھەربىر ئەزاسى ئازات قىلغۇچىنىڭ بىر ئەزاسىنى قۇتقۇزىدۇ. قانداق بىر مۇسۇلمان ئايال بىر مۇسۇلمان ئايالنى ئازات قىلسا، ئۇ ئايال ئۇنى دوزاخ ئوتىدىن خالاس قىلىدۇ. ئازات قىلىنغۇچى ئايالنىڭ ھەربىر ئەزاسى ئازات قىلغۇچى ئايالنىڭ ھەربىر ئەزاسىنى قۇتقۇزىدۇ»[2].

ئى الله! بىزنى نىجات تاپقۇچى سالىھ بەندىلىرىڭدىن قىلغىن، ئامىن!

---

[1] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

[2] ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

## ئەللىك ئىككىنچى چوڭ گۇناھ:

## قوشنىغا ئازار بېرىش

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مۆئمىن بولمايدۇ. ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مۆئمىن بولمايدۇ. ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مۆئمىن بولمايدۇ» دېگەن ئىدى، ساھابىلەر:

_ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! كىم مۆئمىن بولمايدۇ؟ - دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

_ يامانلىقلىرى بىلەن قوشنىسىنى ئەمىن قىلمىغان كىشى[1]، - دەپ جاۋاب بەردى.

يەنە بىر رىۋايەتتە: «يامانلىقى بىلەن قوشنىسىنى ئەمىن قىلمىغان كىشى جەننەتكە كىرمەيدۇ»[2] دېيىلگەن.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن: ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئەڭ چوڭ گۇناھ قايسى؟ - دەپ سورالغاندا، ئۇ مۇنۇ ئۈچ گۇناھنى سۆزلەپ بەردى: «بىرى، سېنى ياراتقان ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشۈڭ؛ ئىككىنچى، بالاڭنى بېقىشتىن قورقۇپ ئۆلتۈرۈشۈڭ؛ ئۈچىنچى، قوشناڭنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلىشىڭدۇر»[3].

يەنە بىر ھەدىستە: «كىمكى ئاللاھقا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن بولسا، قوشنىسىغا ئازار بەرمىسۇن!»[4] دېيىلگەن.

قوشنىدارچىلىق مۇنداق ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ: بىرى، ھەم مۇسۇلمان ھەم تۇغقان قوشنا بولۇپ، ئۇنىڭ قوشنىدارچىلىق، مۇسۇلماندارچىلىق ۋە تۇغقاندارچىلىقتىن ئىبارەت ئۈچ خىل ھەققى بار. يەنە بىرى، مۇسۇلمان قوشنا بولۇپ، ئۇنىڭ قوشنىدارچىلىق ۋە

---

[1] بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

[2] مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[3] ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە نەسائى رىۋايەت قىلغان.

[4] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

مۇسۇلماندارچىلىقتىن ئىبارەت ئىككى خىل ھەققى بار. ئۈچىنچى، كاپىر قوشنا بولۇپ، ئۇنىڭ پەقەت قوشنىدارچىلىق ھەققى بار[1].

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ بىر يەھۇدىي قوشنىسى بار ئىدى. قاچانكى قوي سويسا: قويىنىڭ گۆشىدىن يەھۇدىي قوشنىمىزغا ئەچىقىپ بېرىڭلار، - دەيتتى[2].

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنى كەمبەغەل قوشنا باي قوشنىنىڭ پېشىگە ئېسىلىۋېلىپ: ئى پەرۋەردىگارىم! سەن بۇ كىشىدىن سوراپ باققىنكى، ئۇ نېمە ئۈچۈن ئىشىكنى ماڭا تاقاپ، ماڭا بېرىشكە تېگىشلىك ھەققنى بەرمىدى؟ - دەيدۇ»[3].

قوشنا قوشنىنىڭ ئەزىيەتلىرىگە چىداش كېرەك. بۇ ئۇنىڭغا قىلىنغان ياخشىلىقتۇر. بىر كىشى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

_ ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! مېنى ئەمەل قىلسام جەننەتكە كىرىدىغان بىر ئىشقا باشلاپ قويغىن، - دېگەن ئىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

_ ياخشىلىق قىلغۇچى بولغىن، - دېدى. ئۇ كىشى:

_ ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! مەن ياخشىلىق قىلغىنىمنى قانداق بىلىمەن؟ - دەپ سورىغان ئىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

_ قوشنىلىرىڭدىن سورىغىن، ئەگەر ئۇلار سېنى: سەن ياخشىلىق قىلغۇچى دېسە، سەن ياخشىلىق قىلغۇچىسەن. ئەگەر ئۇلار سېنى: سەن يامانلىق قىلغۇچى دېسە، سەن يامانلىق قىلغۇچىسەن[4]، - دەپ جاۋاب بەردى.

---

[1] ئىبنى ھەجەر «مەجمەئۇززەۋائىد» ناملىق كىتابىدا بايان قىلغان ۋە: بەززار رىۋايەت قىلغان، - دېگەن. ئەلبانى، ئەبۇ شەيخ ۋە ئەبۇ نەئىم قاتارلىقلار: بۇ ھەدىس زەئىپتۇر، - دېگەن.

[2] ئىمام بۇخارى «ئەلئەدەبۇلمۇفرەد» ناملىق كىتابىدا رىۋايەت قىلغان. ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزىمۇ رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىس ھەسەندۇر.

[3] بۇخارى «ئەلئەدەبۇلمۇفرەد» ناملىق كىتابىدا رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: زەئىپ، - دېگەن.

[4] ھاكىم رىۋايەت قىلغان ۋە: سەھىھ، - دېگەن.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ئائىلىسىدىكىلەرگە ۋە مال - مۈلكىگە قوشنىسىنىڭ زىيان سېلىشىدىن قورقۇپ ئىشىكىنى تاقىۋالسا، ئۇ قوشنا مۇئمىن ئەمەس. يامانلىقلىرى بىلەن قوشنىسىنى ئەمىن قىلمىغان كىشى مۇئمىن ئەمەس»[1].

رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «ئون ئايال بىلەن زىنا قىلىشنىڭ گۇناھى قوشنىسىنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلىشنىڭ گۇناھىدىن يېنىكراقتۇر. ئون ئۆيگە كىرىپ ئوغرىلىق قىلغانلىقنىڭ گۇناھى قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئوغرىلىق قىلغانلىقنىڭ گۇناھىدىن يېنىكراقتۇر»[2].

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كىشى قوشنىسىدىن شىكايەت قىلىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كەلدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا: «كەتكىن، سەۋر قىلغىن» دېدى. ئۇ كىشى يەنە ئىككى ياكى ئۈچ قېتىم شىكايەت قىلىپ كەلگەن ئىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا: «سەن بېرىپ، نەرسە - كېرەكلىرىڭنى يولغا ئەچىقىپ تاشلىغىن» دېدى. ئۇ كىشى شۇنداق قىلدى. كىشىلەر ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىغان ئىدى، ئۇ ئۇلارغا قوشنىسىنىڭ ئەسكىلىكلىرىنى ئېيتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن، يولدىن ئۆتكەن – كەچكەنلەر ئۇنىڭ قوشنىسىنى لەنەتلەشكە باشلىدى ۋە: الله ئۇنى ئۇنداق قىلسۇن، الله ئۇنى مۇنداق قىلسۇن! - دەپ بەتدۇئا قىلدى. ئاخىرى قوشنىسى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ: ئى قېرىندىشىم! ئۆيىڭگە قايتقىن، بۇنىڭدىن كېيىن مەندىن ھەرگىز يامانلىق كۆرمەيسەن، - دېدى[3].

قوشنا زىممىي بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ يامانلىقىغا سەۋر قىلىش لازىم. رىۋايەت قىلىنىشىچە، سەھل ئىبنى ئابدۇللاھ

[1] ھەيسەمى بۇ ھەدىسنى ئىككى ھەدىستىن جەملەپ بايان قىلغان بولۇپ، زەئىپ ھەدىستۇر.
[2] بۇخارى «ئەلئەدەبۇلمۇفرەد» ناملىق كىتابىدا رىۋايەت قىلغان. تەبەرانىمۇ رىۋايەت قىلغان.
[3] ئەبۇ داۋۇد ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان. ئىمام بۇخارىمۇ «ئەلئەدەبۇلمۇفرەد» ناملىق كىتابىدا رىۋايەت قىلغان.

تەسەتتۇرنىڭ (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) بىر زىممىي قوشنىسى بار ئىكەن. سەھلنىڭ بىر ئىغىزلىق ئۆيىگە قوشنىسىنىڭ ھاجەتخانىسىدىن پوق – سۈيدۈك تامچىلاپ ئاقىدىكەن. سەھل ھەر كۈنى ئۇ ئۆيىگە بىر قازاننى قويۇپ قويىدىكەن. قوشنىسىنىڭ ھاجەتخانىسىدىن ئىقىپ، قازانغا يىغىلغان پوق - سۈيدۈكنى كىچىسى ھېچكىمگە كۆرسەتمەي سىرتقا ئىلىپ چىقىپ تۆكىدىكەن. سەھل بۇ ئىشنى ئۇزۇن مۇددەتكىچە داۋام قىلىپتۇ. ئۇ ئاخىرى سەكراتقا چۈشۈپتۇ ۋە قوشنىسىنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا:

_ ئاۋۇ ئۆيگە كىرىپ قاراپ باققىن، - دەپتۇ. قوشنىسى ئۇ ئۆيگە كىرىپ قارىغىدەك بولسا، ئۆزىنىڭ ئۆيى تەرەپتىن قازانغا تامچىلاپ چۈشىۋاتقان پوق – سۈيدۈك ۋە مەينەتچىلىكنى كۆرۈپتۇ ۋە:

_ بۇ نىمە ئىش؟ - دەپ سوراپتۇ. سەھل:

_ ئۇزۇندىن بىرى سىنىڭ ئۆيۈڭدىن ئاشۇنداق ئىقىپ چۈشىۋاتىدۇ، كۈندۈزى يىغىلغان پوق - سۈيدۈكنى كىچىسى تۆكىمەن. ئەجىلىم يىقىنلىشىپ قالمىغاندا ئىدى، ساڭا ئىيتماس ئىدىم. باشقىلار بۇ ئىشقا چىدىيالماسلىقى مۇمكىن. ئەمدى بۇنىڭ چارىسىنى قىلغىن، - دەپتۇ. قوشنىسى:

_ ئى شەيخ! سەن ئۇزۇندىن بىرى ماڭا مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلغان تۇرساڭ، مەن ھېلىغىچە كۇپرىدا ياشايمەنمۇ؟ ماڭا قولۇڭنى بەر، گۇۋاھلىق بىرىمەنكى، اللەتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ پەيغەمبىرىدۇر، - دەپ ئىمان كەلتۈرۈپتۇ. كىيىن، سەھل ئىبنى ئابدۇللاھ تەسەتتۇرى ۋاپات بولۇپتۇ[1] .

اللە تائالادىن بىزنى ۋە سىلەرنى ئەڭ ياخشى ئەخلاقتا ساھىب بولۇشقا، شۇنداقلا، ئەڭ ياخشى ئەمەل ۋە ئەڭ ياخشى سۆز قىلىشقا يىتەكلىشىنى، ئاقىۋەتىمىزنى خەيرلىك قىلىشىنى تىلەيمىز. ئۇ ناھايىتى سېخى، ناھايىتى كۆيۈمچان ۋە ناھايىتى مېھرىباندۇر.

[1] بۇ قىسسىنىڭ سەنەدى يوق.

## ئەللىك ئۈچىنچى چوڭ گۇناھ:

## مۇسۇلمانلارغا ئازار بېرىش ۋە ئۇلارنى ھاقارەتلەش

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالَّذِينَ يُؤْذُونَ الْمُؤْمِنِينَ وَالْمُؤْمِنَاتِ بِغَيْرِ مَا اكْتَسَبُوا فَقَدِ احْتَمَلُوا بُهْتَانًا وَإِثْمًا مُّبِينًا﴾ ﴿مۇئمىن ئەرلەر ۋە مۇئمىن ئاياللارغا قىلمىغان ئىشلارنى (چاپلاپ) ئۇلارنى رەنجىتىدىغانلار (شۇ) بوھتاننى ۋە روشەن گۇناھنى ئۈستىگە ئارتىۋالغان بولىدۇ﴾[1]؛ ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا يَسْخَرْ قَوْمٌ مِّن قَوْمٍ عَسَى أَن يَكُونُوا خَيْرًا مِّنْهُمْ وَلَا نِسَاءٌ مِّن نِّسَاءٍ عَسَى أَن يَكُنَّ خَيْرًا مِّنْهُنَّ وَلَا تَلْمِزُوا أَنفُسَكُمْ وَلَا تَنَابَزُوا بِالْأَلْقَابِ بِئْسَ الِاسْمُ الْفُسُوقُ بَعْدَ الْإِيمَانِ وَمَن لَّمْ يَتُبْ فَأُولَئِكَ هُمُ الظَّالِمُونَ﴾ ﴿ئى مۇئمىنلەر! بىر قەۋم يەنە بىر قەۋمنى (يەنى بىر جامائە يەنە بىر جامائەنى، بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنى) مەسخىرە قىلمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغان قەۋم (اللەنىڭ نەزىرىدە) مەسخىرە قىلغۇچى قەۋمدىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن. سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئاياللارمۇ ئۆزئارا مەسخىرە قىلىشمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغۇچى ئاياللار (اللەنىڭ دەرگاھىدا) مەسخىرە قىلغۇچى ئاياللاردىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن. بىر - بىرىڭلارنى ئەيىبلىمەڭلار، بىر - بىرىڭلارنى يامان لەقەم بىلەن چاقىرىشماڭلار، ئىماندىن كېيىن پىسىقى بىلەن ئاتاش (يەنى مۇئمىننى پاسىق) دەپ ئاتاش نېمىدېگەن يامان! (بۇنداق نەھيى قىلىنغان ئىشلاردىن) تەۋبە قىلمىغانلار زالىملاردۇر﴾[2].

اللە تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا تَجَسَّسُوا وَلَا يَغْتَب بَّعْضُكُم بَعْضًا﴾ ﴿(مۇئمىنلەرنىڭ ئەيىبىنى) ئىزدىمەڭلار، بىر - بىرىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار﴾[3].

---

[1] سۈرە ئەھزاب، 58 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ھۇجۇرات، 11 ـ ئايەت.

[3] سۈرە ھۇجۇرات، 12 ـ ئايەت.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ نەزىرىدە كىشىلەرنىڭ ئەڭ يامىنى كىشىلەر ئۇنىڭ يامانلىقىدىن قورقۇپ، تەرك ئەتكەن كىشىدۇر»[1]؛ «ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى... ئاللاھ تائالا گۇناھلارنى ئەپۇ قىلىدۇ، پەقەت بۇرادىرىنىڭ ئابرۇيىنى تۆككەن كىشىنىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىلمايدۇ. (ئاللاھنىڭ ئۇنىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىلمىغانلىقى) ئۇنىڭ ھالاك بولغانلىقىدۇر»[2].

بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «ھەرقانداق مۇسۇلمانغا يەنە بىر مۇسۇلماننىڭ قېنىنى تۆكۈش، مېلىنى ئېلىۋېلىش ۋە ئابرۇيىنى تۆكۈش ھارامدۇر»[3].

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «بىر مۇسۇلمان يەنە بىر مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر. شۇڭا ئۇ ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلمايدۇ، ئۇنى قىيىن ئەھۋالدا تاشلاپ قويمايدۇ، مەسخىرە قىلمايدۇ. بىراۋنىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىنى مەسخىرە قىلىشى ئۇنىڭ ئۆچۈن يېتەرلىك يامانلىقتۇر»[4]؛ «مۇسۇلماننى تىللاش پاسىقلىقتۇر. ئۇنى ئۆلتۈرۈش كۇپرىلىقتۇر»[5].

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كىشى:

_ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! پالانچى ئايال كېچىسى ناماز ئوقۇيدۇ، كۈندۈزى روزا تۇتىدۇ. بىراق، تىلى بىلەن قوشنىسىغا ئازار بېرىدۇ، - دېگەن ئىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

_ ئۇنىڭدا ياخشىلىق يوق، ئۇ دوزاخقا كىرىدۇ[6]، - دېدى.

يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «ئۆلگەنلەرنىڭ ياخشىلىقلىرىنى ئەسلەڭلار، يامانلىقلىرىنى يېپىڭلار»[7].

---

[1] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.
[2] ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: زەئىپ، - دېگەن.
[3] مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.
[4] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.
[5] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[6] ھاكىم ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.
[7] ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: زەئىپ، - دېگەن.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى بىر كىشىگە كۇپرىنى نىسبەت بېرىپ چاقىرسا ياكى: ئى ئاللاھنىڭ دۈشمىنى دېسە، ئەگەر ئۇ كىشى شۇنداق بولمىغان تەقدىردە، بۇ سۆز ئۇنى قىلغۇچىنىڭ ئۆزىگە قايتىدۇ»[1].

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دەيدۇ: «مىراج كېچىسى بىر قەۋمنىڭ يېنىدىن ئۆتتۈم. ئۇلارنىڭ مىستىن تىرناقلىرى بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن يۈزلىرىنى ۋە مەيدىلىرىنى تاتىلايتتى. مەن:

_ ئى جىبرىئىل! بۇلار كىملەر؟ - دەپ سورىسام، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام:

_ بۇلار ئىنسانلارنىڭ گۆشلىرىنى يېگەن (يەنى غەيۋەت قىلغان) ۋە ئىنسانلارنىڭ ئابرۇيىغا تىل تەككۈزگەن كىشىلەردۇر، - دەپ جاۋاب بەردى»[2].

*****

**مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بۇزۇشتىن ۋە ھايۋانلارنى بىر - بىرى بىلەن سوقۇشتۇرۇشتىن ئاگاھلاندۇرۇش توغرىسىدا:**

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «شەيتان ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ناماز ئوقۇيدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزىگە چوقۇنۇشىدىن ئۈمىدىنى ئۈزدى. ئەمما ئۇلارنىڭ ئارىسىنى بۇزۇشتىن ئۈمىدىنى ئۈزمىدى».

ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىنى بۇزۇپ، بىرىنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىدىغان گەپنى توشىغان ھەرقانداق كىشى چېقىمچىدۇر. ئۇنداق كىشى ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئەسكىسى بولۇپ، شەيتاننىڭ ئەسكىرىدۇر. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلىرىگە:

_ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئەڭ يامان كىشىلەرنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ - دېگەن ئىدى، ئۇلار:

---

[1] مۇسلىم ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

[2] ئەبۇ داۋۇد ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

_ شۇنداق قىلغىن، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! - دېدى.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

_ سىلەرنىڭ يامىنىڭلار گەپ توشۇپ چېقىمچىلىق قىلىدىغان، دوستلارنىڭ ئارىسىنى بۇزىدىغان، ياخشىلارنىڭ كەمچىلىكلىرىنى ئىزدەپ يۈرىدىغان كىشىلەردۇر[1]، - دېدى.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «چېقىمچى جەننەتكە كىرمەيدۇ»[2]. چېقىمچى _ ئىنسانلار ياكى دوستلار ۋەياكى ئىككى كىشى ئارىسىدا: پالانچى سېنى ئۇنداق دېدى، پوكۇنچى مۇنداق دېدى، - دەپ قارشى تەرەپنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىدىغان، ئوتتۇرىدا دۈشمەنلىك پەيدا قىلىدىغان سۆزلەرنى توشۇيدىغان كىشىدۇر. ئەمما بىرەر پايدا — مەنپەئەت كۆزدە تۇتۇلغاندا، مەسىلەن، بىرەر يامانلىقنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن گەپ يۆتكىسە، گۇناھ بولمايدۇ.

توخۇ سوقۇشتۇرۇش، قوچقار سوقۇشتۇرۇش، ئىت تالاشتۇرۇش قاتارلىقلارغا ئوخشاش ھايۋانلارنى بىر - بىرى بىلەن سوقۇشتۇرۇش ھارامدۇر. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق ئىشلارنى قىلىشنى توسقان. شۇڭا، كىمكى بۇ ئىشلارنى قىلسا، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ. ئايالنى ئېرىگە قارشى، قۇلنى خوجايىنىغا قارشى بۇزۇشمۇ ھارامدۇر. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ئايالنى ئېرىگە، قۇلنى خوجايىنىغا قارشى بۇزغان كىشى لەنەتلەنگۈچىدۇر»[3]. بۇنداق ئىشلاردىن ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمىز.

*****

[1] بۇخارى «ئەلئەدەبۇلمۇفرەد» ناملىق كىتابىدا رىۋايەت قىلغان. ئىمام ئەھمەدمۇ رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: زەئىپ، - دېگەن. كېيىن ئۇ بۇ ھەدىسنى تېخىمۇ تەتقىق قىلىپ: مۇشۇ مەزمۇندا باشقا ھەدىس بار، شۇڭا بۇ ھەدىسنىڭ دەرىجىسى ھەسەنگە كۆتۈرۈلۈشى مۇمكىن، - دېگەن.

[2] ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

[3] ئەبۇ داۋۇد ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان، لېكىن: «لەنەتلەنگۈچىدۇر» دېگەن جۈملە: «بىزدىن ئەمەس» دېگەن جۈملە بىلەن رىۋايەت قىلىنغان. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

**كىشىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشقا رىغبەتلەندۈرۈش توغرىسىدا:**

ﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لاَّ خَيْرَ فِي كَثِيرٍ مِّن نَّجْوَاهُمْ إِلاَّ مَنْ أَمَرَ بِصَدَقَةٍ أَوْ مَعْرُوفٍ أَوْ إِصْلاَحٍ بَيْنَ النَّاسِ وَمَن يَفْعَلْ ذَلِكَ ابْتَغَاء مَرْضَاتِ اللّهِ فَسَوْفَ نُؤْتِيهِ أَجْرًا عَظِيمًا﴾ ﴿ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن سۆھبەتلىرىنىڭ تولىسىدا خەيرىيەت يوقتۇر. پەقەت سەدىقىگە ياكى ياخشىلىققا ياكى كىشىلەرنى ئەپلەشتۈرۈشكە ئەمر قىلغان كىشىلەر (نىڭ يوشۇرۇن سۆھبىتى) بۇنىڭدىن مۇستەسنا. كىمكى ئۇ (ئىش)لارنى ﷲنىڭ رازىلىقىنى تىلەش يۈزىسىدىن قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا بۈيۈك ئەجىر ئاتا قىلىمىز﴾[1].

مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى بارلىق ئىنسانلارغا ئومۇمىيۈزلۈك قارىتىلىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئۆزئارا، بىر - بىرى بىلەن پىچىرلاشقان سۆزلىرى ۋە يوشۇرۇن قىلىشقان گەپلىرىدە ھېچقانداق ياخشىلىق يوق. پەقەت ياخشى ئىشلار ئۈچۈن پىچىرلاشقان ۋە يوشۇرۇن قىلىشقان سۆزلىرى بۇنىڭدىن مۇستەسنا. بۇنىڭ دەلىلى: ﴿پەقەت سەدىقىگە... ئەمر قىلغان﴾ دېگەن ئايەتتۇر.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: ﴿ياكى ياخشىلىققا... ئەمر قىلغان﴾ دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرىدە توختىلىپ: سىلە - رەھىم قىلىش ۋە ﷲقا تائەت – ئىبادەت قىلىش ھەققىدە پىچىرلىشىش ياخشىلىققا ئەمر قىلغانلىق بولىدۇ. ياخشى ئەمەللەرنىڭ ھەممىسى "ياخشىلىق" ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۇنى ئەقىل قوبۇل قىلىدۇ، - دېگەن.

ﷲ تائالانىڭ: ﴿ياكى كىشىلەرنى ئەپلەشتۈرۈشكە ئەمر قىلغان كىشىلەر (نىڭ يوشۇرۇن سۆھبىتى) بۇنىڭدىن مۇستەسنا﴾ دېگەن سۆزىگە كەلسەك، بۇ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەرغىب قىلغان ئىشلاردىن بولۇپ، ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:

[1] سۈرە نىسا، 114 ـ ئايەت.

_ ساڭا سەن ئۇچۇن قىزىل تۆگىدىنمۇ ياخشى سەدىقە يولىنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟ - دېگەن ئىدى، ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

_ ئەلۋەتتە، ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى! - دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

_ ئىنسانلارنىڭ ئارىسى بۇزۇلسا، سەن ئۇلارنى ئىسلاھ قىلغىن. ئۇلار بىر - بىرىدىن يىراقلاشسا، سەن ئۇلارنى يېقىنلاشتۇرغىن![1] - دېدى.

ئۇممۇ ھەبىبە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئادەم بالىسىنىڭ بارلىق سۆزلىرى ئۇنىڭ زىيىنىغا بولىدۇ، ئۇنىڭغا ھېچ پايدا كەلتۈرمەيدۇ. پەقەت ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش ۋە اللەنى زىكىر قىلىش بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر»[2].

رىۋايەت قىلىنىشچە، بىر كىشى سۇفيان سەۋرىگە:

_ بۇ ھەدىسنىڭ ھۆكمى ئەجەپ ئېغىركىنە؟! - دېگەن ئىكەن، سۇفيان سەۋرى:

_ سەن اللە تائالانىڭ: ﴿لاَّ خَيْرَ فِي كَثِيرٍ مِّن نَّجْوَاهُمْ إِلاَّ مَنْ أَمَرَ بِصَدَقَةٍ أَوْ مَعْرُوفٍ﴾ ﴿ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن سۆھبىتىنىڭ تولىسىدا خەيرىيەت يوقتۇر. پەقەت سەدىقىگە ياكى ياخشىلىققا ياكى كىشىلەرنى ئەپلەشتۈرۈشكە ئەمىر قىلغان كىشىلەر (نىڭ يوشۇرۇن سۆھبىتى) بۇنىڭدىن مۇستەسنا﴾ دېگەن سۆزىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ ئۇ ھەدىس بۇ ئايەتنىڭ ئۆزى ئەمەسدۇر، - دەپتۇ.

اللە تائالا مەزكۇر ئايەتتە ئىنسانلارغا ئۇنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ قىلغان ئىشلارنىڭ مەنپەئەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَن يَفْعَلْ ذَلِكَ ابْتَغَاء مَرْضَاتِ اللّهِ فَسَوْفَ نُؤْتِيهِ أَجْرًا عَظِيمًا﴾ ﴿كىمكى ئۇ (ئىش)لارنى اللەنىڭ رازىلىقىنى تىلەش يۈزىسىدىن قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا بۈيۈك ئەجىر ئاتا قىلىمىز﴾. بىر ھەدىستە

[1] ھەيسەمى «مەجمەئۇززەۋائىد» ناملىق كىتابىدا بايان قىلغان ۋە: بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئابدۇرراھمان ئىبنى ئابدۇللاھ ئۇمەرى ئىسىملىك ھەدىسى مەترۇك بىرى بار، - دېگەن.

[2] تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: زەئىپ، - دېگەن.

مۇنداق دېيىلىدۇ: «ياخشى گەپ يۈتكەپ ياكى ياخشى سۆز قىلىپ، ئىنسانلارنىڭ ئارىسىنى ئەپلەشتۈرگەن كىشى يالغانچى ئەمەس»[①].

ئۇممۇ كۇلسۇم رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىنسانلارغا مۇنۇ ئۈچ ئىشتىن باشقا ئىشتا يالغان سۆزلىشىگە رۇخسەت بەرگىنىنى ئاڭلاپ باقمىدىم: بىرى، ئۇرۇشتا؛ ئىككىنچىسى، ئىنسانلار ئارىسىنى ئەپلەشتۈرۈشتە؛ ئۈچىنچىسى، ئەرنىڭ ئايالىغا، ئايالىنىڭ ئېرىگە (ئائىلىسى بۇزۇلۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) يالغان سۆزلىشى جايىزدۇر.

سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، بىر قېتىم ئەمر ئىبنى ئەۋف قەبىلىسى ئىچىدە جېدەل چىققان ئىدى. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ئەپلەشتۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن بىرقانچە ساھابىلەر بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭ يېنىغا بارغان[②].

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ناماز ئۈچۈن يول مېڭىش، ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىنى ئەپلەشتۈرۈش ۋە مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى ياخشى ئەخلاقتىن ئەۋزەل ئەمەل يوق»[③].

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىنى ئىسلاھ قىلسا، اللە ئۇنىڭ ئىشىنى ئوڭۇشلۇق قىلىدۇ. (ياراشتۇرۇش ئۈچۈن) سۆزلىگەن ھەربىر سۆزنىڭ بەدىلىگە بىر قۇل ئازات قىلغاننىڭ ساۋابىنى بېرىدۇ ۋە مەنزىلىگە بۇرۇنقى گۇناھلىرى ئەپۇ قىلىنغان ھالدا قايتىدۇ»[④]. اللە ھەممىگە مۇۋەپپەقىيەت قازاندۇرغۇچىدۇر.

---

① بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

② بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد ۋە مالىك رىۋايەت قىلغان.

③ بۇ ھەدىسنى مۇنزىرى «تەرغىب ۋە تەرھىب» ناملىق كىتابىدا بايان قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

④ بۇ ھەدىسنى مۇنزىرى «تەرغىب ۋە تەرھىب» ناملىق كىتابىدا بايان قىلغان.

ئى الله! بىزگە مەرھەمىتىڭ ۋە كەرىمىڭ بىلەن مۇئامىلە قىلغىن، بىزنى ئەپۇ قىلىش بىلەن ئىسلاھ قىلغىن. چۈنكى سەن ئەڭ رەھىم قىلغۇچىسەن.

## ئەللىك تۆتىنچى چوڭ گۇناھ:

### اللهنىڭ مۇئمىن بەندىلىرىگە ئازار بېرىش

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالَّذِينَ يُؤْذُونَ الْمُؤْمِنِينَ وَالْمُؤْمِنَاتِ بِغَيْرِ مَا اكْتَسَبُوا فَقَدِ احْتَمَلُوا بُهْتَانًا وَإِثْمًا مُّبِينًا﴾ ﴿مۇئمىن ئەرلەر ۋە مۇئمىن ئاياللارغا قىلمىغان ئىشلارنى (چاپلاپ) ئۇلارنى رەنجىتىدىغانلار (شۇ) بوھتاننى ۋە روشەن گۇناھنى ئۈستىگە ئارتىۋالغان بولىدۇ﴾[1]؛ ﴿وَاخْفِضْ جَنَاحَكَ لِمَنِ اتَّبَعَكَ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ﴾ ﴿ساڭا ئەگەشكەن مۇئمىنلەرگە مۇلايىم بولغىن﴾[2].

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: كىمكى مېنىڭ دوستۇمغا دۈشمەنلىك قىلسا، مەن ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلىمەن»[3]. يەنە بىر رىۋايەتتە: «(كىمكى مېنىڭ دوستۇمغا دۈشمەنلىك قىلسا) ھەقىقەتەن ئۇ ماڭا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلغان بولىدۇ» دېيىلگەن.

بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: ئەبۇ سۇفيان (تېخى ئىسلامغا كىرمىگەن ۋاقىتتا) بىرقانچە ئادەمى بىلەن كەمبەغەل ساھابىلەردىن سەلمان، سۇھەيب ۋە بىلال قاتارلىقنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، ئۇلار (يەنى ساھابىلەر):

_ اللهنىڭ قىلىچلىرى اللهنىڭ دۈشمىنىدىن ھەققىنى (تېخى) ئالالمىدى، - دېدى. ئەبۇ بەكر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ساھابىلەرگە:

_ قۇرەيشنىڭ كاتتىسى ۋە ئاقساقىلىغا مۇشۇنداق سۆزنى قىلامسىلەر؟ - دېدى. كېيىن، ئەبۇ بەكر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ، بولغان

[1] سۈرە ئەھزاب، 58 ـ ئايەت.
[2] سۈرە شۇئەرا، 215 ـ ئايەت.
[3] بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

گەپ – سۆزلەرنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەرگەندى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئى ئەبۇ بەكرى! سەن ئۇلارنى خاپا قىلىپ قويغان بولۇشۇڭ مۇمكىن، ئەگەر ئۇلارنى خاپا قىلىپ قويغان بولساڭ، ھەقىقەتەن، اللهنى خاپا قىلىپ قويغان بولىسەن، - دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەرھال ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ:

ــ ئى قېرىنداشلىرىم! سىلەرنى خاپا قىلىپ قويدۇممۇ؟ - دەپ سورىدى. ئۇلار:

ــ ياق، الله سېنى ئەپۇ قىلسۇن، - دېدى[1].

*****

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَاصْبِرْ نَفْسَكَ مَعَ الَّذِينَ يَدْعُونَ رَبَّهُم بِالْغَدَاةِ وَالْعَشِيِّ يُرِيدُونَ وَجْهَهُ﴾ ﴿سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ، ئەتىگەن - ئاخشامدا ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىدىغانلار (يەنى ئاجىز كەمبەغەل مۇسۇلمانلار) بىلەن سەۋرچان بولغان ھالدا بىللە بولغىن﴾[2]. بۇ ئايەت ئاجىز، كەمبەغەل مۇسۇلمانلارنىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلماقتا.

بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبىگە كەلسەك، ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن ھەرقانداق پەيغەمبەرگە دەسلەپتە ئىمان كەلتۈرگەن كىشىلەر كەمبەغەللەر بولغىنىدەك، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگىمۇ دەسلەپتە ئىمان كەلتۈرگەنلەر كەمبەغەللەردىن ئىبارەت ئىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەلمان، سۇھەيب، بىلال ۋە ئەممار ئىبنى ياسىرغا ئوخشاش كەمبەغەل ساھابىلەر بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپ سۆھبەتلىشەتتى. مۇشرىكلارنىڭ كاتتىلىرى: پەيغەمبەرلەرنىڭ ئالامىتى شۇكى، ئۇلارغا ئەڭ دەسلەپ كەمبەغەللەر ئەگىشىدۇ، - دېگەن سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىپ، ئۇنىڭ يېنىدىن كەمبەغەل مۇسۇلمانلارنى

[1] مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[2] سۈرە كەھف، 28 ـ ئايەت.

قوغلىتىۋېتىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ: ئى مۇھەممەد! كەمبەغەللەرنى يېنىڭدىن ھەيدىۋەتكىن، چۈنكى سېنىڭ ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرۇشۇڭغا كۆڭلىمىز ئۇنىمايدۇ. ئەگەر سەن ئۇلارنى يېنىڭدىن ھەيدىۋەتسەڭ، كاتتا ئىنسانلار ۋە باشلىقلار ساڭا ئىمان كەلتۈرىدۇ، - دېيىشتى. شۇ چاغدا، الله تائالا: ﴿وَلاَ تَطْرُدِ الَّذِينَ يَدْعُونَ رَبَّهُم بِالْغَدَاةِ وَالْعَشِيِّ يُرِيدُونَ وَجْهَهُ﴾ ﴿اللەنىڭ رازىلىقىنى دەپ ئەتىگەندە، ئاخشامدا پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلىدىغانلارنى (يېنىڭدىن) قوغلىۋەتمىگىن﴾[1] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

مۇشرىكلار بۇ ھىيلىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغاندىن كېيىن: ئى مۇھەممەد! ئەگەر ئۇلارنى ھەيدىۋەتمەيدىغان بولساڭ، بىزگە بىر كۈننى تەيىن قىلغىن، ئۇلارغا باشقا كۈننى تەيىن قىلغىن، - دېدى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿وَاصْبِرْ نَفْسَكَ مَعَ الَّذِينَ يَدْعُونَ رَبَّهُم بِالْغَدَاةِ وَالْعَشِيِّ يُرِيدُونَ وَجْهَهُ وَلَا تَعْدُ عَيْنَاكَ عَنْهُمْ تُرِيدُ زِينَةَ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا﴾ ﴿سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ، ئەتىگەن - ئاخشامدا ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىدىغانلار (يەنى ئاجىز كەمبەغەل مۇسۇلمانلار) بىلەن سەۋرچان بولغان ھالدا بىللە بولغىن، ھاياتى دۇنيانىڭ زىبۇزىننىتىنى (يەنى مۇشرىكلارنىڭ چوڭلىرىنىڭ سۆھبىتىنى) دەپ، ئۇلارنى كۆزگە ئىلماي قالمىغىن﴾[2]. يەنى ماددىي دۇنياغا بېرىلىپ كەتكەنلەرنىڭ سۆھبىتىنى دەپ، كەمبەغەللەردىن يۈز ئۆرۈيدىغان ۋە ئۇلارنى تاشلاپ قويىدىغان ئىشلارنى قىلمىغىن.

الله تائالا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇلارغا نىمەدەپ جاۋاب بېرىشىنىڭ لازىملىقىنى تەلىم بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَقُلِ الْحَقُّ مِنْ رَبِّكُمْ فَمَنْ شَاءَ فَلْيُؤْمِنْ وَمَنْ شَاءَ فَلْيَكْفُرْ﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) «(بۇ) ھەق (قۇرئان) پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن نازىل بولدى، خالىغان ئادەم ئىمان ئېيتسۇن، خالىغان ئادەم كاپىر بولسۇن» دېگىن﴾[3].

---

[1] سۈرە ئەنئام، 52 ـ ئايەت.

[2] سۈرە كەھف، 28 ـ ئايەت.

[3] سۈرە كەھف، 29 – ئايەت.

ﷲ تائـــالا ئۇلارغـــا بـــاي بـــلەن كەمبەغەلنـــڭ مســـالنى بايـــان قلـــپ مۇنـــداق دەيـــدۇ: ﴿وَاضْرِبْ لَهُمْ مَثَلًا رَجُلَيْنِ جَعَلْنَا لِأَحَدِهِمَا جَنَّتَيْنِ مِنْ أَعْنَابٍ وَحَفَفْنَاهُمَا بِنَخْلٍ وَجَعَلْنَا بَيْنَهُمَا زَرْعًا﴾ ﴿ئـــۇلار (يەنـــى كەمبەغەللەرنـــى يېنىڭـــدىن قوغلىۋېتىشـــنى تەلەپ قىلغـــان كـــاپىرلار)غـــا مۇنـــداق (بـــىرى مـــۇئمىن، بـــىرى كـــاپىر بولغـــان) ئىككـــى ئـــادەمنى مســـال قلـــپ كەلتـــۈرگىن: ئۇلارنـــڭ بـــىرىگە (يەنـــى كاپىرغـــا) بـــز ئەتراپـــى خورمىزارلـــق، (ئىككـــى باغنـــڭ) ئوتتۇرســـى ئېكىنزارلـــق بولغـــان تـــاللىق ئىككـــى بـــاغ ئاتـــا قىلـــدۇق﴾[1]؛ ﴿وَاضْرِبْ لَهُمْ مَثَلَ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا كَمَاءٍ أَنْزَلْنَاهُ مِنَ السَّمَاءِ فَاخْتَلَطَ بِهِ نَبَاتُ الْأَرْضِ فَأَصْبَحَ هَشِيمًا تَذْرُوهُ الرِّيَاحُ وَكَانَ اللَّهُ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ مُقْتَدِرًا﴾ ﴿(ئـــى مـــۇھەممەد!) ئۇلارغـــا (يەنـــى كىشـــلەرگە) دۇنيـــا تـىرىكچىلىكـــى ھەققـــدە مۇنـــداق مســـالنى كەلتـــۈرگىن: (ئـــۇ شـــۇنىڭغا) ئوخشـــايدۇكى، بـــز ئاســـماندىن يـــامغۇر ياغـــدۇردۇق، شـــۇ ســـۇ بـــلەن زېمىننىـــڭ ئۆســـۈملۈكلىرى بـــر - بـــرىگە چىرمىشـــىپ بولـــۇق ئۆســـتى، كېـــيىن ئـــۇ قـــۇرۇپ تۆكۈلـــدى، شـــامالار ئـــۇنى (تەرەپ - تەرەپـــكە) ئۇچۇرۇپ كەتتى، ﷲ ھەر نەرسگە قادىردۇر﴾[2].

پەيغەمـــبەر ســـەللاللاھۇ ئەلەيھـــى ۋەســـەللەم كەمبەغەللەرنـــى ناھـــايتى ئىززەتلەيتتـــى ۋە ھـــۆرمەت قىلاتتـــى. پەيغەمـــبەر ســـەللاللاھۇ ئەلەيھـــى ۋەســـەللەم مەدىـــنىگە ھىجـــرەت قىلغـــان چاغـــدا، ئۇلارمـــۇ بـــىرگە ھىجـــرەت قىلـــدى. ئـــۇلار مەدىنـــدىكى مەســـجدنىڭ سۇپىســـىدا ئىســـتىقامەت قىلغـــانلىقى ئۈچـــۈن، ســـۇپا ئەھلـــى دەپ ئاتالغانـــدى. ئـــۇلار ئـــۆمرىنى تـــائەت - ئىبـــادەت بـــلەن ئۆتكـــۈزەتتى. مەدىـــنىگە يېڭـــى ھىجـــرەت قىلـــپ كەلـــگەن كەمـــبەغەل مۇھاجىرلارنـــڭ قوشۇلۇشـــى بـــلەن، ئۇلارنـــڭ ســـانى كۈنـــدىن - كـــۈنگە كۆپەيـــدى. ﷲ ئۇلارنـــڭ ھەممىسدىن رازى بولسۇن!

ئـــۇلار ﷲ تائـــالا ئۆزىنـــڭ دوســـتلىرى ئۈچـــۈن تەييارلىغـــان نـــازۇنېمەتلەرگە شـــاھىت بولغـــان ۋە ئـــۇ نېمەتلەرنـــى ئىمـــان نـــۇرى بـــلەن كـــۆرگەن ئـــدى. شـــۇڭا ئۇلارنـــڭ قەلبلـــرى مـــاددىي نەرســـلەرنىڭ ھېچبـــرىگە قىزىقمـــايتى. ئـــۇلار ھەر دائىـــم مۇنـــداق ئىلتىجـــا قىلاتتـــى:

---

[1] سۈرە كەھف، 32 – ئايەت.

[2] سۈرە كەھف، 45 – ئايەت.

ئـى پەرۋەردىگارىمىز! بىز يالغۇز ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز، ساڭىلا بويسۇنۇپ ئېگىمىز، ساڭىلا سەجدە قىلىمىز، سېنىڭ ھىدايىتىڭ بىلەنلا ھىدايەت تاپىمىز ۋە توغرا يولغا ئېرىشىمىز، ساڭىلا تەۋەككۇل قىلىمىز، ساڭىلا تايىنىمىز، سېنىڭ زىكرىڭ بىلەنلا ھوزۇرلىنىمىز، سېنى زىكىر قىلىش بىلەنلا خۇشال بولىمىز، پەقەت سېنى ياخشى كۆرۈش مەيدانىدىلا يۈكسىلىمىز ۋە كېزىپ يۈرىمىز، يالغۇز سېنىڭ رازىلىقىڭنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈنلا ئەمەل قىلىمىز ۋە تەر تۆكىمىز. سەن بىزنى ھۇزۇرىڭدىن ھەيدىسەڭمۇ، بىز ھەرگىز ئايرىلمايمىز.

مانا شۇ چاغدا، الله تائالا ئۇلارنىڭ يوللىرىنى راۋان قىلدى، ئۇلار ھەققىدە پەيغەمبىرىگە مۇنداق خىتاب قىلدى: ﴿وَلاَ تَطْرُدِ الَّذِينَ يَدْعُونَ رَبَّهُم بِالْغَدَاةِ وَالْعَشِيِّ يُرِيدُونَ وَجْهَهُ﴾ ﴿اللهنىڭ رازىلىقىنى دەپ ئەتىگەندە، ئاخشامدا پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلىدىغانلارنى (يېنىڭدىن) قوغلىۋەتمىگىن﴾[1]. يەنى پەرۋەردىگارىنى زىكىر قىلىش بىلەن كۈننى كەچ قىلىدىغان، پەرۋەردىگارىنىڭ بوسۇغىسىغا تەلمۈرۈپ تاڭ ئاتقۇزىدىغان قەۋمنى يېنىڭدىن ھەرگىز ھەيدىمىگىن. تۇرار جايى مەسجىد، يەتمەكچى بولغىنى ۋە خوجايىنى الله، ئاچلىق بولسا ئوزۇقلۇقى بولغان، ئىنسانلار ئۇخلاۋاتقان چاغدا كېچىنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزگەن، كەمبەغەللىك ۋە نامراتلىق ئالامىتى بولغان، مىسكىنلىك ۋە ھايا يېپىنچىسى بولغان، ھىممەت ۋە ئىرادە چۆلۋۈرىنى رەببىنىڭ بوسۇغىسىغا باغلىغان، يۈزلىرىنى مۇناجات مېھرابلىرىغا يۈزلەندۈرگەن ئەنە شۇ قەۋمنى يېنىڭدىن ھەرگىز قوغلىمىغىن.

موھتاجلىق ئومۇمىي ۋە خاس دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ. ئومۇمىي موھتاجلىق ھەرقانداق مۇئمىن ۋە كاپىرنىڭ اللهقا موھتاج بولۇشىدىن ئىبارەت سۈپەت بولۇپ، الله تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىدە ئىپادىلىنىدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا النَّاسُ أَنتُمُ الْفُقَرَاء إِلَى اللَّهِ﴾ ﴿ئى ئىنسانلار! سىلەر اللهقا موھتاجسىلەر﴾[2].

---

[1] سۈرە ئەنئام، 52 ـ ئايەت.

[2] سۈرە فاتىر، 15 ـ ئايەت.

خاس موھتاجلىق بولسا، ئاللاھنىڭ ۋەلىيلىرى ۋە ياخشى كۆرگەن بەندىلىرىنىڭ سۈپىتى بولۇپ، ئۇلار دۇنيالىقتىن قول ئۈزگەن، قەلبى ماددىي ھاياتتىن خالىي بولغان، ئاللاھ بىلەنلا مەشغۇل بولىدىغان، ئاللاھقىلا ئىشتىياق باغلىغان، ئاللاھ بىلەن خالىي قېلىشتىن ھالاۋەت ئالىدىغان مۆئمىن كىشىلەردۇر.

ئى ئاللاھ! ساڭا مۇناجات قىلىشنىڭ ھالاۋىتىنى بىزگە تېتىتقىن، بىزنى ئۆزەڭ رازى بولىدىغان يولغا باشلىغىن، سەندىن يىراقلاشتۇرىدىغان بارلىق نەرسىلەردىن يىراقلاشتۇرغىن، سەن ياخشى كۆرىدىغان بەندىلىرىڭگە ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگەن ھەق يولنى بىزگىمۇ ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگىن، بىزنى، ئاتا ـ ئانىمىزنى ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارنى ئەپۇ قىلغىن، ئامىن!

## ئەللىك بەشىنچى چوڭ گۇناھ:

## ئىشتان، پەلتو ۋە باشقا كىيىملىرىنى ماختىنىش، كۆز – كۆز قىلىش، پەخىرلىنىش ۋە چوڭچىلىق قىلىش مەقسىتىدە سۆرىلىپ قالغىدەك دەرىجىدە ئۇزۇن كىيىش

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا تَمْشِ فِي الْأَرْضِ مَرَحًا إِنَّ اللَّهَ لَا يُحِبُّ كُلَّ مُخْتَالٍ فَخُورٍ﴾ ﴿زېمىندا غادىيىپ ماڭمىغىن، اللە ھەقىقەتەن ھاكاۋۇر، ئۆزىنى چوڭ تۇتقۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ﴾[1].

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «كىيىم - كېچەكنىڭ ئۇشۇقتىن تۆۋەنگە ئېشىپ كەتكەن قىسمى دوزاختىدۇر»؛ «اللە تائالا قىيامەت كۈنى ئۈچ تۈرلۈك كىشىگە گەپ قىلمايدۇ، ئۇلارغا (رەھمەت نەزىرى بىلەنمۇ) قارىمايدۇ، ئۇلارنى گۇناھتىن پاكلىمايدۇ. ئۇلار قاتتىق ئازابقا مۇپتىلا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى، كىيىم - كېچىكىنى سۆرىلىپ قالغىدەك دەرىجىدە ئۇزۇن كىيگەن كىشى؛ ئىككىنچىسى، مىننەتخور؛ ئۈچىنچىسى، مېلىنى يالغان قەسەم بىلەن ساتىدىغان كىشى»[2].

بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «بۇرۇنقى زاماندا بىر كىشى ئېسىل ۋە ئۇزۇن تون كىيىپ، ئۆز – ئۆزىدىن مەغرۇرلىنىپ، چېچىنى تاراپ، كىبىرلىك بىلەن ماڭغان ئىدى، ئۇنى يەر يۇتۇپ كەتتى. ئۇ، يەر ئاستىغا قىيامەتكىچە توختىماي چۆكۈپ تۇرىدۇ»[3].

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى مۇتەكەببىرلىك قىلىپ كىيىم - كېچىكىنى سۆرىلىپ قالغىدەك دەرىجىدە ئۇزۇن كىيسە، قىيامەت كۈنى اللە تائالا ئۇنىڭغا (رەھمەت نەزىرى بىلەن) قارىمايدۇ»[4]؛ «كىمكى مۇتەكەببىرلىك

---

[1] سۈرە لوقمان، 18 ـ ئايەت.

[2] ئىمام مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسائى، تىرمىزى، ئەھمەد ۋە دارىمى رىۋايەت قىلغان.

[3] ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى، دارىمى ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

[4] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

قىلىپ كىيىم – كېچەكلىرىنى ۋە سەللىسىنى (سەللىنىڭ پىلتىسىنى) ئۇزۇن كىيسە، قىيامەت كۈنى اللە ئۇنىڭغا (رەھمەت نەزىرى بىلەن) قارىمايدۇ»[1].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دەيدۇ: «مۇئمىننىڭ كىيىم - كېچەكلىرى ئىككى پاچاقنىڭ يېرىمىغىچە ئۇزۇنلۇقتا بولىدۇ. ئۇنى ئوشۇقچە ئۇزۇن كىيسىمۇ گۇناھ بولمايدۇ. ئەمما ئوشۇقتىن ئېشىپ كەتكەن قىسمى دوزاختىدۇر»[2].

بۇ ھۆكۈم ئاممىباب بولۇپ، يەكتەك، چەكمەن، جۇۋا، پەلتو، ئىشتان قاتارلىق كىيىم – كېچەكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. اللە بىزنى دوزاختىن ئامان قىلسۇن، ئامىن!

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇزۇن ئىشتان كىيگەن ھالدا ناماز ئوقۇۋاتقان بىر كىشىگە: «بېرىپ تاھارەت ئالغىن» دېدى. ئۇ كىشى (تاھارەت ئېلىپ) كەلگەن ئىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا يەنە: «بېرىپ تاھارەت ئالغىن» دېدى. باشقا بىر كىشى:

_ ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى! نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا تاھارەت ئېلىشنى ئەمر قىلدىڭ؟ كېيىن ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە دېمىدىڭ؟ - دېگەن ئىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

_ چۈنكى ئۇ ئىشتىنىنى سۆرەلدۈرۈپ قويۇپ ناماز ئوقۇۋاتاتتى. اللە تائالا ئىشتىنىنى سۆرەلدۈرۈپ قويۇپ ناماز ئوقۇغان كىشىنىڭ نامىزىنى قوبۇل قىلمايدۇ، - دېدى[3].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى مۇتەكەببىرلىك قىلىپ كىيىم - كېچەكلىرىنى سۆرىلىپ قالغىدەك ئۇزۇن كىيىپ ماڭسا، قىيامەت كۈنى اللە تائالا ئۇنىڭغا (رەھمەت نەزىرى بىلەن) قارىمايدۇ» دېگەن چاغدا، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

[1] ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

[2] ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، ئەھمەد ۋە مالىك رىۋايەت قىلغان. سەنەدى سەھىھتۇر.

[3] ئەبۇ داۋۇد ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

_ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مەن دىققەت قىلمىسام، ئىشتىنىم پەسلەپ كېتىدۇ، - دېگەن ئىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا:

_ سەن كىيىم - كېچەكنى كىبىرلىك قىلىپ سۆرەپ ماڭىدىغان كىشىلەردىن ئەمەسسەن، - دېدى[1].

[1] بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد، نەسائى ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

## ئەللىك ئالتىنچى چوڭ گۇناھ:

## ئەرلەرنىڭ يىپەك كىيىم كىيىشى ۋە ئالتۇن تاقىشى

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى دۇنيادا يىپەك كىيىم كىيسە، ئاخىرەتتە كىيەلمەيدۇ»[①]. بۇ ھۆكۈم ئەسكەرلەرگە ۋە باشقا بارلىق ئەرلەرگە ئامىمباتتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «يىپەك كىيىم كىيىش ۋە ئالتۇن تاقاش ئۈممىتىمنىڭ ئەرلىرىگە ھارام قىلىنغاندۇر»[②].

ھۇزەيفە ئىبنى يەمانى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى ئالتۇن ۋە كۈمۈش قاچىدا سۇ ئىچىشتىن، تاماق يېيىشتىن، يىپەك كىيىم كىيىشتىن ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇشتىن چەكلىگەن[③].

كىمكى يىپەك كىيىمنى ئەرلەرگە ھالال سانىسا، كاپىر بولىدۇ. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەقەت قىچىشقاق، قوتۇر ۋە باشقا كېسەللەرگە ئوخشاش ئۆزرىسى بار كىشىلەرگە، شۇنداقلا، جەڭچىلەرگە دۈشمەن بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغان چاغدا يىپەك كىيىم كىيىشكە ئېھتىياج يۈزىسىدىن رۇخسەت بەرگەن.

بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئىجماسىغا (پىكىر بىرلىكىگە) كۆرە، ئەرلەرنىڭ يىپەك كىيىمنى ياسىنىش ئۈچۈن كىيىشى قەتئىي ھارام. كىيىمنىڭ كۆپ قىسمى يىپەكتىن تەركىب تاپقان بولسىمۇ ھارامدۇر. شۇنىڭدەك، ئەرلەرنىڭ ئۈزۈك ۋە زەنجىرگە ئوخشاش ئالتۇن بۇيۇملارنى تاقىشى، ئېگەرگە ۋە قىلىچنىڭ دەستىسىگە ئالتۇن ئىشلىتىشى ۋە بۇ نەرسىلەرنى ئەرلەر ئۈچۈن ياساپ بېرىش ھارامدۇر. چۈنكى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر

---

① بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

② تىرمىزى ۋە نەسائى رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

③ بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسائى، تىرمىزى ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان.

كىشىنىڭ قولىدا ئالتۇن ئۈزۈك كۆرۈپ، ئۇنى چىقىرىپ تاشلىغان ۋە مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئوتنىڭ چوغىنى ئېلىپ، قولىغا قويۇشقا ئىنتىلىدۇ»①.

ئەرلەرنىڭ كىيىم – كېچەكلىرىنى ئالتۇن ۋە يىپەك يىپ بىلەن كەشتىلەشمۇ ھارامدۇر. ئالىملار كىچىك ئوغۇل بالىنىڭ يىپەك كىيىم كىيىشى ۋە ئالتۇن تاقىشىنىڭ دۇرۇس ياكى دۇرۇس ئەمەسلىكىدە ئىختىلاپ قىلىشتى. بەزىلەر دۇرۇس بولىدۇ دەپ قارىسا، يەنە بەزىلەر پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يىپەك ۋە ئالتۇن ھەققىدىكى: «بۇ ئىككىسى (يەنى يىپەك ۋە ئالتۇن) ئۈممىتىمنىڭ ئەرلىرىگە ھارام، ئاياللىرىغا ھالالدۇر»② دېگەن ھەدىسىنى دەلىل قىلىپ: بۇ ھەدىس ئامىمبابتۇر، شۇڭا ئۇ كىچىك ئوغۇل بالىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دېگەن يەكۈن بىلەن دۇرۇس بولمايدۇ، - دەپ قارىغان. بۇ، ئىمام ئەھمەد ۋە باشقىلارنىڭ قارىشىدۇر.

ئاللاھتىن بىزنى ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ئىشقا مۇۋەپپەق قىلىشىنى تىلەيمىز. ئۇ ناھايىتى سېخى، ناھايىتى كەرەملىكتۇر.

① مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

② ئەبۇ داۋۇد، نەسائى ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

## ئەللىك يەتتىنچى چوڭ گۇناھ:

## قۇلنىڭ خوجايىنىدىن قېچىشى

پەيغەمــبەر ســەللاللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەم مۇنــداق دەيــدۇ: «قــۇل (خوجايىنــدىن) قاچقــان چاغــدا، نــامىزى قوبــۇل بولمايــدۇ»[1]؛ «قايســبىر قــۇل قاچســا، ئىگــدارچىلىقىمىزدىن (يەنــى ئىســلام دىنىنىــڭ كاپالىتــدىن) ئــادا — جۇدا بولغان بولىدۇ (يەنى ئۇنىڭ قىلمىشى ئۆزىگە بولىدۇ)»[2].

جــابىر ئىبنــى ئابــدۇللاھ رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇدىن رىــۋايەت قىلىنىــدۇكى، پەيغەمــبەر ســەللاللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەم مۇنــداق دېــگەن: «ئــۈچ تۈرلــۈك كىشــىنىڭ نــامىزى قوبــۇل بولمايــدۇ، قىلغــان ياخشــىلىقلىرى ئاســمانغا كۆتۈرۈلمەيــدۇ. بىرىنچــى، خوجايىنــدىن قاچقــان قــۇل، تــاكى قايتىــپ كېلىــپ خوجايىنىنىــڭ قولىغــا قــولىنى قــويمىغىچە؛ ئىككىنچــى، ئېرىنىــڭ غەزىپىنــى كەلتــۈرگەن ئايــال، تــاكى ئېــرى ئۇنىڭــدىن رازى بــولمىغىچە؛ ئــۈچىنچى، مەست تاكى مەستلىكى ئۇيغانمىغىچە»[3].

فــۇزاله ئىبنــى ئەبىــدتىن رىــۋايەت قىلىنغــان بىــر ھەدىســتە مۇنــداق دېــيىلگەن: «ئــۈچ تۈرلــۈك كىشــىنىڭ ئــاقىۋىتى ســورالمايدۇ: بىــرى، جامــائەتتىن ئايرىلىــپ، (ئىســلامىي) دۆلەت رەئىســىگە قارشــى چىققــان ۋە گۇناھكــار ھالــدا ئــۆلگەن كىشــى؛ ئىككىنچىســى، قېچىــپ كەتــكەن قــۇل؛ ئۈچىنچىســى، ئېــرى ھەممــە نەرســىنى تەق قىلىــپ بەرگەن، ئەممــا ئېــرى يېنىــدا يــوق پەيــتلەردە (جــاھىلىيەت دەۋرىــدىكى ئايــاللاردەك) ياســىنىپ، ســىرتقا چىققــان ئايــال»[4].

مۇنــداق ئايــاللار مــۇھەممەد ســەللاللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەمدىن كېــيىن ئىســا ئەلەيھىسسالام چۈشكىچە ئارىلىقتا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

[1] مۇسلىم ۋە نەسائى رىۋايەت قىلغان.

[2] مۇسلىم ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

[3] ئىبنى خۇزەيمە رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: زەئىپ، - دېگەن.

[4] ئىبنى ھىببان، ھاكىم ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەنەدى سەھىھ، - دېگەن.

## ئەللىك سەككىزىنچى چوڭ گۇناھ:

## ئاللاھتىن باشقىسىنىڭ نامىنى ئاتاپ مال بوغۇزلاش

مەسىلەن، مال بوغۇزلىغاندا: بىسمىللاھ (يەنى ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن بوغۇزلايمەن) دېيىشنىڭ ئورنىغا: شەيتاننىڭ ئىسمى بىلەن بوغۇزلايمەن دېيىش ياكى: پالانچى بۇتنىڭ ئىسمى بىلەن بوغۇزلايمەن دېيىش ۋەياكى: پۇستانى ئەۋلىيانىڭ نامى بىلەن بوغۇزلايمەن دېيىش چوڭ گۇناھتۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلاَ تَأْكُلُواْ مِمَّا لَمْ يُذْكَرِ اسْمُ اللّهِ عَلَيْهِ وَإِنَّهُ لَفِسْقٌ﴾ ﴿(ئى مۇئمىنلەر!) ئاللاھنىڭ ئىسمى ئېيتىلمىغان (يەنى بىسمىللاھ دەپ زەبھى قىلىنمىغان) ھايۋانلارنى يېمەڭلار، ئۇنى يېيىش ئەلۋەتتە گۇناھتۇر﴾①.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: يۇقىرىدىكى ئايەتتىن ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ ئايىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ: ﴿حُرِّمَتْ عَلَيْكُمُ الْمَيْتَةُ وَالْدَّمُ وَلَحْمُ الْخِنْزِيرِ وَمَا أُهِلَّ لِغَيْرِ اللّهِ بِهِ وَالْمُنْخَنِقَةُ وَالْمَوْقُوذَةُ وَالْمُتَرَدِّيَةُ وَالنَّطِيحَةُ وَمَا أَكَلَ السَّبُعُ إِلاَّ مَا ذَكَّيْتُمْ وَمَا ذُبِحَ عَلَى النُّصُبِ﴾ ﴿سىلەرگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋان، قان، چوشقا گۆشى، ئاللاھتىن غەيرىنىڭ (يەنى بۇتلارنىڭ) نامى تىلغا ئېلىنىپ بوغۇزلانغان ھايۋان، بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، (ھايۋانلار تەرىپىدىن) ئۈسۈپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، يىرتقۇچ ھايۋانلار يېرىپ ئۆلتۈرۈپ يېگەن ھايۋان (نىڭ گۆشىنى يېيىش) ھارام قىلىندى. لېكىن (يۇقىرىدىكى بەش تۈرلۈك ھايۋاندىن جېنى چىقمىغان چاغدا) بوغۇزلىغىنىڭلار ھالال بولىدۇ. ھەمدە بۇتلارغا ئېلىپ بېرىلىپ ئۇنىڭ يېنىدا بوغۇزلانغان ھايۋانلار ھارام قىلىندى﴾②.

---

① سۈرە ئەنئام، 121 ـ ئايەت.

② سۈرە مائىدە، 3 ـ ئايەت.

كەلبى ئالدىنقى ئايەتنىڭ تەپسىرىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەزكۇر ئايەت اللهنىڭ ئىسمى ئېيتىلماي بوغۇزلانغان ھايۋانلارنى، شۇنداقلا، اللهتىن باشقا نەرسىنىڭ ئىسمى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان ھايۋانلارنى يېيىشنىڭ ھاراملىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەتا ئىبنى ئەبۇ رەباھ مۇنداق دەيدۇ: مەزكۇر ئايەتتە قۇرەيشلەر ۋە باشقا ئەرەبلەر بۇتلارغا ئاتاپ بوغۇزلىغان ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېيىش مەنئى قىلىنىدۇ. چۈنكى ﴿وَإِنَّهُ لَفِسْقٌ﴾ ﴿ئۇنى يېيىش ئەلۋەتتە گۇناھتۇر﴾. يەنى اللهنىڭ نامى تىلغا ئېلىنمىغان ھايۋاننىڭ گۆشىنى يېيىش گۇناھتۇر. شۇنداقلا ئۇ، ھەقتىن يىراقلاشقانلىق ۋە دىندىن چىققانلىق بولىدۇ.

الله تائالا مەزكۇر ئايەتنىڭ داۋامىدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِنَّ الشَّيَاطِينَ لَيُوحُونَ إِلَى أَوْلِيَآئِهِمْ لِيُجَادِلُوكُمْ﴾ ﴿شۈبھىسىزكى، شەيتانلار ئۆز دوستلىرىنى (يەنى مۇشرىكلارنى) سىلەر بىلەن دەتالاش قىلىشقا ۋەسۋەسە قىلىدۇ﴾[1]. يەنى شەيتان ئۆزىنىڭ دوستىغا ئىلھام قىلىپ، ئۇنىڭ قەلبىگە ناھەق دەتالاش قىلىشنى تاشلايدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ مۇشرىكلار ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋان ھەققىدە مۇئمىنلەر بىلەن دەتالاش قىلغان ئىدى.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: شەيتانلار ئىنسانلاردىن ئۇيۇشقان دوستلىرىغا: ئۆز قولۇڭلار بىلەن ئۆلتۈرگەن ھايۋاننى يەيسىلەر - يۇ، الله ئۆلتۈرۈپ بەرگەن ھايۋاننى نېمىشقا يېمەيسىلەر؟ - دەپ ۋەسۋەسە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿وَإِنْ أَطَعْتُمُوهُمْ﴾ ﴿ئەگەر ئۇلارغا ئىتائەت قىلساڭلار﴾ يەنى ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننىڭ گۆشىنى ھالال ساناشتا ئۇلارغا ئىتائەت قىلساڭلار، ﴿إِنَّكُمْ لَمُشْرِكُونَ﴾ ﴿سىلەر چوقۇم مۇشرىك بولۇپ قالىسىلەر﴾[2].

[1] سۈرە ئەنئام، 121 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئەنئام، 121 ـ ئايەت.

زۇججاج مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەت الله ھارام قىلغان نەرسىنى ھالال، ھالال قىلغان نەرسىنى ھارام قىلغان ھەرقانداق كىشىنىڭ مۇشرىك بولۇپ قالىدىغانلىقىغا دەلىلدۇر.

ئەگەر بىرى: بىرەر مۇسۇلمان بىسمىللاھ دېمەستىن مال بوغۇزلىسا، ئۇنى قانداق يەيسىلەر؟ چۈنكى مەزكۇر ئايەت بۇنىڭمۇ ھاراملىقىغا دەلىل ئەمەسمۇ؟ - دەپ سورىسا، بۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بېرىمىز: تەپسىرشۇناسلار: ﴿مِمَّا لَمْ يُذْكَرِ اسْمُ اللَّهِ عَلَيْهِ﴾ ﴿اللهنىڭ ئىسمى ئېيتىلمىغان ھايۋانلارنى﴾ دېگەن ئايەتنى ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋانغا قارىتىدۇ. ئۇلاردىن ھېچكىم بۇ ئايەتنى بىرەر مۇسۇلمان بىسمىللاھ دېمەستىن بوغۇزلىغان ھايۋانغا قاراتمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بۇ ئايەتتە ئۇنىڭ ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋان ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغان مۇنداق بىرقانچە دەلىل بار:

بىرىنچىسى، الله تائالانىڭ: ﴿وَإِنَّهُ لَفِسْقٌ﴾ ﴿ئۇنى يېيىش ئەلۋەتتە گۇناھتۇر﴾ دېگەن سۆزى بولۇپ، بىرەر مۇسۇلمان بىسمىللاھ دېمەستىن بوغۇزلىغان ھايۋاننىڭ گۆشىنى يېگەن كىشى گۇناھكار بولمايدۇ.

ئىككىنچىسى، الله تائالانىڭ: ﴿وَإِنَّ الشَّيَاطِينَ لَيُوحُونَ إِلَى أَوْلِيَآئِهِمْ لِيُجَادِلُوكُمْ﴾ ﴿شۈبھىسىزكى، شەيتانلار ئۆز دوستلىرىنى (يەنى مۇشرىكلارنى) سىلەر بىلەن دەتالاش قىلىشقا ۋەسۋەسە قىلىدۇ﴾ دېگەن سۆزى بولۇپ، بۇ يەردىكى دەتالاش بىسمىللاھنى تاشلاپ قويغان مۇسۇلمان بوغۇزلىغان ھايۋان ھەققىدە ئەمەس، بەلكى ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋان ھەققىدە ئىكەنلىكىگە بارلىق تەپسىرشۇناسلار ئىجما قىلغان (يەنى بىردەك قاراشقا كەلگەن).

ئۈچىنچىسى، الله تائالانىڭ: ﴿وَإِنْ أَطَعْتُمُوهُمْ إِنَّكُمْ لَمُشْرِكُونَ﴾ ﴿ئەگەر ئۇلارغا ئىتائەت قىلساڭلار، سىلەر چوقۇم مۇشرىك بولۇپ قالىسىلەر﴾ دېگەن سۆزى بولۇپ، ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننىڭ گۆشىنى ھالال دەپ يېگەن كىشى مۇشرىك بولىدۇ. ئەمما بوغۇزلانغان چاغدا اللهنىڭ ئىسمى ئېيتىلماي قالغان ھايۋاننىڭ گۆشىنى يېگەن كىشى مۇشرىك بولمايدۇ.

ئەبۇ مەنسۇر ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: بىر كىشى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

_ (ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى!) ئېيتىپ بەرگىنچۇ؟ ئىچىمىزدىن بىرى ھايۋان بوغۇزلىغاندا اللهنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىشنى ئۇنتۇپ قالسا، ئۇنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟ - دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

_ اللهنىڭ ئىسمى ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئاغزىدىدۇر[1]، - دەپ جاۋاب بەردى.

ئەبۇ مەنسۇر ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلغان يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلمانلىق ئىسمى كۇپايىدۇر. ئەگەر ئۇ مال بوغۇزلىغان چاغدا اللهنىڭ ئىسمىنى (يەنى بىسمىللاھ دەپ بوغۇزلاشنى) ئۇنتۇپ قالسا، گۆشنى يېگەندە اللهنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ (يەنى بىسمىللاھ دەپ) يېسۇن»[2].

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر گۇرۇھ كىشىلەر:

_ ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! بەزى ئىنسانلار بىزگە گۆش ئېلىپ كېلىدۇ. ئەمما بىز (ئۇ ھايۋان سويۇلغان چاغدا) اللهنىڭ ئىسمى ئېيتىلدىمۇ ياكى ئېيتىلمىدىمۇ بىلمەيمىز؟ - دەپ سورىغان ئىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

_ سىلەر بىسمىللاھ دەپ يەۋېرىڭلار، - دەپ جاۋاب بەردى[3].

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «اللهتىن باشقا نەرسىنىڭ نامىغا ئاتاپ مال بوغۇزلىغان كىشىگە اللهنىڭ لەنىتى بولسۇن!» دېگەن ھەدىسى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىدى.

[1] تەبەرانى «ئەلئەۋسەت» ناملىق كىتابىدا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مەرۋان ئىبنى سالىم غىفارى ئىسىملىك ھەدىسى مەترۇك بىرى بار.

[2] دارۇقۇتنى ۋە بەيھەقى رىۋايەت قىلغان.

[3] ئىمام بۇخارى، دارىمى، نەسائى، ئەبۇ داۋۇد ۋە مالىك رىۋايەت قىلغان.

## ئەللىك توققۇزىنچى چوڭ گۇناھ:

## بىراۋنى دادىسى ئەمەسلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، دادام دەپ دەۋا قىلىش

سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «قانداق بىر كىشى بىراۋنى دادىسى ئەمەسلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، مېنىڭ دادام دەپ دەۋا قىلسا، جەننەت ئۇنىڭغا ھارام بولىدۇ»[1].

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «داداڭلاردىن ۋاز كەچمەڭلار، كىمكى دادىسىدىن ۋاز كەچسە، كاپىر بولىدۇ»[2].

يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «كىمكى دادىسىدىن باشقا بىرىنى دادام دەپ دەۋا قىلسا، ئۇنىڭغا اللهنىڭ لەنىتى بولسۇن»[3].

زەيد ئىبنى شەرىك مۇنداق دەيدۇ: ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنبەر ئۈستىدە خۇتبە ئوقۇغانلىقىنى كۆردۈم ۋە ئۇنىڭ خۇتبىدە: اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىزدە اللهنىڭ كىتابىدىن ۋە مانا بۇ سەھىپىدىن (پۈتۈكتىن) باشقا ئوقۇشقا تېگىشلىك كىتاب يوق، - دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ سەھىپىنى ئاچقان ئىدى، ئۇنىڭدا (تۆلەمگە بېرىلىدىغان) تۆگىلەرنىڭ يېشى، قىساسنىڭ بىر قىسىم ھۆكۈملىرى يېزىلغان ئىكەن. ئۇنىڭدا يەنە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى يېزىلغان ئىكەن: «مەدىنىنىڭ "ئىير" تېغىدىن "سەۋر" تېغىغىچە بولغان ئارىلىق ھەرەمدۇر. كىمكى مەدىنىنىڭ ھەرەم بولغان قىسمىدا كىتاب ۋە سۈننەتكە خىلاپ بىر ئىشنى پەيدا قىلسا ياكى

[1] بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، دارىمى ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[3] مۇسلىم ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ئەھلــى بــدئەتكە پانــاھلىق بەرســە، ئۇنىڭغــا اللهنىــڭ، پەرىشــتىلەرنىڭ ۋە بــارلىق ئىنســانلارنىڭ لەنىتــى بولــدۇ. قىيــامەت كــۈنى، الله تائــالا ئۇنىــڭ نە پەرز، نە نەپــلە ئىبــادەتلىرىنى قوبــۇل قىلمايــدۇ. كىمكــى ئۆزىنىــڭ ئىگىســدىن يــۈز ئــۆرۈپ، باشــقا ئــگە تىپىۋالســا، ئۇنىڭغــا ئەنە شــۇنداق لەنەت بولــدۇ. مۇســۇلمانلارنىڭ كاپــالىتى ۋە ئىگــدارچىلىقى بىردۇر»[1].

ئەبــۇ زەر رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇدىن رىــۋايەت قىلىنىــدۇكى، ئــۇ پەيغەمــبەر ســەللاللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەمنىڭ مۇنــداق دېگەنلىكىنــى ئاڭلىغــان: «بىراۋنــى دادىســى ئەمەســلىكىنى بىلــپ تــۇرۇپ، دادام دەپ دەۋا قىلغــان كىشــى بــزدىن ئەمەس ۋە كــاپىر بولــدۇ. ئۆزىنىــڭ بولمىغــان نەرســىنى مېنىــڭ دەپ دەۋا قىلغــان كىشــمۇ بــزدىن ئەمەس، ئــۇ ئــۆزىگە دوزاخــتىن جــاي تەييــارلاپ قويســۇن. كىمكــى بىــر ئىنســاننى: كــاپىر، - دېســە يــاكى: ئــى اللهنىــڭ دۈشــمنى! - دەپ چاقىرســا، ئــۇ ئــادەم شــۇنداق بولمىغــان تەقدىســدە، بــۇ ســۆز ئۇنىــڭ ئۆزىگە قايتىدۇ»[2].

الله تائــالادىن بىزنــى ئەپــۇ قىلىشــىنى، ئامــانلىق بېرىشــىنى ۋە ئــۆزى ياخشــى كۆرىــدىغان، رازى بولــدىغان ئىشــقا مــۇۋەپپەق قىلىشنى تىلەيمىز. ئۇ ناھايىتى سېخىي، ناھايىتى كەرەملىكتۇر.

---

[1] بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى، مالىك ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

[2] مۇسلىم ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

## ئاتمىشىنچى چوڭ گۇناھ:

## تەنە قىلىش، گېپىدە چىڭ تۇرۇپ جېدەل قىلىش ۋە قاتتىق مۇنازىرە قىلىش

ﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمِنَ النَّاسِ مَن يُعْجِبُكَ قَوْلُهُ فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَيُشْهِدُ اللهَ عَلَى مَا فِي قَلْبِهِ وَهُوَ أَلَدُّ الْخِصَامِ وَإِذَا تَوَلَّى سَعَى فِي الأَرْضِ لِيُفْسِدَ فِيهَا وَيُهْلِكَ الْحَرْثَ وَالنَّسْلَ وَاللهُ لاَ يُحِبُّ الفَسَادَ﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) كىشىلەر ئارىسىدا شۇنداق ئادەم باركى، ئۇنىڭ دۇنيا تىرىكچىلىكى توغرىسىدىكى سۆزى سېنى قىزىقتۇرىدۇ (لېكىن ئۇ يالغانچى مۇناپىقتۇر)، ئۇ دىلىدىكى نەرسىگە (يەنى دىلى باشقا تىلى باشقا ئەمەسلىكىگە) ﷲنى گۇۋاھ قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئۇ (ساڭا ۋە ساڭا ئەگەشكۈچىلەرگە) ئەشەددىي دۈشمەندۇر (كۆرۈنۈشتە ئۇ شېرىن سۆزى ئارقىلىق دىندار قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ). ئۇ (ھوزۇرۇڭدىن) قايتقاندىن كېيىن، زېمىندا بۇزۇقچىلىق قىلىش ئۈچۈن ۋە زىرائەتلەرنى، ھايۋاناتلارنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ (ئۇنىڭ بۇزغۇنچىلىقى ئەمەلدە ئىنسانلارنى ھالاك قىلىش ئۈچۈندۇر، چۈنكى زىرائەتلەرسىز ۋە ھايۋاناتلارسىز ئىنسانلارنىڭ ياشىيالىشى مۇمكىن ئەمەس). ﷲ بۇزۇقچىلىقنى ياقتۇرمايدۇ﴾[1].

ئىمام نەۋەۋى (ﷲ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: بىلىشىڭ كېرەككى، گېپىدە چىڭ تۇرۇپ جېدەل قىلىش بەزىدە ھەققە تايانغان ئاساستا بولسا، يەنە بەزىدە ھەقسىزلىككە تايانغان ھالدا بولىدۇ. ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا تُجَادِلُوا أَهْلَ الْكِتَابِ إِلَّا بِالَّتِي هِيَ أَحْسَنُ﴾ ﴿ئەھلى كىتاب بىلەن پەقەت ئەڭ چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلىشىڭلار﴾[2]؛ ﴿وَجَادِلْهُم بِالَّتِي هِيَ أَحْسَنُ﴾ ﴿ئۇلار (يەنى مۇخالىپەتچىلىك قىلغۇچىلار) بىلەن چىرايلىق

---

[1] سۈرە بەقەرە، 204 ـ ۋە 205 ـ ئايەتلەر.

[2] سۈرە ئەنكەبۇت، 46 ـ ئايەت.

رەۋىشـــــــتە مۇنازىرىلەشــــــكىن﴾[1]؛ ﴿مَـا يُجَـادِلُ فِي آيَـاتِ اللَّهِ إِلَّا الَّـذِينَ كَفَـرُوا﴾ ﴿اللەنىـــڭ ئـــايەتلىرى (يەنـــى قۇرئـــان) توغرىســـــدا پەقەت كـــاپىرلار مۇجادىلە قىلىشىدۇ﴾[2].

ئىمـــام نەۋەۋى ســـۆزىنى داۋام قىلىـــپ مۇنـــداق دەيـــدۇ: ئەگەر ھەق ئۈســـتىدە چىـــڭ تـــۇرۇش، ئـــۇنى ئىســـپاتلاش ۋە مـــۇداپىئە قىلىـــش ئۈچـــۈن مۇنـــازىرە قىلىنســـا، ماختاشـــقا لايـــىق بولـــدۇ. ئەگەر ھەقنـــى يوققـــا چىقىـــرىش ۋە ھېچنېمـــدىن خەۋىـــرى يـــوق قـــارىغۇلارچە مۇنـــازىرە قىلىنســـا، ئەيىبلەشـــكە لايـــىق بولـــدۇ. دېـــمەك، مۇنـــازىرە قىلىشـــنىڭ ماختاشـــقا يـــاكى ئەيىبلەشـــكە لايـــىق بولۇشـــى مانـــا بـــۇ تەپســـىلاتقا بىنائەن بولىدۇ.

دانـــالاردىن بـــىرى: مۇنـــازىرە ۋە خۇســـۇمەتتىن باشـــقا دىنغـــا ئەڭ زىيـــانلىق، ئـــابرۇينى ئەڭ تۆكـــدىغان، دىلنـــى ئەڭ مەشـــغۇل قىلـــدىغان نەرسىنى كۆرمىدىم، - دېگەن ئىكەن.

ئەگەر بـــىرى: ئىنســـان ھەققنـــى تولـــۇق ئـــېلىش ئۈچـــۈن جېـــدەل قىلمـــاي چـــارە يـــوق دېســـە، بۇنىڭغـــا ئىمـــام غەززالىنـــىڭ (اللە ئۇنىڭغـــا رەھـــمەت قىلســـۇن!) مۇنـــۇ جـــاۋابى بىـــلەن جـــاۋاب بېرىمـــىز: شـــۇنى بىلىشـــىڭ كېرەككـــى، نـــاھەق ۋە ئىشـــنىڭ تېگـــى – تەكتىنـــى بىلەســـتىن مۇنازىرىلەشـــكەن كىشـــى چوقـــۇم ئەيىبلىنىـــدۇ. مەســـىلەن، قازىنىـــڭ ۋەكىلىـــگە ئوخشـــاش. قازىنىـــڭ ۋەكىلـــى ھەقنىـــڭ قايســـى تەرەپـــتە ئىكەنلىكىنـــى بىلىشـــتىن ئىلگـــىرى مۇنـــازىرە ئىشـــىغا ۋەكىـــل بولـــدۇ. ئاندىن ھەققىي ئەھۋالنى بىلمەستىن مۇنازىرە قىلىدۇ.

كىشـــىنىڭ ئـــۆز ھەققىنـــى تەلەپ قىلىـــپ مۇنازىرىلىشىشـــمۇ ئەيىبلىنىـــدىغان تـــۈرگە كىرىـــدۇ. چـــۈنكى ئـــۇ ئـــۆز ئېھتىيـــاجى بىلەنـــلا چەكلىنىـــپ قالمايـــدۇ. ئەكســـىچە، دەۋاگـــىرىگە تـــىل ئـــۇزارتىش، ئـــازار بـــېرىش، يالغـــان ســـۆزلەش ۋە ئـــۆز پىكرىـــدە چىـــڭ تـــۇرۇش قاتارلىقلارغـــا ئوخشـــاش قىلمىشـــلارنى ســـادىر قىلـــدۇ. شـــۇنىڭدەك، مۇنـــازىرىگە ھاقارەتلىـــك ســـۆزلەرنى ئارىلاشـــتۇرۇپ قويـــدۇ. ئەســـلىدە بىراۋنىـــڭ ھەققنـــى ئـــېلىش ئۈچـــۈن مۇنـــداق قىلىشـــى ھاجەتســـىز. دەۋاگىرنـــى

[1] سۈرە نەھل، 125 ـ ئايەت.

[2] سۈرە غافىر، 4 ـ ئايەت.

يېڭىش ۋە ئۇنىڭدىن غالىب كېلىش ئۇچۇن تەرسالىق قىلىشمۇ كىشىنى مۇنازىرىلىششكە ئېلىپ بارىدۇ.

ئەمما ئۇۋۋال قىلىنغۇچىنىڭ ھەددىدىن ئاشماستىن، تەرسالىق قىلماستىن، ئېھتىياجىدىن ئارتۇق سۆز قىلماستىن، شەرئى يول بىلەن ھەققىنى تەلەپ قىلىشى ھارام ئەمەس. شۇنداقتىمۇ، مۇنازىرە ۋە خۇسۇمەتكە ئېلىپ بارىدىغان يولنى تەرك ئېتىش ئەۋزەلدۇر. چۈنكى خۇسۇمەت قىلىشقاندا تىلنى مۆتىدىل ھالدا تىزگىنلەش قىيىن. نېمىشقا دېگەندە، خۇسۇمەت كىشىنى كۆپتۈرىدۇ، غەزەپ ئوتىنى قوزغايدۇ. ئەگەر غەزەپ قوزغالسا، ئىككى تەرەپ ئارىسىدا ئاداۋەت پەيدا بولىدۇ. ھەتتا ئىككى تەرەپنىڭ ھەربىرى قارشى تەرەپنىڭ يامان ئەھۋالغا قېلىشى بىلەن خۇشال بولىدۇ، خۇشال بولۇشى بىلەن قايغۇرىدۇ. ئۇنىڭ يۈز — ئابرۇيىغا تىل تەككۈزىدۇ. كىمكى مۇنازىرىلەششە، ئەنە شۇنداق يامان ئاقىۋەتلەرگە دۇچار بولىدۇ. ئەڭ بولمىغاندىمۇ، ئۇنىڭ قەلبىنى بىئارام قىلىدۇ، ھەتتا نامىزىدا ۋە بوش قالغان ۋاقىتلىرىدا دەۋاگىرى ئېسىگە كېلىۋالىدۇ. نەتىجىدە، توغرا ئىش ئۈستىدە ئىستىقامەت قىلالمايدۇ. دېمەك، مۇنازىرە ۋە خۇسۇمەت يامانلىقنىڭ بېشىدۇر. كىشىگە ئەنە قىلىشمۇ شۇنداق. شۇنىڭ ئۈچۈن، كىشى زۆرۈر بولۇپ قالمىسا، مۇنازىرە ۋە خۇسۇمەتنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچماسلىقى كېرەك.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ھەر دائىم ئاداۋەت قىلىشىڭ گۇناھكار بولۇشۇڭغا يېتەرلىك»[1].

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: خۇسۇمەتنىڭ ھالاكىتى (خەتىرى) بار.

*****

[1] ترمىزى ۋە دارىمى رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: زەئىپ، - دېگەن.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىرەر دەۋادا ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى بىلمەي تۇرۇپ جېدەل قىلسا، تاكى ئۇنىڭدىن ۋاز كەچمىگىچە اللهنىڭ غەزىپى ئىچىدە بولىدۇ»[①].

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «الله بىرەر قەۋمگە ھىدايەت بەرسە، ئۇلار ھىدايەت ئۈستىدىلا بولىدىكەن ئازمايدۇ. ئەمما خۇسۇمەت قىلىشتىن خالىي بولالمايدۇ»[②] دېگەن، ئاندىن مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇغان: ﴿مَا ضَرَبُوهُ لَكَ إِلَّا جَدَلًا﴾ ﴿ئۇلار بۇ مىسالنى پەقەت خۇسۇمەت قىلىش ئۈچۈنلا كەلتۈردى﴾[③].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ سىلەردىن ئەڭ ئەنسىرەيدىغىنىم ئالىمنىڭ ئېزىپ كېتىشى، مۇناپىقنىڭ قۇرئان ھەققىدە جېدەل قىلىشى ۋە مال - دۇنيانىڭ سىلەرنى ۋەيران قىلىشىدۇر»[④].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دەيدۇ: «قۇرئان ھەققىدە جېدەل قىلىش كۇپرىلىقتۇر»[⑤].

*****

كىشىلەرگە سۆزلىگەندە گەپ دانلىق قىلىپ سۆز ياساش، گەپ ئۆزگەرتىش ۋە قاپىيىلەشتۈرۈپ سۆزلەش مەكرۇھ بولۇپ، مۇنداق تەكەللۇپ قىلىش ئەيىب ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا سۆز قىلغاندا سۆز ئۇسلۇبىغا دىققەت قىلىپ، ئاساسىي مەقسەتنى چۈشىنىشلىك قىلىپ سۆزلەش لازىم.

---

① ئىمام غەزالى «ئەلئىھيا» ناملىق كىتابىدا بايان قىلغان. سەنەدىدە رەجائ ئەبۇ يەھيا ئىسىملىك بىرى بولۇپ، كۆپچىلىك ھەدىسشۇناسلار ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

② ئىمام تىرمىزى، ئىبنى ماجە ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

③ سۈرە زۇخرۇف، 58 ـ ئايەت.

④ ئىبنى ھەجەر ھەيسەمى بايان قىلغان ۋە: بۇ ھەدىسنى ئىمام تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، زەئىپتۇر، - دېگەن. ئىمام ئەھمەد ۋە باشقا بىر قىسىم ھەدىسشۇناسلارمۇ بۇ ھەدىسنىڭ زەئىپ ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

⑤ ئەبۇ داۋۇد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئىنتايىن زەئىپتۇر.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «الله تائالا ئەرلەردىن خۇددى كالا كۆشىگەندەك تىلىنى چايناپ گەپ قىلىدىغان ئەرلەرنى يامان كۆرىدۇ»[①].

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنىدە ماڭا ئەڭ سۆيۈملۈك بولىدىغانلار ۋە ئەڭ يېقىن ئولتۇرىدىغانلار ئەڭ ياخشى ئەخلاقتا ساھىب بولغانلاردۇر. ماڭا ئەڭ يامان كۆرۈلىدىغانلار ۋە مەندىن ئەڭ يىراق بولىدىغانلار كوت – كوت، تولا ۋاتىلداپ كىشىلەرنى زېرىكتۈرىۋېتىدىغان ۋە يوغانچىلىق قىلىدىغان كىشىلەردۇر»[②].

بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، نۇتۇق سۆزلىگەندە ۋەز - نەسىھەت قىلغاندا، ھەددىدىن ئاشماستىن، كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرىدىغان سۆزلەرنى ئىشلەتمەستىن، چىرايلىق سۆزلەرنى ئىشلىتىش ئەيىب ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى نۇتۇق ۋە ۋەز - نەسىھەتنىڭ مەقسىتى ئىنسانلارنىڭ قەلبىنى اللهنىڭ تائەت - ئىبادىتىگە مايىل قىلىشتىن ئىبارەت. چىرايلىق سۆزنىڭ تەسىرى ھەققەتەن ناھايىتى چوڭ بولىدۇ. توغرىسىنى الله ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.

[①] ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

[②] تىرمىزى ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: ھەسەن، - دېگەن.

## ئاتمىش بىرىنچى چوڭ گۇناھ:

## ئارتۇق سۇنى بەرمەسلىك

اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ أَرَأَيْتُمْ إِنْ أَصْبَحَ مَاؤُكُمْ غَوْرًا فَمَن يَأْتِيكُم بِمَاءٍ مَّعِينٍ﴾ ((ئۇلارغا) «ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ؟ (سۈيىڭلار يەر ئاستىغا) سىڭىپ كەتسە، سىلەرگە كىم ئېقىن سۇ كەلتۈرۈپ بېرىدۇ» دېگىن﴾[1].

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «(ھاجىتىڭلاردىن) ئارتۇق سۇنى (ھاجەتمەنلەردىن) توسۇپ قويماڭلار. ئۇنداق قىلساڭلار، ئوت - چۆپلەرنىڭ ئۆسۈشىنى توسۇپ قويغان بولىسىلەر»[2]؛ «كىمكى ھاجىتىدىن ئارتۇق سۇنى ياكى ئارتۇق ئوت - چۆپنى توسۇپ قويسا، اللّٰه تائالا قىيامەت كۈنى پەزلى - كەرەمىنى ئۇنىڭدىن توسۇپ قويىدۇ»[3].

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دەيدۇ: «اللّٰه تائالا قىيامەت كۈنى مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك كىشىگە گەپ قىلمايدۇ، ئۇلارغا (رەھمەت نەزىرى بىلەن) قارىمايدۇ ۋە ئۇلارنى (گۇناھتىن) پاكلىمايدۇ. ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ: بىرى، چۆلدە ياشايدىغان ۋە ھاجىتىدىن ئارتۇق سۈيى بار كىشى بولۇپ، ئۇ سۇنى يولۇچىلارغا بەرمەيدۇ؛ يەنە بىرى، باشلىقىغا مال - دۇنيا ئۈچۈن بەيئەت قىلغان كىشى بولۇپ، ئەگەر ئۇ ئۇنىڭغا پۇل - مال بېرىپ تۇرسا، بەيئىتىگە ۋاپا قىلىدۇ. بەرمىسە، ۋاپاسىزلىق قىلىدۇ؛ ئۈچىنچىسى، بىراۋغا ئەسىر نامىزىدىن كېيىن مال ساتىدىغان، ئۇنى ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن: مەن بۇ مالنى مانچە پۇلغا ئالدىم، دەپ

---

[1] سۈرە مۇلك، 30 ـ ئايەت.

[2] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

[3] ئەھمەد رىۋايەت قىلغان. ئەلبانىي: سەھىھ، - دېگەن.

اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەم ئىچىدىغان كىشى بولۇپ، خېرىدار ئۇنىڭغا ئىشىنىدۇ. ھالبۇكى، ئەمەلىيەت ئۇنداق ئەمەس»[①].

يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «الله تائالا سۇنىڭ ئارتۇقىنى بەرمىگەن كىشىگە: خۇددى سەن ئۆز كۈچىڭگە تايىنىپ ئىگە بولمىغان سۇنى توسقىنىڭدەك، بۈگۈن مەن پەزلى - كەرىمىمنى سەندىن توسۇپ قويىمەن، - دەيدۇ»[②].

---

[①] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

[②] ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

## ئاتمىش ئىككىنچى چوڭ گۇناھ:

## ئۆلچەمدە، تارازىدا، مېتىر ۋە شۇنىڭدەك ئۆلچەش ئەسۋاپلىرىدا كەم بېرىش

ﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَيْلٌ لِّلْمُطَفِّفِينَ الَّذِينَ إِذَا اكْتَالُواْ عَلَى النَّاسِ يَسْتَوْفُونَ وَإِذَا كَالُوهُمْ أَو وَّزَنُوهُمْ يُخْسِرُونَ أَلَا يَظُنُّ أُولَئِكَ أَنَّهُم مَّبْعُوثُونَ لِيَوْمٍ عَظِيمٍ يَوْمَ يَقُومُ النَّاسُ لِرَبِّ الْعَالَمِينَ﴾ ﴿(ئۆلچەمدە ۋە تارازىدا) كەم بەرگۈچىلەرگە ۋاي! ئۇلار كىشىلەردىن ئۆلچەپ ئالغان چاغدا، تولۇق ئالىدۇ. كىشىلەرگە ئۆلچەپ ياكى تارتىپ بەرگەن چاغدا، كەم بېرىدۇ. ئۇلار بۈيۈك بىر كۈندە تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقىغا ئىشەنمەمدۇ؟ ئۇ كۈندە ئىنسانلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ھۇزۇرىدا تىك تۇرىدۇ﴾[1].

سۇددى بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىگە كەلگەن چاغدا، مەدىنىدە ئەبۇ جۇھەينە ئىسىملىك بىر كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى يېنىك، يەنە بىرى ئېغىر ئىككى دانە تارازىسى بار ئىدى. يېنىك تارازا بىلەن كىشىلەرگە تارتىپ بېرەتتى، ئېغىر تارازا بىلەن كىشىلەردىن تارتىپ ئالاتتى. ﷲ تائالا ئەنە شۇ ئەھۋالغا قارىتا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى[2].

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بەشكە بەشتۇر (يەنى بەش گۇناھقا بەش جازا بېرىلىدۇ)» دېدى. ساھابىلەر:

_ ئى ﷲنىڭ رەسۇلى! بەشكە بەش دېگەن نېمە؟ - دەپ سورىغان ئىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

---

[1] سۈرە مۇتەففىفىن، 1 - ئايەتتىن 6 ـ ئايەتكىچە.

[2] ئىبنى جەۋزى «زادۇلمەسىر» ناملىق تەپسىرىنىڭ 9 – جىلد، 52 – بېتىدە بايان قىلىنغان.

— بىرىنچى، قانداق بىر قەۋم ئەھدىنى بۇزغان چاغدا، الله ئۇلارغا دۈشمەننى مۇسەللەت قىلىپ قويىدۇ؛ ئىككىنچى، ئۇلار الله نازىل قىلغان ھۆكۈمدىن باشقا نەرسە بىلەن ھۆكۈم قىلغان چاغدا، ئارىلىرىدا نامراتلىق تارقىلىپ كېتىدۇ؛ ئۈچىنچى، ئۇلار ئارىسىدا پاھىشىۋازلىق يامراپ كەتسە، الله ئۇلارغا ۋابا كېسەللىكى بېرىدۇ (يەنى ئۆلۈم - يېتىم كۆپىيىپ كېتىدۇ)؛ تۆتىنچى، ئەگەر ئۇلار ئۆلچەم ۋە تارازىنى كەم تۇتسا، زىرائەتتىن مەھرۇم قىلىنىپ، يىللارچە قۇرغاقچىلىققا دۇچ كېلىدۇ؛ بەشىنچى، ئەگەر ئۇلار زاكاتنى بەرمىسە، يامغۇردىن مەھرۇم قالىدۇ (يەنى الله ئۇلارغا يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرمەيدۇ)[1]، - دەپ جاۋاب بەردى.

مالىك ئىبنى دىنار مۇنداق دەيدۇ: قوشنامنى يوقلاش ئۈچۈن ئۆيىگە كىردىم. ئۇ سەكراتتا ياتقان بولۇپ، مۇنداق دەۋاتاتتى: ئوتتىن ئىككى تاغ! ئوتتىن ئىككى تاغ! مەن:

— نېمە دەۋاتىسەن؟ - دەپ سورىدىم. ئۇ:

— ئى مالىك! مېنىڭ بىرى يېنىك، يەنە بىرى ئېغىر ئىككى تارازام بار ئىدى، يېنىك تارازا بىلەن تارتىپ بېرەتتىم، ئېغىر تارازا بىلەن تارتىپ ئالاتتىم، - دېدى. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئىككى تارازىنى بىر - بىرىگە تەگكۈزۈپ سىلىشتۇرۇپ كۆردۈم. ئۇ ماڭا:

— ئى مالىك! سەن تارازىلارنى بىر - بىرىگە تەككۈزسەڭ، ئازاب تېخىمۇ چوڭىيىپ ۋە كۈچىيىپ كېتىۋاتىدۇ، - دېدى. ئۇ شۇ كېسەلدە ۋاپات بولدى[2].

ئۆلچەم، تارازا ۋە مىتىردا كەم بەرگۈچىلەر ئازغىنا نەرسىلەرنى كەم بېرىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق ئوغرىلىق قىلغان، خىيانەت قىلغان ۋە ھارام يېگەن بولىدۇ. الله تائالا بۇ ئىشلارنى قىلغانلارغا ۋەيلۇن دېگەن دوزاختىكى قاتتىق ئازابنى ۋەدە قىلدى. ۋەيلۇن شۇنداق يامان جايكى، ئەگەر دۇنيانىڭ پۈتۈن تاغلىرى ئۇنىڭغا تاشلانسا، ھارارىتىنىڭ قاتتىقلىقىدىن تاغلارنى ئېرىتىپ تاشلىغان بولاتتى.

[1] ھەيسەمى بۇ ھەدىسنى «مەجمەئۇززەۋائىد»ناملىق كىتابىدا نەقىل قىلغان ۋە: تەبەرانى رىۋايەت قىلغان، - دېگەن. ئەلبانى: ھەسەن، - دېگەن.

[2] ئىبنى ھەجەر «ئەززەۋاجىر» ناملىق كىتابىدا بايان قىلغان.

سەلەفلەردىن بىرى: ئۆلچەم، تارازا ۋە مىزاندا ئىش قىلىدىغان ئىنسانلار ئۈچۈن دوزاخ مۇقەررەردۇر. چۈنكى الله ئۆز رەھمىتىگە ئالغان كىشىلەردىن باشقىلار ئۆلچەم ۋە تارازىنى كەم تۇتۇشتىن ساقلىنالمايدۇ، - دېگەن ئىكەن[1].

سەلەفلەردىن يەنە بىرى مۇنداق دەيدۇ: بىر كېسەلنى يوقلاش ئۈچۈن بارغان ئىدىم. كېسەل ئۆلۈش ئالدىدا ئىكەن. مەن ئۇنىڭغا شاھادەت كەلىمىسىنى تەلقىن قىلدىم. ئەمما ئۇنىڭ تىلى كەلمىدى. ئۇ ھوشىغا كەلگەندە، مەن ئۇنىڭغا:

_ ئى قېرىندىشىم! مەن ساڭا شاھادەتنى تەلقىن قىلدىم. ئەمما تىلىڭ كەلمەيۋاتىدۇ، - دېسەم، ئۇ ماڭا:

_ ئى قېرىندىشىم! تارازىنىڭ تىلى مېنىڭ تىلىمنى شاھادەت ئېيتىشتىن توسۇۋېلىۋاتىدۇ، - دېدى. مەن ئۇنىڭغا:

_ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، توغرا سۆزلىگىن، تارازىدا كەم بېرەمتىڭ؟ - دەپ سورىسام، ئۇ ماڭا:

_ ياق، اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، كەم بەرمەيتتىم. لېكىن تارازىنىڭ توز تارتىشىنى ساقلاپ ئولتۇرمايتتىم، - دەپ جاۋاب بەردى. تارازىنى توغرا تۇتمىغان كىشىنىڭ ھالى بۇ بولسا، كەم بەرگەن كىشىنىڭ ھالى نېمە بولۇپ كېتەر؟![2]

نافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما سودىگەرلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە: اللهتىن قورقۇڭلار، تارازا ۋە ئۆلچەمنى توغرا تۇتۇڭلار، كەم تارتماڭلار، چۈنكى تارازا ۋە ئۆلچەمدە كەم بەرگەن كىشىلەر (قىيامەت مەيدانىدا) توختىتىپ قويۇلىدۇ، ھەتتا ئۇلارنىڭ بەدەنلىرىدىن چىققان تەر قۇلاقلىرىنىڭ يېرىمىغىچە كېلىدۇ، - دەيتتى[3].

كىشىلەرگە مال ساتقاندا مىزاننى چىڭ تارتىپ تولۇپ ئۆلچەيدىغان، ئۇلاردىن مال سېتىۋالغاندا مىزاننى قويۇپ بېرىپ ئۆلچەيدىغان سودىگەرلەرمۇ مۇشۇ ھۆكۈمنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ.

---

[1] ئىبنى ھەجەر «ئەززەۋاجىر» ناملىق كىتابىدا بايان قىلغان.

[2] ئىبنى ھەجەر «ئەززەۋاجىر» ناملىق كىتابىدا بايان قىلغان.

[3] ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

دانالاردىن بىرى مۇنداق دەيدۇ: بىر تال داننى كەم بېرىپ، كەڭلىكى ئاسمان - زېمىنچىلىك كېلىدىغان جەننەتنى سېتىۋەتكەن كىشىنىڭ ھالىغا ۋاي بولسۇن! شۇنىڭدەك، بىر تال داننى ئوشۇق ئېلىپ، جەھەننەم ۋادىسىنى سېتىۋالغان كىشىنىڭ ھالىغا ۋاي بولسۇن!

الله تائالادىن بىزنى ئەپۇ قىلىشىنى، ھەر خىل بالايىئاپەتلەردىن ۋە جاپا - مۇشەققەتلەردىن ساقلىشىنى تىلەيمىز. ئۇ ناھايىتى سېخىي، ناھايىتى كەرەملىكتۇر.

## ئاتمىش ئۈچىنچى چوڭ گۇناھ:

## اللهنىڭ تۇيۇقسىز جازالىشىدىن خاتىرجەم بولۇپ كېتىش

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿حَتَّىٰٓ إِذَا فَرِحُواْ بِمَآ أُوتُوٓاْ أَخَذۡنَٰهُم بَغۡتَةً﴾ ﴿ئۇلار تاكى ئۆزلىرىگە بېرىلگەن نېمەتلەردىن خۇشال - خۇرام تۇرغاندا، بىز ئۇلارنى ئۇشتۇمتۇت جازالىدۇق﴾[1] يەنى ئۇلارنى تۇيدۇرماي تۇرۇپ ئازابلىدۇق.

ھەسەن بەسرى: الله تائالا رىزقىنى كەڭ قىلغان كىشى بۇنىڭ بىر قاپقان ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالمىسا، ئۇنداقتا ئۇ ئەقىلسىزدۇر. الله تائالا رىزقىنى تار قىلغان كىشى بۇنىڭ بىر رەھمەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالمىسا، ئۇنداقتا ئۇ ئەقىلسىزدۇر، - دېگەن. ئاندىن مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇغان: ﴿حَتَّىٰٓ إِذَا فَرِحُواْ بِمَآ أُوتُوٓاْ أَخَذۡنَٰهُم بَغۡتَةً فَإِذَا هُم مُّبۡلِسُونَ﴾ ﴿ئۇلار تاكى ئۆزلىرىگە بېرىلگەن نېمەتلەردىن خۇشال - خۇرام تۇرغاندا، بىز ئۇلارنى ئۇشتۇمتۇت جازالىدۇق، ئۇلار ھەسرەتتە قالدى﴾[2]. دېمەك، الله تائالا بىرەر قەۋمنى ئۇشتۇمتۇت جازالىماقچى بولسا، ئۇلارنىڭ پۈتۈن ئېھتىياجلىرىنى بېرىدۇ، ئاندىن ئۇنى تۇيۇقسىز ئېلىۋالىدۇ.

ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «الله تائالانىڭ دائىم گۇناھ قىلىپ تۇرىدىغان كىشىگە ئۇ ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلىرنى بەرگەنلىكىنى كۆرسەڭ، بىلگىنكى، بۇ، اللهنىڭ ئۇنى تۇيۇقسىز جازالايدىغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر»[3] دېگەن. ئاندىن مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇغان: ﴿فَلَمَّا نَسُواْ مَا ذُكِّرُواْ بِهِۦ فَتَحۡنَا عَلَيۡهِمۡ أَبۡوَٰبَ كُلِّ شَيۡءٍ حَتَّىٰٓ إِذَا فَرِحُواْ بِمَآ أُوتُوٓاْ أَخَذۡنَٰهُم بَغۡتَةً فَإِذَا هُم مُّبۡلِسُونَ﴾ ﴿ئۇلار ئۆزلىرىگە قىلىنغان نەسىھەتنى ئۇنتۇغان چاغدا، ئۇلارغا (سىناش ئۈچۈن) پاراۋانلىقنىڭ

[1] سۈرە ئەنئام، 44 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ئەنئام، 44 ـ ئايەت.

[3] ئىمام ئەھمەد، تەبەرانى ۋە بەيھەقى رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

ھەممە ئىشىكلىرىنى ئېچىۋەتتۇق. ئۇلار تاكى ئۆزلىرىگە بېرىلگەن نېمەتلەردىن خۇشال - خۇرام تۇرغاندا، بىز ئۇلارنى تۇيۇقسىز جازالىدۇق، ئۇلار ھەسرەتتە قالدى﴾[1].

ئەسەر (سەلەف سالىھلارنىڭ يېزىپ قالدۇرغان سۆزلىرى)دە مۇنداق دېيىلگەن: ئىبلىس اللەنىڭ جازاسىغا ئۇچرىغاندا، جىبرىئىل بىلەن مىكائىل يىغلاشقا باشلىدى. الله تائالا ئۇ ئىككىسىدىن:

_ نېمىشقا يىغلاۋاتىسىلەر؟ - دەپ سورىغان ئىدى، ئۇلار:

_ ئى رەببىمىز! تۇيۇقسىز جازالىشىڭدىن ئەمىن بولالمايۋاتىمىز، - دېدى. الله تائالا:

_ مانا مۇشۇنداق بولۇڭلار، مېنىڭ تۇيۇقسىز جازالىشىمدىن بىخۇدلىشىپ قالماڭلار، - دېدى[2].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەمىشە: «ئى قەلبلەرنى ئۆزگەرتىپ تۇرغۇچى الله! قەلبلىرىمىزنى دىنىڭدا مۇستەھكەم قىلغىن!» دەپ دۇئا قىلاتتى. ساھابىلەر:

_ ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى! بىزدىن ئەنسىرەۋاتامسەن؟ - دەپ سورىغان ئىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

_ قەلبلەر رەھمان تائالانىڭ ئىككى بارمىقى ئارىسىدا بولۇپ، ئۇ ئۇلارنى قانداق خالىسا شۇنداق ئۆزگەرتىپ تۇرىدۇ[3]، - دەپ جاۋاب بەردى.

سەھىھ بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «بىر كىشى (ھاياتى بويىچە) جەننەت ئەھلىنىڭ ئەمىلىنى قىلىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭ بىلەن جەننەت ئارىسىدىكى مۇساپە بىر گەز قالغاندا، تەقدىرىگە پۈتۈلگىنى ئۇستۈن كېلىدۇ – دە، دوزاخ ئەھلىنىڭ ئەمىلىنى قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، دوزاخقا كىرىدۇ»[4].

سەھل ئىبنى سەئد سائىدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق

---

[1] سۈرە ئەنئام، 44 ـ ئايەت.

[2] بۇ ئەسەرنىڭ ئەسلى بولغان تەقدىردىمۇ زەئىپتۇر.

[3] ئىبنى ماجە، ھاكىم ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

[4] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

دېگەن: «بىراۋ دوزاخ ئەھلىنىڭ ئەمىلىنى قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئۇ جەننەت ئەھلىدىندۇر. يەنە بىراۋ جەننەت ئەھلىنىڭ ئەمىلىنى قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئۇ دوزاخ ئەھلىدىندۇر. شەك - شۈبھىسىزكى، ئەمەللەر خاتىمىسى بىلەن ئۆلچىنىدۇ»[1].

رىۋايەت قىلىنىشىچە: داۋاملىق مەسجىدتىن ئايرىلمايدىغان، كۆپ ناماز ئوقۇيدىغان، تائەت – ئىبادەتنىڭ نۇرى ۋە سەركەردىسى دەپ نام ئالغان مىسىرلىق بىر مۇئەززىن ئۆتكەن بولۇپ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئۆز ئادىتى بويىچە ئەزان ئېيتىش ئۈچۈن مۇنارغا چىقىپتۇ. مۇنارنىڭ يېنىدا بىر خرىستىئان زىممىينىڭ ئۆيى بار ئىكەن. شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ ئۆي ئىگىسىنىڭ ھويلىدا تۇرغان قىزىغا كۆزى چۈشۈپ قاپتۇ. قىز ناھايىتى چىرايلىق ئىكەن. ئۇ ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ، ئەزانمۇ ئېيتماي، ئۇنىڭ يېنىغا چۈشۈپتۇ. قىز ئۇنىڭغا:

_ نېمە ئىشىڭ بار، نېمە قىلماقچىسەن؟ - دەپتىكەن، ئۇ:

_ سېنى خالايمەن.

_ بولمايدۇ، مۇنداق ئورۇنسىز تەلىپىڭنى قوبۇل قىلمايمەن.

_ سېنى ئەمرىمگە ئالىمەن.

_ سەن دېگەن مۇسۇلمان، شۇڭا دادام مېنى ساڭا بەرمەيدۇ.

_ خرىستىئان بولىمەن.

_ ئەگەر شۇنداق قىلساڭ، مەن سېنىڭ تەلىپىڭگە قوشۇلىمەن.

شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئاشۇ قىز بىلەن ئۆيلىنىش ئۈچۈن خرىستىئان بوپتۇ ۋە ھويلىدا ئۇلار بىللە تۇرۇپتۇ. ئۇ شۇ كۈنى مەلۇم بىر ۋاقىتتا ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە چىققان ئىكەن، ئۆگزىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ ئۆلۈپ قاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، نە دىنىدا چىڭ تۇرالماپتۇ، نە قىز بىلەن بەھرىمەن بولالماپتۇ. اللە تائالاغا سېغىنىپ، ئۇنىڭ تويۇقسىز جازالىشىدىن، ئاقىۋىتىمىزنىڭ ۋە ئاخىرقى ئەمىلىمىزنىڭ يامان بولۇپ قېلىشىدىن پاناھ تىلەيمىز.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى

[1] بۇخارى ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

ۋەسەللەم كۆپىنچە ۋاقىتلاردا: «قەلبلەرنى ئۆزگەرتىپ تۇرغۇچى الله بىلەن قەسەمكى، ئۇنداق ئەمەس...» [1] دەپ قەسەم قىلاتتى. چۈنكى الله تائالا قەلبلەرنىڭ قوبۇل قىلىش، رەت قىلىش، ئىرادە قىلىش، يامان كۆرۈش قاتارلىق سۈپەتلىرىنى شامالدىن تېز ئۆزگەرتىپ تۇرىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَاعْلَمُواْ أَنَّ اللّهَ يَحُولُ بَيْنَ الْمَرْءِ وَقَلْبِهِ﴾ ﴿بىلىڭلاركى، الله كىشى بىلەن ئۇنىڭ قەلبى ئارىسىدا توسالغۇ بولالايدۇ (يەنى كىشىنىڭ دىلىنى ئىگىسىنىڭ خاھىشى بويىچە ئەمەس، بەلكى ئۆز خاھىشى بويىچە تەسەررۇپ قىلىدۇ)﴾ [2]. مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: الله بەندە بىلەن ئۇنىڭ ئەقلى ئارىسىدا توسالغۇ بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، بەندە نېمە قىلغىنىنى بىلەلمەي قالىدۇ.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ فِي ذَلِكَ لَذِكْرَى لِمَن كَانَ لَهُ قَلْبٌ أَوْ أَلْقَى السَّمْعَ وَهُوَ شَهِيدٌ﴾ ﴿بۇنىڭدا (ھەققەت ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزىدىغان) قەلبكە ئىگە ئادەم ياكى (ۋەز - نەسىھەتكە) ھوزۇرىي قەلب بىلەن قۇلاق سالىدىغان ئادەم ئۈچۈن، ئەلۋەتتە ۋەز - نەسىھەت بار﴾ [3]. تەبەرى بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: الله تائالا بەندىلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ قەلبلىرى ئارىسىدا توسالغۇ بولىدۇ. ھەتتا الله خالىمىسا، ئىنسان ھېچ نەرسىنى ئىدراك قىلالمايدۇ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئى قەلبلەرنى ئۆزگەرتىپ تۇرغۇچى الله! قەلبىمنى تائەت - ئىبادىتىڭ ئۈستىدە مۇستەھكەم قىلغىن!» دېگەن دۇئانى كۆپ قىلاتتى. مەن: ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! بۇ دۇئانى كۆپ قىلىدىكەنسەن، قورقۇۋاتامسەن؟ دەپ سورىسام، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئى ئائىشە! مېنى نېمىمۇ خاتىرجەم قىلسۇن؟ بەندىلەرنىڭ قەلبلىرى رەھمان

[1] بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسائى، مالىك، دارىمى ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.
[2] سۈرە ئەنفال، 24 ـ ئايەت.
[3] سۈرە قاف، 37 ـ ئايەت.

تائالانىڭ ئىككى بارمىقى ئارىسىدا بولۇپ، ئۇنى قانداق خالىسا شۇنداق ئۆزگەرتىدۇ. ئەگەر ئۇ بىرەر بەندىنىڭ قەلبىنى ئۆزگەرتىشنى خالىسا، ئۇنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.

ھىدايەت ھەممىگە ئايان، ئىستىقامەت (توغرا يولدا مېڭىش) اللهنىڭ خالىشىغا باغلىق، ئاقىۋەت نامەلۇم، خاھىش چەكلىمىسىزدۇر. شۇڭا سەن ئىمانىڭدىن، ئەمىلىڭدىن، نامىزىڭدىن، روزاڭدىن ۋە بارلىق ياخشىلىقلىرىڭدىن ھەرگىز مەغرۇرلانمىغىن. گەرچە ياخشى ئەمەلنى يەتكە سەن چىقارغان بولساڭمۇ، ئۇ يەنىلا رەببىڭنىڭ ساڭا بۇ دۇنيادا ئاتا قىلغان پەزلى ۋە مەرھەمىتىدۇر. شۇ سەۋەبتىن، سەن ئۇنىڭ بىلەن قانچىلىك مەغرۇرلانساڭ مەغرۇرلانغىن، يەنىلا باشقىلارنىڭ مال - مۈلكى بىلەن مەغرۇرلانغان بولىسەن. ئەمما، تولىمۇ ئەپسۇسكى، الله بۇ نېمەتلىرىنى سەندىن ئېلىۋالسا، سېنىڭ قەلبىڭ خۇددى ئاچ قالغان تۆگىنىڭ قورسىقىدىنمۇ بەكراق بوشاپ قالىدۇ.

كەچقۇرۇنلۇقى ئەتراپىقا خۇشپۇراق چاچقان قانچىلىغان گۈل – چېچەكلىك ئېسىل باغلار ئەتىگەنلىسى قارىساڭ، شاماللار تەرەپ – تەرەپكە ئۇچۇرۇپ كېتىدىغان ئوت - سامانغا ئايلىنىپ قالىدۇ. بەندىمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ قەلبى كەچقۇرۇنلۇقى اللهقا تائەت – ئىبادەت قىلىش بىلەن مەشغۇل، يورۇق ۋە ساغلام بولسىمۇ، تاڭ ئاتقاندا قارىساڭ، گۇناھ مەسىيەتكە پاتقان، زالىم ۋە كېسەل ھالەتكە كېلىپ قالىدۇ. بۇ، ھەممىگە غالىب، ھەممە نەرسىنى بىلىپ تۇرغۇچى اللهنىڭ ئالدىنئالا بەلگىلىگەن ئىشىدۇر.

ئى ئىنسان! قەلەم قىلمىشلىرىڭنى يېزىپ تۇرىدۇ، سەن بولساڭ بۇنى بىلمەستىن غەپلەت ئىچىدە يۈرۈۋاتىسەن. ئى ئادەم بالىسى! بۇ دۇنيانىڭ ئويۇن ـ تاماشالىرىنى، نەغمە ـ نەۋالىرىنى، ھەشەمەتلىك تۇرالغۇ ـ جايلىرىنى ۋە مال – مۈلككە بېرىلىشنى تەرك ئەتكىنكى، شۇ چاغدا سەن تەقدىرنىڭ ساڭا قىلغانلىرىنى كۆرىسەن.

قىيامەت كۈنى ئەرشئەلا تەرەپتىن بىر نىدا قىلغۇچى: پالانچى قەيەردە؟ پالانچى قەيەردە؟ - دەپ نىدا قىلىدۇ. بۇ ئاۋازنى

ئاڭلىغانلا كىشىنىڭ ۋۇجۇدى تىترەپ كېتىدۇ. شۇ چاغدا، الله تائالا ھېلىقى كىشىگە: چاقىرىلغان كىشى سەنسەن، ئاسمان - زېمىننىڭ پەرۋەردىگارى ھۇزۇرىغا كەلگىن، - دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، پۈتۈن خالايىقنىڭ كۆزى ئەرش تەرەپكە تىكىلىدۇ. ئۇ كىشى اللهنىڭ ھۇزۇرىدا تۇرغۇزۇلىدۇ. الله تائالا ئۇنىڭغا بىر نۇر چۈشۈرىدۇ، بۇ نۇر بىلەن ئۇنى مەخلۇقاتلاردىن يوشۇرىدۇ. كېيىن ئۇنىڭغا:

_ ئى بەندەم! ئۇ دۇنيادا مېنىڭ سېنىڭ ئىشلىرىڭنى كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىمنى بىلمەمتىڭ؟ - دەيدۇ. ئۇ:

_ ئەلۋەتتە بىلەتتىم، ئى رەببىم! - دەيدۇ.

_ ماڭا ئىتائەت قىلمىغانلارغا جازا، ئىتائەت قىلغانلارغا مۇكاپات بېرىدىغانلىقىمنى ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟

_ ئى رەببىم! ئاڭلىغان ئىدىم.

_ ئى بەندەم! ئۇنداقتا ماڭا ئىتائەت قىلمىدىڭغۇ؟

_ ھەئە، شۇنداق بولۇپ قالدى.

_ ئى بەندەم! نېمە ئۈمىد قىلىسەن؟ ئويلاۋاتىسەن؟

_ ئى رەببىم! مېنى ئەپۇ قىلىشىڭنى ئويلاۋاتىمەن.

_ ئى بەندەم! ھەقىقەتەن سېنى ئەپۇ قىلىشىمنى ئويلاۋاتامسەن؟

_ ھەئە، ئى رەببىم! چۈنكى سەن مېنىڭ گۇناھلىرىمنى كۆردۈڭ ۋە ئۇنى باشقىلاردىن يوشۇردۇڭ.

_ ئۇنداقتا، مەن سېنى ئەپۇ قىلدىم، گۇناھىڭنى مەغپىرەت قىلدىم، ئويلىغانلىرىڭنى ھەقىقەتكە ئايلاندۇردۇم، (نامە – ئەمال) دەپتىرىڭنى ئوڭ قولۇڭ بىلەن ئالغىن، ئۇنىڭدىكى ياخشى ئەمەللىرىڭنى قوبۇل قىلدىم، يامان ئەمەللىرىڭنى ئەپۇ قىلدىم. مەن ھەقىقەتەن ناھايىتى سېخىي، ناھايىتى كەرەملىك زاتمەن.

ئى الله! ئەپۇ قىلىشنى ياخشى كۆرىسەن ئىدىڭ، ئەلۋەتتە، گۇناھ - مەسىيەت بىلەن ساڭا قارشى چىققانلارغا مۆھلەت بەرمىگەن بولاتتىڭ. سېنىڭ مەغپىرىتىڭ ۋە كەرەمىڭ بولمىسا ئىدى، ئىنسانلارنىڭ كۆڭۈللىرى خاتىرجەم بولمىغان بولاتتى. ئى

اﷲ! سەن تولىمۇ ئەپۇ قىلغۇچىسەن، ئەپۇ قىلىشنى ياخشى كۆرىسەن، بىزنى ئەپۇ قىلغىن.

ئى اﷲ! بىزگە رەھمەت نەزىرىڭ بىلەن قارىغىن، بىزنى مۇتتەقىلەر قاتارىدىن قىلغىن، بەدبەختلەر قاتارىدىن قىلمىغىن. ئى اﷲ! ئارزۇ - ئۈمىدلىرىمىزنى ھەقىقەتكە ئايلاندۇرغىن. ئەمەللىرىمىزنى ھەر ۋاقىت ياخشى قىلغىن. سېنىڭ رازىلىقىڭغا يەتكۈزىدىغان يوللارنى بىزگە ئاسانلاشتۇرغىن. بىزنى كوكۈلمىزدىن تۇتۇپ، ياخشىلىققا يېتەكلىگىن. بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن.

## ئاتمىش تۆتىنچى چوڭ گۇناھ:

## ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلىنىش

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّهُ لاَ يَيْأَسُ مِن رَّوْحِ اللهِ إِلاَّ الْقَوْمُ الْكَافِرُونَ﴾ ﴿شۈبھىسىزكى، پەقەت كاپىر قەۋملا ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلىنىدۇ﴾[1]؛ ﴿وَهُوَ الَّذِي يُنَزِّلُ الْغَيْثَ مِن بَعْدِ مَا قَنَطُوا﴾ ﴿ئۇلار (يامغۇرنىڭ يېغىشىدىن ئۈمىدسىزلەنگەندىن كېيىن) ئاللاھ يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدۇ﴾[2]؛ ﴿قُلْ يَا عِبَادِيَ الَّذِينَ أَسْرَفُوا عَلَى أَنفُسِهِمْ لَا تَقْنَطُوا مِن رَّحْمَةِ اللَّهِ﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد! مېنىڭ تىلىمدىن) ئېيتقىنكى، (گۇناھلارنى قىلىۋېرىپ) ئۆزلىرىگە جىنايەت قىلغان بەندىلىرىم! ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار﴾[3].

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «سىلەردىن ھېچكىم ئاللاھ ھەققىدە ياخشى گۇمان قىلماي تۇرۇپ ئۆلمىسۇن»[4].

ئى ئاللاھ! ئەپۇ قىلىشنى ياخشى كۆرمىسەڭ ئىدىڭ، ئەلۋەتتە، گۇناھ - مەسىيەت بىلەن ساڭا قارشى چىققانلارغا مۆھلەت بەرمىگەن بولاتتىڭ. سېنىڭ مەغپىرىتىڭ ۋە كەرەمىڭ بولمىسا ئىدى، ئىنسانلارنىڭ كۆڭۈللىرى خاتىرجەم بولمىغان بولاتتى. ئى ئاللاھ! سەن تولىمۇ ئەپۇ قىلغۇچىسەن، ئەپۇ قىلىشنى ياخشى كۆرىسەن، بىزنى ئەپۇ قىلغىن.

ئى ئاللاھ! بىزگە رەھمەت نەزىرىڭ بىلەن قارىغىن، بىزنى مۇتتەقىلەر قاتارىدىن قىلغىن، بەدبەختلەر قاتارىدىن قىلمىغىن. ئى ئاللاھ! ئارزۇ - ئۈمىدلىرىمىزنى ھەقىقەتكە ئايلاندۇرغىن. ئەمەللىرىمىزنى ھەر ۋاقىت ياخشى قىلغىن. سېنىڭ رازىلىقىڭغا

---

[1] سۈرە يۇسۇف، 87 ـ ئايەت.

[2] سۈرە شۇرا، 28 ـ ئايەت.

[3] سۈرە زۇمەر، 53 ـ ئايەت.

[4] مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

يەتكۈزىدىغان يوللارنى بىزگە ئاسانلاشتۇرغىن. بىزنى كوكۇلمىزدىن تۇتۇپ، ياخشىلىققا يېتەكلىگىن. بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن.



## ئاتمىش بەشىنچى چوڭ گۇناھ:

### ئۆزرىسىز تۇرۇپ جامائەتكە چىقماي، نامازنى يالغۇز ئوقۇش

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جامائەت نامىزىغا چىقمايدىغان كىشىلەرگە خىتاب قىلىپ مۇنداق دېگەن: «بىر ئادەمنى جامائەتكە ئىمام بولۇپ بېرىشكە بۇيرۇپ قويۇپ، ئاندىن جامائەتكە چىقمايدىغان كىشىلەرنىڭ ئۆيىگە ئوت قويۇپ بەرسەم دەپ ئويلاپ كېتىمەن»[1].

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «بىر قىسىم كىشىلەر يا جامائەتنى تەرك ئېتىشتىن توختايدۇ، يا الله ئۇلارنىڭ قەلبلىرىگە پېچەت بېسىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار غاپىللاردىن بولۇپ قالىدۇ»[2].

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ھورۇنلۇق قىلىپ ئۈچ جۈمە نامىزىنى تەرك ئەتسە، الله ئۇنىڭ قەلبىنى پېچەتلىۋېتىدۇ»[3]؛ «كىمكى ھېچقانداق ئۆزرىسى ۋە زىيان - زەخمەت بولماي تۇرۇپ جۈمە نامىزىنى تەرك ئەتسە، ئەمەل دەپتىرىگە ″مۇناپىق″ دەپ يېزىلىدۇ. ئاندىن نە ئۆچۈرۈلمەيدۇ، نە ئۆزگەرتىلمەيدۇ»[4].

ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «جۈمە نامىزىغا بېرىش بالاغەتكە يەتكەن ھەربىر كىشىگە ۋاجىپتۇر»[5].

---

[1] ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

[2] مۇسلىم، ئىبنى ماجە، نەسائى ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

[3] ئەبۇ داۋۇد، نەسائى، ئىبنى ماجە، دارىمى، تىرمىزى ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

[4] ئىمام تەبەرانى رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

[5] ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسائى رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

اللە تائالادىن ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ئىشلارنى قىلىشىمىزغا مۇۋەپپەق قىلىشىنى تىلەيمىز. ئۇ ناھايىتى سېخىي، ناھايىتى كەرەملىكتۇر.

## ئاتمىش ئالتىنچى چوڭ گۇناھ:

## جۈمە نامىزىنى ئۆزرىسىز تەرك ئېتىشنى داۋاملاشتۇرۇش

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَوْمَ يُكْشَفُ عَن سَاقٍ وَيُدْعَوْنَ إِلَى السُّجُودِ فَلَا يَسْتَطِيعُونَ خَاشِعَةً أَبْصَارُهُمْ تَرْهَقُهُمْ ذِلَّةٌ وَقَدْ كَانُوا يُدْعَوْنَ إِلَى السُّجُودِ وَهُمْ سَالِمُونَ﴾ ﴿ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە) ئىش قىيىنلىشىدۇ، ئۇلار (ئىماننى سىناش ئۈچۈن) سەجدە قىلىشقا چاقىرىلىدۇ، ئۇلار سەجدە قىلالمايدۇ. ئۇلار (قورقۇنچتىن) تىكىلىپ قارىيالمايدۇ، ئۇلارغا خارلىق يۈزلىنىدۇ، ئۇلار (دۇنيادا) ساغلام چاغلىرىدا سەجدىگە دەۋەت قىلىنغان ئىدى، (ئۇلار سەجدىدىن باش تارتتى)﴾[1].

كەئبۇلئەھبار: بۇ ئايەت پەقەت جامائەت نامىزىغا چىقمايدىغان كىشىلەر ھەققىدە نازىل بولغان ئىدى، ـ دەيدۇ.

تابىئىنلارنىڭ ئىمامى سەئىد ئىبنى مۇسەييەب (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): ئايەتتە تىلغا ئېلىنغانلار: "نامازغا ئالدىراڭلار، نىجاتلىققا ئالدىراڭلار" دېگەن نىدانى ئاڭلاپ تۇرۇپمۇ كەلمەيتتى. ھالبۇكى، ئۇلار ساپ ـ ساغلام ئىدى، ـ دەيدۇ.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «جېنىم ئىلكىدە بولغان زات الله بىلەن قەسەمكى، كىشىلەرنى ئوتۇن تېرىشكە بۇيرۇسام، ئوتۇن توپلانسا، ئاندىن ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇسام، نامازغا ئەزان ئېيتىلسا، ئاندىن بىر ئادەمنى جامائەتكە ئىمام بولۇشقا بۇيرۇسام، ئاندىن جامائەت نامىزىغا كەلمىگەنلەرنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ، ئۇلارنى ئۆيلىرى بىلەن قوشۇپ كۆيدۈرۈۋەتسەم دەپ ئويلاپ كېتىمەن»[2].

---

[1] سۈرە قەلەم، 42 ـ ۋە 43 ـ ئايەتلەر.

[2] ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «يىگىتلىرىمنى ئوتۇن يىغىشقا بۇيرۇسام، ئۇلار ماڭا بىر باغلام ئوتۇن تېرىپ بەرسە، ئاندىن ھېچقانداق ئۆزرىسى بولماستىن ئۆيلىرىدە ناماز ئوقۇيدىغانلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ، ئۇلارنى ئۆيلىرى بىلەن قوشۇپ كۆيدۈرۈۋەتسەم دەپ ئويلاپ كېتىمەن»[1].

مانا بۇ سەھىھ ھەدىس ۋە ئالدىنقى ئايەتتە جامائەت نامىزىنى ئۆزرىسىز تەرك ئەتكەن كىشىلەرگە قاتتىق تەنبىھ بېرىلدى.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى نامازغا چاقىرغان ئەزاننى ئاڭلىسا، ئۇنى ئۆزرىدىن باشقا نەرسە نامازغا كېلىشتىن توسۇپ قالالمايدۇ» دېدى. ساھابىلەر:

_ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! قانداق نەرسە ئۆزرە بولىدۇ؟ - دەپ سورىغاندى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

_ بىرەر خىيىم – خەتەردىن قورقۇش ياكى كېسەللىك. بۇنىڭدىن باشقا ھالەتتە (ئۆيدە) ناماز ئوقۇغان كىشىنىڭ نامىزى قوبۇل قىلىنمايدۇ، - دەپ جاۋاب بەردى[2].

ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلىدۇكى، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: كۈندۈزى روزا تۇتۇپ، كېچىسى قىيامدا تۇرىدىغان، ئەمما جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇمايدىغان ۋە جامائەتكە ئارىلاشمايدىغان كىشى ھەققىدە سورالغاندا، ئۇ: ئەگەر ئۇ مۇنداق ئۆلۈپ كەتسە، دوزاختا كىرىدۇ، - دەپ جاۋاب بەرگەن.

بىر قارىغۇ كىشى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

_ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! قولۇمدىن تۇتۇپ مەسجىدكە يېتىلەپ بارىدىغان ئادەم يوق، شۇڭا نامازنى ئۆيۈمدە ئوقۇسام ماڭا رۇخسەت بامۇ؟ - دېگەن ئىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا رۇخسەت بەردى. ئۇ كىشى ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ

---

[1] مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[2] ئەبۇ داۋۇد ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: زەئىپ، - دېگەن.

كىتىۋاتقاندا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى چاقىرىپ:

_ نامازغا ئېيتىلغان ئەزاننى ئاڭلامسەن؟ - دەپ سورىغاندى، ئۇ:

_ ھەئە، - دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

_ ئۇنداقتا ئىجابەت قىلغىن (يەنى جامائەتكە كەلگىن)، - دېدى[1].

ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلىدۇكى، ئەمر ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

_ ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى! مەدىنىدە زەھەرلىك ۋە يىرتقۇچ جانلىقلار كۆپ. مەن بولسام كۆزى ئاجىز ئادەممەن، ئۆيۈم مەسجىدتىن ناھايىتى يىراق. مېنى يېتىلەيدىغان ئادەم بەزىدە يوق بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا نامازنى ئۆيۈمدە ئوقۇسام رۇخسەت بارمۇ؟ - دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

_ ئەزاننى ئاڭلامسەن؟ - دەپ سورىغاندى، ئۇ:

_ ھەئە، - دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

_ ئۇنداقتا ئىجابەت قىلغىن، مەسجىدكە كەلگىن، - دېدى[2].

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى ئەزاننى ئاڭلىسا، ئۇنى ئۆزرىدىن باشقا نەرسە نامازغا كېلىشتىن توسۇپ قالالمايدۇ. (ئەگەر ئۇ ئۆزرىسىز تۇرۇپ مەسجىدكە كەلمىسە) ئۇنىڭ (يالغۇز ئوقۇغان) نامىزى قوبۇل بولمايدۇ» دېدى. ساھابىلەر:

_ ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى! قانداق نەرسە ئۆزرە بولىدۇ؟ - دەپ سورىغاندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

---

[1] ئىمام مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسائى رىۋايەت قىلغان.

[2] ئىمام مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسائى رىۋايەت قىلغان.

ــ بىرەر خىيىم – خەتەردىن قورقۇش ياكى كىسەللىك، - دەپ جاۋاب بەردى[1].

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «الله تائالا ئۈچ تۈرلۈك كىشىگە لەنەت قىلىدۇ. بىرى، جامائەت ياقتۇرمىسىمۇ ئۇلارغا ئىمام بولىۋالغان كىشى؛ يەنە بىرى، ئېرىنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ تاڭ ئاتقۇزغان ئايال؛ ئۈچىنچى، ″نامازغا ئالدىراڭلار! نىجاتلىققا ئالدىراڭلار!″ دېگەن ئەزاننى ئاڭلاپ تۇرۇپ، ئىجابەت قىلمىغان كىشى»[2].

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئادەم بالىسىنىڭ ئەزاننى ئاڭلاپ تۇرۇپ ئىجابەت قىلمىغىنىدىن كۆرە، قۇلىقىغا ئېرىتىلگەن قوغۇشۇن قويۇلىشى ياخشىراقتۇر، - دېگەن[3].

ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ مەسجىدكە قوشنا ئولتۇرغان كىشىنىڭ مەسجىدتىن باشقا يەردە ئوقۇغان (پەرز) نامىزى قوبۇل قىلىنمايدۇ، - دېگەنىدى، ھەمراھلىرى:

ــ قانداق كىشى مەسجىدكە قوشنا ئولتۇرغان بولىدۇ؟ - دەپ سورىدى. ئۇ:

ــ ئەزاننى ئاڭلىغان كىشى، - دەپ جاۋاب بەردى[4]. ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: كىمكى ئەزاننى ئاڭلاپ تۇرۇپ ھېچقانداق شەرئىي ئۆزرىسى بولماستىن (جامائەتكە) كەلمىسە، ئۇنىڭ نامىزى بېشىدىن يۇقىرىغا ئۆرلىمەيدۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: قىيامەت كۈنى كىمنى اللهقا مۇسۇلمان ھالەتتە يولۇقۇش خۇرسەن قىلسا، ئاشۇ بەش ۋاخ نامازنى ئەزان چىققاندا ئادا قىلىشقا رىئايە قىلسۇن. الله تائالا پەيغەمبىرىڭلارغا ھىدايەت يوللىرىنى كۆرسىتىپ بەردى. بەش ۋاخ نامازنى ۋاقتىدا ئوقۇشمۇ ھىدايەت يوللىرىدىندۇر.

---

[1] ئەبۇ داۋۇد ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: زەئىپ، - دېگەن.
[2] تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.
[3] ئىراقى نەقىل قىلغان.
[4] دارۇقۇتنى رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەنەدى زەئىپ، - دېگەن.

ئەگەر سىلەر جامائەتتىن قېلىپ، ئۆيدە ناماز ئوقۇغان مانا بۇ ئادەمگە ئوخشاش نامازنى ئۆيۈڭلاردا ئوقۇساڭلار، پەيغەمبىرىڭلارنىڭ يولىنى تەرك ئەتكەن بولىسىلەر. ئەگەر پەيغەمبىرىڭلارنىڭ يولىنى تەرك ئەتسەڭلار، ئەلۋەتتە ئېزىپ كېتىسىلەر. مەن بىزنىڭ دەۋرىمىزدە ئاشكارا مۇناپىق ياكى كېسەل كىشىدىن باشقىلارنىڭ جامائەتتىن قالمايدىغانلىقىنى كۆرەتتىم. ھەتتا كېسەل كىشىمۇ جامائەت نامىزىنىڭ پەزىلىتىگە ھېرىس بولغانلىقى ۋە ئۇنى تەرك ئېتىشنىڭ گۇناھىدىن قورققانلىقى ئۈچۈن، ئىككى ئادەمنىڭ قولتۇقلىشىدا مەسجىدكە ئېلىپ كېلىپ سەپكە تۇرغۇزۇپ قويۇلاتتى[1].

*****

جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى ناھايىتى چوڭدۇر. اللە تائالانىڭ: ﴿وَلَقَدْ كَتَبْنَا فِي الزَّبُورِ مِن بَعْدِ الذِّكْرِ أَنَّ الْأَرْضَ يَرِثُهَا عِبَادِيَ الصَّالِحُونَ﴾ ﴿بىز لەۋھۇلمەھفۇزدا (ئەزەلدە) يازغاندىن كېيىن (داۋۇدقا نازىل قىلىنغان) زەبۇردا زېمىنغا (يەنى جەننەت زېمىنغا) ھەققەتەن مېنىڭ ياخشى بەندىلىرىم ۋارىسلىق قىلىدۇ، دەپ يازدۇق﴾[2] دېگەن سۆزىنىڭ تەپسىرىدىمۇ: "ياخشى بەندىلىرىم" دېگەن سۆز بەش ۋاخ نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇيدىغان كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ، - دېيىلگەن.

اللە تائالانىڭ: ﴿وَنَكْتُبُ مَا قَدَّمُوا وَآثَارَهُمْ﴾ ﴿ئۇلارنىڭ (دۇنيادا) قىلغان (ياخشى – يامان) ئەمەللىرىنى ۋە ئىشلىرىنى خاتىرىلەپ قويىمىز﴾[3] دېگەن سۆزىمۇ: ئۇلارنىڭ نامازغا ماڭغان ئاياغ ئىزلىرىنى خاتىرىلەپ قويىمىز، - دەپ تەپسىر قىلىنغان.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەھىھ ھەدىسلەردىن بىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ئۆيدە تاھارەتنى كامىل ئالسا، ئاندىن اللەنىڭ ئۆيلىرىدىن (مەسجىدلەردىن) بىر

[1] ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسائى، ئىبنى ماجە ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.
[2] سۈرە ئەنبىيا، 105 ـ ئايەت.
[3] سۈرە ياسىن، 11 – ئايەت.

ئـــۆيگە الله پەرز قىلغـــان نامـــازلاردىن بىرىنـــى ئـــادا قىلــش ئۈچـــۈن ماڭســـا، ئۇنـــىڭ ئىككـــى پۇتـــدىن بىرىنـــىڭ باســـقان ھەربـــىر قەدىمـــى ئۇنـــىڭ بىـــر گۇنـــاھىنى ئۆچۈرىـــدۇ، يەنە بىرىنـــىڭ باســـقان ھەربـــىر قەدىمـــى ئۇنـــىڭ مەرتىۋىســـىنى بىـــر دەرىـــجە يـــۇقىرى كۆتۈرىـــدۇ. قاچـــانىكى نامـــاز ئوقۇســـا، نامازگاھىـــدە تۇرغـــان مـــۇددەتچە بىـــرەر كىشـــىگە ئـــازار بەرمـــىگەن يـــاكى تاھـــارىتىنى بۇزىـــۋەتمىگەنلا بولســـا، پەرىشـــتىلەر ئۇنىڭغـــا دۇئـــا قىلىـــپ: ئـــى الله! ئۇنـــىڭ گۇنـــاھىنى مەغپىـــرەت قىلغىـــن، ئۇنىڭغـــا رەھـــىم قىلغىـــن، - دەيدۇ»[1].

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

_ (ئـــى ســـاھابىلىرىم!) ســـىلەرگە الله تائـــالا گۇنـــاھىڭلارنى ئۆچـــۈرۈپ، دەرىجەڭلارنـــى يـــۇقىرى كۆتۈرۈشـــكە ســـەۋەب بولىـــدىغان ئەمەلنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ - دېگەن ئىدى، ساھابىلەر:

_ قېنـــى ئېيتىـــپ بەرگىـــن، ئـــى اللهنىـــڭ پەيغەمبىـــرى! - دېـــدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

_ قىـــيىن ئەھۋالـــدىمۇ (يەنـــى ســـوغۇق يـــاكى باشـــقا ئىلـــلەت ئاســـتىدىمۇ) تاھـــارەتنى مـــۇكەممەل ئـــېلىش، مەســـجىدكە كـــۆپ قەدەم بېســـىش، بىـــر نامـــازدىن كېـــيىن يەنە بىـــر نامازنىـــڭ كېلىشـــىنى ئىنتىزارلىـــق بىـــلەن كۈتۈشـــتىن ئىبـــارەت. ئەنە شـــۇ ھەقىقـــي ئىنتىلىشتۇر، ئەنە شۇ ھەقىقي ئىنتىلىشتۇر، - دېدى[2].

---

[1] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[2] مۇسلىم، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، نەسائى، دارىمى ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

## ئاتمىش يەتتىنچى چوڭ گۇناھ:

### ۋارىسلارغا زىيانلىق ۋەسىيەت قالدۇرۇش

الله تائـــالا مـــراس ھەققىـــدە مۇنـــداق دەيـــدۇ: ﴿مِن بَعْدِ وَصِيَّةٍ يُوصَى بِهَآ أَوْ دَيْـنٍ غَيْـرَ مُضَـآرٍّ وَصِـيَّةً مِّـنَ اللهِ وَاللهُ عَلِـيمٌ حَلِـيمٌ﴾ ﴿(بـــــــۇ تەقســــــــمات) مىيىتنىـــــڭ ۋەســـــيىتى ئورۇنلانغــــان يــــاكى قەرزى تۆلىنىـــپ بولغانـــدىن كېـيىن ئېلىـــپ بېرىلىـــدۇ. (مـــراس قالـــدۇرغۇچى ئادەمنىـــڭ) ۋەســـيىتى ۋارىســـلارغا زىيـــان يەتكۈزمەيـــدىغان بولۇشـــى كېـــرەك. ئـــۇ الله تەرىپىـــدىن قىلىنغـــان تەۋســـيىدۇر. الله ھەممىنـــى بىلگۈچىـــدۇر، ھەلىمـــدۇر (يەنـــى ئەمـــرىگە خىلاپلىـــق قىلغـــۇچىلارنى جازالاشـــقا ئالـــدىراپ كەتمەيـــدۇ)﴾[1]. ئەگەر مـــراس قالـــدۇرغۇچى ئـــادەم مىراســـخورلىرىغا زىيـــان يەتكۈزىـــدىغان شـــەكىلدە ۋەســـيەت قالدۇرســـا، بـــۇ ۋەســـيەت ئىناۋەتسىزدۇر. چۈنكى الله مۇنداق قىلىشنى مەنئى قىلغان.

الله تائـــالا مـــراس ھەققىـــدە يەنە مۇنـــداق دەيـــدۇ: ﴿تِلْـكَ حُـدُودُ اللهِ وَمَـن يُطِـعِ اللهَ وَرَسُـولَهُ يُدْخِلْـهُ جَنَّـاتٍ تَجْـرِي مِـن تَحْتِهَـا الأَنْهَـارُ خَالِـدِينَ فِيهَـا وَذَلِـكَ الْفَـوْزُ الْعَظِـيمُ وَمَـن يَعْـصِ اللهَ وَرَسُـولَهُ وَيَتَعَـدَّ حُـدُودَهُ يُدْخِلْـهُ نَـارًا خَالِـدًا فِيهَـا وَلَـهُ عَـذَابٌ مُّهِـينٌ﴾ ﴿ئەنە شـــۇلار (يەنـــى اللهنىـــڭ بەنـــدىلىرىنىڭ ئەمەل قىلىشـــى ئۈچـــۈن بەلگىـــلەپ بەرگەن يۇقىرىـــدىكى ئەھكـــاملار) اللهنىـــڭ قانۇنلىرىـــدۇر. كىمكـــى اللهقـــا ۋە ئۇنىـــڭ پەيغەمبىـــرىگە ئىتـــائەت قىلىـــدىكەن، الله ئـــۇنى ئاســـتىدىن ئۆســـتەڭلەر ئېقىـــپ تۇرىـــدىغان جەنـــنەتلەرگە كىرگۈزىـــدۇ، ئـــۇ ئـــۇ يەرلەردە مەڭگـــۇ قالىـــدۇ. بـــۇ چـــوڭ مـــۇۋەپپەقىيەت قازىنىشـــتۇر. كىمكــــى اللهقـــــا ۋە پەيغەمبىــــرىگە ئاســــيلىق قىلىــــپ، اللهنىـــــڭ قانۇنلىرىنىـــڭ ســـىرتىغا چىقىـــپ كېتىـــدىكەن، الله ئـــۇنى دوزاخقـــا كىرگۈزىـــدۇ، ئـــۇ دوزاختـــا مەڭگـــۇ قالىـــدۇ. خورلىغـــۇچى ئازابقـــا دۇچـــار بولىدۇ﴾[2].

---

[1] سۈرە نىسا، 12 ـ ئايەت.

[2] سۈرە نىسا، 13 ـ ۋە 14 ـ ئايەتلەر.

مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: كىمكى اللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلىپ، اللەنىڭ مىراس ھەققىدىكى بەلگىلىمىلىرىگە ئۇنىمايدىكەن، اللە ئۇنى دوزاخقا تاشلايدۇ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: كىمكى اللە تەقسىم قىلغان نەرسىگە رازى بولماي، اللەنىڭ دېگەنلىرىگە خىلاپلىق قىلسا، ﴿اللە ئۇنى دوزاخقا كىرگۈزىدۇ﴾ دەيدۇ.

كەلبى مۇنداق دەيدۇ: كىمكى مىراس ھەققىدە اللە بەلگىلەپ بەرگەن نەرسىگە رازى بولماي، ھەددىدىن ئېشىپ اللە چەكلىگەن ئىشلارنى ھالال سانىسا، ﴿اللە ئۇنى دوزاخقا كىرگۈزىدۇ، ئۇ دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ. خورلىغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «بىرەر ئەر ياكى بىرەر ئايال اللەقا ئاتمىش يىل تائەت – ئىبادەت قىلىدۇ. ئاندىن ئۆلارغا ئۆلۈم يېقىنلاشقاندا، ئۇلار ۋارىسلىرىغا زىيان يەتكۈزىدىغان ۋەسىيەت قالدۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۆلارغا دوزاخ ۋاجىپ بولىدۇ»[1]. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىپ سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن، مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇدى: ﴿مِن بَعْدِ وَصِيَّةٍ يُوصَى بِهَآ أَوْ دَيْنٍ غَيْرَ مُضَآرٍّ وَصِيَّةً مِّنَ اللهِ وَاللهُ عَلِيمٌ حَلِيمٌ﴾ ﴿(بۇ تەقسىمات) مېيتنىڭ ۋەسىيتى ئورۇنلانغان ياكى قەرزى تۆلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدۇ. (مىراس قالدۇرغۇچى ئادەمنىڭ) ۋەسىيتى ۋارىسلارغا زىيان يەتكۈزمەيدىغان بولۇشى كېرەك﴾.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى بىر ۋارىسنىڭ مىراسىنى ئېلىپ قاچسا، اللە ئۇنىڭ جەننەتتىكى مىراسىنى بەرمەيدۇ»[2].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دەيدۇ: «اللە تائالا ھەرقانداق ھەق ئىگىسىنىڭ ھەققىنى بەلگىلەپ بەردى. شۇڭا مىراسخورغا ۋەسىيەت قالدۇرۇش يوق»[3].

[1] ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: زەئىپ، - دېگەن.

[2] ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: زەئىپ، - دېگەن.

[3] ئىبنى ماجە، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

## ئاتمىش سەككىزىنچى چوڭ گۇناھ:

## ھىيلە ـ مىكىر ۋە ئالدامچىلىق قىلىش

ﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا يَحِيقُ الْمَكْرُ السَّيِّئُ إِلَّا بِأَهْلِهِ﴾ ﴿ھىيلە - مىكىرنىڭ ۋابالى پەقەت ھىيلە - مىكىر ئىشلەتكەن ئادەمنىڭ ئۆزىگە بولىدۇ﴾[1].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىش ۋە ئالدامچىلىق قىلىش كىشىنى دوزاخقا ئېلىپ بارىدۇ»[2].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ھىيلىگەر، بېخىل ۋە مىننەتخور جەننەتكە كىرمەيدۇ»[3].

ﷲ تائالا مۇناپىقلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الْمُنَافِقِينَ يُخَادِعُونَ اللَّهَ وَهُوَ خَادِعُهُمْ﴾ ﴿شۈبھىسىزكى، مۇناپىقلار ﷲنى ئالدىماقچى بولۇشىدۇ، ﷲ ئۇلارنىڭ ئالدامچىلىقىغا يارىشا جازا بېرىدۇ﴾[4].

ۋاھىدى (ﷲ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﷲ تائالا ئالدامچىلارغا قىلمىشىنىڭ جازاسىنى بېرىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، قىيامەت كۈنى مۇئمىنلەرگە نۇر بېرىلگەندەك، مۇناپىقلارغىمۇ نۇر بېرىلىدۇ. مۇناپىقلار پۇلسىرات كۆۋرۈكىگە قاراپ ماڭغاندا، ﷲ تائالا ئۇلارنىڭ نۇرىنى ئۆچۈرۈپ قويىدۇ، شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار قاراڭغۇلۇقتا قالىدۇ.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «دوزاخ ئەھلى بەش تۈرلۈك كىشىدىن تەشكىل تاپىدۇ» دېگەن ۋە ئۇلاردىن بىر تۈرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «شۇنداق كىشى باركى، ئۇ

---

[1] سۈرە فاتىر، 43 ـ ئايەت.

[2] ھاكىم رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

[3] تىرمىزى رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: زەئىپ، - دېگەن.

[4] سۈرە نىسا، 142 ـ ئايەت.

كېچە - كۈندۈز سېنىڭ خوتۇن - باللىرىڭ ۋە پۇل - مېلىڭ ھەققىدە سېنى ئالداپ تۇرىدۇ»[1] .

[1] مۇسلىم ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

## ئاتمىش توققۇزىنچى چوڭ گۇناھ:

## مۇسۇلمانلارغا قارشى جاسۇسلۇق قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئاجىز نۇقتىلىرىنى دۈشمەنگە كۆرسىتىپ قويۇش

بۇ ھەقتە ھاتەب ئىبنى ئەبۇ بەلتەئىنىڭ ۋەقەلىكى[1] بايان قىلىنغان ھەدىستە مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھاتەب ئىبنى ئەبۇ بەلتەئىنى جاسۇسلۇق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۆلتۈرمەكچى بولىدۇ. ئەمما ھاتەب ئىبنى ئەبۇ بەلتەئ بەدىر ئۇرۇشىغا قاتناشقانلىقى ئۈچۈن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئۇنى ئۆلتۈرۈشتىن توسىدۇ.

ئەگەر جاسۇسنىڭ قىلمىشى ئېغىر بولۇپ، ئىسلام دىنىنى ۋە مۇسۇلمانلارنى ئاجىزلىتىش، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش، ئەسىر ئېلىش، بۇلاش ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان ئىشلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش بولسا، بۇ، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىش، زىرائەت ۋە ئۆسۈملۈكلەرگە، جانلىقلارغا زىيان سېلىش ھەرىكەتلىرى ھېسابلىنىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈش مۇئەييەنلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ. اللەتىن ئەپۇ ۋە ئامانلىق تىلەيمىز، ئامىن!

شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ھەرقانداق ئەقىل ئىگىسى چېقىمچىلىق قىلىشنىڭ ناھايىتى چوڭ گۇناھ ۋە ھارام ئىشلاردىن ئىكەنلىكىنى بىلگىنىدەك، مۇسۇلمانلارغا قارشى جاسۇسلۇق قىلىشنىڭ ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ گۇناھ ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلىدۇ.

اللەقا سېغىنىپ، ئەنە شۇنداق قىلمىشلاردىن پاناھ تىلەيمىز. شۇنداقلا ئۇنىڭدىن ئەپۇ ۋە ئامانلىق تىلەيمىز. ئۇ ناھايىتى كۆيۈمچان، ھەممىدىن خەۋەردار، ناھايىتى سېخى ۋە ناھايىتى كەرەملىكتۇر.

---

[1] ئىمام بۇخارى بۇ ۋەقەلىكنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن تەپسىلى رىۋايەت قىلغان.

## يەتمىشىنچى چوڭ گۇناھ:

## ساھابىلەرگە تىل تەككۈزۈش

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: كىمكى مېنىڭ دوستۇمغا دۈشمەنلىك قىلىدىكەن، مەن ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلىمەن»[1].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ساھابىلىرىمغا تىل تەككۈزمەڭلار، جېنىم ئىلكىدە بولغان زات اللە بىلەن قەسەمكى، سىلەردىن بىرىڭلار ئۇھۇد تېغىدەك ئالتۇننى سەدىقە بەرسىمۇ، ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ ئىككى چاڭگال ياكى ئۇنىڭ يېرىمىچىلىك قىلغان سەدىقىسىگە تەڭ كەلمەيدۇ»[2]؛ «ساھابىلىرىم ھەققىدە اللەتىن قورقۇڭلار، ساھابىلىرىم ھەققىدە اللەتىن قورقۇڭلار! مەندىن كېيىن ئۇلارنى تىللاشنى نىشان قىلىۋالماڭلار. كىمكى ئۇلارنى ياخشى كۆرسە، مېنى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارنى ياخشى كۆرگەن بولىدۇ. كىمكى ئۇلارنى يامان كۆرسە، مېنى يامان كۆرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارنى يامان كۆرگەن بولىدۇ. كىمكى ئۇلارغا ئازار بەرسە، ماڭا ئازار بەرگەن بولىدۇ. كىمكى ماڭا ئازار بەرسە، اللەقا ئازار بەرگەن بولىدۇ. كىمكى اللەقا ئازار بەرسە، اللەنىڭ ئۇنى ھالاك قىلىشى بەك يېقىن دېمەكتۇر»[3].

بۇ ھەدىستە ۋە بۇنىڭغا ئوخشىغان ھەدىسلەردە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن كېيىن ساھابە كىراملارنى نىشان قىلىپ تەنە قىلىش، تىللاش، تۆھمەت چاپلاش، ھاقارەتلەش، ئەيىبلەش، ھەتتا ئۇلارنى كاپىرغا چىقىرىشقا جۈرئەت قىلىشنىڭ ناھايىتى چوڭ گۇناھ ئىكەنلىكى بايان قىلىندۇ.

---

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

[2] ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

[3] تىرمىزى ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: زەئىپ، - دېگەن.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ساھابىلىرىم ھەققىدە اﷲتىن قورقۇڭلار، ساھابىلىرىم ھەققىدە اﷲتىن قورقۇڭلار!» دېگەن سۆزى ئوچۇق – ئاشكارا ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. ئۇنىڭ: «كىمكى ئۇلارنى ياخشى كۆرسە، مېنى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارنى ياخشى كۆرگەن بولىدۇ. كىمكى ئۇلارنى يامان كۆرسە، مېنى يامان كۆرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارنى يامان كۆرگەن بولىدۇ» دېگەن سۆزى ئۇلارنىڭ پەزىلىتى ۋە ئارتۇقچىلىقىغا دالالەت قىلىدۇ.

ساھابىلەرنى ياخشى كۆرۈش سۈننەت ئەھلىنىڭ شۇئارىدۇر. چۈنكى ئۇلار پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ھەمراھ بولدى، ئۇنىڭغا ياردەم بەردى، ئىمان كەلتۈردى، ئۇنى قوللاپ - قۇۋۋەتلىدى، جانلىرى ۋە ماللىرىنى ئۇنىڭ ئۈچۈن پىدا قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ساھابىلەرنى ياخشى كۆرگەن كىشى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ياخشى كۆرگەن بولىدۇ. ئۇلارنى ياخشى كۆرۈش پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ياخشى كۆرگەنلىكنىڭ نىشانىدۇر. ئۇلارنى يامان كۆرۈش پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى يامان كۆرگەنلىكنىڭ نىشانىدۇر.

بىر سەھىھ ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «ئەنسارىلارنى ياخشى كۆرۈش ئىماننىڭ جۈملىسىدىن، ئۇلارنى يامان كۆرۈش مۇناپىقلىقنىڭ ئالامىتىدىندۇر»[①]. بۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇلار دەسلەپ مۇسۇلمان بولدى ۋە قىيىن چاغلاردا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، اﷲنىڭ دۈشمەنلىرىگە قارشى جىھاد قىلدى.

شۇنىڭدەك، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ياخشى كۆرۈشمۇ ئىماننىڭ جۈملىسىدىن، ئۇنى يامان كۆرۈشمۇ مۇناپىقلىقنىڭ ئالامىتىدىندۇر[②].

ساھابىلەرنىڭ پەقەت پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھايات چاغدىكى ۋە ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىنكى

[①] بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

[②] مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ئەھۋالىنى، تارىخىي ئىش – ئىزلىرىنى ياخشى مۇلاھىزە قىلغان كىشىلا ئۇلارنىڭ پەزىلىتىنى تونۇپ يېتەلەيدۇ. چۈنكى ئۇلار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئىمان كەلتۈرۈشتە، كاپىرلارغا قارشى جىھاد قىلىشتا، اللهنىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ سۆزىنى ئۇستۇنلۇككە ئېرىشتۈرۈشتە، ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ۋە ئىسلام ئالامەتلىرىنى ئىزھار قىلىشتا، پەرز ۋە سۈننەتلەرنى ئۆگىتىشتە ئالدىنقى سەپتە تۇردى. ئۇلار بولمىغاندا ئىدى، بۇ دىنىنىڭ ھېچقانداق ئاساسى بىزگە يېتىپ كەلمىگەن بولاتتى. بىزمۇ نە پەرز ئىبادەتلەرنى، نە سۈننەت ئىبادەتلەرنى بىلمىگەن بولاتتۇق. ھەدىسلەردىنمۇ خەۋەرسىز قالاتتۇق.

كىمكى ئۇلارغا تەنە قىلسا ياكى تىل تەككۈزسە، دىندىن ۋە مۇسۇلمان جامائىتىدىن چىقىپ كېتىدۇ. چۈنكى ئۇلارغا تەنە قىلىش ۋە تىل تەككۈزۈش ئېتىقادىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئۇلارنى يامان كۆرىدىغانلىقىنى، ئۇلارغا بولغان دۈشمەنلىكىنى كۆڭلىدە يوشۇرغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. بۇ بولسا، الله تائالانىڭ قۇرئان كەرىمدە ئۇلارنى ماختىغانلىقىنى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭمۇ ئۇلارنىڭ پەزىلەتلىرىنى ۋە ئارتۇقچىلىقلىرىنى تىلغا ئېلىپ ماختىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئۇلارنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلىشتۇر.

ساھابىلەر پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ياردەمچىلىرىدۇر. شەرىئەتنىڭ بىزگىچە يېتىپ كېلىشىگە سەۋەب بولغان كىشىلەردۇر. شەرىئەتنى سىز ۋە بىزگە ئېلىپ كەلگەن كىشىنى خورلاش شەرىئەتنى خورلاش دېمەكتۇر. بۇ ھەقىقەت مۇناپىقلىق، زىندىقلىق ۋە دىنسىزلىقتىن ئامان بولغان ئەقلى ساغلام كىشى ئۈچۈن ناھايىتى روشەن. بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىسلەر ساڭا يېتەرلىك دەلىلدۇر. مەسىلەن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «الله مېنى پەيغەمبەرلىككە تاللىدى ۋە ماڭا ساھابىلەرنى ھەمراھ قىلىپ تاللاپ بەردى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بەزىسىنى ۋەزىر، بەزىسىنى ياردەمچى ۋە بەزىسىنى كۈيئوغۇل قىلىپ بەردى. كىمكى ئۇلارغا تىل تەككۈزسە، ئۇنىڭغا

ﷲنىڭ، پەرىشتەلەرنىڭ ۋە بارلىق ئىنسانلارنىڭ لەنىتى بولىدۇ. قىيامەت كۈنى ﷲ تائالا ئۇنىڭ نە پەرز، نە نەپلە ئىبادەتلىرىنى قوبۇل قىلمايدۇ»[①] .

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر قىسىم ساھابىلەر پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ: "بىز ھاقارەتكە ئۇچراۋاتىمىز" دەپ شىكايەت قىلغاندى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى ساھابىلىرىمنى ھاقارەت قىلسا، ئۇنىڭغا ﷲنىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ ۋە بارلىق ئىنسانلارنىڭ لەنىتى بولىدۇ»[②] دېدى.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ﷲ مېنى پەيغەمبەرلىككە تاللىدى ۋە ماڭا ساھابىلەرنى ھەمراھ قىلىپ تاللاپ بەردى. ئۇلاردىن بەزىسىنى يېقىن ھەمراھ، بەزىسىنى قېرىنداش ۋە بەزىسىنى كۈيئوغۇل قىلىپ بەردى. ئۇلاردىن كېيىن بىر قەۋم كېلىدۇ. ئۇلار ساھابىلەرنى ئەيىبلەيدۇ، ئۇلاردىن كەمچىلىك تاپىدۇ. ئۇلار بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپ يەپ - ئىچمەڭلار. ئۇلار بىلەن قۇدا - باجا بولماڭلار، ئۇلارنىڭ نامىزىنى چۈشۈرمەڭلار ۋە ئۇلارغا سىلە - رەھىم قىلماڭلار»[③] .

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ساھابىلىرىم تىلغا ئېلىنغاندا تىلىڭلارنى يىغىڭلار، يۇلتۇزلار تىلغا ئېلىنغاندا تىلىڭلارنى يىغىڭلار، تەقدىر تىلغا ئېلىنغاندا تىلىڭلارنى يىغىڭلار»[④] .

ئۆلىمالار بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: مەخلۇقاتلارنىڭ تەقدىرىدىكى (ئالدىنئالا ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىدىكى) سىر — ھېكمەتلەرنى تەتقىق قىلغاندا تىلنى يىغىش ئىماننىڭ ۋە ﷲنىڭ

---

① تەبەرانى رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: زەئىپ، - دېگەن.

② تەبەرانى رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

③ ئەلبانى: زەئىپ، - دېگەن.

④ ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

ئەمرىگە بويسۇنغانلىقنىڭ ئالامىتىدۇر. خۇددى شۇنىڭدەك، كىمكى ﷲنىڭ ئىرادىسىگە ئەمەس، بەلكى يۇلتۇزلارنىڭ تەسىر قىلىش كۈچىگە ئېتىقاد قىلسا، مۇشرىك بولىدۇ. كىمكى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىنى تىللىسا، ئۇلاردىن كەمچىلىك ئىزدىسە ۋە بىرەر ئەيىب تېپىپ، ئۇلارغا چاپلىسا، مۇناپىق بولىدۇ.

ئەكسىچە، ﷲنى ياخشى كۆرۈش، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ياخشى كۆرۈش، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېلىپ كەلگەن نەرسىنى ياخشى كۆرۈش، ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى ئادا قىلغان كىشىلەرنى ياخشى كۆرۈش، ئۇنىڭ يولىدا ماڭغان ۋە سۈننىتىگە ئەمەل قىلغان كىشىلەرنى ياخشى كۆرۈش، ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتىنى، ئاياللىرىنى، باللىرىنى، ساھابىلىرىنى ۋە خىزمەتكارلىرىنى ياخشى كۆرۈش، شۇنىڭدەك، ئۇلارنى ياخشى كۆرگەن كىشىلەرنى ياخشى كۆرۈش، ئۇلارنى يامان كۆرگەن كىشىلەرنى يامان كۆرۈش ھەربىر مۇسۇلماننىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچىدۇر. چۈنكى ئىماننىڭ ئەڭ مەھكەم تۇتقۇچى ﷲ ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش ۋە ﷲ ئۈچۈن يامان كۆرۈشتىن ئىبارەت[1].

ئەييۇب سەختىيانى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: كىمكى ئەبۇ بەكر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ياخشى كۆرسە، دىنىنىڭ مۇنارىنى تىكلىگەن بولىدۇ. كىمكى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ياخشى كۆرسە، يولنى ئايدىڭلاشتۇرغان بولىدۇ. كىمكى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ياخشى كۆرسە، ﷲنىڭ نۇرى بىلەن نۇرلانغان بولىدۇ. كىمكى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ياخشى كۆرسە، مەھكەم تۇتقۇغا ئېسىلغان بولىدۇ. كىمكى: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىدە خەير بار، - دېسە، مۇناپىقلىقتىن خالىي بولغان بولىدۇ.

*****

[1] ئەھمەد ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

ساھابىلەرنىڭ پەزىلىتى ۋە ئارتۇقچىلىقلىرىنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. ئەھلى سۈننەت ئالىملىرى (سۈننى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆلىمالىرى) ساھابىلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى جەننەت بىلەن بېشارەت بېرىلگەن ئون ساھابە ئىكەنلىكى، بۇ ئون ساھابە ئىچىدىنمۇ ئەڭ ئەۋزىلى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئاندىن قالسا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئاندىن قالسا ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئاندىن قالسا ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىكەنلىكى ھەققىدە بىردەكلىككە ئىگە. بۇنىڭغا بىدئەتچى، مۇناپىقتىن باشقا ھېچكىم شەك - شۈبھە قىلمايدۇ.

ئىرباز ئىبنى سارىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ سۈننىتىمگە ۋە مەندىن كېيىن توغرا يولدا ماڭغۇچى ۋە توغرا يولغا باشلىغۇچى خەلىپىلەرنىڭ يولغا مەھكەم ئەگىشىڭلار، بۇ يولدا ئۈچرىغان جاپا – مۇشەققەتلەرگە سەۋر قىلىڭلار، بىدئەت ئىشلاردىن قەتئىي ساقلىنىڭلار...»[1] .

توغرا يولغا باشلىغۇچى خەلىپىلەر: ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاتارلىقلاردۇر.

الله تائالا ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە قۇرئان كەرىمدە بىرقانچە ئايەت نازىل قىلغان بولۇپ، مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا يَأْتَلِ أُولُوا الْفَضْلِ مِنكُمْ وَالسَّعَةِ أَن يُؤْتُوا أُولِي الْقُرْبَىٰ وَالْمَسَاكِينَ﴾ ﴿ئاراڭلاردا ئەھلى كەرەم ۋە دۆلەتمەن بولغانلار خىش - ئەقرىبالارغا، مىسكىنلەرگە (بىر نەرسە) بەرمەسلىككە قەسەم قىلمىسۇن﴾[2] . بۇ ئايەتنىڭ ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەققىدە نازىل بولغانلىقىدا ھېچقانداق ئىختىلاپ يوق. ئايەت ئۇنىڭ ئېسىل پەزىلىتىنى بايان قىلماقتا.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ثَانِيَ اثْنَيْنِ إِذْ هُمَا فِي الْغَارِ﴾ ﴿ئۇنىڭغا پەقەت بىر كىشى (يەنى ئەبۇ بەكرى سىددىق) ھەمرا ئىدى. ئەينى

---

[1] ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ئەھمەد، ھاكىم ۋە دارىمى رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى: سەھىھ، - دېگەن.

[2] سۈرە نۇر، 22 ـ ئايەت.

زامانـــدا ئـــۇ ئىككىســـى غـــاردا ئىـــدى﴾[1] . بـــۇ ئـــايەتنىڭمۇ ئەبـــۇ بەكـــر رەزىيەللاھـــۇ ئەنھـــۇ ھەققـــدە نازىـــل بولغانلىقىغـــا ھېچقانـــداق ئىخـــتىلاپ يـــوق. ئـــايەت ئۇنـــڭ پەيغەمـــبەر ســـەللاللاھۇ ئەلەيھـــى ۋەســـەللەمگە ھەمـــراھ بولغانلىقىغـــا گۇۋاھلىـــق بېرىـــدۇ، ئۇنىڭغـــا خاتىرجەملىـــك بىـــلەن خـــۇش خەۋەر قىلىـــدۇ ۋە ئـــۇ ئىككىســـىنىڭ ئۈچىنچىســـى الله ئىكەنلىكـــى بىـــلەن ئـــۇنى شـــەرەپلەندۈردى. ئـــۆمەر رەزىيەللاھـــۇ ئەنھـــۇ بـــۇ ھەقـــتە مۇنـــداق دەيـــدۇ: ئۈچىنچىســـى الله بولغـــان ئىككـــى كىشـــىدىن كىممۇ ئەۋزەل بولالايدۇ؟

الله تائـــالا يەنە مۇنـــداق دەيـــدۇ: ﴿وَالَّـذِي جَـاءَ بِالصِّـدْقِ وَصَـدَّقَ بِـهِ أُوْلَئِـكَ هُمُ الْمُتَّقُونَ﴾ ﴿راســت ســۆز (يەنــى قۇرئــان)نــى ئېلىــپ كەلــگەن كىشــى ۋە ئۇنى ئېتىراپ قىلغان كىشىلەر ــ ئەنە شۇلار تەقۋادارلاردۇر﴾[2] .

جەفەر ســـادىق بـــۇ ئايەتنـــڭ تەپســـىرىدە توختىلىـــپ مۇنـــداق دەيـــدۇ: راســـت ســـۆزنى ئېلىـــپ كەلـــگەن كىشـــى مـــۇھەممەد ســـەللاللاھۇ ئەلەيھـــى ۋەســـەللەمدۇر. ئـــۇنى تەســـتىقلىغان كىشـــى ئەبـــۇ بەكـــر ســـىددىق رەزىيەللاھـــۇ ئەنھـــۇدۇر. شـــۇ ســـەۋەبتىن ســـاھابىلەر ئىچىـــدە ئۇنىـــڭ مەرتىۋىســـى ھەممىـــدىن يۇكســـەكتۇر. الله ئۇلارنىـــڭ بارچىسىدىن رازى بولسۇن.



[1] سۈرە تەۋبە، 40 ـ ئايەت.

[2] سۈرە زۇمەر، 33 ـ ئايەت.